تۇرغۇن مىجىت

# سۈزۈك قانات

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

**民族文字出版专项资金资助项目**

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

71 - 100

维 吾 尔 原 创 文 学 作 品 精 选



www.uyghurkitap.com

تۇرغۇن مىجىت

# سۈزۈك قانات

(رومان)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

清明的翅膀:维吾尔文/图尔贡·米吉提著. 一 乌鲁木齐:新疆人民出版社, 2015.9
ISBN 978-7-228-18773-7

Ⅰ. ①清… Ⅱ. ①图… Ⅲ. ①长篇小说 一中国 一当代 一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ① I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 235532 号

— **现实题材作品**

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 1/32 开本 |
| 印　　张 | 12.625 |
| 版　　次 | 2016 年 3 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2016 年 3 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 3000 册 |
| 定　　价 | 36.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 978-7-228-18773-7
9 787228 187737
定价：36.00元

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

تۇرغۇن مىجىت 1972 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئوقۇغۇدەك مومامۇ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا نۇرغۇن شېئىر، ھېكايە، پوۋېست ۋە بىر قىسىم نەسر، ئوبزور، ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. «ئېتىقاد» ناملىق ھېكايىسى 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان «گېزىت ئەدەبىي بېتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى»دە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قاباھەت ۋە جاسارەت» ناملىق ھېكايىسى 15 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 2014 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن «سېرىق ئاپتاپ» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، 2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئاق كۆلەڭگە» ناملىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى، 2015 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «يېشىل دولقۇن» ناملىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باپ ........................................ 1
ئىككىنچى باپ ........................................ 16
ئۈچىنچى باپ ........................................ 62
تۆتىنچى باپ ........................................ 92
بەشىنچى باپ ........................................ 122
ئالتىنچى باپ ........................................ 175
يەتتىنچى باپ ........................................ 206
سەككىزىنچى باپ ........................................ 249
توققۇزىنچى باپ ........................................ 289
ئونىنچى باپ ........................................ 321
ئون بىرىنچى باپ ........................................ 359

# بىرىنچى باب

## 1

ئۆمەر خېلىل سۇ يامراپ كەتكەن ئېرىقتىن كۆچەپ ئاتلى-
دى. ئايىغى پاتقاققا پاتتى. ھەممىلا يەردە سۇ شىرىلدايتتى. ئۇ
پۇتىنى سىلكىپ پاتقاقنى چۇشۇرۇۋېتىپ، سىم ئۇستىدە ماڭغان
دارۋازدەك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ ئاۋايلاپ قەدەم تاشلىدى. پاتقاق
خۇددى بىزەڭ كۆچۈكتەك ئۇنىڭ تاپىنىغا يەنە يېپىشتى. بۇ ھال-
دا مېڭىشمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ كەشىنى سېلىپ قولىغا ئېلىۋال-
دى. يالاڭ ئاياغنىڭ سۇدىن قورقمايدىغانلىقى ئۇلار ئۇچۇن ئاددىي
ساۋاتقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەن يەر-
دىكى پاتقاقلار ئىككى يانغا سىيرىلىپ، قەدەم ئىزلىرىدا كىچىك-
كىچىك كۆلچەكلەر ھاسىل بولۇشقا باشلىدى. ئەتراپ پۈتۈنلەي
شال ئېتىزى ئىدى. تاختا بولغان شال مايسىلىرى دەريا تەرەپتىن
كېلىۋاتقان مەيىن شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ
يەنە ئېچىغان پاتقاقنىڭ كۆمۈر گازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاڭ-
سىق پۇرىقى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە شال ئېتىزىغا بارىدىغان يوللارغا
سۇ يامراپ، ماڭغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە پاتقاقلىشىپ كېتەت-
تى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرسى كېلىپ شېلىغا سۇنى كۆپرەك قويۇش
ئۈچۈن ئېرىقنى قىستايتتى - يۇ، سۇ ئۇلغىيىپ كەتكەندە كې-
لىپ تارتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپكەن سۇ
شاللىق ئېرىقىغا پاتماي يوللارغا تاشاتتى. ئۇلار پاتقاقتا ماڭالمى-
غاندا ئانچە - مۇنچە قاقشاپ قوياتتى، ئەمما يەنىلا بىپەرۋا قارايت-
تى. ئۇنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغان ئىشلاردەك كۆڭۈلشىمەيتتى.

ئۆمەر خېلىل ئېچىق بېشىغا كېلىپ كەتمەننى يەرگە قوي-
دى. كۆۋەجەپ تۇرغان سۇ ئاخىر ئېچىقنىڭ يان تەرىپىدىن يار
ئېلىپ، ئوچاقتەك چوڭلۇقتا كامار ھاسىل قىلغانىدى. ئاشۇ كا-
ماردىن قېچىۋاتقان سۇنىڭ ھالىتى بىردە قەھرلىك ئەجدىھاغا،
بىردە ئۆركۈپ قاچقان سۇ چاشقىنىغا ئوخشايتتى. ھازىر سۇنىڭ
كەڭرى مەزگىلى بولغاچقا، دېھقانلار شاللىرىنى ھەپتىدە بىر -
ئىككى قېتىم ئاران يوقلايتتى. سەل ئېرىنچەكلىرى ھەپتىدىمۇ
بىر كەلمەيتتى. ئۇلار ئاشقان - تاشقان سۇلار بىلەنمۇ شاللىقى
توشۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۆمەر خېلىل پۆچەقنى
تۇرۇپ سۇغا كىردى. ئېرىقنىڭ قاپتىلىدىكى پېتىر لاينى كەت-
مەندە پەم بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ، ھېلىقى كامارغا تاشلىدى. بۇ
ئوپچە ئېرىق بولسىمۇ، ھامان بىرسى ئېتىشكە توغرا كېلەتتى.
كامار يوغىناپ كەتكەچكە تاشلانغان لاي ئۇدۇللا تۆۋەنگە ئېقىپ
كەتتى. بۇنداق تاشلاۋەرسە ھېچ ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى
يەتكەن ئۆمەر خېلىل ئېرىقتىن چىقىپ، نېرىدىكى قاتار سۆگەت-
لەرنىڭ يېنىغا باردى - دە، بىر قۇچاق شاخ سۇندۇرۇپ قايتىپ
كەلدى. ئۇ شاخلارنى ھېلىقى كامارغا نىقتاپ تىقتى، ئاندىن تېز -
تېز لاي تاشلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاچقان سۇ توسۇلۇپ،
كامار ئاستا - ئاستا تىنىپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ ئېچىق ئېغىزى-
نى نورمال ھالەتكە تەڭشەپ قويدى. بەڭباش سۇلار ئاخىر ئىزىغا
چۈشتى. بىردەملىك سۇ بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ
ئۈستىبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، باش - كۆزلىرى
چاچراپ كەتكەن لاي بىلەن بۇلغانغانىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن خاپى-
لىقمۇ ھېس قىلمىدى، بىراۋدىنمۇ ئاغرىنمىدى. خۇددى شۇنداق
قىلىشى لازىمدەك بىر خىل ئازادىلىككە، غەلىبە خۇشاللىقىغا
چۈمۈلدى. يۈزلىرىدىكى سۇ تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن
تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يەڭگىلگىنە بىر ئۇھ تارتىۋەتتى.
ئۇ ئەمدىلا پاتقاقتىن چىقىپ تۇرۇشىغا، ئارقا تەرەپتىن

كىملەرنىڭدۇر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئاڭلاندى. ئۇ شالنىڭ سۇيىنى يوقلىغىلى كەلگەنلەر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى.

ــ ئاتا ...

بىرسىنىڭ چاقىرغىنى ئاڭلاندى.

ئۇ بېشىنى بۇراپ نېرىدا بىر توپ باللار بىلەن كېلىۋاتقان چوڭ ئوغلى سۇلايماننى كۆردى. شالنىڭ سۇيىنى يوقلاپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلىدى ئۆمەر خېلىل كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى تاتلىقلىشىپ. ئەمما، سۇلايمان شال سۇيى يوقلاپ كەلگەندەك قىلمايتتى. قولىدا ئاپتوموبىلنىڭ يەل ئۇرۇپ كۆپتۇرۇلگەن ئىچ كامېرى تۇراتتى. يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچە قىزمۇ باردەك قىلاتتى.

ــ هە، بۇ پاتقاقلىقتا نېمە قىلىپ يۈرىسەن، بالام؟

سۇلايمان جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا باللارنى ئاستىلىتىپ قويۇپ، ئېگىزرەك قىرلار بىلەن مېڭىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ سۇ ئېچىۋاتامسىز؟

ــ هەئە، نېمە قىلىپ يۈرىسەن، بالام؟ ئۇلار كىم؟

سۇلايمان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ نېرىدىكى باللارغا قاراپ قويدى.

ــ مېنىڭ دوستلىرىم.

ــ ئەجەب كۆرمەپتىكەنمەن.

ــ ئۇلار دېگەن بازارلىق.

ــ ئەمىسە ئۇلار بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ــ بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانغا چاقىرغانىدىم، دەرياغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلەيلى دەپ قالدى، شۇڭا باشلاپ مېڭىشىم.

ــ ياخشى بوپتۇ. بىراق ... دەريادا سۇ بەكلا ئۇلۇغ، بالام. ئۇلار ئېقىپ كەتمىسۇن يەنە. ئالمادىس ... سەن دېگەن ساهىب-

خانا، ئۇلارغا مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك.

— ھە، دېمىسىڭىزمۇ بىلىمەن.

سۇلايمان ئاتىسىنىڭ ئۇششاق گېپىدىن بىزار بولغاندەك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ قويدى. ئاڭغىچە باللار پاتقاققا كىرىپ قالغان بولسا كېرەك، قىزلارنىڭ چۇرقىراشلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار بىر توپ غالجىر ئىتنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ئىككى تەرىپىگە چۆچۈپ قارىشىپ، بىر ئورنىدا تۇرالماي قېلىۋاتاتتى.

— ھەي... ھەي ... تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بۇ يەر ساپلا پاتقاق، مەن يول ئىزدەۋاتىمەن، — ئۇ بۇرىلىپ ئاتىسىغا قارىدى، — نېمە بۇ، بىر بەلەن يولنى سۇغا باستۇرۇپ ... مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىغۇ زادى ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى غۇدۇراش بىلەن تۈگەتتى. دوستلىرىنى پاتقاق يولغا باشلىغىنىدىن بەكلا خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمە غۇدۇرايسەن؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل، — سەن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى كونا خومدان يولى بىلەن باشلاپ بارساڭ بولمامدۇ؟

سۇلايمان بېشىنى قاشلىدى.

— بۇ يولنىڭ يېقىنلىقىنى ئويلاپ، باشقىسىنى ئويلىماپتىمەن.

— يەنىلا بالا ـ دە.

ئۆمەر خېلىل ئوغلىغا كايىغاندەك قىلغان بىلەن ئىچىدە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى يامراۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقانلىقىغا باقماي بازاردىكى ساپلا تىجارەتچى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغان باللار بىلەن ئارىلىشاتتى. يۇرۇش ـ تۇرۇشىغىمۇ بەك دىققەت قىلاتتى.

— قاراڭا، ئاتا ...

ئۆمەر خېلىلنىڭ تاتلىق خىيالى ئۈزۈلدى. ئوغلى ئۇنىڭ

ئۇستىبېشىدىكى لايلارنى قېقىشتۇرۇۋاتاتتى.
— نېمە بۇ، جاڭگال دۈمباقچىسىغىلا ئوخشاپ قاپسىز. ئېـ. تىڭە مەيدىڭىزنىڭ تۈگمىسىنى!
سۇلايمان ئاتىسىنىڭ ئاقىرىپ چارلاشقان مەيدە تۈكىدىن خىجىل بولغاندەك، ئالدىراپ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىشكە باشلىدى. يەنە پات ـ پات ئۆزىنى ساقلاۋاتقان دوستلىرىغا كۆز تاشلاپ قوياتتى. ھاۋا بەكلا ئىسسىق بولغاچقا، ئۆمەر خېلىل چا. پاننى يالىڭاچ ئېتىگىلا كىيىۋالغانىدى.
— ئىسسىپ كەتتىم، شۇڭا ...
— سىز دېگەن مويسىپىت ئادەم، ئاتا. دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك.
— دوستلىرىڭىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇۋاتامسەن؟
سۇلايمان ۋىلىلىدە قىزاردى.
— نەدىكىنى ... سىز دېگەن مېنىڭ ئاتام، پايتىمىڭىز بەش غۇلاچ سۆرىلىپ تۇرسىمۇ مەن ... مەن سىزدىن نومۇس ھېس قىلمايمەن. ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، ئاتا.
ئۆمەر خېلىلنىڭ ئوغلىنى داۋاملىق تەڭلىكتە قويغۇسى كەلمەي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:
— بولدى، دوستلىرىڭنىڭ يېنىغا بار. ئۇلار سېنى ساقلاپ كەتتى.
— ماقۇل، ئاتا.
سۇلايمان ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئۇ ھەقىقەتەن دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئاتىسىنىڭ تۇرقىدىن سەل نومۇس ھېس قىلغانىدى. كې. يىن قاتتىق پۇشايمان قىلدى. بۇ ۋەسۋەسىنىڭ قانداق پەيدا بول. غانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي قالغانىدى. ئاتىسى راستلا نومۇس قىلغۇدەك ئادەممۇ؟ ئۇستىبېشىنىڭ لاي ـ پاتقاق بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىش كېرەكمۇ؟ ئادەم قېرىغاندا سەل كالانپايلىشىپ، يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىنىش تەرەپلىرىگە تازا

www.uyghurkitap.com

دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بىراق، ئۆمەر خېلىل بىر ئۆمۈر غۇ-
رۇرىنى دەپسەندە قىلماي، نامرات بولسىمۇ مەرد ـ مەردانە، سە-
مىمىي، ئاق كۆڭۈل، ئۆمىدۋارلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن ئادەم.
سۇلايماننىڭ بۈگۈنكىدەك بىر ئەر بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈنمۇ ئا-
تىسىنىڭ ياخشى ئىزنى، پەزلى كامالىتى جىق رول ئوينىغانىدى.
ئۇ نېمە ئۈچۈن ھېلىقىدەك خىيالنى قىلىدۇ؟!

سۇلايمان بەكلا ئۆكۈندى. دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ ئاتى-
سىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغۇسى،
يۈم ـ يۈم ياش تۆككۈسى كەلدى، بىراق ئارقىسىغا قايتالمىدى.
قايتىشقا يۈزى چىدىمىدى.

— ئابدۇسالامنىڭ شاللىقى بىلەن مېڭىڭلار، — دېدى ئۆمەر
خېلىل پاتقاقتا تېيىلىپ ـ تېيىلىپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ ئار-
قىسىدىن توۋلاپ، — ئۇنىڭ قىرلىرى ئېگىز، سۇ يامراپ كەت-
مەيدۇ.

— ماقۇل، — دېدى سۇلايمان، ئەمما ئارقىسىغا قاراشقا پې-
تىنالمىدى.

سۇلايمان دوستلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا
ياندۇردى. نېرىقى سالادىكى ئابدۇسالامنىڭ شاللىقى بىلەن دەريا
بويىغا باشلاپ ماڭدى. ئۆمەر خېلىل ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ
كېتىۋاتقان بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.
نېرىدىكى سۆگەت يوپۇرماقلىرى توختىماي شاراقلايتتى. تاللار
بىر ـ بىرىگە يۆگىشەتتى. دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىزغىرىن
شامال شال مايسىلىرى ئۈستىدە يېنىك دولقۇن ھاسىل قىلىپ
غەرب تەرەپكە سىيرىلاتتى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يې-
شىللىق ئادەمنىڭ تۈيغۇسىنىمۇ كۆكەرتىۋېتەتتى. تىنىقلاردىنمۇ
يېشىل رەڭنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۆمەر خېلىل ئەۋرىشىم تاللى-
رىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپ تۇرغان سۆگەتنىڭ ئاستىغا كېلىپ
ئولتۇردى. بۇ يەر بۆلەكچە سالقىن ئىدى. ئۇ ئوغلى كەتكەن تە-

رەپكە يەنە بىر قېتىم قارىدى. بالىلار دۆڭدىن چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، قارىسى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازى غۇ-ۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇھ تارتىپ قويدى. ئوغلىنىڭ تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئۆزىنى بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالدى. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە؟ سۇلاي-مانىنىڭ بالىلىق قىلىقلىرى تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەكلا كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ، بىراق ئۇ ھازىر بىر ئەر بولۇپ كەتتى، خۇدايىم بۇيرۇسا پات ئارىدا دادا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۆمەر خېلىل جاڭگالنىڭ يۇقىرىدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە قا-راپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، مەستە-لىكى كەلگەندەك پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئاشۇ دۆڭنىڭ ئۇس-تىدىكى قىرغاقتا يېقىنلا يەردە باراقسان بىر باغ، ئاندىن تاملىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزىرىپ كەتكەن بىر ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۆڭنىڭ ئەگىمىسىدىكى قۇش تۇمشۇقىدا ھېلىھەم بىر بوۋاي مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، تۆۋەندىكى سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا قى-نىغا، ئەتراپىدىكى چەكسىز كەتكەن يېشىل يايلاقلارغا نەزەر سې-لىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆمەر خېلىل كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قا-رىدى. ئۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىي تۇيغۇ-سىدىن ھۇزۇر ۋە مۇڭغا پېتىپ، يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى. تۇرۇپلا يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەكمۇ بولدى. ئۇ ئۆي ئالىقاچان ئولپاڭغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بوۋاي-مۇ تۇپراققا سىڭىپ، زېمىن بىلەن بىر تەن ـ بىر جان بولۇپ كەتكەنىدى. ھەتتا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئايۇپ ئاخۇن ئىسىملىك بۇ بوۋاي شۇ چاغلاردا تى-كەندەك يالغۇز ياشايتتى. چىرايى قارامتۇل، ئېگىز بوي، چىگىش-لىشىپ كەتكەن قىسقا ساقاللىرى بوز رەڭ ئىدى. چوڭلار ئۇنى «يۇز ياشتىن ئاشتى» دېيىشەتتى. بىراق، تۇرقىغا قارىسا بۇ گەپ-لەرگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ بوۋاي شۇنچىلىك

تېتىك ۋە تىمەن ئىدى. غەلۋىردەك يوغان كەتمىنىنى بىلىنى ئەگمەي تۇرۇپ گۇس ــ گۇس چاپاتتى. ئۆينىڭ ئەتراپى بوك ــ باراقسان ئورمان، باغلار بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. ئۇ تولا ۋا-قىتلاردا ئېگىز دۆڭنىڭ ئاۋۇ قوش تۇمشۇقىدا ئولتۇرۇپ بۇ تە-رەپكە كۆز سالاتتى. ئۇ چاغلاردا تېخى جاڭگال بۇ دەرىجىدە بۇ-زۇلمىغان، دەريا قىنى كەڭ، ئەتراپى يېشىل يايلاق، يەنە جىغان، توغراقلار بىلەن تولغانىدى. ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق جاڭگالغا ئوخشايتتى. قارىغاندا بوۋاي مۇشۇ جاڭگالغا مۇناسىۋەتلىك بالى-لىق ئەسلىمىلىرىگە چۆمۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

## 2

بىر كۈنى بوۋاي ئۆڭسۈلى ئۆچكەن هالدا ئۆمەر خېلىلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەپتىدىن بىر ئىشتىن قاتتىق خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئادەتتە ئۇ ئۆمەر خېلىل بىلەن ياخشى ئۆتەت-تى. ياز كۈنلىرى توغراق، يۇلغۇن تاللىرىدا توقۇلغان، ئېغىزىدا ئاخۇنۇمنىڭ سەللىسىدەك چىرايلىق ئۆرۈمىسى بار قۇشۇقلۇق سېۋەتتە هەر خىل مېۋىلەرنى ئەكېلىپ ئۆلارنى يوقلاپ تۇراتتى.

سالام ــ سەهەتتىن كېيىن ئۆمەر خېلىل ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— بولدى، — دېدى ئايۇپ ئاخۇن يەنىلا چىرايىنى ئاچماي، — بۇ يەرگە كېلىشىم سەل تەنتەكلىك بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ئۆ-مەرئاخۇن.

ئۇنىڭ گېپىدىن هېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئۆمەر خېلىل قايتۇرۇپ سورىدى:

— ئەجەب چىرايلىرى باشقىچىلىغۇ، ئايۇپكا؟ بىرەرى سىز-نىنى خاپا قىلغان ئوخشىمامدۇ؟

ئايۇپ ئاخۇن ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، كۆتمەك

ساقىلىنى تۇتاملىغانچە تۇرۇپ قالدى.

— ھە، گەپلىرى بولسا دېلىغۇل بولماي ئېيتسىلا.

— نېمە دېسەم بولا ... بۇغۇ سىلىگە دەپ يۈرگۈدەك گەپمۇ ئەمەس ئىدى ...

— ئايۇپ ئاكا، سىلى بىلەن بىز بىر تۇغقاندەك بولۇپ قالغان، گەپلىرى بولسا قورۇنماي ئېيتسىلا.

— شۇ... ماۋۇ سۇلايمان ...

ئۆمەر خېلىل سەل جىددىيلەشتى.

— ھە، سۇلايمانغا نېمە بوپتۇ، ئايۇپكا؟

— ئۇ ... تال بېدىشىنىڭ بۇلۇڭىدا بىرنەچچە ساپاق ئۈزۈمنى ساقلاۋاتقاندىم. بۇگۈن ئەتىگەن قارىسام يوق. تۈنۈگۈن كەچ يول بويىدا تۇرسام، جاڭگالدىن قوي ھەيدەپ قايتقان سۇلايمان مېنى كۆرۈپ باشقىچىلا بولۇپ كەتكەنىدى. باشقا چاغلاردا مېنى كۆرسە كۈلۈپ گەپ سوراپلا تۇراتتى. مەن دەيمەن ... ئۇ بالىلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ تەنتەكلىك قىلىپ ...

ئۆمەر خېلىل چۆشەندى. بىرنەچچە ساپاق ئۈزۈمنىڭ كارايىتى چاغلىق، بىراق سۇلايمان مۇشۇنداق ئىشنى قىلغان بولسا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. «چاقمىنىڭ بېشى دانىخورەك، ئوغرىنىڭ بېشى سويما ـ خەمەك» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ئۆمەر خېلىل سۇلايماننى چاقىردى. مەكتەپتىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن سۇلايمان ئىچكىرى ئۆيدە تاماق يەۋاتاتتى. ئۇ ھويلىغا چىقىپلا ئايۇپ ئاخۇننى كۆردى ۋە بىر تاتىرىپ، بىر سارغىيىپ تىرنىقىنى سىنچىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن ئۆمەر خېلىلنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— تۈنۈگۈن كەچ نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل ئوغلىغا چەكچىيىپ قاراپ.

— ھېچ ... ھېچ ئىش قىلمىدىم، ئاتا.

— ماۋۇ ئايۇپكامنىڭ بېغىدىكى ئۈزۈمنى نېمىشقا ئوغرىلىد-

ـدىڭ؟
سۇلايمان تاپىننى ھەرە چاققاندەك ئاچچىق تولغاندى.
— ئوغرىلىمىدىم، ئاتا. ئۇ چاغدا مەن «سەككىز توغراق»نىڭ ئۈستىدە مالغا قاراپ ئولتۇرغانىدىم.
— ئەمىسە كىم ئوغرىلىدى؟
— مەۋلان بىلەن سەمەت، ئىمىنلار ئوغرىلىدى ...
سۇلايمان قاتتىق ئۇۋالچىلىق ئىچىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگـ-ـمەي سۆزلەشكە باشلىدى. تۈنۈگۈن كەچكە يېقىن بىر توپ بالا جاڭگالدا قوي بېقىۋاتاتتى. يايلاق كەڭرى بولغاچقا، ئۇلار ماللىرى تويغۇچە خاتىرجەم ئويناپ يايرىۋالاتتى. بىر چاغدا مەۋلان ئويۇننى توختىتىپ، بالىلارنى ئەتراپىغا يىغدى.
— بالىلار، بىر ئىش قىلمايلىمۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيبارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.
— نېمە ئىش قىلىمىز؟ — بالىلار سوراشتى.
— قاراڭلار، — ئۇ قۇشتۇمشۇق دۆڭدە خۇددى غېرىب قۇشتەك، جاڭگالغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بوۋايىنى كۆرسەتتى، — ئايۇپكام ئۇ يەردە خېلى ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ باغلىرىدىكى ئۈزۈم ... ھەي... — ئۇ تاتلىق بىرنەرسە يېگەندەك لەۋلىرىنى تەمشىپ قويدى، — نەچچە ساپلا قاپتۇ. قارىغاندا بىز-نىڭ رىزقىمىز بولسا كېرەك.
بالىلار تۇرالماي قالدى.
— راست، ئۇنىڭ ئۈزۈملىرى بەك تاتلىق جۇمۇ.
— بۈگۈن ئالمىساق قاچان ئالىمىز.
— ئەمىسە ماڭايلى.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇلايمان تىكەنگە دەسسىۋالغاندەك سىلكىنىپ كەتتى. ئايۇپ ئاخۇن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات - پات كې-لىپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتەتتى. سۇلايمانمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ تاتلىق مېۋىلىرى

ئۇچۇن ئەمەس، ئۇنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر بىلەن تولغان قىزىقارلىق ھېكايىلىرىگە ئامراق ئىدى. بوۋايمۇ كۆزىگە خۇددى خىسلەتلىك ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بالىلارغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۈزۈملىرىنى ئوغرىلاشقا سۇلايماننىڭ قانداقمۇ قولى بارسۇن.

— بار... مايلىمىكىن ... — دېدى ئۇ دائىم بالىلارنى بوزەك ئېتىپ ئويناشقا ئامراق مەۋلاندىن قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا؟ — دېدى مەۋلان ئۇنىڭغا ھومىيىپ.

— ناۋادا ... ئايۇپكام بىلىپ قالسا ... كېيىن ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىدىن جاڭگالغا ئۆتەلمەيمىز.

بۇ نۇقتىنى ئويلىمىغان باشقا بالىلار شۇ ھامان جىمىپ قېلىشتى.

— قورۇق گەپ، — دېدى مەۋلان چىچاڭشىپ، — مەن بىلىمەن، ئۇ دۆڭدە خىيالغا پېتىپ بىر ئولتۇرۇپ كەتسە، نەچچە سائەت ئولتۇرىدۇ. باغدىكى ھەممە مېۋىلىرىنى قۇرۇتۇۋەتسەكمۇ سەزمەيدۇ. ناھايىتى بىرنەچچە ساپ ئۈزۈمغۇ، ئۇنىڭ يا بۇلارنى يېيىشىپ بېرىدىغان بالىسى بولمىسا.

— شۇنداقتىمۇ، ئوغرىلىق ياخشى ئىش ئەمەس.

— ۋاي - ۋۇي، ماۋۇ ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاقىنى. قاراڭلار، ئۇ بىزنى ئوغرى دەۋاتىدۇ. بالىلار، بىز راستىلا ئوغرىما؟

— ياق!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

بالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ جىم تۇرۇپ قېلىشتى.

— مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ئۈزۈم يېگۈڭلار يوقمۇ؟

بالىلار لەۋلىرىنى تەمشىشكە باشلىدى.

— ماڭا ئەگىشەمسىلەر؟

— ئەگىشىمىز!

— سۇلايمان، سەنچۇ؟

— مەن ... مەن ... بارمايمەن.

— هوي قورقۇنچاق. ئەمىسە ساڭا دەپ قوياي، ناۋادا بىزگە خائىنلىق قىلىپ ئاشكارىلاپ قويىدىغان بولساڭ، مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن.

— ئۇ مالالارغا قاراپ تۇرسۇن، — دېدى بالىلاردىن بىرسى.

— بۇمۇ بولىدىغان ئىش ، — دېدى مەۋلان، — ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، مەيلى باغقا بارسۇن ـ بارمىسۇن، ھەممىمىز بىر.

ئۇلار خۇددى ئاچ قوزىلاردەك دۆڭ تەرەپكە قاراپ ئېتىلىشتى. سۇلايمان يەنىلا بىئارامىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ بالىلارنى توسقۇسى بار بولسىمۇ، بىراق قانداق توسۇشنى بىلمىگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ مەۋلاندىن قورقاتتى. مەۋلان ياش جەھەتتە بۇ بالىلاردىن چوڭ بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن مۇتتەھەم، جېدەلخور ئىدى. ئۇنىڭدىن سۇلايمانلا ئەمەس، ھەممە بالىلار دېگۈدەك قورقاتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋارقىراپ ئايۇپ ئاخۇننى ئاگاھلاندۇرغۇسى كېلەتتى، بىراق ۋارقىراشقا پېتىنالمايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ۋارقىرىغان بىلەن ئاۋازىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ تىت ـ تىتلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. يۈگۈرۈشۈپ كېتىشىۋاتقان بالىلار بوۋاي ئولتۇرغان تۇمشۇقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تار بىر يارداڭلىق بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى ۋە قويۇق چاتقاللىق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. سۇلايمان ئۆزىدىن قىرىق ـ ئەللىك قەدەم نېرىدىكى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كاللەك بولۇپ كەتكەن يوغان توغراقنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، يامىشىپ ئۈستىگە چىقتى. بالىلار يەنىلا كۆرۈنمىدى. بوۋاي ھېلىقى تۇمشۇقتا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ، چەكسىز خىيال ئىچىگە چۆكۈپ ئولتۇراتتى. «تۇرۇڭ، تېز تۇرۇڭ. بېغىڭىز خازان بولدى. بىر توپ ئۆچكىلەر بېغىڭىزغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. سىز ئۇخلاۋاتامسىز، مۈگدەۋاتامسىز؟ ئولتۇرۇشىڭىز نېمىدىن زادى؟ نېمىشقا ئارقىڭىزغا بولسىمۇ بىر قاراپ قويمايسىز؟ شۇنداق قىلسىڭىز باغدا

ئادەم بارلىقىنى بىلەتتىڭىز. ئەڭ ئاخىرقى نەچچە ساپاق ئۆزۈمە-لىرىڭىز ساقلىنىپ قالاتتى. بۇنى مەندىن كۆرمەڭ، مەن ئامال-سىز. مەۋلان بىر مۆتتەھەم. ئۇنىڭدىن سىزمۇ قورقۇپ قالىسىز تېخى. بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ دادام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىڭىزدا تۇرۇپلا بېغىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆزۈملىرى-ڭىزنىڭ مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئوغرىلانغانلىقىنى ئېيتقى-نىڭىزدا مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقىمنى بى-لەمسىز؟ بۇنى مەندىن كۆرمەڭ، مەندىن كۆرمەڭ، ئايۇپكا. ئۆزى-ڭىزدىن كۆرۈڭ. سىز نېمىشقا دائىم ئاشۇ قۇشتۇمشۇق دۆڭدە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرىسىز؟ باشقا ئىشىڭىز يوقمۇ؟ ئولتۇرغۇ-ڭىز كەلسە ئاۋۇ چىرايلىق بېغىڭىزدا ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ. مەھەللىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئولتۇراي دېسە سىزنىڭ-چىلىك بېغىمۇ يوق. بىراق، سىز ... ئەخمەق بوۋاي، ئەخمەق بو-ۋاي. سىز راستىلا ئەخمەق بوۋاي. ئەمدى بولسىمۇ تۇرۇڭ. سىز ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىزلا ئۇلار قاچىدۇ. تۇرۇڭ ... تۇرۇڭ ... تۇ-رۇڭ دەيمەن ... »

سۇلايمان توغراق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلە-ۋاتقاندا دۆڭنىڭ باغرىدا باللارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار كۆڭ-لەكلىرىنىڭ ئالدى پېشىنى كۆتۈرۈشۈۋالغاندى. قۇچاقلىرى تومپىيىپ تۇراتتى. سۇلايمان ئىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىل-دى. باللار خۇشال ئىدى. كېتىۋېتىپ ئېتەكلىرىدىكى ئۆزۈمە-لەرنى يېرىپ ئېلىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەۋاتاتتى. باللار كى-چىك زەيلىكلەردىن تايچاقلاردەك سەكرەپ ئۆتۈشۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە سۇلايمان تۇرغان توغراقنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى. ئۇلار غەلىبە خۇشاللىقىدا ئېغىزىنى يۇمالماي قالغانىدى.

— ھەي، سەنمۇ يەپ قويامسەن؟

مەۋلان قولىدىكى قاشتاشتەك نۇرلىنىپ تۇرغان، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ئۆزۈملەرنى سۇلايمانغا كۆز - كۆز قىلىپ

www.uyghurkitap.com

پۇلاڭلاتتى.

— ياق ... يېمەيمەن.

— ئەخمەق، سەن راستلا ئەخمەق. يېمىسەڭ ئەمىسە مۇشۇنداق قاراپ تۇر. بىراق، بىلىپ قالغىنكى، سەنمۇ بىز بىلەن ئوخشاشلا ئوغرى. چۈنكى، سەن بىز ئۈچۈن مالغا قاراپ تۇردۇڭ. بىزگە قولايلىق يارىتىپ بەردىڭ.

سۇلايمان ئۈندىمىدى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن. باللار خۇشاللىق ئىچىدە شالاپشىتىپ ئۈزۈم يېيىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىچىدە ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇلايمان بىلىپ - بىلمەي لەۋلىرىنى تەمشىتىپ قالماسلىق ئۈچۈن كالپۇكىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. باللار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سۇلايمان بىر قورقۇنچاق ئىدى. ئۇ نەزىرىنى قۇشتۇمشۇق دۆڭگە ئاغدۇردى. بوۋاي تېخىچە شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئۇ راستلا ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟

كەچتە باللار ماللىرىنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتىشتى. ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆيى ئۇدۇلىغا كەلگەندە سۇلايمان يول بويىدا تۇرغان ئايۇپ ئاكىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۈزۈملەرنىڭ ئوغرىلىنىشىدا ئۆزىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى باردەك ھېس قىلىپ خىجىل بولدى. ئۇ، بوۋايغا ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئوغرى گۇمانىغا قالىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئويلىمىغانىدى.

— مېنى كەچۈر، بالام، — دېدى ئايۇپ ئاخۇن، — سەندىن ئارتۇق گۇمان قىپتىمەن، — ئاندىن ئۇ ئۆمەر خېلىلغا يۈزلەندى، — سىلىمۇ خاپا بولمىسىلا ئۆمەر ئاخۇن، تۆت تال ئۈزۈم - شالتاقنى دەپ سىلىنى ئاۋارە قىلدىم. ئەسلى بۇ يەرگە كېلىشىمىمۇ توغرا ئەمەس ئىدى. غۇلجىدىن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان بىر تۇغقانلارنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرى بولۇپ قېلىپتۇ، ئۇ ئۈزۈملەرنى شۇلار ئۈچۈن ساقلىغان. شۇڭا، سەل خاپا بولۇپ قالدىم. باغ

دېگەنغۇ ئەسلىدىلا ئەل ئۈچۈن بىنا قىلىنىدىغان نەرسە. يەنە شۇ بالىلار ئۈچۈن. مەن بۇ قېتىم سەل ئاشۇرۇۋېتىمەن.

— ياق، بىر ئادەمنىڭ ئەجىر مېۋىسىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىق كەچۈرگۈسىز گۇناھ. ئۇنى سۈرۈشتۈرۈش ئەيىب ئەمەس.

— شۇنداقتىمۇ ...

— بولدى ئايۇپكا، سىلى رەنجىمىسىلە، مەن ھېلىقى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قوياي.

بۇ ئۇقۇشماسلىق سۇلايماننىڭ گۇناھسىزلىقى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۆمەر خېلىل شۇ چاغدىكى سۇلايماننىڭ قاتتىق ئۇۋالچىلىق تارتىپ ئۆرتەنگەن، خىجىللىق ئىچىدە ئۆڭگەن ھالىتىنى ھازىرقىدەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە؟ بىر قارىسا ھەممە نەرسە ئۆز پېتى تۇرغاندەك، بىر قارىسا نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگىرىپ كەتكەندەك. ئۆمەر خېلىل ھېلىقى قۇشتۇمشۇق دۆڭگە قارىدى. ياردا ئگىلىق غۇلاپ چۈشۈپ، قۇشتۇمشۇق ئۆزگىرىپ كەتكەن، نېرىدىكى باغنىڭ ئورنىدا قويۇق تېرەكلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. كۆپ نەرسە يوقالغان بولسىمۇ، « ئايۇپ ئاخۇننىڭ تېرەكلىكى» دېگەن بىر نام ساقلىنىپ قالغانىدى. شەيئىلەر بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى تولدۇرۇپ، تەبىئەت يەنىلا گۈزەل، يەنىلا چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان ھالدا ھاياتلىق داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئۆمەر خېلىل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىنىنى قولىغا ئالدى. ئەتراپتا نۇرغۇن ئاۋازنىڭ شاۋقۇنى بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## 1

سۇلايمان كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئاتىسى بىلەن بىردەم
ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇردى. چوڭ ئىنىسى
ئىسمايىل تاماقنى يەپلا تىراكتورنى ھەيدەپ سايغا شېغىلغا كەت-
كەنىدى. ئۇ بىكارچىلىقتا ئۈچ بالا بولۇپ، قولى دېھقانچىلىق
ئىشلىرىدىن سەللا بوشىسا كىچىك تىراكتور بىلەن باشقىلارنىڭ
ئىشىنى قىلىپ پۇل تاپاتتى. بۇنىڭدا گەرچە چوڭ تاپاۋەت بولۇپ
كەتمىسىمۇ، بۇ ئائىلىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك خىراجەتلىرىگە
يارايتتى. كىچىك ئىنىسى قاسىم بولسا ئەتىگەن سەھەر چىقىپ
كېتىپ ھازىرغىچە ئۆيگە قايتمىغان. ئۇ بىر بەڭباش، ئويۇن قې-
پى بالا. مۇنداقچە ئېيتقاندا دىتسىز، بىر ئىشلارنى پەقەت ئەپ-
لەشتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا بىكارلىق پۇل، بىكارلىق ئاش ـ نان
بولسا، ئويۇن ـ تاماشا ئۆكسۈپ قالمىسىلا بولدى. كەلگۈسى،
تۇرمۇش دېگەنلەرنى ئويلاش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. ئاخ-
شىمى ئاتىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلسا بېشى-
نى سېلىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئەتىسى ھېچ ئىش بولمىغان-
دەك ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. بۇنداق تەربىيە كار قىلمىغان
بالىدىن گاھىدا ئۆمەر خېلىلىنىڭ رايى قايتىپ قالىدۇ، بىراق
نېمە ئامال، ئۇنى قايتا ياساپ قۇراشتۇرۇۋالغىلى بولمىسا. بۇ زا-
ماندا چوڭ بولغان بالىلار مۇشۇنداق بىپەرۋا، بىرنەرسىنىڭ يا
قەدرىگە يەتمەيدىغان، يا كىشىنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان كاج مى-
جەزنى يېتىلدۈرۈۋالىدىكەن. پەقەت خۇدادىن ئۇلار ئۈچۈن ئىن-
ساب، ھىدايەت تىلەشتىن باشقا چارە يوق. ئون بالىنىڭ ئون خىل

ئوتى، ئون خىل خۇيى بولىدۇ دېگەن راست ئىكەن. ئۆمەر خې-لىلنىڭ بۇ ئۈچ ئوغلى بەئەينى ئۈچ دۇنيا.

سۇلايماننىڭ ئايالى گۈلقىز تاماق قاچىلىرىنى يۇيۇپ يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا ماڭدى. ھويلىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى كىچىك، چاققانغىنا ئىككى ئېغىز ئۆي ئۇلارنىڭ ھۇجرىسى ئىدى. ئۆي ئىچى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىر خىل ئىللىق، ئارامبەخش كۆرۈنەتتى. مەست قىلغۇچى مۇھەببەت پۇرىقى لەيلەپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى. تېخى پېتى بۇزۇلمىغان تويلۇق تاۋار يوتقان ـ كۆرپە، كەشتىلەنگەن ماموق ياستۇقلار بۇلۇڭدىكى مىخلىما ساندۇق ئۈستىگە يىغىقلىق بولۇپ، بۇ ئۆيگە ئالاھىدە زىننەت بېغىشلاپ تۇراتتى. رەڭگارەڭ گۈل نۇسخىلىرىدىن ئاللىنېمىلەرنىڭ ئۇندۇرمىلىرى بىخلىنىۋاتقاندەك سەزگۈ پەيدا بولاتتى. سۇلايمان ئۆيگە كىرىپلا كىگىز ئۈستىگە يانپاشلىدى. ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ، چىرايىدا ھاياجان ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. بىر قولىنى سوزۇپ، ئورۇن راسلاۋاتقان گۈلقىزنىڭ دۇمبىسىنى سىيلاپ قويدى. گۈلقىز بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، چىراغ يورۇقىدا يۈزلىرى قىزارغان شەپەقتەك جۇلالاندى.

— ئېھ، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىۋاتقاندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ.

— نېمە بولدى؟ بۈگۈن بەك چارچاپ كەتكەن ئوخشىماسىز؟

سۇلايمان ئۇنى ئاستا يېنىغا تارتىپ، ئەمدى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قورسىقىنى سىلىغىلى تۇردى.

— ياق، چارچىمىدىم.

— بالىمىز مىدىرلاۋاتامدۇ؟

— ئانچە ئەمەس.

— چاتاق يوقتۇ ـ ھە؟

— چاتاق يوق.

— ئەمىسە نېمىشقا چىلىڭ ـ چىلىڭ مىدىرلىمايدۇ؟

— مەنمۇ ئاپامدىن سورىغانىدىم، يەنە بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن رەسمىي مىدىرلاشقا باشلايدۇ دەيدۇ.

— نېمانداق ئاستا.

— توققۇز ئاي، توققۇز كۈن دېگەن شۇ. بىز مىلىڭ ئالدىرىغان بىلەنمۇ بىكار.

سۇلايمان ئايالىنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقان پۇراقنى ھىدلىغاچ خىيالغا پاتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ خاپا بولۇۋاتامسىز؟

— ياق، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىلىڭ چاپلىشىپ، — دادا بولۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىمەن. يەنە ... دادا بولغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن.

گۈلقىزمۇ ئانا بولغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەچ پىخىلداپ كۈلدى.

— ئۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالىمىز ياتىدۇ، ھازىرقىدەك ... مېنى مۇنداق ...

— ياق، سىزنىڭ يېنىڭىزدا ياتسۇن. مەن بالامغا ھەرقانچە ئامراق بولساممۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىشىگە قوشۇلمايمەن.

— چەتتە ياتسا قارا بېسىپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى پەرىشتە بار يەرگە شەيتان كىرەلمەيدۇ. بىلەمسىز، بالىمىز بىر پەرىشتە، كىچىك پەرىشتە.

— ھى... ھى... ئەجەب جىق ئىشلارنى ئويلاپ كېتىپتىكەنسىز.

— سىزچۇ؟

— ئويلايمەن، لېكىن سىزدەك جىق ئەمەس.

ئۇلار تازا شېرىن پىچىرلىشىۋاتقاندا سىرتتا تۇيۇقسىز تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئاندىن كالا ـ قويلار بەس ـ بەستە مە-

رەشكە، مۆرەشكە باشلىدى. ئۆمەر خىلىل كالا ـ قويلارغا كىچىد ـ لىك چۆپ بىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. كېيىن ئۇنى بىرپەس قاتتىق يۆتەل تۇتقاندىن كېيىن، هويلا ئىچى تىنچىپ قالدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يەڭگىل نەپەس ئېلىشىپ، بىر ـ بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ ياتاتتى. تىنىقلىرى يۈزلىرىنى كۆيدۈر ـ گۈدەك هارارەتلىك ئىدى.

— بىر... بىر گەپنى دېسەم...

— دەڭ، — دېدى سۇلايمان پىچىرلاپ.

— ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتسەك بولاتتى.

سۇلايماننىڭ بىرپەس تىنىقى توختاپ قالغاندەك بولدى. نە ـ پەس ئېلىشىمۇ بىلىنمىدى.

— سىز قانداقلارچە ...

— يات ئاردا بالىلىق بولىمىز. شۇڭا، بىزمۇ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ، كېيىنلىكنىڭ غېمىنى قىلمىساق بولماس.

— بۇنىڭغا بەكلا بالدۇر ئەمەسمۇ؟ بىز توي قىلغىلى تېخى ئەمدى بىر يىلدىن ئاشتى. يەنە نەچچە يىل دادامغا ياردەملەشمەـ سەم بولمايدۇ.

— ئىككى ئىنىڭىز بارغۇ؟

— ئىسمايىلەم تېخى ئۆيلەنمىدى. قاسىمنىڭ مىجەزىنى سىزمۇ بىلىسىز، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتسەك، ئاپام ئۈچ ئەرنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. كېسەل ـ چان بولۇپ قالدى.

— مەن كېلىن بولماستا تۆت ئەرنىڭ ئېشىنى ئېتىپمۇ هېچنېمە بولماپتىكەن، ئەمدى ...

— بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، گۈلقىز، بىكار خاپىد ـ لىشىپ قالىدىغاندەك تۇرىمىز، — دېدى سۇلايمان، ئۇنىڭ تۇيغۇ ـ لىرى نازۇكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەلەپپۇزىدىن سەل ئاچچىق ـ

نىڭ ھەدى كېلىپ تۇراتتى. ئەمما، گۈلقىز بوشاشمىدى. قارىغاندا ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن خېلى پۇختا تەييارلىق قىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەنمۇ سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن. ئائىلەڭلارنى كەمبەغەل كۆرگىنىم ئەمەس، بۇنداق ئويلىغان بولسام سىز بىلەن توي قىلمىغان بولاتتىم. بىراق، سىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، جاھان ئۆزگەردى، ھەممە ئادەم باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، باي بولۇش ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇپ، يول ئىزدەيدۇ. بارى - يوق ئون نەچچە مو يەرگە تۆت ئەر بار بىر ئائىلە قاراپ تۇرسا نېمە بولماقچى؟

سۇلايمان ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ياخشى پىلان بولسا ئون نەچچە مو يەردىنمۇ خېلى كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.

— قانچىلىك؟ زادى قانچىلىك جىق كىرىم قىلالايسىز؟ كىرىم قىلىدىمۇ دەيلى، بۇ ئۆينىڭ بىر يىللىق چىقىمىچۇ، بۇنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— ئەمىسە ئۆي ئايرىپ چىقساقلا باي بولۇپ كېتەمدۇق؟ بىزگە ئاسماندىن بايلىق ياغىدىغان خەۋەر بارمىكەن؟

سۇلايمان ئاۋازىنىڭ يۇقىرى چىقىپ كەتكىنىنى سېزىپ جىمىپ قالدى. چوڭلار ئاڭلاپ قالسا ئىككىسىنى ئۇرۇشۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. گۈلقىزمۇ جىمىدى. بايىقى ئوتلۇق تىنىقلار ئەمدى مۇزلاشقا باشلىغانىدى، كۆز شامىلىدەك ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن نەپەستىن ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىدىكى خاپىلىقنى ھېس قىلىپ تۇراتتى: خېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن گۈلقىز ئېغىز ئاچتى:

— مېنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، شۇ ... كەلگۈسىمىزنى ئويلاپ ...

— كەلگۈسى ... كەلگۈسىنى كىم ئالدىن بىلەلەيدۇ؟ نەچچە

يىل ئاۋۋال ئىككىمىزنىڭ توي قىلىپ قالىدىغىنىمىزنى سىز
بىلەمتىڭىز؟

— بۇ ئىش ئوخشىمايدۇ.

— نېمىسى ئوخشىمايدۇ؟ كەلگۈسىگە پال سالغاندەك ...

— ئاچچىقلانماي پىلانىمنى ئاڭلىغان بولسىڭىز ...

— پىلان دەڭ؟ سىزنى بەك ساددا چاغلاپ قاپتىمەن جۇمۇ.
يېنىمدا پىلان تۈزىدىغان بىر مۇشاۋىرىمنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ
بەك ھاياجانلىنىۋاتىمەن.

— مېنى مەسخىرە قىلماڭ.

گۈلقىز بىردىنلا مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. تېخىمۇ ئاچ-
چىق گەپلەرنى قىلىشنى ئويلاۋاتقان سۇلايمان شۇنىڭ بىلەن تو-
رۇپ قالدى. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ گەپلىرىنى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز-
مۇ دەپ كەتكىلى بولمايتتى. بىر ئايال كىشىنىڭ ئائىلىسىنىڭ
غېمىنى يېيىشى، ئېرىگە يول كۆرسىتىشى ئەلۋەتتە ياخشى ئىش.
شۇنداقلا، ئۇ ئايالنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
سۇلايماندەك تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن ئادەمنىڭ بۇلارنى چۈ-
شەنگۈچىلىكى بار. مۇبادا ئىمتىھان مەزگىلىدە قىزىتما بولۇپ
يېتىپ قېلىپ، پەيتنى ئۆتكۈزۈۋەتمىگەن بولسا، ئېھتىمال ئۇنىڭ
ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، خىزمەتكە چىققىنىغىمۇ بىر-
ئىككى يىل بولۇپ قالغان بولاتتى. شۇ چاغدا يەنە بىر يىل قايتا
ئوقۇشقا مەسلىھەت بەرگۈدەك بىر ئادەم چىققان بولسىمۇ ئىشلار
باشقىچە بولاتتى. سۇلايمان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەقدىردىن
كۆردى، تەقدىرگە بويسۇندى.

گۈلقىز تېخىچە مىشىلداۋاتاتتى.

— خاپا بولماڭ، — دېدى سۇلايمان ئاۋازىنى يۇمشاق چىقى-
رىشقا تىرىشىپ، — سىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن
ئۆي ئايرىپ چىقىش ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. مەندە بىرەر ھۆ-
نەرمۇ يوق، قانداق جان باقىمىز؟ يەنە ئاتا - ئانام مېنى مىڭبىر

جاپادا بېقىپ قاتارغا قوشتى، بىر ئۆمۈر تاپقان ـ تەرگىنىنى سەرپ قىلىپ ئۆيلىدى. ئەمدى ئۆيلىنىۋېلىپلا ئۇلارنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەم، ئۇلارنىڭ ئەجرىگە، مېھىر ـ مۇھەببىتىگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟

ئېرىنىڭ سەل يۇمشىغىنىنى كۆرگەن گۈلقىز مىشىلداشتىن توختىدى.

— مەن سىزنى ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرماڭ، دېمىدىم. ئۆي ئايرىپ چىقساقمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولساق بولىۋېرىدۇغۇ؟

— لېكىن، مەن قوبۇل قىلالمايۋاتىمەن. يەنە كېلىپ بىز قىلىدىغان ئىش، ئولتۇرىدىغان ئۆي، بۇلارمۇ بىر مەسىلە.

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. بازار ئىچىدىن ئۆي ئىجارە ئالىمىز.

— نېمە؟ بازار ئىچىدىن ؟

— شۇنداق.

— قايسى پۇلغا؟

— خاتىرجەم بولۇڭ. قىلىدىغان ئىشتىنمۇ غەم يېمەڭ. ئاتامنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى تىجارىتىگە ياردەملىشىسىز.

سۇلايمان شۇنىڭدىلا بىر ئىشنى سەل چۈشەنگەندەك بولدى. گۈلقىزنىڭ ئەتراپلىق بىر پىلان تۈزگىنىگە ئىشەندى. تىجارەتچى ئائىلىسىدىن چىققان بۇ ئايال ھەقىقەتەن تىجارەتچىگە خاس ئاڭ بىلەن يېتىلگەندى. گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، سۇلايمان بۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدى ـ يۇ، نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. راست، ئىنسان ھەقىقەتەن ئالدىن بىلگۈچى ئەمەس. ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېيىش لازىملىقىنى ئويلىدى، لېكىن دەيدىغان گېپىنى تاپالمىدى. ئايالى ھەممىنى ئويلاپ، ھەممىنى تەييار قىلىپ قويغان يەردە ئۇ نېمىلا دېسۇن بىكار ئىدى. سۇلايمان ئۇھسىندى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ كىچىنىڭ شېرىن ۋەسۋەسىلىرى گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە بەربات بولغانىدى. سۇسلاشقان ھېسسىياتى ئۇ-نىڭ ھەۋەسىنى بېسىپ تۇراتتى.

سۇلايمان يانغا ئۆرۈلدى.

— مەندىن خاپا بولۇۋاتامسىز؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمىشقا تەتۈر قاراپ يېتىۋالىسىز؟

— ئۇيقۇم كېلىپ ...

— ماڭا قاراپ ياتسىڭىز ئۇخلىيالمامدىكەنسىز؟

— ئىچىڭىزنى پۇشۇرۇۋەتمەي دەپ ... خاپا بولۇپ قالسىڭىز سىزگە قاراپ ياتاي.

— بولدى، — گۈلقىزمۇ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى، — ئۇخلا-ۋېرىڭ.

سۇلايمان ئايالىنى رەنجىتىپ قويغىنىدىن ئەپسۇسلاندى. ئۇلار ھەر ئاخشىمى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا تاتلىق پىچىرلىشىشلاربىلەن مۇھەببەت دېڭىزىغا چۆمۈلىشەتتى. ھاياتنىڭ شېرىنلىكىنى چوڭ-قۇر ھېس قىلىشاتتى. كېچە كۈيلىرىدە ئەللەيلىنىپ، قانداق چاغدا ئۇيقۇغا كېتىشكىنىنى سېزىشمەيتتى. بۈگۈن ئۇلار توي قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئارازلىشىپ قالدى. بۇنى ئارازلاشتى دې-گىلىمۇ بولمايتتى، پەقەت ئازراق ماي تارتىشىپ قالدى شۇ. سۇلايمان شۇ تاپتا ئىككى ئېغىز ياغلىما گەپ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭ-لىنى ئېلىپ قويغان بولسا، بۇ كەيپىياتمۇ بىردەمدە ئۇچۇشالغان بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ مۇنداق قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ تىنچ-قىنا خىيال سۈرگۈسى كېلىۋاتاتتى. گاھىدا خىيالمۇ ئادەمگە تە-سەللى ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. سۇلايمان بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلى-سىگە موھتاج بولمىسىمۇ، ئاشۇ خىياللار ئىچىدىن بىرنەرسىنى ئىزدىگۈسى كېلەتتى.

گۈلقىز ئۇخلاۋاتقان ئادەمدەك تەكشى نەپەس ئېلىشقا باشلى-

دى. ئۇ راستىلا ئۇخلاۋاتامدۇ ياكى سۇلايماننى سىناپ بېقىش ئۈ-چۈن قەستەن شۇنداق قىلدىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بەلكىم ئۇ سۇلايماننىڭ ئۆزى تەرەپكە ئۆرۈلۈشىنى، باغرىغا بېسىپ تاتلىق - تاتلىق پىچىرلىشىنى كۈتۈۋاتقاندۇ ياكى بولمىسا مۇشۇنداق تەتۈر قاراپ يېتىشتا قايسىسىنىڭ ئۇزاقراق بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلى-قىنى تەھقىقلەۋاتقاندۇ.

سۇلايمان ئايالىنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان هارارەتنى سېزىپ ياتاتتى. پەقەت بىرلا ئۆرۈلسە شېرىن مۇھەببەت ئۇنى قۇچىقىغا ئالاتتى. بىرلا ئۆرۈلسە قىزغىن سۆيۈش، ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى تۈيغۇ دولقۇنى ئۇنى جەننەت قەرىگە تاشلايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى كېچە نۇرغا ئايلىناتتى. بىراق، ئۇ ئۆرۈلۈشكە ئېرىندى. بۇ ئۆرۈلۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل، نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىشتىنمۇ قىيىن بىلىندى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەيلىنى بىر خىيال چىرمىۋالغانىدى. هاردۇق ئالماقچى بولغاندەك تىنچ هالەتتە خىيال سۈرگۈسى بار ئىدى.

سۇلايمان ئارقىسىدىلا ئۆزىگە دۈمبىسىنى چاپلاپ ياتقان گۈلقىزنىڭ چىرايىنى ئەسلەشكە تىرىشتى. قويۇق قارا قاشلار ئاستىدىكى بىر جۈپ بۇلاقتەك كۆز ئۇنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپ تۇراتتى. كۆپۈشۈپ تۇرغان قارا چاچلار ئارىسىدىكى يۈزى بۇلۇت يېرىپ چىققان تولۇن ئايدەك ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتاتتى. قاملاشقان زىلۋا بەدەن مەيىن شامالدەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يامىشات-تى. گۈلقىزنىڭ بۇ سىيماسى بارا - بارا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ، نەچچە يىل ئاۋۋالقى بىر خاتىرە نۇرلىنىشقا باشلىدى.

## 2

يېزا بازىرى كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلىششقا باشلىغانىدى. بۇ يېزىنىڭ يەر كۆلىمى ئاز بولغاچقا، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنى-

دىغانلار بىرقەدەر كۆپ ئىدى. ھەرقايسى كەنتلەردىن كېلىپ، با-
زاردا مۇقىم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دېھقانلارمۇ كۈندىن -
كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. نەچچە يىل ئاۋۋال بازاردىكى بىر قەۋەت
دۇكانلار چېقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆت قەۋەتلىك بىنا سېلىنـ-
دى. بۇنىڭ بىلەن تىجارەتچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ جاي ھا-
زىرلاندى. ھازىر قارىسىڭىز بازار پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىنالار بىلەن
قاپلانغان، يېڭى كەلگەن ئادەم بۇ يەرنى ناھىيەدىن پەرقلەندۈرەل-
مەي قالىدۇ. بازار ئىچىدىكى رەڭگارەڭ دۇنيا كۆزلەرنى ئالا چەك-
مەن قىلىدۇ. بۇلتۇردىن باشلاپ بازارنىڭ چېتىدىكى بوش يەر-
لەرگە ئاھالىلەرگە ئولتۇراق داچا ئۆي قۇرۇلۇشى سېلىش باشلان-
دى. ئىشقىلىپ، بۇ بازاردا تەرەققىيات كۈندىن - كۈنگە يۈكسـ-
لىپ بېرىۋاتاتتى.

سۇلايمان ۋاقتى چىقسىلا بازارغا بېرىۋالاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ
بازاردا ئولتۇرۇشلۇق بىرنەچچە ئاغىنىسى پات - پات تېلېفون
قىلىپ ئۇنى چاقىراتتى. ئۇلار ئاشپۇزۇللاردا بىللە تاماق يەپ،
قارتا ئويناپ دېگەندەك بىكار ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. ھەتتا
گاھىدا كىچىك ماشىنىسى بار ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇ يەر - بۇ
يەرگە ساياھەتكىمۇ بېرىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خىز-
مىتى بار ، بەزىلىرىنىڭ مۇقىم تىجارەت دۇكانلىرى بار. ئۆزلىرى
ئويناپ يۈرسىمۇ مائاشى توختاپ قالمايدۇ ياكى دۇكانلىرى تاپاۋ-
تىنى قىلىۋېرىدۇ. بىراق، سۇلايمان ئۇلارغا ئوخشىمايتتى. دادى-
سى بەرگەن ياكى باشقىلارغا ئىشلەپ تاپقان ئازغىنا پۇلى بىلەن
ئۇلارنى بىرەر قېتىم مېھمان قىلىشقا ئاران قادىر بولاتتى. كې-
يىن چىشىنى چىشلەپ بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر
بولاتتى. گەرچە ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ مېھمان قىلىشىغا مۇھتاج
بولمىسىمۇ، سۇلايمانمۇ بىر ئەركەك، باشقىلارنىڭ ئادەمگەرچى-
لىك قەرزىنى قايتۇرۇشى كېرەك. ئۇ شۇنداق ئويلايتتى، ئويلى-
غانسېرى ئۆزىنى ئۇلاردىن تۆۋەن كۆرىدىغان بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا

ئارام بەرمەيتتى. ھەتتا بەزىدە خىجىل بولۇپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن چاغلىرىمۇ بولغان. بىراق، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. سەمىمىيلىكى، تۈز مىجەزى ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ مىجەزى شۇنچىلىك چىقىشىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان ئۆزىنى تارتسىمۇ ئاغىنىلىرى ھامان ئىزدەپ تۇراتتى. پۇل دېگەن پەقەت بىر ۋاستە. نۇرغۇن ئادەم ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشكەندە ئۇنىڭدىن يېقىن دوستلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولغۇسى كېلىدۇ. سېنىڭ پۇلۇڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، يېقىن دوستۇڭ بولمىسا سەن يەنىلا نامرات. يالغۇزلۇق بەختسىزلىك، يالغۇزلۇق چۈشكۈنلۈك. يالغۇزلۇق توختام سۇغا ئوخشايدۇ. ئايىغى چىقمىغان سۇ ئاسان بۇزۇلىدۇ. يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەن ھايات ئەڭ مەنىسىز ھاياتتۇر. سۇلايمان كېيىن ئاستا ـ ئاستا چۈشەندى. ھەقىقىي دوستلۇق قانداقتۇر پۇل ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن قۇرۇلمايدىكەن. دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش، خاتىرجەملىك، خۇشاللىق ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن. سەن دوستلۇقۇڭدىن مەنپەئەت ئەمەس، ھەقىقىي خۇشاللىق تاپالىساڭلا، كۆڭلۈڭ سۆيۈنسىلا، كىشىلىك ھاياتىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالىساڭلا چىن دوستقا ئېرىشكەن بولىدىكەنسەن. بەلكىم باشقىلارنىڭ دوستلۇق توغرىسىدىكى قاراشلىرى بۇنىڭدىنمۇ ئۆزگىچە، بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن. بىراق، سۇلايمان شۇنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ چۈشەنچىگە كەلگەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى تۆۋەن كۆرمەيدىغان بولدى. قولىدىن كېلىشىچە دوستلىرىغا ھەمدەمدە بولدى، قولىدىن كەلمىگەندە زارلانمىدى ياكى ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى خۇددى باھاردىكى دەرەخلەردەك ياشىرىپ تۇردى. دوستلىرى ئۇنى تىجارەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى، لېكىن قولىدا دەسمايە يوق، قەرز ئېلىپ تىجارەت قىلىپ زىيان تارتىپ كەتسە بىر ئۆمۈر قەرز تۆلەش بىلەن ئۆتۈپ كېتىشتىن قورقۇپ سۇلايمان

ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىدە تىجا-رەتكە قارىتا دىت يوق دەپ ئويلايتتى. كېيىن دوستلىرى ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە يۈرۈپ تىجارەتكە ئاستا ـ ئاستا قىزىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلاپ، بەك زورلىمىدى. تىجارەتنىڭمۇ نۇرغۇن خەتىرى بارلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى. رايى تارتمىغان ئىشنى قىلغان بىلەنمۇ بەرىبىر ئاقىۋىتى ياخشى بولمايتتى. سۇلايماننىڭ ئائىلىسىنىڭ قولى قىسقا ئىدى. ئاتىسى ئەزەلدىن ئىشچان، بىكار تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئادەم. ئۇن نەچچە مو يەر ئاساسەن ئۇنىڭ ئەمگىكى بىلەن كۆكلەيدۇ. يەردىن يامان ئەمەس كىرىم قىلدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ بىر يىللىق چىقىمى، ئائىلىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىنى ھېسابلاپ كەلگەندە قولىغا ھېچقانچە پۇل ئاشمايتتى. نۇرغۇنلار دېھقانلارنىڭ مو بېشى كىرىمىنىلا ھېسابلايدۇ، بىراق شۇ بىر مو يەرگە يىلدا قانچىلىك چىقىم، قانچىلىك ئەمگەك كۈچى كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۆمەر خې-لىلمۇ ھەر يىلى كەنتتىن كىرىمنى سوراپ كەلگەندە خېلى چوڭ سانىنىڭ گېپىنى قىلغان بىلەن يانچۇقىدا پۇلنىڭ تايىنى يوق ئىدى. سۇلايمان ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا بۇنداق نامراتلىقتىن قۇ-تۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ھازىر بۇرۇنقى-دەك ئات ـ كالا بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئىش تۈگىدى. ھەممە ئىشلار ماشىنا بىلەن ئىشلىنىدۇ. ئۇلار يەر ھەيدەش، ئۇ-رۇق سېلىش دېگەندەك ئىشلارنى، يەنى تېرىش، يىغىشتىن تارتىپ باشقىلارغا پۇل بېرىپ قىلدۇراتتى. بۇنىڭدا پەقەت ماشىنا ئىگى-لىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندا ئاندىن سۇلاي-ماننىڭ ئائىلىسىدەك كىشىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىشكە چو-لىسى تېگەتتى ـ دە، ئىشلار بىر نەچچە كۈن كېچىكىپ كېتەتتى. ئاخىر ئۆمەر خېلىلمۇ چىشىنى چىشلەپ بانكىدىن قەرز ئېلىش ئارقىلىق ئۈچ يىل ئاۋۋال بىر كىچىك تىراكتور سېتىۋالدى. ئەسلىدە سۇلايماندەك تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن ئادەم بۇنداق

تۇرقى سۇ كالىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك تىراكتورنى ھەيدەشكە تازا ماس كېلەتتى، بىراق ئىنىسى ئىسمايىل چاققان چىقىپ بۇ بۇقىنىڭ بېشىغا قوندى. ئۇ نەچچە كۈن ھەپىلىشىپ تىراكتورنى ئوبدانلا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئالتە ئاي ئىچىدە بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقۇرۇش پونكىتىدىن پەراۋا ئېلىپ رەسمىي تىراكتور شوپۇرى بولۇپ قالدى. ئىسمايىل ئۈچۈن ئۇ يەنە بىر ئەرمەكمۇ ھېسابلىناتتى. خەقلەر تىراكتوردنى ئېتىزدىن كەلگەن پېتى لاي - لاتقا تاشلىۋېتەتتى. بىراق، ئىسمايىل ئىشتىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگىنىگە قارىماي، تىراكتورنى يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتەتتى. ئىش ئۇستىدىمۇ بەك ئاسرايتتى. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ تىراكتورى ھەر ۋاقىت يېپيېڭى كۆرۈنەتتى. ئىنىسىنىڭ بۇ قىزغىنلىقى ئالدىدا سۇلايمانمۇ ئىلاجسىز ئۇنىڭغا يول قويدى.

تىراكتور ئالغاندىن كېيىن، ئادەم كۈچى بىلەن قىلىنىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار ئاسانلاشتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلايماننىڭ بىكار ۋاقىتلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك بازاردىن كەلمەيدىغان بولدى. گاھىدا ئۇ بازاردىكى ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپمۇ قالاتتى. بازارنىڭ شەرقىي كوچىسىدا ئۆيى بار ئەكرەم ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ ئۆيى ئالدىدىكى دۇكاندا ناۋايلىق قىلاتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق كىشىلەر ئىدى. سۇلايمان بۇ ئائىلىدە قىلچە قورۇنۇش، ياتسىراش ھېس قىلمايتتى. ئىككىيلەن ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتى. گاھىدا ئەكرەمنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ياكى ئاكىسىغا ئوخشىتىپ قالاتتى. سۇلايمان بۇ ئائىلىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ، قوشنا ئائىلىدىكى بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. قىز يىگىرمە ياشلاردا بولۇپ، پورەكلەپ تۇرغان گۈلگە ئوخشايتتى. دۇنيادا گۈزەللىكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باشقا بىر قىزنىڭ بارلىقىغا سۇلايماننىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە

نەرسە غۇۋالاشقان، پەقەت كوچا ياقىسىدىكى نەقىشلىك چوڭ دەرۋازا، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېلىۋاتقان پەرىدەك بىر قىزلا ئېسىدىن چۇلغايتتى. ھەتتا كېچىلىرى چۈشىدە ئۇ قىز بىلەن پاراڭلىشىپ ياكى يانداش مېڭىپ قالسا يۈرىكى يېرىلىپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى. لېكىن، ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، سۇلايمان ئۇ قىزغا يېقىنلىشىپ گەپ قىلىشقا زادىلا پۇرسەت تاپالمىدى. قىسقىسى، جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ تورۇپلا بۇنداق يۈرەكسىز بولۇپ قالغىنىغا ئۆكۈندى. مۇھەببەت ئادەمنى شۇنداق قورقۇنچاق قىلىپ قويامدىغاندۇ يا؟

ئۇ ئاخىر ئەكرەمگە كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

— نېمە، مېنىڭ قوشنامنىڭ قىزىغا كۆزۈڭ چۈشتىما؟ ۋاي كاساپەت، ئاكىسى بىلەن دوست بولۇپ، سىڭلىسىنى كەلتۈرگەندەك بىر ئىش بوپتۇغۇ بۇ، — دېدى ئەكرەم چاقچاق قىلىپ.

— ئۇ سېنىڭ سىڭلىڭما؟ ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، ئۆزۈڭلا ئەلچى بولۇپ ...

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم ھوي، قارىغاندا رەسمىي ئاشىق بوپسەن. كۆزلىرىڭدىمۇ گۈلقىزنىڭ شولىسى ئەگىپلا يۈرىدۇ.

— ئۇنىڭ ئىسمى گۈلقىزما؟

— ھەئە.

— ھەقىقەتەن گۈلنىڭ ئۆزى ئىكەن.

ئەكرەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— كۆيۈپ قېلىشنىڭ نېمىلىكىنى ئەمدى بىلدىم. ئۇنداق تەسۋىرلەرنى كىتابتا ئوقۇپ، كىنودا كۆرگەن بىلەن چۈشەنمەپتىكەنمەن. ساڭا قاراپ ھەقىقىي ئاشىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىم، ھە، نېمە قىلاي دەيسەن؟

— بىلمىدىم، ئاداش.

— ئانچە - مۇنچە گەپ ئېلىپمۇ باقتىڭمۇ؟

— ئالدىغا بېرىشتىن خىجىل بولۇپ يۈرسەم، نەدىكى گەپ

ئېلىشنى دەيسەن.

— ھوي، قانداق ئاشىقسەن؟ بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قال-يۇ، گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالما. قەيىرلىك ئوغۇل بالا سېنىڭ.

— شۇڭا سېنى مەسلىھەت بەرسە دەپ ...

— مەن يا مۇھەببەتلىشىپ باقمىسام، قانداق مەسلىھەت بې-رەتتىم.

— قوشنالىق بولغاندىكىن ...

— قوشنام بولغاچقا كۆزلۈك چۈشۈپتۇ ئەينا. ئۆزلۈك بىر ئىش قىل.

— ئۇنداق قىلما، جېنىم ئاداش. بىر ياردەم قىل.

— مېنى زادى نېمە قىل دەيسەن؟

— گېپىمنى ئۇ قىزغا دەپ باقساڭ.

— قويە، سەندەك تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس بۇ. ھېچبولمىسا ئاۋۋالقى گەپنى ئۆزلۈك باشلا. قال-غىنىغا مانا مەن.

ئەمەلىيەتتە ئەكرەمنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئورنى بار ئىدى. بۇ سۇلھى ـ سالا قىلىدىغان بىرەر سودا بولمىسا، بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلماي تۇرۇپ ئارىدا ئەلچى مېڭىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ. سۇلايمانمۇ بۇلارنى چۈشىنەتتى، پەقەت نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغاندا دوستىغا مەسلىھەت سالغانىدى. ئەكرەم قىزنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدا سۇلايمانغا سۆزلەپ بەردى. قىزنىڭ ئىسمى گۈلقىز بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئەھەت ھېمىت، ئاپىسىنىڭ ئىسمى گۈلمەرەمخان. ئۇلار ئىككى قىز بولۇپ، گۈلقىز بالىلار-نىڭ ئىككىنچىسى، قىزلارنىڭمۇ ئىككىنچىسى ئىدى. بۇ ئائىلى-نىڭ تۆت ـ بەش مودەك تېرىلغۇ يېرى بولغاچقا، ئۆيىنىڭ بازار ئىچىدە بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بۇرۇنلا تى-جارەتكە كىرىشكەن. دەسلەپتە بەش خىل مېتال تىجارىتى قىلى-

غان. كېيىن دېھقانلارنىڭ ئۆي يېڭىلاش قىزغىنلىقى ۋە ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بازىرى چىقىپ كەتكەندە بىراقلا بۇ سودىغا كىرىشىپ، ھازىر بازار ئىچىدىكى خېلى باي ئائىلىلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

— كۆزۈڭ بار ئىكەن، تازا باينىڭ قىزىنى تاللاپسەن، — دېدى ئەكرەم چاقچاق قىلىپ.

— مەن ئۇنىڭ بايلىقىنى ئويلىمىدىم.

سۇلايمان غورۇرى ئازار يېگەندەك ھېس قىلىپ سەل قىزاردى. ئۇ ھازىر بەكلا نازۇكلىشىپ كەتكەنىدى.

— بولدى قىزارما. چاقچاقنىمۇ كۆتۈرەلمەس بولۇپ كېتىپسەن. گۇلقىز ئەس - يادىڭنى پۈتۈنلەي قامال قىلىۋاپتۇ سېنىڭ.

— راست، ئاداش، گاھىدا ئۆزۈمگىمۇ ئاچچىقىم كېلىدۇ. نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن.

— ئوڭشىلىپ كېتىسەن، سەۋر قىل.

سۇلايمان گۇلقىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن بېرى خامۇشلارچە ياشايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيگە كەلسە ئىش خۇشياقمايتتى. بازارغا بارغۇسى كېلەتتى. بازارغا بارسا، گۇلقىزغا گەپ قىلالماي ئىچى پۇشۇپ تېخىمۇ ئازابلىناتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە يېڭى بىر غەممۇ پەيدا بولغانىدى. ئۇ بولسىمۇ گۇلقىزنىڭ ئائىلىسى باي، ئۆيى بازاردا. ئۇ سۇلايماندەك بىر كەمبەغەل يىگىتنى ياقتۇرامدۇ؟ بازاردىن سەھراغا توي قىلىشقا رايى بارمۇ، يوق؟ بۇمۇ بىر توسۇق بولۇپ، سۇلايماننىڭ روھىنى تېخىمۇ ئازابلىتىۋەتكەنىدى.

گۇلقىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھويلا - ئاراننى سۈپۈرۈپ بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقاتتى. ئاندىن ئىككى تەرەپتىن قوشنىلارنىڭ پاسىلىغا بارغۇچە سۈپۈرەتتى. سۇلايمان ئەكرەمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ

قالغان كۈنلەردە ئەتىگىنى يول بويىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ يەر سۈپۈ-رۈشىگە زوقلىنىپ قاراپ كېتەتتى. سۇلايماننىڭ نەزىرىدە قىز-نىڭ ھەممە ھەرىكىتى گۈزەللىك بىلەن تولغانىدى. ئۇ ھەتتا قىزنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۇششاق ئۆزگىرىشلەرگىچە سەپ-سېلىپ تۇراتتى. بىراق، قىزنىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى كۆرگەن ھامان دەرھال باشقا ياققا قارىۋالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ مۇھەببەت-كە دائىر كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. كىتابلاردىن ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشقا تىرىشاتتى. شۇ كۈنى ئەتىگىنىمۇ ئۇ ئوقۇۋاتقان كىتابنى كۆتۈرگىنىچە يول بويىدا تۇرغانىدى. گۈلقىز ئادىتى بويىچە ھويلىنى سۈپۈرۈشنى تۈگىتىپ سىرتقا چىقتى، ئاۋۋال ئالدى تەرەپتىكى قوشنىلارنىڭ ئۆيى تەرەپنى سۈپۈردى، ئاندىن ئەكرەمنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئۆتتى. سۇلايمان جىمجىت تۇرغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى چەكسىز ھاياجان ئىچىدە دولقۇنلايتتى. لەۋلىرى تىترەپ، سان - ساناقسىز سۆزلەر ئىككى لېۋى ئارد-سىدا شىۋىرلىناتتى. كۆزلىرىدىن تەشنالىق، ھودۇقۇش بىلەن قوشۇلغان مۇھەببەتنىڭ سۈزۈك شولىسى چاقنايتتى.

— ئوقۇۋاتقىنىڭىز قايسى كىتاب؟

تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن سۇلايمان چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا، دەسلەپتە ئۇ باشقىلارغا گەپ قىلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئەترا-پىغا قارىدى. كېيىن قىزنىڭ قولىدىكى كىتابقا قاراپ كۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ سەل ئېسىگە كەلدى.

— ھە... ھە... مەن ... سىز بۇ كىتابنى سوراۋاتامسىز؟

سۇلايمان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كىتابنى سەل يۇ-قىرى كۆتۈردى.

— شۇنداق.

— بۇ « چالىقۇشى» دېگەن كىتاب.

— ھە.

قىز بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان باش ياغلىقىنى تۈزەش-تۈرۈپ قويۇپ يەرگە ئېگىشتى. تىلەيمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بۇ-داق پۇرسەتتىن خۇدىنى يوقاتقان سۇلايمان خۇددى تۇيۇقسىز يو-رۇقلۇققا چىقىپ قالغان ئادەمدەك ئېسەنگىرىدى، ھاياجانلاندى، خۇشلۇقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشتى. ئۇ پۈتۈن جۈرئىتىنى يى-غىپ قىزدىن سورىدى:

— سىزمۇ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقامسىز؟

قىز ئىشتىن توختاپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ھەئە. مەكتەپتىكى چاغدا بەك ئوقۇيتتۇم.

— ھازىرچۇ؟

قىز ئەپسۇسلانغاندەك چىرايىنى تۈردى، ئارقىدىن تاتلىققىنا كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كەيپىيات ئۆزگىرىشىمۇ بەك ئالاھىدە ئى-دى.

— ھازىر ... ھازىر كۆپ ئوقۇيالمايمەن، ۋاقتىم چىقمايدۇ، — ئۇ سەل تۇرۇۋپراق يەنە قوشۇپ قويدى، — دادام قىزلار كىتاب ئوقۇسا زىيانلىق دەپ ...

قىزنىڭ كۆزىدىكى مۇڭ ۋە ئازابنى كۆرۈپ سۇلايماننىڭ يۈ-رىكى قاتتىق ئېچىشىپ كەتتى. ئەھەت ھېمىتنىڭ «بولغۇسى قېيىنئاتىسى» ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئېتىراز بىلدۈردى:

— بۇ خاتا، قىزلار كىتاب ئوقۇسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ قىزلار قانچە بىلىملىك بولسا شۇنچە ياخشى. چۈنكى، ئۇ بىر ئا-ئىلىنىڭ پەرۋىشچىسى، بالىلارنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى. ئانىلار-نى نادانلىقتا قالدۇرۇش كونا جەمئىيەتتىكى قالاق ئىدىيە.

سۇلايمان ئۆزىمۇ سەزمەيلا ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى. قىلغانلىرى گەرچە قايسىبىر كىتابتا ئوقۇغان كىتابىي جۈملى-لەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى گەپلەر ئىدى. ئۇ قەستەن نەزە-رىيەچىلىك قىلمىغانىدى. قىزمۇ ئۇنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرىنى

ئاڭلاپ يا ھەيرانلىقتا، يا رەنجىشكە ئوخشىمايدىغان بىر خىل نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. قىزنىڭ قارىشىدىن سەل خىجىللىق ھېس قىلغان سۇلايمان ئالدىراپ ئىزاھ بەردى:

— كەچۈرۈڭ، دادىڭىزنى ئەسكى دېمەكچى ئەمەسمەن.

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ دەسلەپتە رەنجىگەن. بىراق، رەنجىگەننىڭ نېمە پايدىسى. بەربىر ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي بىكارچى بولۇپ كەتتىم. بۇنىمۇ كىتابنى كۆپ ئوقۇپ كېتىپ، دەرسكە كۆڭۈل قويالمىغىنىمدىن بولدىمىكىن دەپ قارايمەن.

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، گاھىدا تەقدىر قىسمەتكە پۇتۇلگەننى كۆرمەيمۇ ئامال يوق.

— سىزمۇ كىتابنى كۆپ ئوقۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنما؟ — قىز كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— ياق، باشقا بىر ئىش. لېكىن، كىتابنى كۆپ ئوقۇسا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغان ئىش بولمايدۇ. كىتاب ياخشى نەرسە.

— ئۇغۇ شۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەيسىز؟

قىز چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا يەرگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بىرنەرسىگە ئېرىشەلمىگەندە، تۈرلۈك سەۋەبلەر ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئىنسانلاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك. مەنمۇ بىر ئىنسان بولغاچقا شۇنداق قىلغان بولسام كېرەك.

— ۋاھ، قالتىس سۆزلىدىڭىز. مانا بۇمۇ كىتابنى كۆپ ئوقۇغاننىڭ پايدىسى دەڭە.

قىز ۋىلىققىدە كۈلدى.

— مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىز؟

— ياق، بۇنىڭغا قانداقمۇ پېتىناي.

— مەن بەك قورقۇنچلۇق ئادەممىكەنمەن؟

— ياق، ئەستاغپۇرۇللا ... سىزگە نېمە دېسەم بولار ...

— كەچۈرۈڭ، گەپ سوراپ كىتاب ئوقۇشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزدۈم.

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ ...

قىز ئېڭىشىپ يەر سۈپۈرۈشكە كىرىشتى.

سۇلايماننىڭ يەنە نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، بىراق قانداق دېيىشىنى بىلەلمىدى. بۈگۈنكى بۇ ئويلىمىغان ئۇچرىشىش ئۇنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتۇۋەتكەن، شۇنداقلا قىزنى ئاز - تولا چۈشىنىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە قىلغانىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاياجىنى ئىچىگە پاتماي قېلىۋاتاتتى. ھەممىلا نەرسە كۆزىگە يېقىملىق كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ ئۇزاقراق يەر سۈپۈرۈشىنى، مۇمكىن بولسا يەنە بىردەم مۇڭدىشىشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. كېيىن دېيىدىغان گەپلىرىنى ئىچىدە تەكرارلايتتى. ئەپسۇس، ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالدى. قىز ئىشىنى تۈگىتىپ ھويلىغا ماڭدى.

— خوش، — دېدى سۇلايمان قىزنىڭ ئارقىسىدىن.

قىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سۇلايمانغا قىيا باقتى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ، دېدى:

— خوش.

تولىمۇ قىسقا بولغان بۇ خوشلىشىش سۇلايماننى مەڭدىتىپ قويدى. قىز ھويلىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى. قىزنىڭ يېڭىلا سۈپۈرگەن يەردە قېلىپ قالغان ئىزىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى، كۆزلىرىگە ئىمىر - چىمىر بىر نەرسىلەر كۆرۈنەتتى، لېكىن زادى نېمىنىڭ كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىردىنلا كۆڭ ئولتۇرۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ، مۇڭ ۋە بىر غۇۋالىق ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ روھىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا باشلىدى. قەلبىدىكى خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ئارىلىشىپ كەتتى. شۇ ئەبجەش تۇيغۇلار ئارىسىدىن ئۇ يەنە بىر ئۈمىد شامىنىڭ پارلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدى.

شۇ ئاخشىمى ئۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. كۆز ئالدىدا گۈلقىز-نىڭ گۈلدەك سىيماسى لەيلەپلا يۈرەتتى. قىلغان ھەربىر سۆزلى-رى مۇزىكىدەك قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. ئۇ قىزنىڭ سۆزلىرى-نى بىرمۇبىر تەكرارلاپ، يۈرىكىگە ئويۇۋالدى. كېيىنكى ئۇچرى-شىش توغرىسىدا ھەر خىل پىلانلارنى تۈزۈپ باقتى. بىر چاغدا كاللىسى پاللىدە ئېچىلىپ، ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ چىقتى - دە، بۇ چارىدىن ئۆزىمۇ مەمنۇن بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى يورۇتۇپ، قولىغا قەغەز - قەلەم ئال-دى. بىرھازا ئويلىنىشتىن كېيىن، خەت يېزىشقا باشلىدى:

*«گۈلقىز*

*مۇشۇ تاپتا سىزگە دەيدىغان گەپلىرىمنىڭ كېچىچە ئۇخلىماي يارسامۇ تۈگىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. ئەسلى بۇ گەپلەرنى كۆرۈشۈپ يۈزتۇرا دېسەممۇ بولاتتى، بىراق مەن بەك يۈرەكسىز، ئىلگىرى نەچچە قېتىم ئىنتىلگەن بولسامۇ دېيىشكە پېتىنالمىغان. يىغىپ ئېيتسام، كىتاب ھەققەتەن ياخشى نەرسە، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تۇنۇگۈن يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇ بىزنى ئۇچراشتۇردى، سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. پىكرىمىزنىڭ بىر يەردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەندە مۇھەببىتىمگە قارىتا ئۈمىد نۇرى پەيدا بولدى.*

*خەتنى داۋاملىق يېزىۋېرەي دېسەم سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن قورقتۇم. شۇڭا، نەق گەپنىلا قىلاي، سىزنى ياخشى كۆرىمەن. قوشۇلسىڭىز بىز توي قىلايلى.*

*جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ، سىزگە ئاشىق بىقارار سۇلايمان ئۆمەردىن.»*

سۇلايمان خەتنى يېزىپ بولۇپ بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، كۆڭلىدە رازىلىق ھېس قىلدى - دە، چىرايلىق قاتلاپ كىتابنىڭ ئىچىگە قىستۇردى. كىتابنى بېشىدا قويۇپ شېرىن

خىياللار ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەسلىدە ئۇ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا بازارغا بېرىپ، خەتنى گۈلقىزغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، بىراق بىر ئىشلارغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئاتىسى ئۇنى توسۇپ قويدى.

— ئەتىگەندە يەنە نەگە؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل سۇلايماننىڭ سىرتقا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ.

— بازارغا بېرىپ ...

سۇلايمان دۇدۇقلاپ قالدى.

— تېخى ئاخشام كەلمىدىڭمۇ بالام، بازاردىن؟

— بۈگۈن ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

ئۆمەر خېلىل ئوغلىغا قاتتىق كايىشنى ئويلىغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى. بالا چوڭ بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇ-نىڭغا قاتتىق - قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئەمەس، چوڭلارغا ئوخشاش ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر ئىدى. گەپ قىلماي دېسە، ئۇ بۇ يىل يىگىرمە بەش ياشقا كىردى، مەھەللىدىكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش يىگىتلەر ئاللىقاچان ئۆيلىنىپ، ھەتتا بالىلىقمۇ بولۇپ قالدى. بىراق، سۇلايمان تېخىچە بويتاق. بۇنىڭ بىر سەۋەبىنى ئۆمەر خېلىلنىڭ قولى قىسقىلىقىدىن كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. ھا-زىر تويىنىڭ ھەشەمىتى كۆچىيىپ، تويلۇق كۆنسېرى ئېغىرلاپ، ئوغۇل ئۆيلەشمۇ چوڭ بىر غەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندا، ئۇ دەر-دىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئوغلىنىڭ كۆزىگە قاراپ قېلىۋاتاتتى. بى-راق، ئوغلى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن بىكار بولسىلا بازارغا بې-رىۋېلىپ، كىچىك بالىلاردەك ئويناپ يۈرىدۇ. بولسا ئۇمۇ دېھقان-چىلىقتىن كىرىدىغان تۆت تەڭگە پۇلغا قاراپ تۇرماي، بىرەر ئىش - ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتسا ياخشى ئىدى. لېكىن، ماۋۇ پۇلنى دەس-مايە قىلىپ بىر ئىش باشلا، دەيدىغانغا ئۆمەر خېلىلنىڭمۇ ئامالى بولمىغاچقا، تىلى قىسقا بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇچۇقىنى ئېيتقان-دا، ئۆمەر خېلىلدىمۇ تىجارەت ئىشلىرىغا قارىتا ھېچقانداق دىت

يوق ئىدى. شۇڭىمۇ ھازىرغىچە كۆرگەن كۈنگە شۈكۈر قىلىپ ياشاۋاتىدۇ. ئوغۇللىرىمۇ ئۇنى تارتقان گەپ.

— بۈگۈن، — دېدى ئۆمەر خېلىل شۇ خىياللاردىن كېيىن، — توقايدىكى قوناقلارغا سۇ قويماقچى. ھەممىڭلار بارمىساڭلار بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن سولياۋ يوپۇقلارنى يىغىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قوناقنى ئوغۇتلاپ توپا يۆلەيدىغان گەپ.

سۇلايمان ئۈندىمىدى. ئۇ ھازىرغىچە ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ باقمىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆيدىكىلەر ئېتىزغا ئىشقا ماڭسا، سۇلايماننىڭ بازاردا ئويناپ يۈرۈشكە ھەققى يوق - دە. لېكىن، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزى بىلەتتى. كېچىدىن بېرى قىلغان شېرىن ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلانغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلاتتى. قولىدىكى كىتاب مىڭ پاتمان ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك يۈرىكىنى، ۋۇجۇدىنى باساتتى.

— ماقۇل، ئاتا، — دېدى ئۇ چىشىنى چىشلەپ.

— ئەمىسە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، كىرىپ كىيىمىڭنى ئالماشتۇر.

سۇلايمان ئۆيگە كىرىپ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى. بىر ئائىلە كىشىلىرى كىچىك تىراكتورغا ئولتۇرۇپ ئېتىزغا مېڭىشتى. سۇلايمان ئۆزى تىراكتوردا بولسىمۇ خىيالى بازاردا، گۈلقىزنىڭ يېنىدا ئىدى. كۆز ئالدىدا گۈلقىزنىڭ سىيماسى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئەڭ مۇھىم ئىشنى قىلالمىغاچقا، بىردىنلا روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بوشىشىپ كەتكەنىدى. خۇددى ئەتە ھەممە ئىش تۈگەيدىغاندەك، دۇنيا ئاخىرلىشىپ، ھاياتلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنى توختاۋسىز ئازابلايتتى، ئۈمىدسىزلىك تۇمانىغا پاتۇراتتى.

شۇ كۈنى سۇلايمان ئېتىزدا قانداق ئىشلىگىنىنى، قانداق ئىشلارنى قىلغىنىنى ئويلىيالمىدى. ئۇنىڭ روھى جىسمىدىن

ئايرىلغانىدى. پەقەت ئاخشىمى ھۇجرىسىغا كىرگەندە ھېلىقى خەت قىستۇرۇلغان كىتابنى قولىغا ئېلىپلا ئاستا ــ ئاستا ئەسلىگە كەلدى. «ئاھ، گۈلقىز، گۈلقىز، بۈگۈن سىزنى كۆرەلىگەن، بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ بېرەلىگەن بولسام ئەھۋالدا قانداق ئۆزگىرىش بولار ئىدى؟ خەتنى يىرتىپ ــ يىرتىپ تاشلىۋېتەرمىدىڭىز ياكى يۈرەك سۆزىڭىزنى ئېيتىپ جاۋاب يازارمىدىڭىز؟ ئەگەر جاۋاب يازسىڭىز قانچىلىك خۇش بولۇشۇمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ناۋادا جاۋاب بەرمىسىڭىز، خېتىمنى تاشلىۋەتسىڭىز مەن ساراڭ بولۇپ قالىمەن.»

خىيالغا غەرق بولۇپ ئەس ــ ھوشىنى يوقاتقان سۇلايمان تاڭ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە گۈلقىزنى ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان ھالەتتە كۆردى. كىتابنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بىرنەرسىلەرنى دېدى، بىراق گۈلقىز چىرايىنىمۇ ئاچماستىن كېتىپ قالدى. قاتتىق ئازابلانغان سۇلايمان نەپىسى بوغۇلۇپ تىنالماي قالدى. خۇددى جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ئېغىر بىر نەرسىنىڭ ئاستىدا ئېزىلىۋاتقاندەك قىينالدى. ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقاندا تاڭ ئېتىپ قالغانىدى. قۇياش يۇمران گۈل بەرگىدەك جۇلالىنىپ، ئۇپۇق مەڭزىگە سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. سۇلايمان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئاتىسى تېخى مەسچىتتىن كىرمىگەنىدى. ئىسمايىل ماللارنى ھەيدەپ توقايغا كەتكەنىدى. ھازىر مال بېقىش ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەنىدى. ئەسلىي قاسىم ئوغۇللارنىڭ كىچىكى بولغاندىكىن قويلارنى شۇ باقسا توغرا بولاتتى. بىراق، ئۇ مالنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقىمۇ يارىمايدۇ. قويلار ئۆيگە ساق كېلەمدۇ، يولدا ئايرىلىپ قالامدۇ كارى يوق. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە غېمى دېگەنلەر بىھۇدە. ئۇ شۇنداق بىر جانكى، گاھىدا تەبىئەتمۇ ئۇستىدىكى بۇ تىرىكتاپ بەندىدىن بىزار بولۇپ قاقشاپ كېتىشى مۇمكىن.

رومالىنى چېكىسىگە باستۇرۇپ چىڭىۋالغان رابىخان ھويلا

سۈپۈرۈش بىلەن بەند ئىدى. ئاپىسىنىڭ تۈرقىدىن پەرىشتىنى كۆرگەندەك سۆيۈنگەن سۇلايمان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ياخشى تۇرۇپسىزمۇ ئاپا؟

چېھرىدىن سەھەر قۇياشىدەك نۇر يېغىپ تۇرغان رابىخان سۈپۈرگىنى بىر قولىغا ئېلىپ، بىر قولى بىلەن ئوغلىنىڭ چاچلىرىنى، يۈزلىرىنى سىلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.

— ياخشى، بالام. ھە، بىر يەرگە بارامسەن؟

سۇلايمان سەل ئوڭايسىزلاندى، شۇنداقتىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بازارغا.

— ناشتا قىلمامسەن؟

— بازارغا بېرىپلا قىلاي، ئاپا.

— بوپتۇ بېرىپ كەل. بالدۇرراق قايتارسەن.

— ماقۇل، ئاپا.

سۇلايمان سىرتقا ماڭدى. قولتۇقىدا «چالمقۇشى» بار ئىدى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاپىسىغا قارىدى، شۇ ھامان كۆز ئالدىدا گۈلقىزنىڭ ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان ھالىتى نامايان بولدى. يۈرىكى ئىللىق بىر ھارارەتتىن دولقۇنلاپ كەتتى. ئېھ...

ئۇ قەدەملىرىنى تېزلەتتى.

سۇلايمان بازارغا يېتىپ بارغاندا كۈن خېلى ئېگىزلەپ قال-غانىدى. ئەكرەممۇ بىرىنچى تونۇر نېنىنى سېتىپ ئاخىرلاشتۇ-رۇپ، ئىككىنچى تونۇر نانغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئاددىيلا سالاملاشتى.

— رەنجىمەيسەن، ئاداش، — دېدى تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئەكرەم، تونۇر ئىچىدىن چىقىۋاتقان يالقۇن ۋە ھورنىڭ تەپتىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، ئاۋا-زى بوغۇلۇپ كەتكەنىدى، — يامان ۋاقتىدا كېلىپ قالدىڭ. نا-

ۋايلار بۇنداق چاغدا دادىسى ئۆلۈپ قالسا ئىككىنى قېتىپ قويۇپ ئىشلەيدۇ.

— ھېچقىسى يوق، ئىشىڭنى قىلىۋەر.

بۈگۈن سۇلايماننىڭ بۇنچە ئالدىراش كېلىشى ھەرگىزمۇ ئەكرەمنى دەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ قولىدىكى كىتاب بىلەن خەتنى گۈلقىزغا بېرىۋالسىلا بولاتتى. تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىر كۈن سارالڭ بولۇشى مۇشۇ خەت ئۈچۈن ئەمەسمۇ. بىر ھېسابتا بۇ خەت ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقا ھېسابلىناتتى. ھالقا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇلانسىلا ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتەتتى.

سۇلايمان بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ گۈلقىزنىڭ ئۆيى ئۇدۇلىغا كەلدى. ئىشىك ئالدى ئاللىقاچان پاكىز سۈپۈرۈلۈپ بولغانىدى. يېڭى سۈپۈرۈلگەن يەردە يەنە نۇرغۇن ئاياغ ئىزلىرىمۇ تۇراتتى. لېكىن، گۈلقىز كۆرۈنمەيتتى. سۇلايمان سەل ئۈمىدسىزلەندى، خۇددى ھەممە ئىش يوققا چىققاندەك ياكى گۈلقىز باشقا بىرسى بىلەن پۈتۈشۈپ بولغاندەك بىر شۈبھە ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلايتتى، يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى. گۈلقىزنىڭ سۈپۈرگىنى كۆتۈرگىنىچە كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشىنى تىلىگەنسېرى، ئۈمىد نۇرى تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بارا ــ بارا مادارىدىن قېلىۋاتقان ئادەمدەك پۇت ــ قولى بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

مۇزىكىدەك يېقىملىق، شۇنداقلا تولىمۇ تونۇش بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ كەتتى. قايمۇققان، چۆچۈگەن سۇلايمان خىيالىي تۇيغۇدەك بۇ ئاۋازدىن ئېسىنى تاپالماي مەڭدىگىنىچە ئارقىسىغا بۇرالدى. شۇ ھامان كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. گۈلقىز ئۇنىڭ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋە... ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...

سۇلايمان دۇدۇقلاپ شۇنىلا دېيەلىدى. سالامدىن كېيىن گۈل-

قىز يېقىملىق كۈلۈپ قويۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. بىردەملىك ھاياجاندىن لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەن سۇلايمان ئۆزىنى بىر دەريا-نىڭ سۈيىنى ئىچسىمۇ ئۇسسۇزلۇقى قانمايدىغاندەك ھېس قىل-دى. قىز دەرۋازىغا ئىككى - ئۈچ قەدەملا قالغاندى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا كەتسە ئەمدى چىقمايتتى، سۇلايمان خەتنى بېرەلمەيتتى. سۇلايمان ئالدىراپ قالدى. پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ لەۋلىرىنى قى-مىرلاتتى:

— تو ... توختاپ... تۇرۇڭ ...

قىز دەرۋازا بوسۇغىسىغا ئەمدىلا كۆتۈرگەن قەدەملىرىنى ئىختىيارسىز تارتىۋالدى. سۇلايمان ئۆزى ئۈچۈن كۈلكىلىك ۋە غەلىتە تۇيۇلغان ئاۋازىنىڭ قىزغا قانداق تەسىر بەرگىنىنى بى-لەلمىدى. ئۇنى بىلىشكىمۇ ھەپسىلىسى يوق ئىدى. قىزنىڭ توخ-تىشىلا ئۇنىڭغا ئېچىلغان بەخت ئىشىكى، تەشنالىقىغا سۇنۇلغان شەربەت، ئەقىل - ھوشىغا بېرىلگەن قۇۋۋەت ئىدى.

قىز نېمە گېپىڭىز بار، دېگەندەك سۇلايمانغا قىيا باققىنىچە دەرۋازا ئالدىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

— سىزگە كىتاب ئالغاچ كەلگەنىدىم.

ئۇ شۇنى دەپلا قولتۇقىدىكى « چالىقۇشى»نى ئېلىپ قىزغا ئۇزارتتى. بىراق، ئاشۇ قىسقىغىنا نەچچە سېكۇنتتا ئۇ يەنە «ناۋا-دا قىز كىتابنى قوبۇل قىلمىسا ...» دېگەن خىيال بىلەن ئۆزى-مۇ ئويلىمىغان بىر ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ئىزتىراپ چېكىپ كەت-تى.

— ھە... — دېدى قىز يەڭگىلگىنە تامىقىنى قىرىپ قويۇپ، — قايسى كىتاب؟

— «چالىقۇشى»، تۈركىيەلىك يازغۇچىنىڭ ئەسىرى. خۇددى سىزگە ئوخشاش ئوچۇق پىكىرلىك بىر قىزنىڭ كەچۈرمىشى.

— بىلىمەن، بۇرۇن بىر قېتىم ئوقۇغان.

سۇلايمان لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بارلىق شېرىن

چۈشلىرى گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

— ئەمىسە ...

— ئەكېلىڭ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇۋېتەي. ۋەقەلىكىنى ئۇز-تۈپ قالغىلىمۇ تۇرۇپتىكەنمەن.

سۇلايمان ئاران «ئۇھ» دېدى. بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. ئىچىدە بىقىسىپ تۇرغان ئاچچىق ھاياجان بىردىنلا تارقاپ، كۆڭلىدە تاتلىق بىر سېزىم بىخ سۇرۇشكە باشلىدى. ھەرنېمە بولسا ئۇنىڭ ئۈمىدى ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. چوڭلارنىڭ چۈش تەتۈرىگە ئايلىنىدۇ دېگىنى توغرا بولسا كېرەك، ئاخشام كۆرگەن چۈش ئوڭىدا زاھىر بولغانىدى. ئۇ كىتابنى قىزغا ئۇ-زارتتى. بارماقلىرى كۆيۈۋاتقاندەك يېلىنجاپ، بارماقلىرىدىن تا-رىغان بىر تىترەك پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى.

— رەھمەت، — دېدى قىز كىتابنى ئېلىۋېتىپ.

سۇلايمان «قىز ئۇ كىتابنى ئېلىپلا ۋاراقلاپ قالسا خەتنى كۆرۈپ قانداق قىلار؟ پۇرلەپ يۇزۇمگە ئاتارمۇ ياكى يەرگە تاشلى-ۋېتىپ كىرىپ كېتەرمۇ؟» دەپ يەنە ئەندىشىگە چۈشتى. بىراق، قىز ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە كىتابنى ئېلىپ باغرىغا باسقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن سۇلايمان ئەكرەم بىلەن خوشلاشقىنىمۇ ئۇنتۇپ مەھەللىگە قاي-تىپ كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا تەشۇيش ئىچىدە قالغا-نىدى.

كۈنلەر مىنۇت ـ سېكۇنت سانىلىپ دېگۈدەك تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. تەقەززالىق ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەي دەپ قالغانىدى. قولى ھېچ ئىشقا بارمايتتى. كۆزى ئوچۇق تۇرۇپمۇ ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. گېلىدىن ئاش ـ نان ئۆتمەيتتى. ئوغلىنىڭ قەلبى-دىكىنى چۈشەنمىگەن ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئېزد-لەڭگۈلۈك، گاراڭلىقتا قاراپ بىراقلا كەيپى ئۇچتى. باللارنىڭ بۇ دەرىجىدە يارامسىزلىقىدىن قەلبى پۇچىلىنىپ، ئۆزىنى قويىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىغان يەر تاپالماي قالدى. «ئاھ، خۇدا، مەن نېمە بولدۇم؟! ئاتىغا قىلسا بالىدىن تارتىدۇ دەيدىكەن، لېكىن مەن ئاتام لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بولغۇچە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ بولاتتىم. قولىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئويلىيالايتىم. ئاتامنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ باققان بالا ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن بەئەينى ئاتقان ئوق ئىدىم. قەيەرگە چۈشۈشۈم ئاتامنىڭ ئىرادىسى ئىدى. ئاتام خۇش بولسىلا هارمايتتىم، چارچىمايتتىم، ئاچمايتتىم، ئۇسسىمايتتىم. ئاتا رازىلىقى ئۈچۈن بارلىقىمدىن كېچىشكىمۇ تەييار ئىدىم. بىراق ... بىراق ... بۇ بالىلاردىن ئۇنداق ئىشلارنى كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ماڭا بىر ئەر خاپىلىق تېپىپ بەرمەي، ئۆزىنىڭ هاجىتىدىن ئۆزى چىقىپ ياشىسىلا كۇپايە ئىدى. ئۇلاردا شۇنچىلىك روهمۇ يوق ياكى مەن يارامسىزمۇ؟ شۇڭا باللار مۇشۇنداق لايغەزەل چوڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ ...»

بىراق، ئۆمەر خېلىلىمۇ بۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي گاراڭ بولۇپ كېتەتتى.

سۇلايمان شۇ تەقەززالىق ئىچىدە بىر ھەپتىنى ئاران ئۆتكۈزدى. گۇلقىز كىتابنى شۇنچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇپ بولالىشى مۇمكىن ئىدى ياكى ئوقۇپ بولالمىسىمۇ بىر قارارغا كېلىشكە بۇ ۋاقىت كۇپايە قىلاتتى. سۇلايمان ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، تەشۋىش ۋە هاياجان ئارىلىشىپ كەتكەن بىر تۇيغۇ ئىچىدە بازارغا يېتىپ كەلدى. بۈگۈن ئەكرەم ناۋايخانىنى ئاچمىغانىدى. بىر شاگىرتى بىلەن تونۇرنى رېمونت قىلىشىۋاتاتتى. ئۇ لاي يۇقى قولىنى سۈرتۈۋېتىپلا سۇلايمان بىلەن كۆرۈشتى.

— قارا سېنى، ھېلىقى كۈنى شۇنداق چۈشەندۈرسەممۇ مەندىن رەنجىپ، گەپ قىلمايلا كېتىپ قاپسەن. ئەتە كېلەر، ئۆگۈن كېلەر، دەپ ساقلىدىم، يوقاپلا كەتتىڭ. ھە يامانلىغاق، بۈگۈن قانداقلارچە ئايغىڭ يېتىپ قالدى؟

سۇلايمان خىجىللىق ئارىلاش ھىجايدى:

— ياق، سەندىن رەنجىمىدىم. ئۇ كۈنى باشقا ئىشىم چىقىپ قالغان.

ئەكرەم ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە راسا بىر قارىۋېتىپ بىقىدىنىغا نوقۇدى:

— ئىشىڭ قانداق بولدى؟

— قايسى ... ئىشىمنى دەيسەن؟

— قايسى ئىشىڭ بولاتتى، قوشنامنىڭ قىزىنى ئۇندەككە كەلتۈرەلىدىڭمۇ؟

سۇلايمان قىزلاردەك ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى.

— ياق.

— تېخىچە ئېغىز ئاچمىدىڭما؟

سۇلايمان ئۈندىمىدى.

— ماڭا قارا، ئاداش، ماۋۇ دېگەن بازا يېرى، خەقنىڭ بىر نەرسىگە كۆزى چۈشسە ساقلاپ تۇرمايدۇ. مىسىلداپ يۈرۈپ باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويما يەنە.

سۇلايمان چۆچۈگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى. كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. قورسىقى ئاغرىۋاتقان ئادەمدەك ئىككى يېنىغا تولغىنىپ تەستە گېپىنى باشلىدى.

— ئازراق يولىنىغۇ قىلغان، بىراق ... بىراق ئاخىرى قانداق بولىدۇ، بىلمەيمەن.

— قانداق يولىنى قىلدىڭ، دېگىنە؟

— خەت يازغانىدىم.

ئەكرەم ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى.

— ۋاي ئەخمەق، قايسى زامان بۇ بىلمەمسەن؟ خەت يېزىپ جاۋاب ساقلاشمۇ ئىشمۇ. كۆرگەن يەردە گاچچىدە ئالدىنى توسۇپلا دەيدىغان گەپنى دېمەمسەن.

— لېكىن، شۇ ...

ئەكرەم دوستىنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى ئۇ-نىڭ قىلغانلىرى قىزىقارلىق تۇيۇلدىمۇ، بىردىنلا ئىپادىسىنى ئۆزگەرتتى.

— بىر ھېسابتا بۇ ئىشىڭمۇ بوپتۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرگۈدەكسەن. راست، خەتنى قانداق بەر-دىڭ؟ ئىشەنچلىك بارمۇ؟

— كىتابنىڭ قېتىغا تىقىپ قويغان.

— بەكلا رومانتىك ئىكەنسەن جۇمۇ. بۇرۇن ئىشلەنگەن كى-نولاردەكلا.

دوستىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىدىن كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەن سۇلايمان ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەتىگەندىن بېرى ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟

— سەھەردىلا يوللارنى سۈپۈرۈۋېتىپ كىرىپ كەتكەن، ئۇ-نىڭدىن كېيىن دىققەت قىلماپتىمەن.

سۇلايمان گۈلقىزنىڭ ئۆيى تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى. ھويلا ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇكىنى بازارنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدا بولغاچقا، كۈندۈزلىرى ئۆيدە ئاساسەن ئادەم تۇرمايت-تى. پەقەت گۈلقىزلا ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ ئاتا - ئانىسىغا ئاش - تاماق توشۇپ ئارىدا مېڭىپ يۈرەتتى.

— بولمىسا بىردەم ساقلاپ تۇر، ئۆيىدە بىرەر ئىش قىلىۋاتـ-قان بولسا ھېلىغىچە چىقىپ قالار ياكى مەن ئىشىمنى تۈگەتسەم دوقمۇشقا بېرىپ تاماق يېگەچ ئۇنى كۆزىتىپ كېلەيلى. تەلىيىڭ بولسا ئۇچرىشىپ قالارسەن.

— ماقۇل.

سۇلايمان تونۇر يېنىدىكى چەللىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئول-تۇردى. ئەكرەم ئۆز ئىشىغا كىرىشتى. يازنىڭ سۇزۇك ئاپتىپى ئەتراپقا نۇر چاچاتتى. كوچىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەم ۋە ئاپتو-موبىللارنىڭ شاۋقۇن ئاۋازى ھايات دولقۇنىدەك ئۇزۇلمەي جا-

راڭلايتتى. سۇلايمان بىردىنلا مەھەللىنىڭ جىمجىتلىقىنى سىپ-غىنىپ قالدى. قۇشلارنىڭ ئاۋازى، مەيىن شامال، سۇزۇك سۇ. بۇلار ئادەمنىڭ روھىنى ئاۋۇندۇراتتى، دىللارغا ئازادىلىك بېغىشلايتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەيلا مۈگدەپ قالدى. قانچىلىك كۆز يۇمدى نامەلۇم، قىزىل گىرىپ كۆڭلىكى لەپىلدەپ تۇرغان، تەڭگە گۇللۇك ياغلىقىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ چىگكەن بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن يۈرەكنى تېشىپ ئۆتكۈدەك بىر نۇر ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا بىرسى ئۇنى نوقۇغاندەك قىلدى. سۇلايمان چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى.

— قارا، — دېدى ئەكرەم شىۋىرلاپ.

گۇلقىز تۆت كوچا تەرەپتىن بىر تاماق قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. سۇلايمان مەڭدەپ قالغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى چۈش كۆرگەندەك ھېس قىلدى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قىزغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. كېلىۋاتقىنى راستلا گۇلقىز ئىدى

— بول، — دېدى ئەكرەم ئۇنى شەرەتلەپ، — ئالدىغا بار، يۈرەكلىك بول. قىزلار بەك يۈرەكسىز ئوغۇللارنى ياقتۇرمايدۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا شاگىرتىنى باشلاپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. سۇلايمان قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ يولغا چىقتى. ئاڭغىچە گۇلقىزمۇ ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئۇلار قىسقىلا سالاملاشتى. لېكىن، مۇشۇ قىسقا سالاملىشىش ئىچىدە ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرەكلىرى شىددەت بىلەن سوقۇپ، ھاياجاندىن چىڭقالغان تۇيغۇلار يۈزلەرگە تېپىپ چىقىپ، ئىككى يۈزدە تاڭ شەپىقىنىڭ جۇلاسى ئەكس ئەتتى. گۇلقىز نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى. ئالدىنقى قېتىمقىدەك دادىل ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كىتابنى ئوقۇپ بولالىدىڭىزمۇ؟
— ھەئە.
قىز بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي كېتىۋېتىپ جاۋاب بەردى. ئوتتۇرىدىكى سىر ھەر ئىككىسىگە ئايان ئىدى.
سۇلايمان يول بويىدا خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم قوزىدەك بىچارە، مۇڭغا پاتقان ھالدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاۋاتاتتى، بىراق نېمىنى ئويلىغىنىنى ئېسىگە ئالالمايتتى. كاللىسى يەنىلا قۇرۇق ۋە گاراڭ ئىدى. بۇ خىل ھالەت گۈلقىز قايتا كۆرۈنگۈچە داۋاملاشتى. قىز «چالىقۇشى»نى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. سۇلايماننىڭ كۆزى ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابقا چۈشتى. ئاھ، ئىنسان نېمىدېگەن ئاجىز - ھە؟ ناۋادا سۇلايماندا تۇسالغۇسىز ئۆتكۈر بىر كۆز بولۇپ، كىتابنىڭ ئىچىدە بىرەر پارچە خەت بارلىقىنى، ئۇ خەتنىڭ قانداق خەت ئىكەنلىكىنى كۆرەلىگەن بولسا قانچىلىك ياخشى بولاتتى. تاقەتسىزلىك ئىنساننىڭ ئورتاق خاراكتېرى. ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقىت - سائىتى بارلىقىنى ئۇلار بىلىپ تۇرسىمۇ ھامان ئالدىرايدۇ. ئالدىراش — ئالدىراشلىق ئىچىدىكى ئاجىزلىق.
— كىتابىڭىزغا رەھمەت.
قىز كىتابنى ئۇنىڭغا بەردى.
— سىزگە ياققانلا بولسا.
قىز بېشىنى شۇنداقلا بىر كۆتۈردى، ئارقىدىن دەرھال يەرگە قارىۋالدى. سۇلايمان ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك بىر ئۇچقۇنىنى كۆرگەندەك بولدى. قىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ھاياجانىدىن نەپىسى بوغۇلغان سۇلايمان ئالدىراپ ئارقىسىغا ياندى.
— قانداق؟ — دېدى ھويلىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئەكرەم، — جاۋاب ئالدىڭمۇ؟
سۇلايمان كىتابنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويدى.

— بىلمەيمەن.
— ئەمىسە كىتابنى ئاچە.
سۇلايمان كىتابنى ئېچىشقا پېتىنالمىدى. كىتابنى ئاچسىلا ئىشىكى ئېچىلغان قەپەستىن ئۇچۇپ كەتكەن قۇشتەك، كىتاب-تىكى مەخپىيەتلىكنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىدىن قورقتى. كى-تابنى چىڭ قاماللاپ تۇتقىنىچە قېتىپ تۇرۇپ كەتتى.
— بولدى... بولدى... — دېدى ئەكرەم، — مەن چىقىپ ئىشىمنى قىلىۋېرەي. ئۆزۈڭنى توختىتىپ، ئالدىرىماي ئېچىپ باق. ئىلاھىم، ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاي.
سۇلايمان ئەكرەم چىقىپ كېتىپ خېلىغىچە ئېسىگە كېلەل-مىدى. بىر كەمدە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كىتابنى ۋا-راقلاشقا باشلىدى. ۋاراقلار شامالدەك ئۇچۇپ كىتابنىڭ يېرىمى تۇگىگەندە ئوتتۇرىدىن بىر پارچە خەت چىقتى. بۇ سۇلايمان ياز-غان خەت ئەمەس ئىدى. ئۇ خەتنى ئالدىراپ ئېچىپ ئوقۇشقا باش-لىدى:
*«ئەسسالام!*
*كىتابنى ئوقۇۋاتسام ئارىسىدىن بىر پارچە خەت چىقىپ قال-دى. ھۆججەت ياكى باشقا بىر قەغەز بولسا كېرەك دەپ چېقىلمى-دىم. بىراق، دىققەتسىزلىكىمدىن ئۇ قەغەز يەرگە چۈشۈپ كەتكە-نىدى، ئېلىپ قايتا قىستۇرۇپ قويای دەۋاتقاندا ئۇنىڭدىكى مېنىڭ ئىسمىمغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ـ دە، خەتنى ئوقۇپ سالدىم. يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى. سىز مېنى بەك تەڭلىكتە قويدىڭىز. لېكىن، سۆزلىرىڭىزدىن بىر خىل سەمىمىيلىكنى ھېس قىلال-دىم. نېمە دېسەم بولار؟! خېتىڭىزنى كۆرۈپلا جاۋاب بېرىشكە ال-دىرلۇق ۋە ئاجىزلىق قىلمەن. ياخشى كۆرۈش بىر دەملىك ھېسسىيات ئەمەس، توي قىلىشمۇ چوڭ ئىش. شۇڭا، ماڭا يەنە ئازراق ئويلىنىش پۇرستى بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.*
*تۆۋەنچىلىك بىلەن گۈلقىزدىن.»*

سۇلايمان يېنىك نەپەس ئالدى. ئۈمىدنىڭ نۇرى غۇۋاراق بولسىمۇ يېلىنجاشقا باشلىغانىدى.

— قانداقراق؟ — دېدى تونۇر بېشىغا لاي چاپلاۋاتقان ئەكرەم دوستىنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن هالدا چىقىپ كېلىۋاتقان تۇرقىغا قاراپ، — خۇش خەۋەر بارمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمىگە شۇنچە خۇش بولۇپ كەتتىڭ؟

— هەرهالدا ئۈمىد بار.

— جاۋاب خەت يېزىپتۇ ـ دە؟

— شۇنداق.

— تېخىمۇ تىرىشساڭ بولغۇدەك.

— ئەلۋەتتە، مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىمايمەن.

— يارايسەن، — ئەكرەم قوللىرىدىكى لاي يۇقىنى يۇيۇشقا باشلىدى، — ئىشىمۇ تۈگىدى، بىز دوقمۇشقا بېرىپ بۇ غەلىبەڭنى بىر تەبرىكلەيلى، ئاداش.

— بولدى ئاداش، ئاپام بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى. ئۆيگە باراي.

— ئۆيگىمۇ بارىسەن، لېكىن بۈگۈن سېنى مۇنداقلا يولغا سېلىپ قويمايمەن. تۇرۇپ تۇر، مەن كىيىم ئالماشتۇرۇپ چىقاي.

سۇلايمان ئىلاجىسىز دوستىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

## 3

شۇنىڭدىن باشلاپ سۇلايمان پات ـ پات گۈلقىزغا كىتاب ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى. قىزنىڭ ئۇ كىتابنى ئوقۇغان، ئوقۇمىغانلىقى مۇهىم ئەمەس ئىدى. كىتاب ئۇلارنىڭ پەقەت خەت ـ ئالاقە قىلىشتىكى ۋاستىسى ئىدى. ئاخىر گۈلقىز ئۇنىڭ تەك-

لىپىگە قوشۇلدى. ئەمدى سۇلايمان خۇشال بولۇش، مۇھەببەتنىڭ پەيزىگە چۆمۈلۈشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇ تازا خۇش بولالمىدى. يېڭى بىر غەم ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى. بۇ غەم ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بازار ئىچىدىكى باي بىر ئائىلىنىڭ قىزىنىڭ تويلۇقىمۇ تۆۋەن بولمايتتى. گېزى كەلگەندە مۇھەببەت بىلەنلا ھەممە ئىشنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. يەنە تۇرلۇك قائىدە ـ يوسۇنلار ئۆز يولى بىلەن ئورۇنلىنىشى كېرەك ئىدى. سۇلايمان بۇ ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەندە، ئويلىمىغان بىر ياخشى ئىش بولدى. رابىخان ئەسلىدىلا كېسەلچان مەزلۇم ئىدى. لېكىن، بىر ئائىلىنىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ زىممىسىدە بولغاچقا، ئاغرىسىمۇ چىشىنى چىشلەپ مىدىرلاپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۆمەر خېلىل بىلەن ئىككىسى پاراڭلىشىپ قالدى.

— سۇلايماننىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. بېشىنى ئوڭشاپ قويساق بولاتتى، — دېدى رابىخان، — بىراق، قولىمىز قىسقا بولغاچقا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىلىگە گەپ قىلالمىدىم. مەنمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن.

— مېنى جىم يۈرىدۇ دەمسىلە؟ كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن لايىق چىقىپ قالسا دەپ تىڭتىڭلاپ يۈرگىنىمگىمۇ خېلى بولدى. پۇلنىڭ ئىشىغا كەلسەك، تىرىك جان بولغاندىن كېيىن بىر ئامالى بولۇپ قالار.

— ئاۋۋال ئۆزىدىن بىر سوراپ باقسىلا جۇمۇ، ھازىرقى بالىلار ...

— راست ... — ئۆمەر خېلىل دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ بېشىنى قاشلىدى، — بولمىسا ئۆزۈڭلا بىر چېكىپ بېقىڭلا.

— قارىسام يېقىنىنىڭياقى بازارغا بەكرەك قاترايدىغان بولۇپ قالدى، مىجەزىمۇ باشقىچىلا.

— ئۆزۈڭلا بىلىپ بىر ئىش قىلىڭلا.

— ماقۇل، دادىسى.
ئەتىسىلا رابىخان ئوغلى بىلەن پاراڭلاشتى. كۆڭلىدىكىنى
ئاتا ـ ئانىسىغا قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەي يۈرگەن سۇلايمانغا
بۇ ئىش تولىمۇ ئوڭ كەلدى ـ دە، گۇلقىز بىلەن بولغان مۇناسى ـ
ۋىتىنى ئاپىسىغا ئەينەن سۆزلەپ بەردى. رابىخان ئاڭلاپ بەك
خۇش بولدى، ئېرىگە ئېيتىۋىدى، ئۇمۇ قوشۇلدى. ئۆمەر خېلىل
ئەھەت ھېيىتنى ياخشى بىلەتتى، ئىككىسى ئېپى كېلىپ قالسا
بازاردا ئانچە ـ مۇنچە ھەمسۆھبەتمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ نەزە ـ
رىدە ئەھەت ھېيىت ئائىلىسى تېگى ياخشى ئائىلىلەردىن ئىدى.
چوڭلارنىڭ «قىز ئالساڭ ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىسىنى ئال» دەيدىغان
ھېكمەتلىك سۆزى بار. بۇ ھەقىقەتەن قىممەتتى بار گەپ ئىدى.
ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئائىلىنىڭ قىزىنى تاللىغىنىدىن ئۇ
سۆيۈنۈپ قالغانىدى.
ئەمدىكى گەپ ئۇ ئائىلىگە ئەلچى بولۇپ بارىدىغان ئىش ئى ـ
دى. ئۆمەر خېلىل ئاۋۋال ئاكىسى سادىر خېلىلنى بۇ ئىشقا ماڭ ـ
دۇرۇش قارارىغا كەلدى. سادىر خېلىلنى مەھەللىدىكىلەر «سادىر
باخشى» دەپ ئاتىشاتتى. سادىر ئاخۇن كىچىكىدە غەلىتە مىجەز ـ
لىك بالا بولۇپ، دائىم يالغۇزلا يۈرەتتى. مەھەللىدىكى باللارغى ـ
مۇ قېتىلمايتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر قىزىقىدىغىنى، مەھەللە چې ـ
تىدىكى تۇرنىسا باخشى ئىسىملىك جادۇگەر خوتۇن بولۇپ، ئۇ ـ
نىڭ ھەممە خەق ئەيمىنىدىغان غەلىتە قىلىقلىرىدىن كىچىك
سادىرلا كۆڭۈل خۇشلۇقى تاپالايتتى. بىكار بولسىلا شۇ خوتۇننىڭ
جىن ئۇۋىلاپ كەتكەن ئۆيىگە بېرىۋالاتتى. سادىر ئون سەككىز
ياشقا كىرگەن يىلى تۇيۇقسىز ئۇنى جىن ئېلىپ قېچىپتۇ، دېگەن
خەۋەر تارقالدى. بۇ دەل ئۇلارنىڭ ئاتىسى خېلىل مەپىز ئوۋدىن
قايتىپ كېلىۋاتقاندا كېسەل تېگىپ، سايدا قازا قىلغان يىلى ئى ـ
دى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا سادىرمۇ ئون ـ ئون بەش كۈن غايىب بولۇپ
كەتتى. كېيىن ئۇ جىن باخشىسى دېگەن نام بىلەن پەيدا بولدى.

نەرسە ـ كېرەكلىرى يوقالغان، ئېرى ياكى ئايالى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان، ئىشقىلىپ، بېشىغا كۈن چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قېشىغا ئاقتى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ نامى چىقىپ، مۇشۇ يېزا تەۋەسىدىكى داڭلىق باخشىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇ چاغدا نادان كىشىلەر شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئاددىي بىر ئىنساندىن كەلگۈسى تەقدىرىنى سورايتتى. سىرلىق ئىشلارغا جاۋاب ئىزدەيتتى. كېسەلگە شىپالىق ئىزدەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل تۆلەيتتى. پۇل سادىرنىڭ يانچۇقىغا چۈشەتتى، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مۇجمەل جاۋاب ئۇلارنىڭ كالللىسىغا چۈشۈپ گاراڭ بولاتتى، ساراڭ بولاتتى. بىر مەزگىل باخشىلىق بىلەن شۇغۇللانغان سادىر كېيىن مەھەللە بويىچە كاتتا بايغا ئايلاندى. پۇلى بولغاندىكىن ئوڭ گەپ قىلسىمۇ، سول گەپ قىلسىمۇ گېپى يوللۇق بولىۋەردى. قىسقىسى، ئۇ پۇل تاپتى، يۈز تاپتى.

بارا ـ بارا جاھان ئۆزگەردى، دەۋر تەرەققىي قىلدى، ئادەملەر ئاڭلىقلاشتى. كېسەللەر داخاننىڭ قېشىغا ئەمەس، دوختۇرخانىغا، نەرسە يوقاتقۇچىلار باخشىنىڭ قېشىغا ئەمەس، ساقچىنىڭ قېشىغا بارىدىغان بولۇشتى. ئۆز تەقدىرىنى ئىنساننىڭ لەۋزىدىن ئەمەس، ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئىزدەيدىغان بولۇشتى. باخشىلىق ئەمدى ئاقماس كەسىپكە ئايلاندى. بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن بىر زامان ئۆتكەندى. «نادانىنىڭ پۇلى، ئوچاقنىڭ كۈلى» دەپ، سادىر ئاخۇن ئاشۇ نادانلارنىڭ پۇلى بىلەن ئوبدانلا بېيىۋالغانىدى. بۈگۈنكىدەك ئىقتىساد راۋاجلانغان دەۋردە ئاشۇ پۇللار ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تىجارەتتىكى دەسمايىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ قوتانلىرىدا كالىلار بوردىلاتتى، قويلار بوردىلاتتى. قۇياشتەك پارقىراپ تۇرغان كىچىك قىزىل ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا ھەيۋەت بىلەن چاقنايتتى.

ئۆمەر خېلىل غۇرۇرلۇق ئادەم بولغاچقا، ئەزەلدىن ئىقتىساد سەۋەبىدىن ئاكىسىنىڭ ئالدىغا موھتاج بولۇپ بېرىپ باققان ئەمەس. ئاكىسى شۇنداق كاتتا باخشى بولسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن بۇ نامدىن پەخىرلىنىپ بېقىشنى ئىستىمىگەن. ئۇ باخشى، پېرىخونلارنى يامان كۆرەتتى. شۇڭىمۇ ئاكىسى بىلەن مۇناسىۋىتى ئانچە قويۇق ئەمەس ئىدى. پەقەت ھېيت ـ ئايەمدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش، ھېيت پەتىسى قىلىش دېگەندەك ئىشلاردىلا جەم بولۇپ قالاتتى. سادىر ئاخۇنمۇ ئۆز كويىدىلا يۈرىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئىنىسىغا، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىسىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. ھالا بۈگۈنگە كېلىپ، بالا ئۆيلەش ئىشىدا ئۇ ئاكىسىنى ئارىغا سېلىشنى لايىق تېپىپ قالدى. بۇ ھەرگىز ئىقتىسادىي جەھەتتە يار ـ يۆلەك بولۇشنى كۆزلىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بىردىنبىر ئاتا يوللۇق ئادەم بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى.

يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا تىمەن، تېتىك كۆرۈنىدىغان سادىر خېلىل كەچتە ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغان، يۈزلىرى كۆكچى قوغۇندەك تورلاشقان، لېكىن كۆزلىرى ئوتلۇق، ئازراق ھېيلىگەرلىكىنىڭ ئىپادىسىمۇ ئارىلاشقانىدى. بۇ بەلكىم ئۇزۇن يىللىق باخشىلىق قىلىش جەريانىدا باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئادەمگە چوڭقۇر نەزىرى بىلەن قاراشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى، باخشىلىق دېگەن كىشىلەرنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ سۆز ئويۇنى قىلىشتىن ئىبارەت بىر كەسىپ. ئۇنىڭغا ئازراقلا سىرلىق تۈس بېرىپ قويسىلا بولاتتى.

داستىخان ئۈستىدە ئۆمەر خېلىل ئەھۋالنى ئاكىسىغا بىر قۇر بايان قىلىپ بەردى.

ـــ ھە، بەلەن ئىش ئىكەن، ـــ دېدى ئۇ ھېيلىگەرلىك چى-

قىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ، ــ ئەھەت ھېمىتنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى بارمىكەن؟

ــ شۇنداق، ئاكا.

ــ ئەجەب ئۇخماپتىمەن.

ــ قاچانراق ۋاقتىڭىز يېتەر؟

ــ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە بولسۇن. بۇگۇن يا ئەتە سىرتتىن بىرنەچچە قاسساپ مال كۆرگىلى كەلمەكچىدى. شۇ ئىشنى تۈگىتىۋالسامىلا مېڭىپ باقاي.

ــ ماقۇل، ئاكا، ئەمىسە سىزگە قاراپ تۇرىمىز.

سادىر خېلىل چىقىپ كەتتى. سۇلايمان ئىشنىڭ بۇنچىلىك ئاسان ھەل بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. مانا ئەمدى بىراقلا كۆڭلى تىندى. قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن توي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ۋىسال شادلىقىدا مەست بولۇشقا باشلىدى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. سادىر خېلىلدىن خەۋەر كەلمىدى. سۇلايمان تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدى. تاغىسىنى ئىزدەپ بېرىشنى ئويلىدى ـ يۇ، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئاتىكارچىلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ پېتىنالمىدى. ئۇلاردىن بىر خەۋەر بولمىغۇچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، ئىشتىھاسىمۇ تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ مال ـ دۇنياغا تويماي، ئوقەتنىڭ ئارقىسىدىن قاتراپ يۈرگەن تاغىسىغا قاتتىق نەپرەتلەنگۈسى كېلەتتى.

ئۇ چىداپ تۇرالماي بازارغا باردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن خەۋەرنى گۇلقىزدىن ئۇقۇش ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. بۈگۈن ئەكرەم ناۋايخاننى ئىككى شاگىرتىغا تاشلاپ قويۇپ نەلەرگىدۇر كېتىپ قالغانىدى. سۇلايمان ناۋايخانا ئالدىدا بىردەم ساقلىدى. گۇلقىز ئۆيىدە باردەك قىلمايتتى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تۆت كوچا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھەپتە ئارىلىقى ئىكەنلىكىگە قارىماي كوچىدا ئادەم جىق ئىدى. بىنالارنىڭ ئالدىغا تارتىۋەتكەن ھەر خىل

www.uyghurkitap.com

رەڭلىك ئۈچ بۇرجەك چاتما بايراقچىلار خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك، بەس - بەستە لەپىلدىشەتتى. بىرنەچچە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ساتىدىغان دۇكاندا ناخشا ساداسى ياڭرايتتى. ئاشخانىلارنىڭ لەمپىسى ئاستىدىكى كارنىۋاتتا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان كىشىلەر قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندى. سۇلايمان ئەھەت ھېمىتنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ساتىدىغان دۇكىنىغا يېقىنلاشتى. بىرنەچچە ئادەم دۇكان ئالدىدىكى سەينادا كىچىك تىراكتورغا مال بېسىۋاتاتتى. ئەھەت ھېمىت بىلەن ئايالى گۈلمەرەمخان خېرىدارغا مال تاللاش، ھېساب قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

شۇ ئالۋۇن ئىچىدە سۇلايمان گۈلقىزنىڭ قارىسىنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدى. گۈلقىزمۇ ئۇنى كۆرگەنىدى. چەتكىرەك چىقىپ سۇلايمانغا كۆز ئىشارىسى قىلدى - دە، نېرىدىكى تاللا بازىرىغا قاراپ ماڭدى. ھاياجاندىن پۇت - قولى تىترەپ كېتىۋاتقان سۇلايمان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاللا بازىرىغا كىردى. رەت - رەت تىزىلغان مال جاھازلىرى ئارىسىدىكى تار يولدا خېرىدارلار ئاندا - ساندا مېڭىپ يۈرەتتى. سۇلايمان گۈلقىزنىڭ ئالدىغا باردى. گۈلقىزنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسى غۇۋا سايە تاشلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇلار قىسقىلا سالاملاشتى.

— سىلەرنىڭ مەھەللىدىكى سادىر باخشى دېگەن ئادەم ...

سۇلايماننىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشىپ، ئالدىراپ گەپ قىستۇردى:

— ھەئە، ئۇ ئاتامنىڭ ئاكىسى. ئۇنى ئۆيۈڭلارغا ئەلچىلىككە قويغاندۇق.

— نېمە؟

گۈلقىز كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، ھەيرانلىق، گۇمان ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە سۇلايمانغا تىكىلدى.

— ئۇ ئادەم ...

— ئاتا - ئانىڭىز قوشۇلدىمۇ؟

— ياق ... لېكىن ئۇ ئادەم ...

سۇلايماننىڭ يۈزلىرى تۈنجۈقۇپ قالغان ئادەمدەك كۆپۈشۈپ قىزىرىپ كەتتى.

— نېمىشقا؟ ئاتا ـ ئانىڭىز بىزنى ياراتمىدىما؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇ باخشىم مېنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا سوـ راپ كەپتۇ.

سۇلايماننىڭ قايناپ تۇرغان قانلىرى غۇژژىدە مېڭىسىگە ئۆرلىدى. كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. غەزەپتىن تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئەلەم بىلەن چىشلىدى. تۇرۇپلا يەنە «ئۇلاردا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىگە تەـ سەللى بەردى.

— ئۇ ... ئۇ ... مېنىڭ تاغام، ئەسلىي مەن ئۇچۇن ئەلچى بولۇپ بارغاندى. سىلەر خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايسىلەر.

— ياق، ئۇ ئوچۇق دېدى. ئوغلىنىڭ ئىسمى ھوشۇر ئىكەن. بىز قوشۇلساقلا، كاتتا توي قىلىپ يۇرت ـ مەھەللىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ...

سۇلايماننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. راست، سادىر خېلىلىنىڭ سۇلايماندىن چوڭ ھوشۇر ئىسىملىك ئوغلى بار. چوڭ ئوغلى تۆت قېتىم توي قىلغان بولۇپ، ھازىر تۆتىنچى ئايالى بەـ لەن دەۋا ئۈستىدە ئىدى. ئۇلار ھوشۇرغا لايىق ئىزدەپ كۆپ قاتـ رىغان، لېكىن كىشىلەر ناۋادا كېلىشەلمەي قالسا سادىر باخشى قەستلەپ قويىدۇ دەپ قورقۇپ، قىز بېرىشتىن يالتىيىۋالغانىـ دى. باخشىلىقنىڭ زامانى كەتكەن بولسىمۇ، يۇرتتىكىلەر ئۇنىڭ جادۇگەرلىكىدىن ھازىرمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. شۇڭا، ھوشۇر ئوتتۇزغا كىرىپمۇ بويتاق ئۆتۈۋاتاتتى.

سۇلايماندىكى ھاياجان ئەمدى غەزەپكە ئۆزگەردى. چىشلىرى كىرىشىپ، پەيلىرى تارتىشتى، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى.

— سىلەر نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟

— دادام ئويلىنىپ باقايلى، دېدى.

— سىزچۇ؟

سۇلايماننىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقىپ كەتتى. گۈلقىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، كۆزلىرىدە كۈچلۈك بىر ئۇچقۇن يالتىرىدى.

— مەن ... مەن سىزگە ۋەدە بەرگەن، ھېلىمۇ شۇ. دادامغا كۆڭلۈمدىكىنى دېيەلمىسەممۇ، ئاچامغا ھەممىنى ئېيتتىم، ئۇ مېنى قوللايمەن، دېدى. ئاپامغا چۈشەندۈرىدىغان بولدى.

سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدى شۇررىدە ئېرىدى. كۆزلىرى نەملەشتى.

— رەھمەت سىزگە.

گۈلقىزنىڭ چىرايىدا ئازراق تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ماڭا ئىشىنىڭ، دادىڭىز يەنە ئەلچى قويىمەن دەپ يۈرمەي، ئۆزى كەلسۇن.

— ماقۇل.

سۇلايمان گۈلقىز بىلەن خوشلىشىپ مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. ئاتىسى بىلەن ئاپىسىغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتى.

— توۋا، — دېدى ئۆمەر خېلىل ياقىسىنى تۇتۇپ، — بىر تۇغقاننىڭ ئەر تالاشقىنىنى كۆرۈپتىمەن؟ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان، لېكىن مۇنداق ئىشنى كۆرمەپتىكەنمەن. ئادەمدە ئىنساب، ھايا بولمىسا تۇغقاندارچىلىق دېگەنمۇ بىكار گەپ ئىكەن. بىز نېمىگە ئوخشاپ قالدۇق ـ ھە؟!

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى رابىخان، — ئاكامغا يول قويامدۇق؟

ئۆمەر خېلىل بېشىنى چايقىدى.

— بۇ يول قويىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇلارنى بىز ئاۋۋال تاللىغان، ئاكام ئامانەتكە خىيانەت قىلدى. خىيانەتكارغا پۇرسەت بەرمەيمەن.

— ئەمىسە ...
— ئۆزۈم باراي. باشتىلا شۇنداق قىلسام بوپتىكەن.
— بۇگۇنلا بارسىلا.
— شۇنداق قىلاي.

ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا قىز تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا ئاسانلىقچە تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئا-رازلىق پەيدا بولدى. شۇ كۇنى ئۆمەر خېلىل ئەھەت ھېمىت بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىشىغا، سادىر خېلىل ئۆزى ئابرۇيلۇق دەپ قارىغان ئادەملەردىن بىرنەچچىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىنى يەنە ئات-لىدى. ئەھەت ھېمىت ئۆزىنى توختىتالماي ئىككى تايىن جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆمەر خېلىلغىمۇ شۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى. ئۈچ كۈن-دىن كېيىن ئۆمەر خېلىل ئىككىنچى قېتىم كەلدى. ئۇلار بىر-سىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى كېلىۋەردى. گەپ ئۇزۇلمىدى. ئەھەت ھېمىت ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەكلا تەڭلىكتە قالغانىدى. يا ئاكىسىغا، يا ئۇكىسىغا ماقۇل دېيىشنى بىلمەيت-تى. يەنە كېلىپ بىر تۇغقاننىڭ بىر قىزغا تەڭلا ئەلچى بولۇشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال ئىدى. ئاخىر ئۇ تاللاش ھوقۇقىنى قىزىغا بەردى. ئايالالار تەرەپ قوتان ـ قوتان چارۋىسى بار، كىچىك ماشىنىسى بار، نامى چىققان باخشى باينى تاللىماي، ئۇتتۇر ئوقەت ياشاۋاتقان ئۆمەر خېلىل ئائىلىسىنى تاللىدى. ئۇلار گۈلقىزنىڭ سۆلايمانىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشكەنىدى. گۈلقىزنىڭ سۆلايمانىنى تاللايدىغانلىقىغا بولسا گەپ كەتمەيتتى.

ئۆمەر خېلىل بۇ قېتىمقى تالىشىشتا غەلىبە قىلغانىدى. ئۇ شۇ خۇشاللىقىدا ئۆيدە بارىنى چىقىرىپ، يەتمىگىنىگە يېقىن ـ يورۇقلاردىن سوراپ دېگەندەك تويىنىڭ جىددىي تەييارلىقىغا كىر-رىشىپ كەتتى. ئەھەت ھېمىت ئائىلىسىمۇ تويلۇقنى زىيادە يۇ-قىرى قويۇپ كەتمىدى. ئۇرمىدىن كېيىن توي بولدى. بۇ توي دېھقانلار خامان ئېلىپ تۈنجى ھوسۇلغا ئېغىز تەگكەن، ئۆرۈك،

توغاچ، چىلگە قوغۇنلار پىشقان مەئىشەتلىك ياز ئېيىغا توغرىلا-غاچقا، تولىمۇ مولچىلىق ئىچىدە ئۆتتى.

سادىر خېلىلىمۇ بوش تۇرمىدى. سەندىن مەن قالغۇچە، دې-گەندەك، بازار ئىچىدىكى بىرەيلەن بىلەن ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈچ تۈمەن تويلۇق ھەققى بېرىش شەرتى بىلەن پۈتۈ-شۈپ، ئۆمەر خېلىللاردىن بىر ھەپتە كېيىنلا ئوغلىنىڭ تويىنى قىلدى. بۇ ئىش خۇددى بىر لەتىپىگىلا ئوخشايتتى.

# 4

سۇلايمان ئايالىنىڭ يىقىملىق نەپەس ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. گۈلقىز راستىلا شۇ رەنجىگىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەندەك قىلاتتى. تۇ-رۇپ - تۇرۇپ جۆيلۈپ گۇڭگۇرلاپ قوياتتى. گۇڭگۇرلىشى بەئەينى كىچىك باللارنىڭكىدەك ئوماق ۋە تاتلىق ئىدى. سۇلايمان ئۆزىگە چەكسىز غۇرۇر ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغان بۇ سۆيۈملۈك رەپىقىسىگە بىردىنلا ئىچ - ئىچىدىن كۆيدى. بايا قىلغان قوپال-لىقلىرىنى ئويلاپ ئۆكۈندى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ گۈلقىزنىڭ دۈمبىسىدىن قۇچاقلىدى. چاچلىرىنى ھىدلىدى.

— گۈلقىز ... گۈلقىز ... مېنىڭ گۈلۈم ... پەرىشتەم ...

گۈلقىز ئىڭرىدى. چۈشىدە بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلى-قىنى ئاڭلاپ، ئەتراپىغا ئەلەڭ - سەلەڭ قارىدى. ھەممە يەر تۇمان ئىدى. كۆڭلىدە بىر تەشۋىش كۆچىيىۋاتاتتى. قاياققا قاراپ مې-ڭىشىنى بىلمەيتتى. چۈش قورغىنى ئۇنى مەھكەم ئورىۋالغان، لېكىن زادىلا چۈش كۆرەلمەيۋاتاتتى. چۈشتىنمۇ چىقالمايۋاتاتتى.

— گۈلقىز... گۈلقىز ... گۈلۈم ...

قۇلاق تۈۋىدىلا چاقىرىلغان بۇ ئاۋاز تولىمۇ يىراقتىن كېلى-ۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇ ماڭاي دەپ تىرىشاتتى، بىراق ئايىغى-نىڭ جېنى يوق. پۈتلىرى ئارغامچىدەك ئۇزىرىپ سوزۇلۇپ يو-

رەتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنى ئاسماندا لەيلەۋاتقاندەك سەزدى. بىر قول ئۇنى تارتىۋاتاتتى. بويۇنلىرىغا ئوتتەك بىر تىنىق ئۇرۇلاتتى. ئۇ قورقۇپ كەتتى ۋە تەستە كۆزىنى ئاچتى. يەنىلا قاراڭغۇلۇق. بىراق، ئوتلۇق بىر قۇچاق ئۇنى باغرىغا بېسىۋاتاتتى.

— گۇلقىز.

ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى. ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى يادىغا ئالدى.

— ھە.

— مېنى كەچۈرۈڭ.

— سىز... سىز تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزما؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— مۇھەببەت مۇساپىمىزنى ئويلاپ چىقتىم، مەن بەك بەختلىك ئىكەنمەن.

— ئەمىسە گېپىمنى ئاڭلاڭ.

— ماقۇل، بۇياققا ئۆرۈلۈڭ.

گۇلقىز سۇلايمان تەرەپكە ئۆرۈلدى. كېچە ئوتلۇق بىر ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىنى چىمىلداتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## 1

ئۆمەر خېلىغىچە يالغۇز يەرگىلا قاراپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ھەممىلا ئادەم پۇل تېپىشنىڭ كويىدا بولۇپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە، بىر موچەن پايدا چىقىدىغان يەرگە بىر توپ ئادەم خۇددى شىرنىگە ئولاشقان چىۋىندەك يوپۇرۇلىشاتتى. قارىسا ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى باردەك، بىر ئىشنى ئويلاپ بولغۇچە قارىسىڭىز ھەممە يەردە ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئادەملەر كۈندىن - كۈنگە ئەقىللىنىكلىشىپ، كۈندىن - كۈنگە قۇۋ ۋە تەۋەككۈلچى بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئىلگىرى قورساق ئاچ قالمىسا، ئۇستى يالىڭاچ قالمىسىلا بولدى، دېگەن بىر خىل قانائەت تۇيغۇسى ئىچىدىلا ياشاپ كەلگەنىدى. بىراق، تەرەققىيات ئۇنىڭ رايىغا باقمىدى. دەۋر نۇرغۇن نەرسىنىڭ ئېھتىياجىنى تۇغدۇردى. بىر ئۇلۇغ ئېقىن سەن خالىمىساڭمۇ سېنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ ئېقىتىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلغانىكەنسەن، تىركىشىشىڭ، ھەرىكەت قىلىشىڭ كېرەك. بولمىسا ھالاك بولىسەن. قۇياش ھەر كۈنى يېڭى بىر كۈننى ئاپىرىدە قىلىدۇ، يېڭى بىر ھايات ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ. شۇنىڭغا قوشۇلۇپلا يېڭى بىر كىرىزىس، يېڭى بىر مەنزىل سېنى كۈتۈۋالىدۇ. بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان يېڭىلىق، تېڭىرقاشلار سېنى ھالسىرىتىدۇ. تىتىلدايسەن، ئەمما ئۇنىڭغا يۈزلەنمەي ئامالىڭ يوق.

مەسچىتتىن يانغان جامائەت ئۈچ - تۆتتىن بولۇشۇپ پاراڭ

بىلەن كېلىۋاتاتتى. ئۆمەر خېلىل قاتارلىق بىرنەچچەيلەن ئۇرۇم-چىگە داۋالانغىلى كەتكەن قوشنىسى مۆمىن ئاخۇننى ئارىغا ئې-لىپ، ئۇنىڭدىن قىزغىن ئەھۋال سوراشقا چۈشكەندى. مۆمىن ئا-خۇن ئۇزۇن كېسەل تارتقىنىغا قارىماي مەھەللىگە كېلىپلا ئەتى-گەندە مەسچىتكە چىقىپ جامائەت بىلەن كۆرۈشكەندى. ئەل - جامائەتتىن ئايرىلماي ئۆتكەن بۇ ئادەمگە ئۇرۇمچىگە كەتكەن بىر ئايدىن بۇيان مەھەللە، قولۇم - قوشنىلارنىڭ سېغىنچى بەك بى-لىنگەندى. ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە كەتسەڭمۇ، بىللە ياشىغان يۇرت، جامائەتنى ئۇنتۇيالمايسەن. يۇرت مېھرىنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە باسالمايدۇ. مۆمىن ئاخۇن مۇساپىرلىق ۋە ھايات بىلەن ما-ماتلىق ئارىلىقىدىكى تىركىشىشلەرنىڭ ئازابىنى تارتىپ دوختۇر-خانىدا ياتقان شۇ كۈنلەردە، يۇرت - جامائەتنىڭ قەدرىنى، مېھىر - مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. «تاشمۇ چۈش-كەن يېرىدە ئەزىز» دەپ، ئادەمنىڭ قەدرىمۇ ئۆز يۇرتىدا، ئۆز جاما-ئىتى ئارىسىدا بولاتتى. مەھەللىدە بىركۈن كۆرۈنمىسەڭ جامائەت دېرىكىڭنى قىلىدۇ، غېمىڭنى يەيدۇ، ھالىڭنى سورايدۇ، قولىدىن كېلىشىچە دەردىڭگە دەرمان بولىدۇ. ئەتراپىڭدىكى شەيئىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بولمىسا بۇ چەكسىز ئالەمدە سەن بىر چېكىت ياكى ئاللىنېمىلەرنىڭ سايىسىدا كۆرۈنمەي قا-لىسەن. مۆمىن ئاخۇن خۇددى بىر تال خىشى قومۇرۇلۇپ كەتكەن تامغا خىش قىستۇرغاندەك، جامائەت تېمىغا قايتا تىزىلدى.

— ھەرنېمە بولسا ساقىيىپ قايتىلا.

— خۇدايىم سالامەت كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ.

— سىلىنى كۈندە ياد ئېتىپ تۇردۇق، تېزرەك ساقىيىشلى-رى ئۈچۈن دۇئا قىلدۇق.

— سىلى بولمىغاچقا، خۇددى مەسچىتنىڭ بىر تېمى يوق-تەكلا بىلىنىدى.

...

مۆمىن ئاخۇن جامائەتنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىگە جاۋاب بې-
رىشكە ئۈلگۈرەلمەي قېلىۋاتاتتى. جامائەتنىڭ مېھرىبانلىقىدىن
سۆيۈنۈپ، ئىچىدە ئالەمچە شادلىق قايناۋاتتى. ئاتمىشقا بارمايلا
تولا كېسەل تارتىپ مۈكچەيگەن قامىتى، كېسەل ئازابىدا سارغاي-
غان چېھرىسى باھار ئاپتىپىدىكى مايسىدەك ياشارماقتا ئىدى.

— تېخى تۈنۈگۈن قارىسام ئىشىكلىرى تاقاق ئىدى، — دې-
دى ئۆمەر خېلىل داۋالىنىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، چىرايىغا قان
يۈگۈرۈپ قالغان قوشنىسىغا قاراپ، — كېچە كەلگەن ئوخشى-
مامىلا؟

— شۇنداق، كەچرەك كېلىپ قالدىم، — دېدى مۆمىن ئاخۇن، —
ئوبۇلقاسىماخۇنلار ئاپتوبۇس سېتىۋالغىلى بېرىپتىكەن. يوقلاپ
ئۆتۈپ كېتەيلى دەپ كىرىشى مېنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش
ۋاقتىمغا توغرىلىنىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاپتوبۇس-
دىلا قايتىپ كەلدىم.

— قايسى ئوبۇلقاسىماخۇننى دەيلا؟

— ماۋۇ مەھەللىمىزدىن بازارغا كۆچۈپ كەتكەن ئوبۇلقاسى-
ماخۇن بولمامدۇ.

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى بازاردا گازىر سېتىپ يۈرگەن ئو-
بۇلقاسىماخۇنما؟

— ھەئە شۇ.

— شۇ ئوبۇلقاسىماخۇن ئاپتوبۇس سېتىۋاپتۇما؟

— ئاپتوبۇس سېتىۋاپتۇ.

— نەچچە پۇلغا ئاپتۇ؟

— ئۈچ يۈزمىڭنىڭ تۆپىسىدىرەك بىر گەپنى قىلدىغۇ.

— يائاللا، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار دېگەن گەپ
راست ئىكەن. موچەنلەپ گازىر سېتىپ يۈرسە ...

— شۇ ئەمەسمۇ. زادى تىجارەت دېگەن يامان نەرسە. بازارغا
كىرىپ بىر ئايلىنىپ چىققان توخۇمۇ بەك كاكىلايدىغان بولۇپ

كېتىدۇ، دەيدۇ ئەمەسمۇ شۇڭا.

مۆمىن ئاخۇننىڭ كېسىلى توغرىسىدىكى گەپلەر نەلەردە قېلىپ، تېما بىراقلا ئوبۇلقاسىماخۇننىڭ ئاپتوبۇس سېتىۋېلىشىغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. بىرەر يېڭىلىقنى ئاڭلىسىلا ھەيران قالىدىغان بۇ كىشىلەر ئۈچۈن، ئوبۇلقاسىماخۇننىڭ ئاپتوبۇس سېتىۋېلىشى بەكلا تاسادىپىي، چوڭ ئىش بولۇپ تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ بىر ئىش قىلىشنىڭلا كويىدا يۈرگەن ئۆمەر خېلىل ئۈچۈن بۇ خەۋەر خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. مانا گازىر سېتىپمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىكەن. ئوبۇلقاسىماخۇننىڭ بالىلىرى كوچىنىڭ ئىككى يېرىدە ئولتۇرۇپ گازىر ساتاتتى. بالىلار يازدا كۆيۈپ، قىشتا توڭلاپ بەئەينى ئالدىدىكى شاراقلاپ تۇرغان گازىرلىرىغا ئوخشاشلا قورۇلۇپ پىشىپ كەتكەنىدى. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈننىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنى كوچىدا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار قاچان مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەن بولغىيدى؟ بۇنىڭدىن ئاز كەم ئون يىل بولىدىغۇ دەيمەن. توغرا، ئون يىل بوپتۇ. ئۇلار ئون يىل گازىر سېتىپ ئاپتوبۇس سېتىۋالغۇدەك پۇل تېپىپتۇ. ئون يىل دېگەن ئۇزۇن دېسە ئۇزۇن ئەمەس، قىسقا دېسە قىسقا ئەمەس بىر ۋاقىت. بەلكىم نەتىجە قازانغانلار ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت ھېسابلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئۆمەر خېلىلنىڭ تۇرمۇشى ئون يىل ئاۋۋالمۇ ھازىرقىدىن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ناھايىتى شۇ ئون يىل ئىچىدە ئۇ يېنىدا بار ئازراق پۇلغا بانكىدىن قەرز ئېلىپ قوشۇپ بىر كىچىك تىراكتور سېتىۋالدى. ئوغلىنى ئۆيلىدى. يىغىپ كەلسە ئوتتۇز مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل خەجلىگەندۇ. بۇنى ئوبۇلقاسىماخۇننىڭ ئاپتوبۇس سېتىۋېلىشىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ بىر ھەسسىسىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى.

خىيال بىلەن بولۇپ كەتكەن ئۆمەر خېلىل ئۆيىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگىنىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى. قوشنىلار

خوشلىنىشۋاتاتتى.

— ئۆيگە باشلاي، — دېدى مۆمىن ئاخۇن، — ھەرقايسىلىد- رىنىڭ دۇئالىرى بەرىكىتىدە مۇشۇنچىلىك بوپتىمەن، بىر پىيا- لىدىن چاي قۇيۇۋالاي.

— بۇگۇنچە رەھمەت، — دېيىشتى قوشنىلار، — ئاخشام كېلىپلا، بىر ئۇھ دېسىلە. خۇدايىم سالامەت قىلسا، كۇندە كۆر- رۇشۇپ تۇرغاندىن كېيىن چايىنىمۇ ئالدىرىماي ئىچىشىۋالارمىز.

— ئەمىسە ھەرقايسىلىرىغا كۆپ رەھمەت.

— نېمىگە رەھمەت دەيلا، بىز سىلىگە ھېچنېمە قىلىپ بەر- مىسەك يا.

— ياد ئېتىشكەنلىكلىرىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ نېمەت.

— ھېچقىسى يوق. بۇ دېگەن ئادىمىيلىكنىڭ ئاددىي بىر قا- ئىدىسى.

— بۇمۇ بىلگەنلەر ئۇچۇن ئۇلۇغدۇر، قوشنىلىرىم.

— خوش ئەمىسە.

— خوش.

ئۆمەر خېلىل ئۆيگە كېلىپمۇ كۆڭلى تىنىمىدى. ئۇنىڭ بې- شىغا بىر سەۋدا كىرىۋالغانىدى. يەر تېرىش ئۇلۇغ ئىش، نۇرغۇن جانلارنىڭ رىزقى يەردىن كېلىدۇ، دەيدۇ. بىراق، يەر تېرىش ئا- دەمنى جاپاكەش قىلىپلا قالماي، قانائەتچان قىلىپ قويىدىكەن. بىر يىل ئىشلەيدىكەنسەن، بىر قېتىملا ھوسۇل ئالىدىكەنسەن. تاپقىنىڭنى يەنە شۇ يەر يەپ تۈگەيدىكەن. راھىتىڭدىن غېمىڭ كۆپ بولىدىكەن. ئېتىز ئىشىدىن بوشىغان ۋاقتىڭ نەچچە جانلىق چار- پايلىرىڭنىڭ نەپسى - بالالىرىنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىد- دىكەن. قىلىدىغىنىڭ تۇپراق بىلەن ھەپىلىشىش بولغاچقا، ھېلى كىيگەن كىيىمىڭنىڭ دۇمبىسىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىكەن. خەق- قە كىر چىراي كۆرۈنىدىكەنسەن. تۇرقۇڭدىن مىسكىنلىك تۆكۈ- لۈپ تۇرىدىكەن. يېشىڭدىن بۇرۇن قېرىپ كېتىدىكەنسەن ...

ئۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ ئۆز كەسپىدىن ۋايىساۋاتقانىدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ياق، ئابا ـ ئەجدادىدىن تارتىپ كۆكلەپ كېلىۋاتقان بۇ تۇپراقتىن، بۇ دېھقانچىلىقتىن ئۇنىڭ ئاغرىنىش ھوقۇقى يوق. زېمىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقى شەكسىز. ئۇ ئىنسانغا ھەممىنى بەردى. ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتالـ مىسا بۇنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟! ھېچكىم ئۇنى دېھقانچىلىقتىن باشقا ئىشنى قىلسا بولمايدۇ دېمىدىغۇ. كىشىلەر مۇشۇ زېمىنغا دەسسەپ تۇرۇپ ھەر خىل يوللار بىلەن بېيىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتـ تىدۇ. مانا ئوبۇلقاسىماخۇنغا ئوخشاش ئاددىي ئىشلار بىلەن كۆپ پۇل تاپقانلارمۇ تۇرۇپتۇغۇ؟! زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ قايسى يولنى تاللاش كېرەك؟

ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ھەممىدـ سىنىڭ بېشىدا مىغ ـ مىغ ئادەم. پۇل تاپىدىغانلا يەر قىستا ـ قىستاڭچىلىق. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش ئاشىدىغاندەك ئەمەس. جاھاندا ئەمدى ئويغانغانلارغا ئىش قالمىدىمۇ ياكى ئۆمەر خېلىلىنىڭ ئەقـ لى يەتمىدىمۇ، ئۇ بىلەلمىدى. ئەمما، ھېلىقى ۋەسۋەسە ھېچ بېـ سىلاي دېمەيتتى.

ئۇ خىيال باسقان، چىرايىدىن غەمكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان شۇ قىياپىتى بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. كېلىنى يېڭىلا ئىـ شىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ بولۇپ ناشتىغا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. راـ بىخان پېشايۋان ئاستىدا بېشىدىكى لېچەكنىمۇ ئالمايلا قولىدا تەسۋى، دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئىسمايىل بۇلۇڭدىكى چەللە ئاستىغا توختىتىپ قويغان كىچىك تىراكتورنىڭ بىر يەرلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەنلا قوتاندىكى قوي ـ ئۆچكىلەر بەس ـ بەستە مەرەشكە باشلىدى.

ــــ ھوي ئىسمايىلەم بالام، ماۋۇ قويلارنى بېقىپ كەلسەڭ بولمامدۇ. نېمە قىلمىۋاتىسەن، جىم تۇرغان تىراكتورنىڭ بىقىنىدـ غا كىرىۋېلىپ، ــــ دېدى ئۆمەر خېلىل، ئۇ ئۆزى ئاچ قالسىمۇ

رازى ئىدىكى، چارۋا مال ئاچ قالسا چىدىمايتتى.

قوللىرى ماي يۇقى بولۇپ كەتكەن ئىسمايىل بېشىنى كۆتۈ-رۈپ دادىسىغا قارىدى:

— روزىكامغا جاڭگالدىن قۇم ئاچىقىپ بەرمەكچى بولغان، دادا. لېكىن، نېمە بولدى ماۋۇ تىراكتور ئوت ئالمايۋاتىدۇ. بۈگۈن قويلارنى قاسىم بېقىپ تۇرسۇن.

— قېنى ئۇ لامزەللە؟

— ئۇخلاۋاتىدۇ.

— مۇشۇ كەمگىچىمۇ ئۇخلىغان بارمۇ. سۇلايمانچۇ؟

— ئاكام شاللىقىقا كەتتى.

ئۆمەر خېلىل ئۆيگە قاراپ ماڭدى. تەسۋى سىيرىپ ئولتۇر-غان رابىخان ئاستا غۇدۇڭشىدى:

— يۇمشاقراق گەپ قىلسىلا، بالا تېخى كىچىك، ئاستا-ئاستا ئادەم بولۇپ قالار. ئاران بىر ئۆيگە كەلگەندە تىللاپ يەنە تەزدۇرۇۋەتمەيلى.

ئۆمەر خېلىل ئۈندىمىدى. ئىچىدە ئايالىنىڭ گەپلىرىگە نا-رازى بولۇۋاتاتتى. ئون سەككىزگە كىرگەن ئوغۇل بالىمۇ كىچىك بولامدۇ. ئۆمەر خېلىل ئۈنىڭدەك ۋاقتىدا بىر ئۆينىڭ ھۆددىسى-دىن چىقاتتى. ھازىر تۇرمۇش ياخشىلاندى، لېكىن بالىلار بەكلا خام چوڭ بولۇپ قېلىۋاتاتتى. گاھىدا ئۇلارنىڭ بىر ئۆينى ئۆي قىلىشقا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

ئۆمەر خېلىل ئۆيگە كىردى. قاسىم يوتقاننى تېپىۋېتىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇرتۇپ چىققان بىلەك مۇسكۇللىرىغا ئاللىقانداق شەكىللەرنى چەكتۈرۈۋالغانىدى. قاملاشقان ئۇستىخانلىرىغا نە-زەر سالغان ئادەم زوقلانماي قالمايتتى. شۇغىنىسى ئۇنىڭ كال-لىسى بەكلا ئاددىي ئىدى. ئۆزىدەك بىر يىگىتنىڭ نېمىلەرنى قى-لىشى لازىملىقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. شۇڭىمۇ ئۆينىڭ ھېچقاندا-

داق ئىشى بىلەن كارى يوق. بىر چىقىپ كەتسە نە ـ نەلەردە يۈر ـ گەن. ئاددىي ھاشاراتلار جېنىدا كەچ كىرسە ئۇۋىلىرىغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن، قاسىم ئۆيىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. پەقەت باش ـ قىلار بىزار بولۇپ ئۇنى تاشلاپ كەتكەندە ئاچ قالسىلا ئۆي يادىغا يېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆيدە تەييار يېمەكلىك بارلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنى بەك دۆت دەپمۇ كەتكىلى بولمىغۇدەك.

ئۆمەر خېلىلدا تۇنجى قېتىم بۇ ئائىلىگە بىر توپ يارد ـ ماسلار يىغىلىپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۆزىمۇ شۇ ـ نىڭ ئىچىدە ئىدى. مۇشۇنداق قارىغايدەك ئۈچ ئوغۇل بار يەردە بىرسى بولسىمۇ تىجارەتنىڭ ئېپىگە كىرىۋالسا، ئىشلار باشقىچە يۈرۈشۈپ كەتمەسمىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان ئۆمەر خېلىل ئايالىنىڭ ئەسكەرتىشىنىمۇ ئۇنتۇپ، تاپىسىدا تۇ ـ رۇپلا لايدەك ئۇخلاۋاتقان قاسىمنىڭ پۇتىنى تارتىپ ۋارقىرىدى:

— تۇرە ھوي خام كاللا، تاڭ ئاتقىلى نە كەم. ئىت ـ مۈشۈك جېنىدا ئۇيقۇسىنى ئاچتى ھازىر.

قاسىم ئالدىرىماي كۆزىنى ئاچتى.

— نېمە بولدى؟ ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي ...

— كۈن چۈش بولاي دېدى، يەنە ئۇخلاۋېرەمسەن؟

— ئۇخلىماي ئەمىسە، يا قىلىدىغان ئىش بولمىسا.

— تۇۋا، ماۋۇ بالىنىڭ گېپىنى. ھەي، قىلىدىغان ئىش چاچتىن تولا تۇرسا ئىش يوق دەيسىنا؟

— بولسا ئىككى ئاكام قىلىمامدىكەن.

ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ گەپلىرىدىن جىلە بولۇپ ئايلىنىپ قالاي دېدى. ئەمدى يەنە گەپ قىلىۋېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلىش تاشقا گەپ قىلغان بىلەن باراۋەر ئىدى.

— بولدى تۇر، قويلارنى بېقىپ كەل، — دېدى ئۇ تېرىككىش ـ تىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ.

— ئىسمايىل ئاكام باقاتتىغۇ؟

— ئۇنىڭ ئىشى بار ئىكەن. بۈگۈن سەن بېقىپ تۇر.
— ياللا، مەن بولمىسام بۇ ئۆي نېمە بولۇپ كېتەر...
ئۆمەر خېلىلىنىڭ كۆلگۈسى كەلدى. قاسىممۇ ئۆزىنى بۇ ئۆينىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى دەپ ئويلايدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ ئاشۇ «مۇھىم» ئورنى رولىنى جارى قىلدۇرغان بولسا كاشكى. ئۆمەر خېلىل تۇرۇپلا يەنە ئويلاپ قالدى «باشقۇرغۇچى نابابمۇ يا؟!»
ئۇنىڭ كاللىسى تۈگىمەس خىياللارنىڭ دەستىدىن قازاندەك قايناشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭ شىپاسىنى تېپىشقا ئاجىز كېلىۋاتاتتى، بەكلا ئاجىز كېلىۋاتاتتى.

## 2

گۈلقىز ئۆي ئايرىش تەكلىپىنى تەكرارلاۋەرگەندىن كېيىن، سۇلايمانمۇ ماقۇل تېپىپ قالدى. ئايالىنىڭ جىق گەپلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. دېمىسىمۇ ئۈچ ئوغۇل بار بىر ئائىلىدە ھەممە ئادەم يەرگىلا قاراپ تۇرسا ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۈكسىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆي ئايرىپ ئاتىسىدىن يەر بۆلۈۋېلىش خىيالىدىمۇ يوق. شۇنداق بولغانىكەن، گۈلقىزنىڭ تەكلىپىمۇ مۇۋاپىق بولۇپ، قېيىنئاتىسىغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئېلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، بۇنى ئاتىسىغا قانداق چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە ئىدى.
بىر كۈنى ئاتا ـ بالا ئىككىسى شاللىق ئېرىقنىڭ لېپىنى تارتىۋېتىپ پاراڭلىشىپ قالدى. ئۆمەر خېلىل گەپنى يەنە شۇ تىجارەت يولى توغرىسىدا باشلىغانىدى. ئارىدا ئۇ ئالاھىدە بىر ھاياجان بىلەن ئوبۇلقاسىم ئاخۇننىڭ ئەھۋالىنى مىسال ئېلىپ ئۆتتى.
— بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى سۇلايمان قىزىرىپ ـ تاتىـ

رىپ تۇرۇپ، — سىزگە دېيەلمەيلا كەلدىم، ئاتا.
— نېمە گەپ ئىدى؟ — قىزىقىپ سورىدى ئۆمەر خېلىل.
— قېيىنئاتام تىجارىتىگە يېتىشەلمەيۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى ياردەملەشسىكەن، دەيدىكەن.
ئۆمەر خېلىل قايماقتەك پىشىپ كەتكەن بىر كەتمەن لاينى قىرغاققا تاشلىدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. كەتمەننى قويۇپ، پاتقاق چاچراپ ئۇستىبېشى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن ئوغلىغا قارىدى. دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىزغىرىن شامال سۇلايماننىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى.
— سېنىڭ رايىڭچۇ؟
ئۆمەر خېلىل ئوغلىغا سىناق نەزىرىدە تىكىلدى.
— مەنچە ... يېرىمىزمۇ جىق ئەمەس، شۇڭا قېيىنئاتامغا ياردەملەشسەم ئانچە - مۇنچە تىجارەتنىڭ ئېپىنى بىلىپ قالارمەنمىكىن دەيمەن. كېيىنچە بىزمۇ ...
سۇلايمان ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا چېچىلىپ سۆزلەپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرغانىدى. بىراق، ئۆمەر خېلىل ئاچچىقلانماستىن، ئەكسىچە خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئوغلىغا قاراپ تۇراتتى.
— توغرا ئويلاپسەن، بالام، — دېدى ئۆمەر خېلىل، — يېقىندىن بېرى كالللامنىڭ ئارامى يوق، نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال قىلدىم، بىراق ھېچ ئىشنىڭ ئېپىگە دىتىم يەتمىدى. ماۋۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ سەل يول تاپقاندەك بولدۇم. راست، تىجارەت دېگەننىمۇ ئاز - تولا تەجرىبە بولسا ئاسانراق يۇرۇشتۇرگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ. قېيىنئاتاڭ شۇنداق دېگەن بولسا مەيلى، ياردەملەشكىن.
سۇلايمان ئىشلارنىڭ بۇنداق ئاسان ھەل بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئايالىغا ھە دەپ قويۇپ، ۋاقىتنى قەستەن ئارقىغا سۈرۈشلىرى ئەمدى بىھۇدە ئەنسىرەشلا بولۇپ چىققانىدى. ئۇنىڭ

تەلەپلىرى دائىم دېگۈدەك ئاتىسىنىڭ بىر ئىشقا قارار چىقىرالماي دېلىغۇل بولۇپ يۈرگەن مەزگىلىگە توغرا كېلىپ قالاتتى ـ دە، ئاسانلا قوبۇل قىلىناتتى. ھەتتا توي ئىشىمۇ شۇنداق بولغان. پەقەت كېيىن سادىر باخشىنىڭ ئارىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇش سەۋەبىدىن ئازراق ئاۋارىچىلىك بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممە ئىشلار شۇنداق ئوڭۇشلۇق بولغانىدى.

— ئەمىسە ئەتىلا خەۋىرىنى بېرىۋېتەي، — دېدى سۇلايمان.

— شۇنداق قىل بالام، قۇدام ساقلاپ كەتمىسۇن.

سۇلايمان ئەتىسى گۈلقىز بىلەن بازارغا بېرىپ، قېيىنئاتىسىغا ئەھۋالنى ئېيتتى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئەھەت ھېيىت، — قۇدام شۇنچىلىك توغرا چۈشەنگەن بولسا. بەزىلەر ئوغلۇمنى قېيىنئاتىسى تارتىپ كەتتى دەپ خاتا قاراپ، بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى بولىدىغان ئىشمۇ بار.

— ئاتامنىڭمۇ ئۆزلىرىدەك تىجارەت يولىنى تۇتقۇسى بار، بىراق بۇ تىجارەت دېگەن قىلىمەن دەپلا قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، دېلىغۇل بولۇپ يۈرىدۇ.

— قۇدامنىڭ ئۇنداق خىيالى بولسا تېخى ياخشى، ماڭا بىر مەزگىل قاراشسىڭىز، سەل كۆزىڭىز پىشقاندا سىلەرگىمۇ دۇكاندىن بىرنى ئېچىپ بېرەرمەن.

— رەھمەت، دادا.

— رەھمەت دېمەڭ. سىزمۇ مېنىڭ ئۆز بالامغا ئوخشاش.

گۈلقىز ئايىغى چاققانلىق قىلىپ شۇ كۈنىلا بازار ئىچىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. ئەمدى مەھەللىگە قايتىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكەلسىلا بولاتتى. ئەمما، ئۇلار مەھەللىگە بارغاندا كۈتمىگەندە سۇلايمان ئاپىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ كۈنى ئۆمەر خېلىلىمۇ ئۆيدە يوق ئىدى.

— نېمە؟ ئۆزۈڭلار بىلىپلا ئۆي ئايرىماقچىما؟

— ياق، ئاپا، قېيىنئاتام مېنى تىجارەتكە ياردەملەشسۇن دېگەن، شۇڭا بازارغا كۆچۈپ بارماقچى بولۇۋاتىمىز.

— ئىچ كۆيۈ ئوغۇل بولاي دەپسەن - دە؟

رابىخاننىڭ ئىلگىرىكى خۇشخۇيلۇقى يوقالغان بولۇپ، چىرايى تۇتۇلغان، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بالىلارنىڭ ئۆي ئايرىشىنى قوبۇل قىلالماي قالغانىدى. كۆز ئالدىدا يۈرگەن ئوغلىنىڭ ئۆيلىنىپلا بىر ئايال بىلەن غايىب بولۇشى بىر ئانا ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدىغان ئىش ئىدى. گەرچە گۇلقىز «بۇ ئۆي ئايرىش ئەمەس، پەقەت ۋاقىتىنچە ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشىمىز» دەپ سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى ياسىغان بولسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتىن بۇ يەنىلا ئۆي ئايرىش ئىدى. ئانا ئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇشىنىلا ئىستەيتتى. ئۇ ئوغلىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسا شۇنىڭغا رازى ئىدى. بىراق، قۇش بالىسى ئۈچۈرما بولغاندا ھامان يىراققا پەرۋاز قىلغۇسى كېلىدۇ. ئانا ئۇۋىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئۇۋا ياسايدۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى. ئادەممۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى قۇشلار ئۈچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى بىلەن قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئاساسەن بولمايدۇ. بىراق، ئادەملەر بىر ئۆمۈر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، خىزمىتىدە بولىدۇ. پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. ئادەملەر ۋۇجۇدىدىكى مېھىر - مۇھەببەتكە تايىنىپ، ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تۇتاشتۇرىدۇ. مانا بۇ ئادەملەردىكى ئۇلۇغلۇق. رابىخاننىڭ ھېسسىيات جەھەتتىن بۇ ئايرىلىشنى دەماللىققا قوبۇل قىلالماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال، لېكىن بۇ ھامان يۈز بېرىدىغان مۇقەررەرلىك.

— ئاپا، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — بىز سىلەرنى تاشلاپ كەتمەكچى ئەمەس، تۇرمۇش يولى

ئىمزدىمەكچى. قاراڭ، بارى - يوق ئون نەچچە مو يەر. توت ئەر مۇشۇ ئازغىنا يەرگە قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ خەق نېمىلەرنى قىلمىۋاتىدۇ، بىز نېمىلەرنى قىلىۋاتىمىز؟ ئاتامىۇ قوشۇلغان، ئاپا.

ئانىنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى.

— ئاتاڭلار نېمىنى بىلەتتى. گۇلقىزنىڭ بويىدا بار، ئۇنى ئۆزۈم خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ.

باياتىن بېرى ئىچىدە قېيىنئانىسىدىن رەنجىپ تۇرغان گۇلقىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئانىنىڭ كۆڭلى ياخشى ئىدى. ئۇ پەقەت ئوغلىغا قىيمايۋاتاتتى. ئۇ مېھىر - مۇھەببەت ئىدى، ئۇ پاك سۆيگۈ ئىدى. بىراق، تۇرمۇش رەھىمسىز، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدىسى بار. گاھىدا ئۇ ئادەملەرگە بويسۇنىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئادەملەر ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

— ئانا، بىز سىلىنى تاشلاپ كەتمەيمىز. ئۆيمۇ ئايرىمايمىز. مەن پەقەت بازاردا تۇرۇپ سۇلايماننىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ بېرىمەن. سىلى ئۇنىڭ ئاچ قېلىشىنى خالىمايلىغۇ؟

ئانا گەپ تاپالماي تۇرۇپ قالدى. كېلىنىنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. بىراق، ئانىنىڭ قەلبىدە ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن بىر ھەسرەت داۋالغۇيتتى. ئۇ بۇنى يېڭىشكە ئاجىز كېلىۋاتاتتى. كۆزلىرىگە ئىللىق ھارارەت يامرايتتى، كۆڭلى بۇزۇلاتتى.

— بوپتۇ، — دېدى ئانا قېيىدىغاندەك تەلەپپۇزدا، — كېتىڭلار، بالا دېگەن ھامان بالا ئىكەن. ئۆز غېمىنىلا يەيدىكەن. سىلەرمۇ ئاتا - ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرىسىلەر، كېيىن چۈشىنىپ قالارسىلەر.

— ئانا، — گۇلقىز كېلىپ ئۇنى باغرىغا باستى، — كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، بولمىسا مەن يانلىرىدا قالاي.

— ياق، بېرىپ سۇلايمانغا ھەمراھ بولۇڭ. مېنىڭ سىلەرنى ئايرىۋېتىش خىيالىم يوق. پەقەت شۇ ...

— چۈشىنىمەن، ئانا. كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا. بىز يا يې-

راقا كەتمەسمەك. بازار دېگەن بىر سائەتلىك يولغۇ. نەچچە كۈندە بىر كېلىپ سىلىنى يوقلاپ تۇرىمىز.

ئانا يەنىلا مىشىلداپ تۇراتتى. كۆڭۈل دېگەن بىر قاچا سۇغا ئوخشايدۇ. قاچا مىدىرلىسا ئۇ داۋالغۇيدۇ. ئۇ داۋالغۇپ تۇرغاچقىلا ئادەمدە تۇيغۇ بولىدۇ. تۇيغۇ بولغاچقىلا نۇرغۇن ئىشلار ھېسسىياتنىڭ بەھرىدە مەنىگە ئېرىشىدۇ، تۇرمۇشنىڭ قىزىقى ۋە جەلپكارلىقى بولىدۇ. ئادەم ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلىشىدۇ.

— مېڭىڭلار، باللىرىم، — دېدى ئانا، ئۇ مۆرەككەپ ھېسسىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا باللىرىنىڭ قارارىغا بويسۇنۇشنى خالاپ قالغانىدى، — ئىشىڭلار ئوڭغا تارتقاي.

— رەھمەت، ئاپا.

سۇلايمان ئاپىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇمۇ ئاغزىدا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ تۇرغان بىلەن، خۇددى يىراق بىر يەرگە كېتىپ قالىدىغاندەك ئازابلىنىۋاتاتتى. ئاپىسىغا قىيمايتتى. ئۇزۇن مەزگىل بىر خىل تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغاندا، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھەرگىز ئاسانغا توختىمايتتى. چۈنكى، ئادەم ھېسسىياتنىڭ قۇلى. ھېسسىيات ھامان ئادەمنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ـ دە.

سۇلايمان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەييار قىلدى. ئەمدى ئىسمايىل سىرتتىن كىرسىلا، بۇلارنى كىچىك تىراكتورغا بېسىپ بازارغا قاراپ ماڭاتتى. يېڭى تۇرمۇشنىڭ ۋەسۋەسىسى ئۇنى ھامان ھاياجانغا سالاتتى. بۇ ئۆيگە تارتىشىپمۇ تۇراتتى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى پەرۋازى ئىدى. خۇددى قۇش بالىسى يۇمران قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ، ئۇۋىسىدىن قورقۇش ۋە يېڭى شەيئىگە بولغان چەكسىز قىزىقىش ئىچىدە ئۇچۇپ چىقىۋاتقىنىغا ئوخشايتتى.

www.uyghurkitap.com

## 3

سۇلايمان ئاخىر بازارغا باردى. بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ ئىلگىرى ئاغىنىلىرى بىلەن ئويۇن ـ تاماشا قىلغىلى بارغىنىغا ئوخشىمايتتى. سۇلايمان ئۇ چاغدا بازاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق بىلەن ئاللىقانداق يېڭىلىقلارغىلا قىزىقاتتى. توققۇزى تەل دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا لازىملىق نەرسىلەرنى تاپقىلى بولىدىغان بۇ بازار پەقەت پۇل خەجلەشتىكى ھۇزۇرنىڭ مەنبەسى ئىدى. گەرچە بۇ قېتىم ئۇ قېيىنئاتىسىغا ياردەملىشىۋاتقان بولسىمۇ، مۇشۇ بازاردا تىجارەت قىلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. دەسلەپتە ئۇ ئايالىنىڭ گېپىنى ئۆي ئايرىش، بازارغا بېرىپ تۇرۇش دەپلا چۈشەنگەنىدى. بىراق، ئاتىسى بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كاللىسىدا يېڭى بىر پىلان پەيدا بولدى. ئاتىسى ئۇنىڭ بىرەر يول تېپىپ تىجارەتكە كىرىشىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئوغلىنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەمدە بولۇشىغا تېزلا قوشۇلغانىدى. ئەگەر ئۇ قېيىنئاتىسىنىڭ ياردىمىدە راستلا بىرەر ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتالىسا ھەقىقەتەن ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئىش بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى قېيىنئاتىسىنىڭ تىجارىتىگە مۇنداقلا قارىشىپ بېرىۋاتقان ئەمەس، مۇشۇ كەسىپنى ئۆزى قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئىشقا كىرىشتى.

ئەھەت ھېيىتنىڭ دۇكىنى غەرب تەرەپتىكى كوچىنىڭ بويىغا جايلاشقانىدى. مالنىڭ تۈرى كۆپ بولغاچقا، دۇكانغا پاتماي ئىشىك ئالدىدىكى سەيناغا يېيىلغان بولۇپ، سەينانىڭ ئۈستى كۆپۈشمە قاڭالتىر بىلەن يېپىلغانىدى. ئالدى تەرەپمۇ يەنە شۇ قاڭالتىردىن قاتلىما تام قىلىنىپ كەچتە تاقايتتى، ئەتىگىنى قاتلاپ يىغىپ قوياتتى. سۇلايمان ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى پە-

قەت ماللارنىڭ باھاسىنى بىلىش، خېرىدارلارنىڭ ھارۋا، تىراك-تورلىرىغا مال بېسىپ بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلدى. ئۇ تو-لىمۇ قىزغىن ئىدى. مەيلى سوئىسىي تاختاي، مەيلى فارفۇر خىش، ئىشىك - دېرىزە، ئاق سېمونت خالتىسى، قاچىلىق سۇ-يۇق يېلىم بولسۇن ھەممىسى ئېغىر نەرسىلەر ئىدى. بولۇپمۇ تاختايلارنى باسقاندا سەللا دىققەت قىلمىسا بارماقلىرىنى بېسىۋې-لىپ، قان ئۇيۇپ قالاتتى. سۇلايماننىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى يۆت-كەشتە تەجرىبىسى بولمىغاچقا، شۇ كۈنى ئىككى قېتىم بارمىقى-نى باستۇرۇۋالدى - دە، بارمىقىدا خۇددى يېڭى پەيدا بولغان خال-دەك ئىككى تال جىگەر رەڭ قاپارتما كۆپۈپ چىقتى. قاپارتما ئې-چىشىپ ئاغرىيتتى. سۇلايمان قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ھورۇن ئىكەن، دەپ قېلىشىنى خالىماي، بارماقلىرىنىڭ ئاغرىشىغا چى-داپ توختىماي ئىشلىدى. ئەھەت ھېمىت جۈغى كىچىك ئادەم ئىدى. شالاڭ ساقال قويۇۋالغان، يۈزلىرى دائىم دېگۈدەك تاتى-راڭغۇ كۆرۈنەتتى. بۇ كەسىپنى قىلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغاچقى-مۇ، ھەرقانداق نەرسىنى كۆتۈرسە كۈچىمەيلا يەردىن ئۇزۇپ ئالات-تى. بىراق، سۇلايمان ئۇنداق قىلالمايتتى. كۆتۈرگەن نەرسىسى-نىڭ ھېلى بۇ بۇرجىكىنى تۇتسا، ھېلى ئۇ بۇرجىكىنى تۇتۇپ با-قاتتى. زادىلا ئەپلىك جايىنى تاپالمايتتى. شۇڭا ئۆزىنى گويا قې-يىنئاتىسىدىنمۇ كۈچسىزدەك ھېس قىلىپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۈچنىڭ ئەمەس، پەم - پاراسەت، تەجرىبە - ساۋاقنىڭ كارا-مىتى ئىدى.

سۇلايمان ئىلگىرى، تىجارەت دېگەن ئالدىغا كەلگەن پۇلنى ئالىدىغان ئوڭاي ئىش، دەپ ئويلىغانىدى، ئارىلاپ - ئارىلاپ قې-يىنئاتىسىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ قالغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە زەن قويۇپ كەتمىگەنىدى. بىراق، بۈگۈن ئۇ تىجارەتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق جاپاسى بارلىقىنى ھېس قىلدى. خېرىدارغا سى-لىق مۇئامىلە قىلىش، يۇمشاق گەپلەر بىلەن باھا تالىشىش، مال-

www.uyghurkitap.com

نىڭ سۆيپتى ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا توختىماي سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. مال سېتىۋېلىش ئۈچۈنمۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش دىت، باھا تالىشىش قاتارلىق تاكتىكىلار بولمىسا بولمايتتى. بازارنى توغرا مۆلچەرلەشمۇ مۇھىم ئىدى. ئەھەت ھېمىت ھەپتىدە كەم بولغاندا ئىككى قېتىم شەھەردىن مال ئەكېلەتتى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىمۇ يېڭى نۇسخا، يېڭى ياسالمىلار ئىشلەپچىقىرىلىپ تۇراتتى. گاھى ماللار تېزلا مودىدىن قېلىپ، باھاسى تۆۋەنلەپ كېتەتتى ياكى بېسىلىپ قالاتتى. شۇڭا، تىجارەتچى بۇنداق ئىشلارغا بەك سەزگۈر مۇئامىلە قىلمىسا بولمايتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئادەم ئالدىراش بولغاندا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قالىدىكەن ياكى كۈنلەر قىسقىراپ كەتكەندەكلا تۇيۇلىدىكەن. بازارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، شاۋقۇن - سۈرەنلىرى خۇددى يېنىڭدىن تېز پويىز ئۆتۈۋاتقاندەك ئادەمنىڭ ۋاقىت ئېڭىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، بىر خىل ئالدىراڭغۇ قىلىپ قويىدىكەن. كۈندە يۈز بېرىۋاتقان يېڭى - يېڭى ئىشلار، يېڭى خەۋەرلەر كاللاڭنى ئېچىپ، ئالەم كىچىكلەپ كەتكەندەك ياكى سەن ئەقىللىك بولۇپ قالغاندەك بىلىنىدىكەن. ئۆز كەسپىڭگە مايىللىقىڭ ئاشقانسېرى، تەدبىرلىك، سەزگۈر بولۇپ كېتىدىكەنسەن. مانا سۇلايمان دۇكان ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەمگە ھوشيارلىق بىلەن زەن سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قەدىمى قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭماقچى؟ ئۇ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك خېرىدارمۇ ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ يۈرگەنلەرمۇ؟ بۇلارنى توغرا مۆلچەرلەش مۇھىم ئىدى. بازاردا بۇنداق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ساتىدىغان دۇكاندىن يەنە بىرنەچچىسى بار. ھەممە ئادەمنىڭ خېرىدارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇسى كېلىدۇ. سودا دېگەن ئۆتۈق، سودا دېگەن پايدا. قانچە كۆپ سودا قىلساڭ شۇنچە كۆپ پايدا ئالىسەن. سودا قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە خېرى-

دار كىرەك. خېرىدارنى قانداق جەلپ قىلىش سېنىڭ ئىقتىدا-رىڭغا باغلىق. خېرىدارنىڭ ئاز بىر قىسمى كونا چۆپقەت بولسى-مۇ، كۆپىنچىسى يېڭى يا ئۇنداق، يا مۇنداق مالنى سېتىۋالماقچى بولۇپ، ئۆزىنى توختىتالمايۋاتقانلار بولىدۇ. سەن دەل ۋاقتىدا ئۇلارنى بايقاپ، دۇكانغا چاقىرىسەن ـ دە، ئۇ ئالماقچى بولغان مالنىڭ بىرنەچچە خىلىنى ئالدىغا قويۇپ، بىرىنى ئەڭ ياخشىسى قىلىپ كۆرسىتىسەن. باشقىلاردىن تۆۋەنرەك باھا قويىسەن. تۇن-جى كۆرگەن مال ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىتتىك سىغىدۇ. يەنىلا ئۆزىنى توختىتالماي باشقا دۇكانغا بارغاندىمۇ، كېيىن كۆرگەن مال باھا ۋە سۈپەت جەھەتتە دەسلەپكى دۇكاننىڭ مېلى-دەك بىلىنمەيدۇ. ئۇ خېرىدار ئاخىر سېنىڭ ئالدىڭغا يەنە كېلى-دۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ سېنىڭ چۆپقىتىڭگە ئايلىنىدۇ. يۈز پىرسەنت شۇنداق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئاساسەن مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە بولىدۇ. سۇلايمان بۇ تاكتى-كىلارنى تېزلا بىلىپ كەتتى. ماللارنىڭ بېسىلىپ قېلىشى، سو-دىدا زىيان كۆرۈلۈش، مال كىرگۈزۈش جەھەتتىكى ئاۋارىچىلىك دېگەندەك ئىشلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان قېيىنئاتىسى بولغاچقا، ئۇ خاتىرجەم ھالدا زېھنىنى سېتىش ئىشلىرىغىلا قارىتىپ، تېز ئىلگىرىلىگەنىدى.

ئەھەت ھېمىت بىر توپ خېرىدارنى ئۇزىتىپ، ئەمدى ئۇ ھ دېگەن كۈيۈئوغلىغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ كەتتى. ئۇ بايا سۇلايماننىڭ خېرىدارلار بىلەن سودىدا شۇنچە ئىنچىكە ھېساب قىلىشقىنىغىمۇ زەن سالغانىدى.

ـــ قانداقىراق؟ ـــ دېدى ئەھەت ھېمىت بىر چەتتىكى تو-قۇلما ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈ-يۈئوغلىغا بولغان رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

سۇلايمان ئۇنىڭ قايىسى ئىشنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىل-مەلمىگەچكە، دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— سودىنىڭ ئېپىنى خېلى بىلىپ قالدىڭىز ـ ھە؟
— شۇنداق، دادا.
سۇلايمان قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتى.
— ھە، ئولتۇرۇڭ ... ئولتۇرۇڭ. بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئەھەت ھېمىت يېنىدىكى پاكار ئورۇندۇقنى ئالدىغا تارتىپ، — ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ، بالام.
— بولدى، ئۆرە تۇرسۇبېرەي. بىرەر خېرىدار كېلىپ قالسا ...
— شۇنداقتىمۇ بىردەم ئولتۇرۇڭ.
سۇلايمان قېيىنئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. كوـ چىدا ئادەملەر توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېـ سىلمايتتى. لېكىن، قۇلاقلار بۇ شاۋقۇنغا كۆنۈپ كەتكەچكە زېـ رىكىشلىك بىلىنمەيتتى. ئەكسىچە بىرپەس جىمجىتلىق بولۇپ قالسا ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلاتتى. ئۇ خۇددى مۇزىكا ئاڭلاۋاتقانـ دەك كوچىدىكى ئاۋازنى تىڭشىغاچ، قېيىنئاتىسىنىڭ گەپ قىلـ لىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.
— يېقىنىڭىياقى قۇدام بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمەس بولۇپ كەتـ تىغۇ؟
سۇلايمان ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى.
— ھە، شۇنداق. بەلكىم ئېتىز ئىشلىرىدىن بوشىنالماي ...
شۇ گەپلەردىن كېيىن سۇلايماننىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بوـ لۇپ قالدى. ئۇ سودا ئىشلىرىغا قىزىقىپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانىـ سىنى يوقلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر ئۆيگە كېلىپ تۇرىمەن دېگەن ۋەدىسى بولسىمۇ، بىر ئايدىن بېرى بارمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، ئۆزىگە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدى. پەقەت ئارىدا ئىسمايىل تىراكتورغا سايمان ئالغىلى كېلىپ ئۇنى يوقلاپ ئۆتتى. ئۇ ئىنىسىدىن ئاتىسىنىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. شۇڭا، مەھەللىگە بېرىشقا ئالدىرىمىدى. ئاتىسى ئادەتتە بازارغا كۆپ كېلىپ كەتمەيتتى. بىرنەرسە ساتمىـ

غاندىن كېيىن بازاردا بىكار دەسسەپ يۈرگەنىنىڭ نېمە پايدىسى، دەپ قارايتتى. هازىر ھەممە مەھەللىلەردە دېگۈدەك دۇكانلار بول-غاچقا، بىرنەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالايىتەن بازارغا بېرىش-نىڭمۇ هاجىتى يوق ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ غۇرۇرلۇق، بىر ئىشلارغا تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، لېكىن باش-قىلارغا زەردىلىك كىشىدەك تۇيغۇ بېرىدىغان مىجەزىنى ئويلىدى. ئۇ بىر ئىشلارغا ئاسان چېچىلمايتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئىچىگە تىنىپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. كۆپ ئويلايتتى، ئاز گەپ قىلاتتى. سۇلايمان بىلەن خۇددى ئاغا - ئىنىلەردەك ئولتۇرۇپ مۇڭدىشات-تى. شۇڭىمۇ ئاردىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتەتتى.

ئەھەت ھېمىت سۇلايماننىڭ شۇكلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— دىككىدە بېرىپ، ئۇلارنى بىر يوقلاپ كېلىڭ بولمىسا.

سۇلايمان ئۈندىمىدى. ئۇ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتنى ئاتىسىغا قانداق چۈشەندۈرۈشنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى.

بۈگۈن باشقا كۈنلەردىكىگە قارىغاندا سودا بوشراق بولغاچقا، ئۇلار دۇكاننى بالدۇرلا تاقىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى كەچلىك تاماقنى چوڭ ئۆيدە يېدى. هازىر گۈلقىزنىڭ قورسىقى ئوبدانلا يوغىناپ قالغان بولۇپ، ھەرىكەت قىلىشىمۇ ئەپسىز ئىدى. شۇ-ڭا، كۆپىنچە ھاللاردا تاماقنى گۈلمەرەمخان ئېتىپ، ئۇلارنى چا-قىرىۋالاتتى. گەرچە بۇ قارىماققا ياخشى ئىشتەك بىلىنسىمۇ، لېكىن سۇلايمانغا چوڭ ئۆيدە قانچە كۆپ تاماق يېگەنسېرى قې-يىنئاتىسىغا بېقىنىپ قېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ سايىسىدا جان بې-قىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. ئوڭايسىزلىق ھېس قىلاتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن تاماقنى ئۆزىمىز بىر ئىش قىلايلى، — دېدى سۇلايمان، ئىجارە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن.

— نېمىشقا ؟

— ئادەم خىجىل بولىدىكەن.

— خىجىل بولىدىغان نېمىسى بار؟ ئۇمۇ بىزنىڭ ئۆيىمىزغۇ؟

— ياق، ئۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز. مەن دېگەن كۇيۇئوغۇل. ھە دېگەندە ئۇ ئۆيگە كىرىۋالسام قاملاشمايدۇ. ھېلىمۇ قېيىنئاتامنىڭ ئالدىدا ئىشلەۋاتقىنىممۇ يېتەر.

گۈلقىز ئېرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قالدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىدىڭىزمۇ يا؟

— گەپ - سۆز ئاڭلىمىدىم. پەقەت شۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىم.

— ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپسىز. دادام، ئاپاملار باشقىچە ئويدا بولمىغان يەردە، سىز نېمە ئۆزىڭىزگە ئېلىپ يۈرىسىز؟

— نېمىلا بولسۇن، ئازراق ئارىلىق ساقلىغىنىمىز ياخشى.

گۈلقىز ئۇنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزگە پۇشايمان قىلىۋاتامسىز، سولايمان؟

— پۇشايمان قىلمىدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا تۇرۇپلا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟

— يامان گەپ قىلمىغاندىمەن؟

— ياق، يامان گەپ قىلمىدىڭىز.

— ئەمىسە شۇ بويىچە قىلايلى.

گۈلقىز بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلماڭ. يېنىڭىزدا بەك بولسا بىر ھەپتە تۇرارمەن.

— نېمە؟ ئۇنىڭدىن كېيىن نەگە بارىسىز؟

— توۋا، ئەجەب بىلمەيدىغاندەكلا گەپ قىلىسىزغۇ؟ تۇغۇتۇم يېقىنلىشىپ قالدى. ئەمدى ئاپامنىڭ يېنىدا تۇرمىسام بولمايدۇ. بۇ دېگەن قائىدە.

— ئۇنداق بولسا مەيلى.

— شۇڭا، تاماقنى يەنىلا چولڭ ئۆيدە يەپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.

— بىر ئامال قىلارمەن.

— بەك جاھىل ئىكەنسىز.

— سىزمۇ مېنىڭ قارارىمغا ھۆرمەت قىلىڭ.

ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى. ئىككىسىنىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىقلىرى ئۆي ئىچىدە خۇددى ئوت پۈۋلەۋاتقاندەك ئاڭ-لىناتتى. بىرى قورساقتىكى ھامىلە كۆكرەك قەپىسىنى قىسىپ ھاسىرىسا، يەنە بىرى ئالىقاندىاق بىئاراملىق ئىسكەنجىسىدە ئې-غىر نەپەس ئالاتتى. ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆزىگە چۆكەتتى. ئۇلار يە-نە بىرنەرسىنى ساقلاۋاتقاندەك سىرتقا جىمجىت قۇلاق سالاتتى. چىراغ يورۇقى تام - تورۇسلاردا ئەلەڭگىيتتى.

سۇلايماننىڭ كەيپىياتى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. ئىللىق بىر تۇيغۇ چىراغ نۇرىدەك ئۆي ئىچى ۋە ئۇلارنىڭ روھى-نى يورۇتۇشقا باشلىدى. نەپەسلەر سىلىقلاشتى. كۆزلەردە ئوت يالقۇنىدەك قىزىللىق پەيدا بولدى. كۆڭۈل كۆڭۈل رايىغا ئەگەش-تى. باھارنىڭ مەيىن شامىلى دېرىزىلەرنى چەكتى، ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ شىلدىرلىشى ۋۇجۇدلارنى كۈيگە باشلىدى ...

سۇلايمان گۈلقىزنىڭ يېنىغا قىستالدى.

— خاپا بولۇپ قالدىڭىزما؟

— ياق، ھامىلىدار ئايال خاپا بولسا بولمايدىكەن.

— راستلا خاپا بولمىدىڭىزما؟

— خاپا بولمىدىم، ئەمما گەپلىرىڭىز كۆڭلۈمگە تەگدى.

— مەن ئىككىلىمىزنى ئويلاپ شۇنداق دېدىم.

— ئۇ دېگەن دادام، ئاپاملارنى يات كۆرگىنىڭىز.
— يات كۆرسەم بۇ يەرگە كەلمەيتتىم.
— تاماققۇ شۇ، يات ئادەممۇ يات ئادەمگە تاماق بېرىدۇغۇ.
— ئۇ ئوخشىمايدۇ. مەن پەقەت سەل ئەركىنرەك بولسام دەيمەن.
— هازىر ئەركىن بولالمىدىڭىزما؟
— يۈزۈم قىزىرىپلا تۇرىدۇ.
— بىزنى ئەڭ يېقىنلىرىم دەپ ئويلىسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنى ئەركىن هېس قىلىسىز. مېنى قانداق كۆرسىڭىز، دادام، ئاپاملارنىمۇ شۇنداق كۆرۈشىڭىز كېرەك.
— بولدى، گۈلقىز. بۇلارنى دېيىشمەيلى.
— ئەمىسە نېمە دېيىشىمىز؟
— بالىمىز قانداقراق؟ قورسىقىڭىزغا تېپىۋاتامدۇ؟
گۈلقىز بىر كۈتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ تۇرغان قورسىقىغا قارىدى. ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ سىدىلىدى. ئاندىن سۈلايماننىڭ ئوتتەك قىزىپ كەتكەن قولىدىن تۇتۇپ قورسىقىغا باستى.
— سەزدىڭىزمۇ؟
— هەئە، بىقىنىڭىزدا تۈگۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ماۋۇ بېشىغۇ دەيمەن. راست، بېشى ئىكەن. توختىماي مىدىرلاۋاتىدۇ.
— گەپ قىلىپ بېقىڭا.
— نېمە دەيمەن؟
— نېمە دېسىڭىز مەيلى ياكى چاقىرىپ باقامسىز.
— ئوغلۇم دەپ چاقىرامدىم، قىزىم دەپمۇ؟
گۈلقىز كۈلۈۋەتتى. دوختۇرخانىدا نەچچە قېتىم تەكشۈرتكەن بولسىمۇ، ئوغۇل ـ قىزلىقىغا بىرنەرسە دېيەلمىگەنىدى. پەقەت بىر قىسىم كاداڭ ئاياللار «ئۇچلۇق قورساق كۆتۈرۈپتۇ، ئوغۇل تۇغقۇدەك» دېسە، يەنە بىر قىسىملىرى: «يۈزىگە سۇس داغ چۈ-

شۇپتۇ، قىز تۇغۇپ قالارمىكىن» دېيىشىپ، ئۇنى قايمۇقتۇرۇ-ۋەتكەنىدى. بىراق، نېمىلا تۇغسۇن، تىنچ - ئامانلىق بولسىلا گۈلقىز شۇنىڭغا رازى ئىدى. تۇغۇتمۇ بىر جەڭ، بېشىدا مىڭ بالانىڭ سايىسى ئەگىپ يۈرىدۇ. قانداق بولۇشىغا ھېچكىم كې-پىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا، ھازىر كۆڭلىنى خۇش تۇتۇپ، ئۆزىگە تەسەللى، مەدەت بېرىش، ئۈمىدۋار بولۇش ئەڭ مۇھىم ئىدى.

— «بالام» دەپلا چاقىرىپ بېقىشىڭ بولمىسا.

— بالام... ئوماق قوزام... تولا تېپچەكلەپ ئاپاڭنىڭ قورسى-قىنى ئاغرىتىۋەتمىگىن - ھە!

گۈلقىز ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئۇلاپلا ئەركىلەپ ۋارقىراپ قويۇ-دى.

— ۋايىيەي ...

— نېمە بولدى؟

— ئۇ ... ئۇسۇۋاتىدۇغۇ؟

— قارىغاندا گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا بولامدۇ نېمە؟!

— ياق، سۆزىڭىزگە ئىنكاس قايتۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداقمۇ؟

سۇلايمان ئالقىنى بىلەن گۈلقىزنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ بېشى دەپ قارالغان قاتتىق يەرگە بوشقىنا ئۇرۇپ قويدى.

— ئۇرماڭ، ھېلى يىغلاپ كېتىدۇ.

— ئاپىسىنى خاپا قىلسا تاياق يەيدۇ شۇ.

— ئۇرماڭ، قورسىقىمنى ئاغرىتىۋەتسىمۇ مەيلى.

— ھازىرلا باشقۇرۇشۇمغا دەخلى قىلىۋاتىسىز، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ.

— ئۇرماي ئىلمىي باشقۇرسىڭىز توسمايمەن.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ھاملە غىرتتىدە قورساقنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا يۈرۈپ كەتتى.

— ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى گۈلقىز سەل بىرقىسما بولۇپ.

— بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، لېكىن نەچچە كۈن بولدى، بېشىم قېيىپلا تۇرىدۇ.

— ئەمىسە ئەتە ناھىيەگە بېرىپ تەكشۈرتۈپ كېلەيلى.

— بايا، ئەتە مەھەللىگە بېرىپ كېلەي دېگەندەك قىلغانىدىڭىزغۇ؟

سۇلايمان ئۇ ئىشنى يادىغا ئېلىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرمىگىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى بۇنداق ئۇزۇن تاشلىۋېتىشكە ۋىجدانى چىدىمايتتى. بىراق، ۋاقىت ئۇنىڭ ئېسىنى ئوغرىلاپ كەتكەنىدى.

— بولمىسا ئاۋۋال مەھەللىگە بېرىپ كېلەيلى. دوختۇرغا ئاندىن كېيىن بارارمىز.

— مەھەللىگە ئىككىلىمىز بارايلى، ئۇلار سىزنىمۇ بەك سېغىنىدى بولغاي. چۈنكى، سىز ئائىلىمىزنىڭ چوڭ كېلىنى. ئاپام قىز تۇغمىغاچقا، سىزنى خۇددى ئۆز قىزىدەكلا كۆرەتتى.

گۈلقىزمۇ ئويلاپ قالدى. بازارغا كۆچۈپ كېلىدىغان چاغدا قېيىنئانىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ، سىزنى ئۆزۈم كۈتەتتىم دەپ گۈلقىزنى تولىمۇ قىيمىغان بىر ھالەتتە ئۇزىتىپ قويغانىدى. ئۇ ھەرقاچان شۇنداق مېھرىبان ئىدى. قېيىنئانا بىلەن كېلىن كېلىشەلمەيدىغان ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىراق، گۈلقىز بۇ ئائىلىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇلار يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانغا ياكى دائىم مۇڭدىشىپ تۇرىدىغان ئامراق دوستلارغا ئوخشايتتى. رابىخان چېپىلغاق خوتۇنلاردىن ئەمەس ئىدى. كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى گۈلقىزغا ئۇدۇللا دەۋېرەتتى. ھە دېسىلا كېلىنى ئۇستىدىن ئوغلىغا داتلايدىغان ئىش ئۇنىڭدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. گۈلقىزمۇ قېيىنئانىسىغا ياقمايدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن مۇمكىن قەدەر ساقلىناتتى. ئۇنى ئايايتتى،

قەدىرلەيتتى. كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت بازارغا كۆ-چىدىغان چاغدا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ ئۇنىڭ دىلىنى رەنجى-تىپ قويدى. تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گۈلقىزنىڭ مۇنداق قى-لىشىمۇ يەنىلا مۇشۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئىدى. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئېچىشنىمۇ مەقسەت قىلغانىدى. هازىر ئۇ قېيىنئانىسىنىڭ ياخشى تەرەپلى-رىنى تېخىمۇ كۆپ هېس قىلدى. ئۇنى شۇنداق كۆرگۈسى كەل-دى. ئۆزى بىر قاپاق سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپتۇ، مۇشۇ پۇرسەتتە مەھەللىگە بېرىپ قېيىنئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋالسا، توغۇتى ئۈچۈن بىر ئاسانلىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇم-كىن. ئاتا - ئانىنىڭ دۇئاسىغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

مۇشۇلارنى ئويلىغان گۈلقىز ئېرىگە پىچىرلىغاندەك سۆزلى-دى:

— بىللە بارايلى.

— ياخشى، ئەمىسە ئۇخلاڭ. مەن بېشىڭىزنى تۇتۇپ قوياي.

كېچە تۇمانى دېرىزىدىن ئۇلارغا قارىشىپ تۇراتتى.

ئەتىسى ئۇلار ئەھەت هېمىتقا دەپ قويۇپ، سەھەردىلا مەھەل-لىگە قاراپ يولغا چىقتى. هازىر مەھەللە ئارىلاپ ماڭىدىغان كى-چىك ماشىنىلار كۆپ ئىدى. يوللار ياخشى بولغانىنىڭ ئۈستىگە، قاتناشمۇ قولايلىق ئىدى. سۇلايمان ئۆزىنىڭ نەدىكى يوقىلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە ئاتا - ئانىسىنى يوقلىمىغانلىقىنىڭ خاتالىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر هېس قىلدى. «ئانىنىڭ غېمى بالىدا، بالىنىڭ غېمى تالادا» دېگەن شۇ-دە. ھەتتا، ئۇلار سۇلايماننى سىناش ئۈچۈنمۇ نەچچە ھەپتە ئىچى-دە بازارغا بارمىغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ ئون كىلومېتىر ئا-رىلىق ئۇنىڭغا بولغان سىناق ئارىلىقى ئىكەن. مۇشۇ ئون كىلو-مېتىر ئارىلىق ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان مېھرىبانلىقى، ۋا-پادارلىقىنى توسۇۋاپتۇ. ئۇ مۇشۇ ئاددىي توسۇقتىن ئۆتەلمەپتۇ.

سۇلايماننىڭ قەلبى چەكسىز خىيال دېڭىزى ئىچىدە داۋال-غۇيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان مەھەللە يوللىرى بەئەينى قەلبلەرنى قەلبلەرگە تۇتاشتۇرغان مېھىر - مۇھەببەت يولىغا ئوخشايتتى. خۇش تەبەسسۇم بىلەن قۇچاق ئېچىپ تۇرغان يېقىن كىشىلىرىگە ئوخشايتتى. بۇ يوللار ئۇنى مەنزىلىگە ئاپىراتتى. شۇنداقلا ئۆرتىنىش تۇيغۇسىنىڭ بالدۇرراق ئارام تېپىشىغا ياردەم بېرەتتى. ئۇ تۇرۇپلا يولنىڭ شۇ قەدەر مۇھىم ۋە سىر - ھېكمەتلەرگە تولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ يولدا مېڭىپ كەلدى. ئىشىك ئالدىدىكى چوڭ يولدىن تارتىپ، ئېتىز ئارىسىدىكى چىغىر يوللار ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى بىلەن تولغان. لېكىن، ئۇ يوللارنىڭ ھېكمىتىنى تا ھازىرغىچە ئەستايىدىل ئويلاپ باقمىغانىدى. يول پەقەت مېڭىش ئۈچۈن ياسالغان دەپلا بىلەتتى. ئەمما، يول يولدا ماڭغانلارنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۆزگىچە بىر دۇنيا ھاسىل قىلىدىكەن. يوللار يولغا، روھلار روھقا چېتىلىپ كېتىدىكەن. كۆڭۈللەر ھامان بىر نۇرلۇق پەللىگە ئىنتىلىدىكەن. پۇشايمان بىلەن قايتقانلارمۇ، غەلبە قۇچۇپ كېلىۋاتقانلارمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ يولدا ماڭىدىكەن ...

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

سۇلايمان ماشىنا دېرىزىسىدىن كىرىۋاتقان مەيىن شامالدەك سىلىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئايالنىڭ ئىسسىق تىنىقى يۈزلىرىگە ئۇرۇلدى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئايالىغا قارىدى. گۈلقىز ئۇنىڭ ھاياجاندا پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. گەپ سوراشقا تەمشىلىۋېتىپ توختاپ قالدى.

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى سۇلايمان كۈلۈپ، — بېشىڭىز يەنە قېيىۋاتامدۇ؟

— ياق، ھازىر شۇنداق ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. مەھەللە ھاۋاسى پايدا قىلىپ قالدىمىكىنتاڭ.

— راست، مەھەللە ھاۋاسى بەك ساپ.

گۈلقىز ماشىنا دېرىزىسىگە بويۇنداپ يىراقلارغا نەزەر سالـ.
غاچ، سورىدى:

— دادام ـ ئاپاملار بىزدىن رەنجىپ قالغانمىدۇ؟

سۇلايمان ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى، بىراق ھازىر بىرنەرسە دې.
يەلمەيمەن.

— دادام بەرگەن پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بېرىڭ.

سۇلايمان گۈلقىزغا تەئەججۈپ بىلەن تىكىلدى.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، بىراق سىزنى دوختۇرخانىغا
ئاپىرىشقا پۇل بولمىسا بولمايدۇ ـ دە.

— ئۇ چاغدا بىر ئامال قىلارمىز. دادامۇ قاراپ تۇرمايدۇ.

— مەن قاراپ تۇرسام بولماس؟

گۈلقىز بىردىنلا دومسىيىشقا باشلىدى. كۆزلىرىدە ياش لىـ.
غىرلاپ قالدى.

— دائىم گېپىمىز بىر يەردىن چىقمايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭكىنىلا
راست دەپ تۇرىۋالىسىز. سىز ... سىز ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز.

سۇلايمان ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ، پەس ئاۋازدا چۈشەنـ.
دۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇنداق ئەمەس، مەن بىر ئەر تۇرۇپ ھەممە ئىغىرچىلىـ.
قىمنى قېيىنئاتامغا ئارتىپ تۇرىۋالسام نومۇس ئەمەسمۇ. مەن
سىزنىمۇ تىلى ئۇزۇنراق بولسىكەن دەپ ئويلايمەن. كۆڭلەرنىڭ
بىرىدە گەپ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئاچىڭىزنىڭ مىجەزى
سەل غەلىتە، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

گۈلقىز جىمىپ قالدى.

ماشىنا ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ توختىدى. ئايالىنى
يېتىلەپ ماشىنىدىن چۈشكەن سۇلايمان خۇددى ئۇزۇن سەپەردىن
كەلگەن ئادەمدەك ئەتراپىغا تەكشى نەزەر سېلىپ چىقتى. مەھەللە

يەنىلا شۇ پېتى ئىدى. بىراق، سۇلايمانغا دەرەخلەر ئېگىزلەپ، سۇلار سۇزۇلۇپ، ئاسمان نۇرلىنىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بەردى.

ئۇلار ئەمدىلا دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىگە هويلا ئىچىدىن تىراكتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن ئىسمايىل تىراكتورنى هەيدىگەن پېتى چىقىپ كەلدى ـ دە، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنى كۆرۈپ دەرهال توختاپ يەرگە چۈشتى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملاشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكا، ئاچا. سالامەت كەلدىڭلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆزۈڭمۇ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ ئاتام، ئاپاملار قانداقراق؟

— ئۇلارمۇ ياخشى، ئاكا. يۈر، ئۆيگە كىرەيلى، — ئۇ ئاكىسىنىڭ قولىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالدى ۋە كېتىۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— ئاتا، ئاپا، ئاكام بىلەن گۈلقىز ئاچام كەلدى!

ئۇلار هويلىغا كىرىشتى. ئۆمەر خېلىل ئېتىزغا مېڭىش ئۈچۈن كەتمىنىنى بىسلاۋاتاتتى. رابىخان ئۇلار يېڭىلا تۇرغان داستىخان ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. هەر ئىككىلىسى قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتا، ئاپا. سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇداغا شۈكۈر، بالام. سالامەت كەپسەن.

گۈلقىز قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام ـ سەهەت قىلىشقاچ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشتى.

— سالامەت تۇرلىمۇ، ئاپا؟

— خۇداغا شۈكۈر. ۋاي جېنىم بالام، مانا بىر ئاي ئىچىدىلا قورسىقىڭىز بەكلا يوغىناپ كېتىپتۇ. بالىنىڭ ئەهۋالى قانداقراق؟ ياخشى مىدىرلاۋاتامدۇ؟

— ياخشى، ئاپا. مانا هازىرمۇ جىم تۇرماي ...

گۈلقىز شۇنداق دەپلا بىقىننى تۇتۇپ ئىككى مۈك بولۇپ قالدى. ئاغرىق دەستىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ۋاي ئاللا ... نېمە ئىش بولدى، قىزىم؟

گۈلقىزنىڭ ئىگرىغىننى ئاڭلاپ ھەممەيلەن پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغانىدى. مۇنداق ئاياللارنى ھەرقاچان تولغاق تۇتۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. قاچان، قەيەردە تۇتۇشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇڭا سەللا ئۆزگىرىش بولسا ئادەمنى مۇشۇنداق تەشۋىشكە سېلىشۋېتەتتى.

— بىقىنىمغا تۇيۇقسىز سانجىق تۇرۇپ ...

سۇلايمان كېلىپ ئۇنى يۆلىدى. رابىخان كېلىنىنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ، يۇرۇشكە باشلىدى. ئۆمەر خېلىل پاتقاق كېچىۋالغان ئادەمدەك بىر ئورنىدا تۇرالماي پىرقىراپ كېتىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن گۈلقىزنىڭ ئىگرىشى توختىدى.

— بالام، قانداقراق؟

— سەل ياخشى، ئاپا. ئەمدى قويۇۋەتتى.

گۈلقىز ئوڭشىلىپ قەددىنى رۇسلىدى. تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمۇ ئەسلىگە كەلدى.

— ئۇششاق تولغاق باشلىنىپتۇ، بالام، — دېدى رابىخان، — بەكرەك دىققەت قىلىڭ.

— ماقۇل، ئاپا.

بۇ ئاجايىپ ئۆزگىچە كۆرۈشۈش بولدى. گۈلقىزنىڭ كىچىك تولغىقى ئۇلارنىڭ مېھرى بۇلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، كۆڭۈللىرىنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىۋەتتى. بىردەملىك ھودۇقۇش ئىچىدىكى كۆيۈنۈش ئۇلارنىڭ ساپ قەلبىنى تاڭ نۇرىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇلار خۇددى بىر دەستە گۈلدەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان خۇشاللىق تۇيغۇسىغا ئېرىشكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## 1

ئىسمايىل ئاتىسىدەك تەمبەل بولمىسىمۇ، چاققانغىنا ئۇس-تىخىنى بىلەن قارام كۆچى، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇ-چە بولدى قىلمايدىغان جاھىل مىجەزى باللارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۆزى كىچىك، يۈرىكى چوڭ ئىدى. ئۇلار تىراك-تور سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن ئائىلىدە دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان مۇڭگۈزلۈك بىر ئۇي بار ئىدى. ئۇنىڭ شاشلىقىدىن ئالدىراپ ھارۋا ياكى قوشقا قاتقىلى بولمايتتى. قېتىپلىۋالسا ئىگىسىگە بويسۇنۇپ ئىشقا كىرىشەتتى - دە، ماڭسا - ماڭسا ھارمايتتى. ئون بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىسمايىل بۇ شاش كالىنىڭ مۇڭگۈزىنى خۇددى ۋېلىسىپىت ياكى موتوسىكلىتنىڭ رولىنى تۇتقاندەك مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا مىنەتتى. كالا دەس-لەپتە بويىنىنى تولغايتتى، ئالدى - كەينىگە چاپچىيتتى. ئۈستى-دىكى بۇ رودۇپايدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە ئاخىر جىمىپ ياۋاشلايتتى. ئۆمەر خېلىل دەسلەپتە بىرەر خەتەر چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئىسمايىلنى كالىغا مىنگىلى قويمىدى. بىراق، ئۇنىڭ جاھىل ئوغلى بۇنىڭغا بويسۇنماي، ئاتىسى كۆر-مەستە يەنە مىنىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ شاش كالا ئاخىر كۆندى. قوش، ھارۋىلارغىمۇ قاتقىلى قويىدىغان بولدى. كېيىن دېھقانلار تېرىقچىلىقتا ماشىنىلىششقا قاراپ يۈزلەندى. كالىنىڭ ئورنىنى تىراكتور ئىگىلىدى. بىرنەچچە يىل بۇ سەپكە قېتىل-ماي، ئۆز رايى بويىچە دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن ئۆمەر خېلىل-مۇ ئاخىر ھېلىقى چۆچەك مۇڭگۈز كالا ۋە بىرنەچچە تۇياق قوي-

لىرنى سېتىپ تىراكتور ئالدى. باشقىلارنىڭ تىراكتورىنى بىر - ئىككى قېتىم ھەيدەپ، ئانچە - مۇنچە كۆزى پىشقان ئىسمايىل يەنە بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندى. ئۆمەر خېلىل ئەسلىي بۇ ئىشقا سۇلايماننى ئويلاشقانىدى. سۇلايمان قانداقلا بولمىسۇن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن. بۇ ئائىلىگە نىسبەتەنمۇ بىلىملىك ھېسابلىناتتى. بىراق، ئىسمايىلنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقى ئالدىدا ئۇمۇ بىرنەرسە دېيەلمەي قالدى. سۇلايمان بۇ تىراكتورنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك تاتاتلايدىغان ئاۋازىدىن بىزار ئىدى. شۇڭا، ئىنىسىدىن تالاشمىدى. بىر ھېسابتا ئۇمۇ دائىم ماي داغلىرىدىن قۇتۇلالمايدىغان، توپا - چاڭ ئىچىدىلا يۈرىدىغان بۇنداق «شوپۇرلۇق»تىن قۇتۇلغىنىغا خۇش ئىدى.

ئىسمايىل تىراكتورنى قولىغا ئالغان كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا كىرىشىپلا كەتتى. ھەر كۈنى ئىشتىن كېلىپ ئېرىنمەي تازىلاپ سۈرتتى. شۇڭا، تىراكتور قاچانلا قارىسا يېڭى كۆرۈنەتتى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدا ئوقۇپ پىراۋا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسمىي تىراكتور شوپۇرى بولۇپ قالدى. تىراكتور ئالغاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىراقلا ئاسانلىشىپ كەتتى. ھەتتا نەچچە مو يەرنى بىر - ئىككى سائەت ئىچىدە ئىسمايىل ئۆزى يالغۇز تېرىپ بولاتتى. ئاتىسى بىلەن ئاكىسىغا ئىش قالمايتتى. بىراق، ئۆمەر خېلىل تۇجۇپىلەپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئىشلارنى ئۆزى بىر قوللۇق قايتىدىن پىششىقلاپ چىقمىغۇچە ئارام تاپمايتتى. ئىسمايىل يەنە بۇنىڭغىلا قاراپ تۇرمايتتى. ئۆز ئىشىدىن بىكار بولغان چاغلاردا باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ پۇل تاپاتتى. ئۆمەر خېلىل ئوغلىنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆز جايىدا قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئارتۇق ئارىلىشىۋالمىدى. پەقەت بارلىق ئاتىلارغا ئوخشاش ئوغلىغا بىخەتەرلىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىدى. كېيىن ئۆيگىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئانچە ـ مۇنچە پۇل كىرگىلى تۇردى. تىراكتور ئۆز خىراجىتىنى ئۆزى قامدىغاندىن سىرت، كىرىم قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۆمەر خېلىلىنىڭ تىراكتور سېتىۋېلىشتىن بۇرۇنقى بىرتالاي تەشۋىش-لىرى يوققا چىقىپلا قالماي، قوشۇمچە كىرىم قىلىش ئارزۇسىمۇ يېرىم ـ يارتا ئەمەلگە ئېشىپ قالغانىدى.

كۆز كىردى. دەل ـ دەرەخلەر ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ سۆكۈتكە پاتتى. مول ھوسۇلدىن كېيىنكى ھاياجان تەبىئەت مۆڭلىرىگا قېتىلىپ ئەزگۈ تۇيغۇلارنى بەخش ئەتتى. ئا-دەم، تەبىئەت ۋە چوڭ ـ كىچىك جانلىقلار ئۆز غېمىغا چۆككەن بولۇپ، كېلىش ئالدىدىكى قىش پەسلىگە جابدۇنماقتا ئىدى. ئې-تىز ـ دالانى تىراكتورنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك تاتاتىلىغان ئاۋازى بىر ئالغانىدى. ئىسمايىل نەچچە كۈن ئاۋۋاللا ئۆزلىرىنىڭ كۆز-گى بۇغدايلىرىنى تېرىپ بولۇپ، ئارقىدا قالغان بىرنەچچە دېھ-قاننىڭ يېرىنى ئاغدۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر ئادەمدىن باشلاپ ھەممە جانلىقلار ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. يەنە قىرىق نەچچە كۈنلەردىن كېيىن قىش شىۋىرغانلىرى بېسىپ كېلەتتى. دالانى ئاپپاق قار قاپلايتتى. بىر قىسىم جانلىقلار ئۇ-چەككە كىرەتتى. دېھقانلارمۇ يېڭى يىلنىڭ باھار شامىلىغىچە سەۋر قاچىسىدا ئۆزلىرىنى بەزلەپ ياتاتتى. شۇڭا، بىر تال دان، بىر موچەن پۇل بولسىمۇ ئارتۇق تېپىش مۇھىم ئىدى. كۈن يانغا قايرىلغان بولسىمۇ، ئەتىگەندە قىلغان چىغ ناشتىلىق بىلەن تې-خىچە ئاچ قورساق ئىشلەۋاتقان ئىسمايىلنىڭ كۆزلىرى نۇرسىز-لىنىپ، بېشى قېيىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتتى. پۇت ـ قو-لى ماغدۇرسىزلاندى. مۇشۇ يەر تۈگىسىلا ئۇ ئىشنى يىغىپ ئۆيد-گە قايتاتتى. ھازىر تىراكتورنىڭ مېيىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قال-غانىدى. يەر ئىگىسى ئىمىن تۇردى قىر باغرىدىكى ئاپتاپقا قاق-لىنىپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى. «كاساپەت، شۇنداق مۈگدەپ ئولتۇر-غۇچە، دىككىدە ئۆيىگە بېرىپ بىر ـ ئىككى نان، بىرەر تاۋۇز

بولسىمۇ ئەكەلسىچۇ. ئۇنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاندۇ ھەر قاچان» دەپ ئويلىدى ئىسمايىل. ھازىر كۆزلۈك مېۋىلەر ھەممە يەردە مولچىلىق ئىدى. مەھەللىگە كىرسىلا باغ ـ باغلاردا مېۋىلەر تولۇپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ھازىر ئادەملەر چىڭقىپ كەتتى. باشقىلارغا بىر ـ ئىككى تاۋاق يەل ـ يېمىشنى بىكارغا بەرگۈچە، بازارغا ئاپىرىپ نەچچە كويچەنگە سېتىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بۇمۇ ئىقتىسادقا يۈزلىنىشنىڭ نامايەندىسى. شۇنداقلا ئادەملەردىكى بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىش، شەخسىيەتچىلىك، بېخىللىق ئىپادىلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى. بۇرۇنقىدەك بىر ـ بىرىنىڭ بېغىغا كىرىپ، مېۋىلەردىن خالىغانچە يەپ چىقىپ كېتىدىغان ئىشلار ھازىر قالمىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇ چاغلاردا باغ ھازىرقىدىن ئاز ئىدى. نەچچە كۈن ئاۋۋال مەكتەپتىن يانغان ئىككى بالا بىرىنىڭ يول بويىدىكى تاۋۇزلۇقىدىن بىر تاۋۇزنى ئۈزۈپ يەپ قويغانغا، تاۋۇز ئىگىسى كۆرۈپ قېلىپ ھېلىقى بالىلارنى كەنتكىچە سۈرۈپ بارغان ھەم كەنت كادىرلىرىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئەللىك يۇەن تۆلەتكەن. بۇنداق ئىشلار ھەر يىلى دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى.

شۇ ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئىسمايىل تىراكتورنىڭ رولىنى بۇراپ، ئېگىز ياغاچ سۆرەمنىڭ ئاستىدا يۈزى تاختايدەك سىلىقلانغان يەرگە رازىمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن قاراپ قويدى. ئىش ئاخىرلاشقانىدى. ئۇ قىر باغرىدا تېخىچە مۈگدەپ ئولتۇرغان ئىمىن تۇردىنى چاقىردى:

— ھوي ئىمىنكا، يېرىڭىزنى سۆرىتىپ بولدۇم. خۇددى ئەينەكتەك سىلىق چىقىپ كەتتى مانا.

ئىمىن تۇردى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قىر باغرىدىن تۇردى. كۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن، يېڭىلا سۆرەمدىن چىققان يەرگە تەكشى قاراپ قويدى.

— بوپتۇمۇ، ئاكا؟ — دېدى ئىسمايىل قىلغان ئىشىدىن پە-

خىرلىنىپ .

ئىمىن تۇردى گەپ ـ سۆز قىلماي ئىسمايىلنىڭ ئالدىغا كەلدى. چالا ئۇيقۇدا ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىشىپ ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.

— مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ، يەرنى تېيىز ئاغدۇرۇپ قويماقچىمۇ؟
غانسەن ـ ھە؟

ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى ئېغىز ماختاش سۆزلىرىنى تەمە قىلىپ تۇرغان ئىسمايىلنىڭ كۆڭلى خۇددى مۇچ يەۋالغاندەك ئاچچىققىنا بولۇپ قالدى.

— توۋا دەڭە، ئىمىنكا. مەنمۇ دېھقان، يەرنى قانداق ئاغدۇرۇشنى بىلمەيمەنما؟

— ئىتتىككىرەك بىكار بولاي دەپ شۇنداق قىلغان بولساڭمۇ بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ئىسمايىلنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاچ قورساق ئاران تۇرغان ئادەمگە بۇ ئوغىدەك گەپ تېخىمۇ ھار كەلگەنىدى.

— ئاھاي، نېمانداق مۇزغا داراڭگا ئاتقاندەك گەپ قىلىسىز، ئىمىنكا؟ ئىشەنمىسىڭىز يەرنى كولاپ بېقىڭ. مەن يا سىرتتىن كەلگەن ئادەم بولمىسام قاراپ تۇرۇپ ھىيلىگەرلىك قىلىدىغانغا، — ئۇ تىراكتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، سەكرەپ يەرگە چۈشتى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن يېڭىلا سۈرىتىلگەن يەرنى تىلغاشقا باشلىدى، — مانا قاراڭ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپتىمەنمۇ؟ بولمىسا سىزمۇ كولاپ بېقىڭ.

ئىمىن تۇردى قىرغاقلىرىدىن تەر ئۆرلەپ كەتكەن كەتمەن شەپكىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ ھىجايدى.

— بولدى، بولدى. چوڭقۇر ئاغدۇرغاندەك قىلىسەن.

— ئەمىسە رازى بولدىڭىزمۇ؟

— رازى بولدۇم، بىراق ھازىر پۇل يوق. قوناق ساتقاندا بېر-

رىمەن.

ئىسمايىل بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك ئىدى. دېھقان دېگەن يەر-دىن ئېلىپ يەرگە خەجلەيدىغان خەق. گەدىنىگە ئۆتسە بەرمەي ئا-مالى يوق. بۇگۈن بەرمىسە ئەتە، ئەتە بەرمىسە ئۆگۈن. بۇ يىل بەرمىسە كېلەر يىلى هامان بېرىدۇ. هېچبولمىسا ساتالمىغان قو-ناق، شاللىرىنى بەرسىمۇ هېساب.

— ئەمىسە، — دېدى ئىسمايىل ئۇنىڭ كېيىن يەنە تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — پۇلىنى دېيىشىپ قويايلى.

— دېيىشمىسەكمۇ يىللىقى ئوخشاشقۇ؟

— ياق، بۇ يىل ماي باھاسى بەكلا ئۆسۈپ كەتتى. شۇڭا، تىراكتورى بارلارنىڭ ھەممىسى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈۋاتىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئەجەب ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسمەي، تىراكتورنىڭ ئىش ھەققى ئۆسۈپ كېتىدىكىنە؟

— بۇنى مەن نەدىن بىلەي. ئاشلىقنى يا مەن سېتىۋالمىسام.

— شۇنداقتىمۇ، ئىنساب بىلەن ئىش قىلمامسەن مۇنداق.

— ماۋۇ تىراكتور ماي قۇيمىسا قۇرۇق ئىنسابقا ماڭمايدى-كەن، ئاكا.

— دېگىنە، نەچچە پۇل ئالسەن زادى؟

— بەش مو يېرىڭىزنى ئاغدۇرۇپ، سۆرەتكىنىمگە بىر يۈز ئەللىك يۈەن بېرىسىز.

— ماڭەۋاي ماڭقا. تېخى تۈنۈگۈن تىراكتور ئېلىپلا بۇگۈن ئەجەب نوچى بولۇپ كېتىپسىنا؟ سەن نەچچە پۇل دېسەڭ شۇنى بېرىدىغان تېرەكنىڭ غازىڭى ئەمەس بۇ.

— ئۇنداق ... پۇلغا چىقىنمىغان ئادەم، يەرنى تىراكتورغا ھەيدىتمەن دېمەي تىرنا سالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى ئىسما-يىلمۇ بوش كەلمەي.

— جېنىڭغا تۇشلۇق سۆزلە، ماڭقا. بىر قويمەن ئاغزىڭغا

بىكار.

— ئاپام كىچىكىمدە ماڭقامنى ئېرتىپ چوڭ قىلغان، ھازىر ماڭقام يوق. پۇل بەرمەك تەس كېلىۋاتامدۇ؟

ئىمىن تۇردى ئىسمايىلنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ، بۇرنىغا نوقۇدى:

— گېپىڭ ئەجەب يوغانغۇ؟ قورسىقىڭدا، بىز ئۈچ ئوغۇل دەپ يوغانلىق قىلىۋاتامسەن؟ سەندەك ئۈچ ماڭقىنى بىر سانايدىغان نوچىمەن جۇمۇ، بىلىپ قوي.

— نەچچە سانىساڭ سانىمامسەن، نوچى بولساڭ ئاۋۋال ئىشلىگەن پۇلۇمنى بەر، — دېدى ئۇنىڭ ئۆكتەملىكىگە ئاچچىقى كەلگەن ئىسمايىلمۇ سەنلەپ.

— ئەجەب سەنلەيسەنغۇ؟ بىقىنىڭ قىچىشىۋاتامدۇ، ماڭقا؟

— سەن سەنلىسەڭ مەن قاراپ تۇرامدىم ئەمىسە.

— تويە ... ماڭقا ...

ئىمىن تۇردى شۇنداق دەپلا يوغان مۇشتۇمى بىلەن ئىسمايىلنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى قويدى.

ئىسمايىل باياتىن بېرى ئىشنى ئىتتىكرەك تۈگىتىپ، ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىغان ئىدى. مانا ئەمدى ئىمىن تۇردىنىڭ ئۆكتەملىكى بىلەن ئۆزى خالىمىغان بىر جېدەلگە باغلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ «بىر ئاچقاندىن سورىماڭ، بىر ھارغاندىن» دەپ، قورساق ئېچىپ ماجالى قالمىغان بىر ئادەمگە بۇ مۇشت تولىمۇ ئېغىر كەلدى. چىدىغۇسىز خورلۇق ھېس قىلدۇردى. ئۇ بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتۈۋېتىپ ئىمىن تۇردىغا ھومايدى.

— نېمىدەپ ئۇرىسەن، ۋۇي جوھۇت؟

— نوچىلىق قىلساڭ تايىقىڭنى يەيسەن مۇشۇنداق.

— مېنىڭ قولۇممۇ ئاپامنىڭ ئىچىدە قالمىغان جۇمۇ.

— قالمىغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟

— مانا... مۇنداق ...

ئىسمايىل ئۆزىدىن خېلىلا ئېگىز كەلگەن ئىمىن تۇردىنىڭ كانىيىنى كاپپىدە بوغدى. ئۇلار تۇتۇشۇپ كەتتى. يۇمشاق ئېتىزدا بىرسى قوناق شېخىدەك ئىرغاڭشىيتتى. بىرسى چار خورجۇندەك ئۇنىڭ ياقىسىدا پۇلاڭلايتتى. ئاخىر ئىمىن تۇردى نەپەس ئالالماي خىرقىراپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىندىكىگە كېلىدىغان بۇ «ماڭقا»نىڭ بىلەكلىرىنىڭ مۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى. تاماكىنى تولا چېكىپ، نەپەس يوللىرى بۇزۇلغان ئىمىن تۇردى يەنە بىرپەس مۇشۇنداق تۇرسا جېنى چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باستى. ئىسمايىلنىڭ قولى خۇددى ئامبۇردەك بارغانچە چىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يېلىنماقچى بولدى، ئەمما چىڭ بوغۇلغان كانىيىدىن گەپ ئەمەس، بىر نەپەسنىڭ چىقىشىمۇ تەس ئىدى. ئىشلار خۇددى «پوققا چالما ئاتسا، ئۆزىگە چاچرايدۇ» دېگەندەك بولغانىدى.

بىركەمدە نېرىقى سالادا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز ۋارقىرىشىپ، ئارقىدىن چۈجە خورازلاردەك مۇشتلىشىپ كەتكىنىنى كۆرگەن بىر توپ كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئىككىسىنى مىڭ تەستە ئاجرىتىۋالدى. ئىسمايىلنىڭ تىرناقلىرى ئىمىن تۇردىنىڭ غاز بوينىدەك ئۇزۇن كانىيىغا چوڭقۇر پاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. نەپىسى يېتىشمەي، كۆزلىرى چانىقىدىن پۇلتىيىپ چىقىپ قالغانىدى. ئىسمايىلنىڭ قولى بوشىشى بىلەن تەڭ ئۇ خۇددى بوش تاغاردەك پۇرلاشقىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمانداق ئاتاڭدەك ئادەمنىڭ كانىيىغا ئېسىلىسەن؟ — دېدى كەلگەنلەردىن بىرسى ئىسمايىلنى ئەيىبلەپ.

— يېرىنى بىر بەلەن ئاغدۇرۇپ بەرسەم، پۇل بېرىشنىڭ ئورنىغا مېنى ئۇرۇۋاتسا تېخى. ئېسىلمامدىم ئەمىسە؟ — دېدى جىلە بولغان ئىسمايىلمۇ ھېلىقى كىشىگە يۈز - خاتىر قىلمايلا.

— بۇگۈن بەرمىسە ئەتە بەرمەمدۇ. ياكى بولمىسا، ئاتاڭ ئۆزى

بىرنېمە دېيىشەتتى.

— ئەمىسە بۇرنۇمنى يېرىپ، چىشلىرىمنى تۆكۈۋەتسىمۇ جىم تۇرسام بوپتىكەن ھە؟

— نېمە؟ ئۇ ئاۋۋال سېنى ئۇرغانمىدى؟

— ھەئە، ئىشنىڭ ئاق ـ قارىسىنى بىلىپ گەپ قىلمايسىز ئادەمگە.

— ھوي ئىمىناخۇن، بۇ ...

گەپ ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇلار بايىلا يەردە ئۆلۈكتەك ياتقان ئىمىن تۇردىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بايقاپ بولغۇچە، ئۇ قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر كەتمەننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پاراڭلىشىپ تۇرغانلارنىڭ سەل نېرىدىكى ئوتى ئۆچۈرۈلگەن تىراكتورنىڭ چوڭ چاقىغا زەرب بىلەن چاپتى.

— ھاي ...ھاي ... ئىمىناخۇن ... ئۇنداق ...

توسقانلار ئۈلگۈرەلمىدى. ماۋۇلارنىڭ پارىڭى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىسمايىل ئەمدىلا ئېسىنى تېپىپ يۈگۈرۈپ بارغۇچە، ئىمىن تۇردى چاقماقتەك تېزلىكتە كەتمەن بىلەن چوڭ چاقنى يەنە بىرنەچچىنى چېپىشقا ئۈلگۈردى. چاق يېرىلدى. تىراكتور بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالدى.

— ۋۇي ئىت مىجەز ساراڭ، نېمىدەپ تىراكتورۇمنى چانايسەن. ئەكېلە كەتمەننى.

«ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، ئۆزىدىن كىچىك ئىسمايىلغا كۈچى يەتمىگەن ئىمىن تۇردى ئاچچىقىنى تىراكتوردىن ئالغانىدى. ئامراق تىراكتورىنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن ئادەمدەك قىڭغىيىپ تۇرغىنىغا ئىچى ئېچىشقان ئىسمايىل، بارغان پېتى ئۇنىڭ قولىدىكى كەتمەنگە ئېسىلدى.

— سېنىمۇ چانايمەن ھېلى، نوچى بولساڭ كېلە، ماڭغا.

ئىمىن تۇردى بايىلا يۈز بەرگەن مەغلۇبىيىتىنى ئۇنتۇپ، ئىسمايىل بىلەن يەنە تىركەشتى. ئۇ كەلگەنلەرنىڭ دەسلىپىدىلا

ئىسمايىلنى ئەيىبلەپ كەتكىنىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆ- زىگە يان بېسىشىغا ئىشىنىپ قالدىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

ئىسمايىل بىرلا كۆچەپ ئۇنىڭ قولىدىكى كەتمەننى تارتىۋالدى. بىسى پارقىراپ تۇرغان كەتمەن ئىمىن تۇردىنىڭ بېشىدا جەۋلان قىلدى. مۇبادا ياشراق بىرەيلەن ئېتىلىپ كېلىپ كەتمەننى تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئىمىن تۇردىنىڭ بېشىنىڭ نەچچە پارچە بولۇپ كېتىدىغىنىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلەتتى.

— قويۇۋېتىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى ئىسمايىل ئۇ كىشىگە بوي بەرمەي، — تىراكتورغا ئۆتكەن كەتمەن بۇ ساراڭغىمۇ ئۆتەمدىكىن، بىر كۆرەي.

— ئۇنداق قىلما، ئۇكام. كىچىك بولغاندىكىن ئېغىرراق بول.

— ھە، كىچىك بولغان گۇناھمىكەن؟ بۇگۇن زادى چانايمەن بۇ شادا پاچاق ساراڭنى.

ئىسمايىل شۇنداق تىركىشىۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋالغان ئىمىن تۇردى ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك خىرقىراشقا باشلىدى:

— نوچى بولساڭ كېلە، بۇرنۇڭنى ئىزىۋېتىمەن، ماڭا يانغىنىڭغا تويىسەن بۇگۇن!

ئىسمايىل كەتمەننى تاشلاپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. ئاڭغىچە باشقىلار ھاي - ھاي بىلەن ئىسمايىلنى توسۇۋالدى. ئىمىن تۇردى بىر توپ مۇھاپىزەتچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان كاتتىباشتەك توپ ئىچىدىن ئۇزۇن بويىنىنى سوزۇپ، ھە دەپ ئېغىزىنى بۇزۇپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇ قورقۇپ تۇرسىمۇ ئېغىزىمنى يۇماي دېگەننى ئويلىمايتتى.

شۇ ئارىدا خۇددى بىرسى خەۋەر قىلغاندەك بۇ يەرگە ئۇمەر خېلىل كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى باشقىلارنىڭ قولىدا ياۋا توشقاندەك توختىماي يۇلقۇنۇۋاتقان ئوغلىنىڭ ئېغىز - بۇرنىدى-

كى قانغا، ئاندىن بىر چەتتە چاقى يېرىلىپ قىڭغىيىپ قالغان تىراكتورغا چۈشتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئازراق پەرەز قىلىپ ئۈلگۈردى. ئۇنى كۆرۈپ ئىسمايىلنى تۇتۇۋالغانلارنىڭ قولى بو-شىدى، ئىسمايىلمۇ پەسكويغا چۈشتى.

— قانداق بولۇپ ... — دېدى ئۆمەر خېلىل بىردە ئوغلىغا، بىردە توپ ئىچىدە ئاق سەگىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئىمىن تۇر-دىغا كۆز سالغاچ، — يەرنى ياخشى ھەيدىيەلمىدىڭمۇ، بالام؟ ئى-مىناخۇننىڭ چېشىغا تەگكەن ئوخشىمامسەن؟

— ياق، ئاتا، — دېدى ھە دېسىلا ئۇۋالچىلىققا قېلىۋاتقىنى-غا چىدىمىغان ئىسمايىل بوغۇلۇپ، — ئىشنى ئۇ رازى بولغۇدەك قىلدىم. پۇلنى قوناق سېتىپ بېرىمەن، دېدى. ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. شۇ ... ئىش ھەققىنى جىق دەۋەتتىڭ دەپ مەن بىلەن ئۇ-رۇشۇپ ...

— بوپتۇ، ھېچ گەپ يوق. ئۆيگە قايت، بالام.

— لېكىن، ئاتا ... ئۇ تىراكتورنى چانىۋەتتى. ھەيدىگىلى بولمايدۇ.

ئۆمەر خېلىلنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ سەل چۆچۈگەن ئىمىن تۇردى ئۇنىڭمۇ بالىسىنى باسقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئەدەشكە باشلىدى.

— ھە، چانايمەنغۇ. تېخى ماۋۇلار تۇتۇۋالمىغان بولسا سېنى-مۇ چانايتتىم، ماڭقا. ئاتاڭ كەلسىمۇ قورقمايمەن.

ئۆمەر خېلىلنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ ئاچچىقى كەل-سىلا مۇشۇنداق قىزىرىپ كېتەتتى.

— خاپا بولماڭلا، ئىمىناخۇن، — دېدى ئۇ ئىمىن تۇردى-نىڭ ئالدىغا بېرىپ، — بالا كىچىكلىك قىپتۇ.

ئەمدى ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلغان ئىمىن تۇردى توپ ئى-چىدىن چىقتى.

— مەن بۇ مەھەللىدە ھېچكىمگە بوزەك بولۇپ باقمىغان،

مۇشۇ ماڭقا جىنىدا كانىيىمگە ئىسىلىپ يۈرىدا.

— ئەمدى ئۆزۈڭلىگە هاي بېرىڭلا، — دېدى ئۆمەر خېلىل. ئۇنىڭ ئىغىر تەلەپپۇزىدىن ئاران - ئاران تۇرۇۋاتانلىقىنى هېس قىلغىلى بولاتتى. بىراق، يا قارىشىپ تۇرغانلار، يا ئىمىن تۇردى بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىدى. ئۇلار ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغىنىمۇ پەرەز قىلىشمىغانىدى.

— بۇ ماڭقىلىرىنى ئوبدانراق ئەدەپلەپ قويسىلا، ھەرقانچە ئۈچ ئوغۇللىرى بولسىمۇ ...

بەخىراماان سۆزلەۋاتقان ئىمىن تۇردى، كۇچلۇك بىر قولنىڭ كانىيىغا قانداق يېپىشقىنىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇ ئىسىنى تاپقاندا بايىقىدەكلا نەپسىنىڭ بوغۇلۇۋاتانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ پۇلتىيىپ كەتكىنىنى سەزدى. بۇ قول بايىقىدىنمۇ كۇچلۇك ۋە قاتتىق ئىدى.

— ھۇ سېرىق بەزگەك، هاي دەپ تۇرسام نىمانچە ئەڭشەيسەن؟ بالامنى ئۇرۇپسەن، تىراكتورنى كاردىن چىقىرىپسەن. يەنە قانداق قىلساڭ بولاتتى؟ ئۈچ ئوغلۇم بار دەپ قاچان ساڭا زورلۇق قىلغان يېرىم بار؟ مۇشۇنداق كۆكەرمىلىك قىلىپ تۇرۇۋالسام، مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم مەندىن قورقىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ خەقنىڭ ئەسكى بىلەن تەڭ بولمايلى دەپ يول قويغىنى سەندىن قورققىنىمىكەن؟

تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر بىرپەستىن كېيىن ئېسىگە كەلدى، ئۇلار ئالدىراپ ئۆمەر خېلىلنىڭ ئىمىن تۇردىنىڭ كانىيىغا كىرىشىپ كەتكەن قولىنى بوشىتىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، ئۆمەر خېلىلنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەنىدى. گەپ كار قىلمايتتى. ئۇ ئىمىن تۇردىنى سۆرىگەن پېتى تىراكتورنىڭ يېنىغا ئاپاردى.

— ماۋۇ تىراكتورغا ئىگىچە - يەڭگىلىرىڭنىڭ ھەققى قېتىلىپ قالغانمىدى؟ نېمىشقا چانايسەن؟

ئىمىن تۇردىنىڭ گەپ قىلغۇدەك ھالى يوق ئىدى. چىرايى كۆكىرىپ، تۆمۈردەك قارىداشقا باشلىغانىدى. خۇدانىڭ ھاۋاسىنىمۇ قېنىپ بىر شوراشقا قۇربى يەتمەيتتى. غەزىپى تاشقان ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ بېشىنى تىراكتورنىڭ يېرىلغان چاقىغا شالاق - شۇلۇق قىلىپ بىرنەچچىنى ئۇستۇرۇۋەتتى. شۇ ھامان قولى قانغا بويالدى. ئۇنىڭ نەرىنىڭ يېرىلغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت ئۆمەر خېلىلنىڭ قولىدىن بوشاپ، يۇمشاق يەرگە ئوڭدىچە چۈشكەندىلا قىپقىزىل قانىنىڭ ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. قاراپ تۇرغانلارنىڭ چىرايى تاتاردى. ئەمدى ئاجرىتىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئىمىن تۇردىنىڭ يەرگە يىقىلىشى بىلەن جېدەلمۇ ئاخىرلاشقانىدى. بىر ھېسابتا ئاخىرقى جېدەلنى ئىمىن تۇردى ئۆزى تىلەپ تاپقانىدى.

ئەزەلدىن ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالمىدىغان ئۆمەر خېلىل، بۈگۈن مىجەزىگە ماس كەلمىگەن بىر ئاچچىققا يول قويغانىدى. ئاچچىقى يېنىپ، ئەسەبلىرى بوشاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىنى پۇشايمان تۇمانلىرى قاپلىدى. ئۇ ئېغىز - بۇرنى قانغا بويىلىپ، يەردە بىچارىلەرچە ئىڭراپ ياتقان ئىمىن تۇردىغا بىردىنلا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراپ قويدى. ئاچچىق نېمىنى دېگۈزمەيدۇ، نېمىنى قىلدۇرمايدۇ. ئاچچىقنىڭ خۇشاللىقنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلسىمۇ، ئۇنى يېڭىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. نۇرغۇن ياخشى ئىشلار ئاچچىقنىڭ كاساپىتى بىلەن ۋەيران بولاتتى. ۋەيران بولغان نەرسىدىنمۇ كېيىنكى پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈش ئادەمنى بەك ئازابلايتتى.

ئېتىز يولىدىن موتوسىكلىتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ كۆڭۈلسىز جېدەلدىن تۇيغۇلىرى قېتىپ قالغان كىشىلەر بىئاراملىق ئىچىدە بۇرۇلۇپ قاراشتى. كېلىۋاتقىنى كەنت ساقچىسى ئىدى. ئۇلار شۇنداق بولۇشىنى ساقلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يېقىن كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. كەنت ساقچىسى

موتوسىكلىتنى يول ياقىسىدا توختىتىپ قويۇپ، يۇمشاق يەردىكى توپىغا كىچىپ ماڭغىنىچە ئۆلارنىڭ يېنىغا كەلدى.
— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئۇ كەسپىي ئادىتى بويىچە.
— بۇلار جېدەللىشىپ قالدى.
كەنت ساقچىسى ئېغىز - بۇرنى قانغا بويالغان ئىمىن تۇر - دى، ئىسمايىللارغا قارىدى. چاقى يېرىلغان تىراكتورنىمۇ كۆر - دى. شۇ ئارىدا ساقچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن روھلانغان ئىمىن تۇر - دى ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ يىغلامسىراشقا باشلىدى:
— قاراڭ، ئۇكام، ماۋۇ ئاتا - بالا ئوغرىلار مېنى ئۇرۇپ ... — ئۇ قاچانلاردا قولىغا ئېلىۋالغان قان ئارىلاش چىشىنى كۆرسەت - تى، — ئىككى تال چىشىمنى سۇندۇرۇۋەتتى. ماڭا ئىگە بولۇڭ، ئۇلارنى قولغا ئېلىڭ. قانۇندا بىر تال چىشقا ئىككى يىل جازا كېلىدىغۇ؟!
ساقچى يىگىت ئۆزىگە قانۇندىن دەرس سۆزلەۋاتقان مۇنۇ كىشىنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئىچىدە كۈلگۈسى كەلدى. لېكىن، ئۇ - نىڭدا نەق مەيداندا كىشىلەرگە ئۇنداق - مۇنداق دەپ جازا ھۆكۈم قىلىدىغان ھوقۇق يوق ئىدى. ئادەتتىكى جېدەل - ماجىرا بول - سىمىغۇ ئىككى تەرەپنى مۇرەسسەلەشتۇرۇپ بىر ئىش قىلىپ كەتكىلى بولاتتى، بىراق بۇ خېلى مۇرەككەپ ئىشتەك تۇراتتى.
ئۇ ساقچىخانىغا تېلېفون قىلدى.

## 2

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. بازارلىق ساقچىخانىنىڭ نۆ - ۋەتچىلىك ئۆيىگە ياندىش تۆمۈر پەنجىرىلىك تار سولاقخانىسىدا ئۆمەر خېلىل، ئىمىن تۇردى، ئىسمايىللار پۈشۈلدىشىپ ئولتۇ - راتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ كېچە بىلەن تەڭ قاراڭغۇلىشىپ بار - ماقتا ئىدى. كەنت ساقچىسى تېلېفون قىلىپ بىرەر سائەتتىن

كېيىن، ئالا بالداق ساقچى ماشىنىسى ئۇشقىرتىپ سىگنال بەر-گىنىچە يېتىپ كەلدى. ئىككى ساقچى ماشىنىدىن چۈشۈپ، كەنت ساقچىسىدىن بىرەر قۇر ئەھۋال ئىگىلىدى - دە، ئۈچەيلەننى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ساقچىخانىغا كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى.

— ھازىرچە سولاپ قويۇڭلار، — دېدى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ساقچىخانا باشلىقى، — ئەتە بىر تەرەپ قىلىمىز!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇشۇ سولاقخانىغا سولاپ قويۇشتى. بۇ ئۆيگە چىراغ يورۇتۇلمىغان بولۇپ، پەقەت ياندىكى نۆۋەتچىلىك ئۆيىدىن چىققان توك چىراغىنىڭ يورۇقى بىر بۆلۈكىنى سۇس يو-رۇتۇپ تۇراتتى. نۆۋەتچى ساقچى پات - پات ئۇلارغا قاراپ قوياt-تى. ئۇ ھەر قېتىم بۇ تەرەپكە قارىغان ھامان ئىمىن تۇردى تۆ-مۈر شادىغا يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرايت-تى:

— مېنى ... مېنى قويۇۋېتىڭلار. مەن تاياق يېگۈچى تۇر-سام، نېمىدەپ مېنىمۇ سولاپ قويىسىلەر.

نۆۋەتچى ساقچى گەپ - سۆز قىلماي ئارقىسىغا ياناتتى. ئا-خىر ئىمىن تۇردىنىڭ داد - پەريادلىرىدىن بىزار بولغان ساقچى بۇ تەرەپكە قارىماس بولدى. ئۇلار قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئالاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قو-ياتتى. ئىمكانسىز بىر چەكلىمە ئىچىدە روھى كۆيەتتى. ئىچى سىقىلاتتى.

نۆۋەتچىلىك ئۆيىدە قويۇلۇۋاتقان تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى پەس-لەپ، ئالىلىكىملەرنىڭ گۈدۈك - گۈدۈكلىرى ئاڭلاندى، ئارقىدىن نۆۋەتچى ساقچى كېلىپ ئۇلار تۇرغان ئۆينىڭ چىرىغىنى ياندۇر-دى.

— ئۆمەر خېلىل!

ساقچىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغان ئۆمەر خېلىل ئۇ مېنى

قويۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى ـ دە، تۆمۈر شادىغا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەن ... مەن ...

— ئوغلىڭىز تاماق ئەكەپتۇ.

ساقچىنىڭ قولىدا بىر قاچا بار ئىدى. شۇ هامان ئۆمەر خې-لىلنىڭ بۇرنىغا تاماقنىڭ مەززىلىك هىدى ئۇرۇلدى. ساقچى ئىشىكنى ئېچىپ قاچىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرىشۈېتىپ سوراپ قويدى:

— ئوغلىڭىزغا دەيدىغان گېپىڭىز بارمۇ؟

ئۆمەر خېلىل نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. بىراق، تۇرۇپلا قايسى ئوغلىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى.

— قايسى ئوغلۇم ئىكەن، سوجاڭ؟

ساقچى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى. ئۇ ئۆمەر خېلىلنىڭ بىھۇدە سوئالىغا كۈلۈۋاتامدۇ ياكى دېھقانلارنىڭ هەر-قانداق ساقچىنى «سوجاڭ» دەپ چاقىرىدىغان ئادىتىگە كۈلۈۋاتام-دۇ، بىلىپ بولمايتتى.

— سوراپ باقماپتىمەن، — دېدى ساقچى، — ئاۋۋال تاماق يەڭلار، هازىرچە كىمنىڭ كېلىشى مۇهىم ئەمەسقۇ دەيمەن.

ئۇ ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى. باياتىن بېرى غەم، تەش-ۋىش ئىچىدە قورساقنىڭ ئېچىشىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىسمايىل تاماقنى كۆرۈپلا تۇرالماي قالدى. ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كې-يىن هازىرغىچە هېچنېمە يېمىگەنىدى. ئۆمەر خېلىل تونىكە قا-چىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى. تېخى ئىسسىقى كەتمىگەن پولۇ ۋە ئۈستىدە چوڭ بىر پارچە گۆش بار ئىدى. قاچىنىڭ بېغىغا لىق چاي قاچىلانغان بىر تال چاي قۇتىسى ئېسىپ قويۇلغانىدى.

ئۆمەر خېلىل بۇلۇڭدا پۇشۇلداپ ئولتۇرغان ئىنىسى تۇردىغا قارىدى. ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا بىردەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بىر ئادەمنى قارىتىپ

قويۇپ تاماق يەپ ئولتۇرۇش ئادەمگەرچىلىككىمۇ توغرا كەل-
مەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىقى جېدەل - ماجىرالار ئۇنىڭغا
بىر دەملىك بىمەنە ئويۇندەكلا تۇيۇلاتتى. كۆڭلىدە ئۇنىڭ بىلەن
يارىشىپ قېلىش ئىستىكىمۇ تۇغۇلۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئاۋۋال ئىغىز
ئېچىپ كۆڭلىنى بىلدۇرگۇسى كېلىپ قالدى.

— كېلىڭلا، تاماق يەيلى، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئىمكان بار
سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ.

ئىمىن تۇردى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. كۆزلىرى-
دىن ئۆچمەنلىك، ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— قورسىقىم توق، — دېدى ئۇ سوغۇقلا.

— بىز بىر مەھەللىلىكقۇ؟ بۇ خاپىلىقمۇ تۈگەپ، يەنە سالام -
سەھەت قىلىشىپ ئۆتىدىغان گەپ. ئاداۋەت تۇتۇش ياخشى ئىش
ئەمەس. كېلىڭلا ...

— مەن چىشىمنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئادەم بىلەن بىر قاچىدا
تاماق يېمەيمەن.

ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭغا گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىغا
كۆزى يېتىپ جىمىپ قالدى. شۇ ئارىدا ئىسمايىل ئاتىسىنى ئال-
دىرىتىشقا باشلىدى:

— بولدى، ئاتا. ئۆزىمىز يەۋېرەيلىچۇ، قورسىقىم بەك ئې-
چىپ كەتتى.

ئۆمەر خېلىل چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ تاماق يېيىشكە تۇ-
تۇندى. لېكىن، كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىغاندىكىن ئىشتىھا بوغۇ-
لۇپ، تاماقمۇ تاماق بولمايدىكەن. ياش ئەللىكتىن ئاشقاندا باش-
قىلار بىلەن ئۇرۇشۇش، يەنە ساقچىخانىدا سولاقتا يېتىش ئۇنىڭ-
غا هار كەلمەكتە ئىدى. «ئاچچىق شەيتاننىڭ پەيلى» دەيدۇ بو-
ۋىلار. ئاشۇ بىر دەملىك ئاچچىق مانا مۇشۇنداق بىرمۇنچە كۆڭۈل-
سىزلىكنى تېپىپ بەردى. شۇغىنىسى گاھىدا سىنىڭ ئۇرۇشقۇڭ
بولمىسىمۇ باشقىلار مەجبۇرلاپ قويىدىكەن، ناۋادا ھەممە ئادەم

ئۆمەر خېلىلدەك ئويلىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ــ ھە؟! يامان بولماق بىردەملىك، لېكىن رەنجىگەن، ئازار يېگەن كۆڭۈل-نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بەسى مۈشكۈل ئىش.

— ئاتا، سىزمۇ يەڭ.

خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئۆمەر خېلىل ئوغلىنىڭ چاقىرىشى بىلەن سەل ئېسىگە كەلدى.

— قورسىقىم ئاچمىدى، بالام، سەن يەۋەرگىن.

ئاتىسىنىڭ غەمكىن تۇرقىغا قاراپ ئىسمايىلنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— سىزگە خاپىلىق تېپىپ بەردىم، مېنى كەچۈرۈڭ، ئاتا، — ئىسمايىل سۆزلەۋېتىپ بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئىمىن تۇر-دىغا قاراپ قويدى، — ئىشىنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىشىنى ئويلىماپ-تىمەن. يا ماۋۇ ئادەممۇ بىر كىشى ئارقىسىدىن ئىتتەرگەندەك توختاپ قالاي دېمىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىمىن تۇردى ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويدى، ئاندىن چۈشكۈرگەندەك شەپە چىقىرىپ دىمى-قىنى قىېقىۋېتىپ، باشقا بىرنېمە دېمىدى.

— بولىدىغان ئىش بولدى، — دېدى ئۆمەر خېلىل خورسى-نىپ قويۇپ، — باشقا كەلگەننى كۆرمەي چارە يوق.

ئاتىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى پەم-لىگەن ئىسمايىلنىڭ كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. كۈندۈزى ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئۈشقىرتىپ سىگنال بەرگىنىچە ئېتىلىزغا بېرىشى، ئۇلارنى مەھەللە ــ جامائەتنىڭ كۆزىچىلا ماشىنىغا سې-لىپ ئېلىپ مېڭىشى بەك سۈرلۈك بولغانىدى. جىنايەتچى بولۇش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ــ ھە؟! ئىسمايىل كىنولاردا پۇت ــ قولىغا كويزا ــ كىشەن سېلىنىپ، ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە كېتىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى كۆپ كۆرگەنىدى. بىراق، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆ-زىنىڭ گەرچە ئۇنداق كويزا ــ كىشەن سېلىنمىسىمۇ، ئالا بالداق

ساقچى ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، سولاقخانىغا ئەكېلىنىدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تەشۋىش قاپلى. دى. بىر ئۆيگە قامىلىش ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنىسىمۇ، لېكىن ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئەركىنلىكتىن ئايرىلىش بەك ئازابلىق ئىدى. ئاشۇ بىر دەملىك جېدەل سەۋەبلىك مۇشۇ كۆڭگە قالغىنىنى ئويلىغىنىدا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەندى. تىنچ. لىق، خاتىرجەملىك نېمىدېگەن ياخشى. مۇشۇ ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇ ھازىر ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرغان بولاتتى. ئاتىسىمۇ قاراڭغۇ ئۆيگە قامىلىپ خورلۇق تارتمايتتى. بولۇپمۇ بۇ ئىشقا ئاتىسىنىمۇ سۆرەپ كىرگىنىنى ئويلىغىنىدا ئۇ ئۆزىگە بەكلا ئاچچىقى كەلدى. «مۇشۇ گازگۈن ئوغرى بىلەن تەڭ تۇرمىسام نېمە بولار ئىدى. بەرگىنىڭنى بەر دەپلا كېتىۋەرگەن بولسام، مۇشۇ ئىشمۇ يوق. ناھايىتى شۇ كەتسە يىگىرمە ئوتتۇز يۈەننىڭ ئىشى. ئەمدىچۇ؟ خەقتىن تاياق يېدى، تىراكتور بۇزۇلدى، ساق. چىخانىغا سولاندى. ئەتە يەنە قانداق كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ بولى. دىغانلىقى نامەلۇم. ئىمىن تۇردى تېخى بىر چىشقا ئىككى يىل جازا كېلىدۇ، دېگەندەك بىر گەپنى قىلىپ يۈرىدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنىڭ قۇرت يەپ تەييار بولغان ئىككى تال سېسىق چىشى ئۈچۈن تۆت يىل تۇرمىدە ياتىدىغان گەپ ئىكەن. ئاتىسىنى تۆت يىل كېسىۋەتسە قانداق بولىدۇ. راستلا شۇنداق بولسا بۇ ئىسما. يىلنىڭ تۈگەشكىنى ئەمەسمۇ.»

ئىسمايىلنىڭمۇ ئىشتىھايى بۇغۇلدى. يىغلىۋېتىشتىن ئۆزد. نى ئاران بېسىپ تۇردى. ئىشلارنىڭ يامان تەرىپى ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ تۇرسىمۇ، ئاتىسىدىن ئازراق بولسىمۇ تەسەل. لىگە ئېرىشىشنى ئويلاپ شۇنداق سوراپ قويدى:

— ئاتا، ئەتە ئۇلار بىزنى قويۇۋېتەرمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۆمەر خېلىل، ئۇ ئوغلىدىكى ۋە. ھىمىنى ھېس قىلغانىدى، — ناۋادا ... ناۋادا جازالايمىز دەپ

قالسا سەن چىقىپ كەت. بۇ دەردنى مەنلا تارتاي.

ئىسمايىلنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلىپ قالدى. ئاران تۇرغان كۆز ياشلىرى تاراملاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— ياق... ئاتا ...

— شۇنداق قىل، سەن تېخى كىچىك. تۈرمىدە ياتساڭ بولمايدۇ.

— سىزنى بۇ يەردە قويۇپ چىقىپ كەتكىنىمدىن، ئۆلگىنىم ياخشى، ئاتا. سىز چىقىپ كېتىڭ، مەن قالاي.

— ياق، گېپىمنى ئاڭلا. مەن دېگەندەك بولسۇن.

— ھېچبولمىسا... سىز بىلەن قالىمەن.

ئۇلار خېلى ئۇزاق تالاشتى، بىراق بىرلىككە كېلەلمىدى. ئوغلىنى قايىل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئۆمەر خېلىل چوڭقۇر خورسىنىپ قويۇپ جىمىپ قالدى.

— ئەتە بىر گەپ بولسۇن، — دېدى ئۇ ئاخىر ئىسمايىلنى بەزلەپ، — ئىشلار ئۇنداق يامان تەرەپكىمۇ كەتمەس.

— ئاتا ...

— بۇ ئاشنى يەۋەتكىن، بالام، قورساق ئاچ بولسا كۆزۈڭگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

ئۇ ئېغىزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن، بۇ كېچە كۆزگە ئۇيقۇ كېلىش يوق گەپ ئىدى.

شۇ ئارىدا نۆۋەتچى ساقچى كېلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى.

## 3

ئۇلار تاڭ سەھەرنى خامۇشلۇق، ئازاب ئىچىدە كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ ئۆمەر خېلىل مەسچىتتىن كىرىپلا كالا - قويلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋېتىپ، ئېتىزغا ماڭاتتى. سەھەرنىڭ ساپ

ھاۋاسى دېھقانغا ناشتا، دېھقاننىڭ روھى ئېتىز ـ دالادا كۆكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ سالمى تەبىئەتكە، تەبىئەتنىڭ سالمى ئۇلارغا. بۇ ئىشلار ئۆمەر خېلىلغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، بۈگۈن ئۇ كالا ـ قويلىرىغا قارىيالمىدى، ئېتىزغا بارالمىدى. تۆمۈر پەنجىرە ئىچىدە ئولتۇرۇپ، سىرتتا ئاڭلىنىۋاتقان سەھەرنىڭ شاۋقۇن ئاۋازىغا ئۆكۈنۈش ئىچىدە قۇلاق سالدى. بىر كېچىلىك قاملىش ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئازاب ھېس قىلدۇرغانىدى. ئۇ يەنە ھېچكىمدىن رەنجىشكە ھەققى يوقلۇقىنىمۇ تونۇپ يەتتى. ھەتتا ماۋۇ تېخىچە ئاخشام ئولتۇرغان پېتى مىدىرلىمىغان ئىمىن تۇردىدىنمۇ شۇنداق ئىدى. چاۋاك ئەلۋەتتە بىر قولدىن چىقمايدۇ، شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ. بىراق، چوقۇم بىر تەرەپ ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولۇشى كېرەك. تار كۆۋرۈكتە ئىككى تېكە يول تالاشسا چوقۇم ئىككىلىسى سۇغا غەرق بولىدۇ. ھايات بۇنداق تالىشىشتا ئەمەس، ئەپۇچانلىق، يول قويۇش، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ. تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىدۇ. ئۆمەر خېلىلنىڭ ئاتىسى ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن باشلاپ مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئىدى. تاڭ سەھەردە كىشىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، گۈزەل بىر تاڭنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىراتتى. ھەرقانداق ئادەمگە ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى. چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيتتى. كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلاتتى. ئەڭ جاھىل كىشىنىمۇ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇرۇش ـ جېدەلدىن رايىنى قايتۇراتتى. يۇقىرىدىكى سۆزلەرمۇ ئۆمەر خېلىل ئۈچۈن ئاتا مىراس نەسىھەت ئىدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا بۇ نەسىھەتكە ئەمەل قىلاتتى. شۇڭا، ھازىرغىچە بىرەر ئادەم بىلەن قاتتىقراق سەن ـ پەن دېيىشىپ قالغىنىنى ئەسكە ئالالمايتتى. باشقىلار بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىش ھەرگىز قالتىسلىق ئەمەس. بىراق، تۈنۈگۈن ئۇ ئازدى. ماۋۇ ئىمىن تۇردى دېگەن ئادەمنىڭ ئەسلىدىلا بىغەرەز، ئىش ئۇقمايدىغان كىشى ئىكەنلىكى

نى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشتۈردى. ئاقىۋەت ياتقان جايى مۇشۇ بولدى. يامانلىقنى يامانلىق بىلەن تۈزىگىلى بولمايدۇ. ياخشى ئادەم يامان ئادەمنىڭ كاساپىتىگە كەتسە ئۇۋال ئەمەسمۇ. بۇ خۇددى تىكەننى كۆرۈپ تۇرۇپ دەسسىگەندەكلا بىر ئىش ئىدى.

ھويلىدا ئىشقا كەلگەن ساقچىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى كۆ- پەيدى. يوقلىما قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ماشىنا، موتوسىكلىتلار گۈركىرىدى. ئاخىر بىر ساقچى كىلىپ ئۇلار تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— سىرتقا چىقىڭلار!

ئۆمەر خىلىل ئورنىدىن تۇردى. كىچىچە كۆز يۇممىغان ئىسمايىل سەھەرگە يېقىن مۈگدەپ قالغانىدى. ئۆمەر خىلىل ئوغلىنى يېنىك تۈرتتى. ئىسمايىل ئىتتىك كۆزىنى ئىچىپ، ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قارىدى. ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى بايقىغاندىن كىيىن، لاسىدە بولۇپ قالدى.

— تۇر، ئوغلۇم، — دىدى ئۆمەر خىلىل، — سىرتقا چىقاي- لى.

ئىسمايىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىغا يانداشتى. ئىمىن تۇردى مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھوي، تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن، ئۇخلاۋەرمەي.

ئىمىن تۇردى ئۇخلىمىغانىدى. بىر كىچىلىك قامىلىش ئۇ- نىمۇ ئوبدانلا ئازابلىغان، روھى زەربە يېگەنىدى. مەنمەنچىلىك، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى قالتىس قەھرلىك كۆرسىتىشىنىڭ پەقەت ئۆز سايىسىغا كىيىم كىيدۈرگەندەكلا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپمۇ يەتكەنىدى. نەدىمۇ سايىگە كىيىم كىيدۈزگىلى بولسۇن؟ ئۇ ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆز خىيالىڭ ئۆزۈڭگە. ئادەمدە ئەركىنلىك بولمىسا ھەممىسى بىكار. ئۆزىنى ئۆزى مەھكۇملۇققا گىرىپتار قىلغان ئادەم ئەڭ

ھاماقەت. كاللىسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلىك خىياللار ئۇنى ئەنە شۇنداق گاراڭشىتىپ، بىردىنلا ئاڭقاۋ، ئېسىنى يوقاتقان بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. كۆزلىرى قىشتىكى دېرىزىدەك سوغۇق، نۇرسىز، ئىپادىسىز ئىدى. ساقچىغا خۇددى غەلىتە مەخلۇققا قارىغاندەك قارايتتى. ئۇ سەل دەلدەڭشىپ رەك توختاپ قالدى. ئاندىن قەپەستىكى قۇشتەك ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ساقچى ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا ئەجەبسىنىپ، ئارقىسىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ھويلىغا چىقىپ قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي تۇرغان ئۆمەر خېلىل ئاتا ـ بالىنى يەنە بىر ساقچى چاقىردى.

— ئاۋۋال ھاجەتخانىغا بېرىپ كېلىڭلار، كېچىدىن بېرى قىستاپمۇ قالغاندۇ. ھاجەتخانا ئاۋۇ تەرەپتە ... — ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغۇچە، ئىمىن تۇردى مەڭدەپ قالغان ئادەمدەك لاقا ـ لۇقا دەسسەپ ھويلىغا چىقىپ كەلدى، ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھە، سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ. ھازىر ھەممىڭلاردىن گەپ سورايمىز.

ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئىمىن تۇردى ئىشخانىغا چاقىرتىلدى. ئىشخانىدا تۈنۈگۈن ئۇلارنى مەھەللىدىن ئەكەلگەن ئىككى ساقچى بار ئىدى.

— ئىسىم ـ فامىلىڭىز نېمە؟

سوراق شۇنداق باشلاندى. ئىمىن تۇردى دەسلەپتە بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن قورقۇنچ ئىچىدە ساقچىلارغا سەپسالدى. خۇددى سوت ئۈستىدە تۇرغان جىنايەتچىدەك پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە قاپلىدى.

— بىر كېچە... مەن... مەن... ئۆيگە كېتەي. ئۇلارنىڭ پولىنى بېرىمەن... ئۇنداق قىلماڭلار ... مېنىڭ ... تور-

مىدە ياتقۇم يوق. ئەمدى قەتئىي ئۇرۇشمايمەن.

ئۇنىڭ تاقىا ـ تۇقىا گەپلىرى ساقچىلارنىمۇ دەماللىققا مەڭـ دىتىپ قويدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ چۈشەندۇـ رۇشكە باشلىدى:

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، بىز سىزنى تۇرمىگە سولايمىز دېمىدۇق. پەقەت ئىشىنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىپ باقماقچى. شۇنىڭغا قاراپ سىلەرنى بىر تەرەپ قىلىمىز. چىرايلىق كېلىشىپ قالـ مىز دېسەڭلار، كېلىشتۇرۇپ قويىمىز. ھازىر سورىغان سوئاللىـ رىمىزغا جاۋاب بېرىڭ.

ئىمىن تۇردى ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئويلىنىۋاتقاندەك بىر پەس بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈـ رۈپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە غۇدۇرىغاندەك سۆزلەشكە باشـ لىدى:

— مەن... مەن... مەن ياخشى ئادەم.

— ئاۋۋال ئىسىم ـ فامىلىڭىزنى دەڭ؟

— ئىمىن تۇردى.

— نەچچە ياش؟

— ئەللىك ئىككى ياش.

— تۇرۇشلۇق جايىڭىز؟

— توقسۇن كەنتى، بۇلابېشى مەھەللە.

— ئۆمەر خېلىل ئائىلىسى بىلەن نېمە سەۋەبتىن ئۇرۇشۇپ قالدىڭلا؟

— مەن ... ئۇ... يەر ئاغدۇرۇپ ...

— داۋامىنى دەڭ.

— شۇ ... ئۇرۇشتۇق. مەن ئۇردۇم، ئۇمۇ ئۇردى ... تىراكـ تورنى چانىۋەتتىم ... ئىككى تال چىشىم سۇنۇپ ... كەتتى.

ئىمىن تۇردىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى تازا چاك باسمىغان بولسىمۇ، ساقچىلار ھەرھالدا ئىشنىڭ جەريانىدىن ئاز ـ تولا خەـ

ۋەر تاپتى. ئارقىدىن ئىسمايىل، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر خېلىل چاقىرتىلدى. ئىش ئاساسەن ئايدىڭلاشتى.

— مۇرەسسە قىلىپ قويساق قوشۇلامسىلەر؟ — دېدى ساقچىلار ئاخىرىدا ئىمىن تۇردىدىن سوراپ.

— مۇرەسسە؟

— ھەئە، نېمىلا دېگەنبىلەن ئىككىڭلار بىر مەھەللىدىن ئىكەنسىلەر. كېيىنكى ئىشلارنى ئويلىغاندا، ئۆزئارا كېلىشىپ قالساڭلار ياخشى.

ئىمىن تۇردىنىڭ كاللىسىدا بۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش، ئاداۋەت تۇتماسلىق ... دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى. پەقەت بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەتكۇسى بار ئىدى، قاراڭغۇ ئۆيدە چەكسىز غېرىبلىق، تەنھالىق ئىچىدە ئازابلىنىپ يەنە بىر ئاخشام ياتقۇسى يوق ئىدى. چىشلىرىنىڭ دەردىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. بىر كۈن بولسىمۇ ئۆز رايى بويىچە تىنچ، خاتىرجەم ياشىغۇسى بار ئىدى.

— سىلەر ... نېمە دېسەڭلار شۇ، — دېدى ئۇ ئاغزىنىڭ يىغىلىپ قالغان تۈكۈرۈكىنى قاتتىق ئاغرىپ تۇرۇۋاتقان گېلىدىن تەستە ئۆتكۈزۈپ.

دەۋاگەر ۋاز كەچكەن بولغاچقا، ساقچىلار بىردەم مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، تېزلا قارار چىقاردى. قاراردا: ئىمىن تۇردى ئۆمەر خېلىلغا يەر ئاغدۇرۇش ھەققىنى بېرىش، تىراكتورنىڭ چانىۋەتكەن چاقىنى تۆلەش. ئۆمەر خېلىل ئىمىن تۇردىنىڭ ئىككى تال چىشىنىڭ ئورنىغا سۇنئىي چىش سالدۇرۇپ قويۇش، مۇۋاپىق داۋالىنىش خىراجىتى بېرىش. ئىسمايىلنى ئون بەش كۈن توختىتىپ قويۇش، ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. يەنە مۇبادا تەرەپلەر قايىل بولمىسا ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىگە نارازىلىق پىكىر بەرسە بولىدۇ، دېيىلگەنىدى.

— قانداق، — دېدى ساقچى ئۇلارغا تەكشى قاراپ چىقىپ، —

مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلساق قايىل بولامسىلەر؟

— قا... قايىل، — دېدى ئىمىن تۇردى ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرۈپ، — مەن ... كېتەي، كەتسەم بولامدۇ، سوجاڭ؟

— ئاۋۋال بۇ قەغەزلەرگە ئىمزا قويۇۋېتىڭ.

— مەن خەت يازالمايمەن.

— نېمە؟ مەكتەپتە ئوقۇمىغانما؟

— ئوقۇغان.

— ئەمىسە نېمىشقا خەت يازالمايسىز؟

— شۇ... يېڭى يېزىقچە ...

— هە، يازالايدىكەنسىزغۇ. يېڭى يېزىق بولسىمۇ مەيلى، ئىسمىڭىزنى يازسىڭىزلا بولدى.

ئىمىن تۇردى ئىنگلىزچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل يېزىق بىلەن ئىسمىنى يازدى.

— ئەمدى سىلەرمۇ... — دېدى ساقچى ئۆمەر خېلىل بىلەن ئىسمايىلغا يۈزلىنىپ.

ئۆمەر خېلىل بۇ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنى هەيران قالدۇرغان ۋە بىئارام قىلغان ئىش ئىمىن تۇردىنىڭ بىر كىچىدىلا باشقىچە بولۇپ قالغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ تۇنۇگۈنكى ئۆكتەملىكىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئەسلىدە دەسلىپىدىلا مۇشۇنداق رايىش بولغان بولسا، مۇشۇ ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقمىغان بولاتتى. قاراڭغۇ ئۆيگىمۇ قامىلىپ يۈرمەيتتى. ئادەم دېگەنگە بىرنېمە دەپ بولمايدىكەن. ئاچچىقى كەلگەندە ئىت، مۈشۈك. ئاچچىقى يانغاندا قوي ـ قوزا. ئەگەر ئادەم ئۆزى ئەھيا قىلغان گۈزەللىكنى ئاشۇنداق بىردەملىك هايا- جان، بىردەملىك شەيتاننىڭ ئازغۇن ۋەسۋەسىسى سەۋەبلىك ۋەيران قىلىۋەتمىگەندە، تۇرمۇش تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكەن بولماسمىدى؟!

ئۆمەر خېلىل ئۈھسىنىپ قويدى. گەرچە تۇرمە ۋەھىمىسى- دىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ ئون بەش كۈن توختىتىپ

قويۇلمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يەنە ئازابلىنىشقا باشلىدى. بىر كې-چىلىك قامىلىش ئادەمنى شۇنداق ئازابلىغان يەردە، ئون بەش كۈن تۇرسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر كۆزلۈك يىغمىنىڭ ئەڭ ئالدىراش مەزگىلى. ئىسمايىل بولمىسا ئۆينىڭ ئىشىمۇ تەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئوغلىنىڭ ئازاب تارتىشىنى خا-لىمىدى.

— مۇنداق ... مۇنداق قىلساق بولارمۇ، سوجاڭ؟ ئوغلۇم قايتىپ كەتسۇن، ئۇنىڭ ئورنىدا قاراڭغۇ ئۆيدە مەن ياتاي.

ساقچىلار تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭغا قاراشتى. ئاندىن يەڭگىل باشلىرىنى چايقىدى.

— قارار كىمنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلسا، جازانى شۇ تارتى-شى كېرەك. لېكىن، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويمايمىز. ناهىيەدە مەخسۇس تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى بار. ئۆيلىرى ئازادە، يورۇق. ئۈچ ۋاخ ئاش - تامىقى تولۇق. ئوغلىڭىزنىڭ ئى-پادىسى ياخشى بولسا، بىر - ئىككى كۈن بۇرۇنراق قايتىپ چىقى-شىمۇ مۇمكىن. بىر يېرى ... — ساقچى گېپىنى توختىتىپ، ئىسمايىلنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، ئىسمايىل ئاتىسىنىڭ ئۆزى-نىڭ ئورنىدا جازالىناماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتكە-نىدى. ئېغىزىنى ئۆمەللەپ، نارازىلىق بىلدۈرۈشكە تەييارلىنىۋا-تاتتى، — قويۇپ بېرىلىدىغان چاغدا تاماق پۇلىنى تۆلەيسىلەر.

— بۇ ...

— نارازى بولسىڭىز، بايا دېگەندەك ئىدارىگە نارازىلىق پىك-رى بەرسىڭىز بولىدۇ.

— مەن ... ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، پەقەت ئوغلۇم ...

— ئاتا، — دېدى ئىسمايىل ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — سىز قايتىپ كېتىڭ. جازانى ئۆزۈم تارتىمەن. ناهايىتى ئون بەش كۈن ئىكەنغۇ.

ئۆمەر خېلىلىنىڭ كۆزىگە غىلىلىدە ياش كەلدى. خۇددى ئوغ-

لىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلماقچى بولغاندەك، يۈرەكلىرى ئېچىـ-
شىپ ئاغرىپ كەتتى.

— بالام ... بۇ ئىشنى مەن بۇزدۇم، ئۆزۈمنى تۇتالماي... —
ئۆمەر خېلىل ئۆيىگە كېتىشكە ئالدىراپ تۇرغان ئىمىن تۇردىغا
قاراپ قويدى. ئىمىن تۇردى بۇلارنىڭ ئىشنى ئاقساتقىنىغا نارازى
بولۇۋاتقان بولسا كېرەك، بىزارلىق ئىچىدە قاپىقىنى تۈرۈپ،
چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈۋالغانىدى.

— بولدى ئاتا، تالاشماڭ. مەن قىلىۋېرەي. سوجاڭلارمۇ دې-
دى، بۇ ئىشقا سالا قىلىشقا بولمايدىكەن.

ئۆمەر خېلىل ئوغلىغا بىردەم تىكىلىپ تۇردى. لەۋلىرى
توختىماي تىترەيتتى. ئۇ ئاخىر شىۋىرغاندىكى دەرەخ شېخىدەك
تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قەغەزگە ئىمزا قويدى. ئىش ئا-
خىرلاشتى.

— بىرنەچچەيلەن سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇلارنى
بىر تەرەپ قىلغان ساقچىلارنىڭ بىرسى ئۆمەر خېلىلغا يېقىن
كېلىپ، — ئوغلىڭىزمۇ قورساققا بىرنەرسە يېگەچ ئۇلار بىلەن
كۆرۈشۈۋالسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيەگە ماڭىمىز.

ئۇلار ساقچىخانا ھويلىسىغا چىقىشتى. ئىمىن تۇردى خۇددى
قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئالدى - كەينىگە قارىماي سىرتقا
ماڭدى. قەدەملىرى شۇنچىلىك تېز ئىدى. ھويلىدا سۇلايمان، ئە-
ھەت ھېمىت، گۈلقىز، يەنە سۇلايماننىڭ بازاردىكى بىرنەچچە
دوستلىرىمۇ بار ئىدى. ئۆمەر خېلىل ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بو-
لۇشنىڭ ئورنىغا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.
ساقال ئاقارتقان بىر ئادەم باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ساقچىخانىدا
سولىنىپ ياتسا نە ئات، نە نومۇس. يەنە كېلىپ تۇرمىدىن چىققان
بىر جىنايەتچىدەك ئەلپازدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقسا - ھە. ئېھ،
يۈز. سەن قانداق چىدارسەن؟ ئوت بولۇپ كۆيۈپ كېتەرسەنمۇ،
سۇ بولۇپ ئېقىپ كېتەرسەنمۇ؟!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قۇدام، سالامەت تۇردىلىمۇ؟ ئىشلار قانداق بولدى؟

بىرىنچى بولۇپ ئەھەت ھېمىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن قالغانلار بىر - بىرلەپ كېلىپ كۆرۈشتى. ئۆمەر خېلىلنىڭ قوللىرى قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان ئادەمدەك بەكلا قىزىق ئىدى.

— ئاتا، قانداق بولدى؟ — دېدى سۇلايمان ئالدىراپ.

ئۆمەر خېلىل ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى.

— چوڭ ئىش يوق ئىكەن، — دېدى ئەھەت ھېمىت، — ئون بەش كۈنلۈك توختىتىپ قويۇش دېگەن ئادەتتىكى بىر جازا، — ئۇ دىككىدە بېرىپ ھېلىقى ساقچىلار بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز گۇدۇڭلاپ كەلدى، — قېنى يۈرۈڭلار، سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشايلى.

ئۇلار ساقچىخانا قورۇسىدىن چىقىپ، يول بويىدىكى دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇشتى. ئۆمەر خېلىل بىلەن ئىسمايىل ئۇلار ئەكەلگەن تاماقتا ئېغىز تېگىشتى.

— ئۇكام، خاتىرجەم بول، — دېدى سۇلايمان ئىسمايىلغا تەسەللى بېرىپ، — بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولۇڭنى مېڭىپ ئاچىقىۋالىمەن.

— ئەنسىرىمە، ئاكا، ناھايىتى نەچچە كۈنلۈك ئىشقۇ.

ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئىسمايىل ئۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيماي كۆزىگە ياش ئالدى.

— بالام، خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى ئۆمەر خېلىل يىغلامسىراپ، — ئۆزۈڭگە دىققەت قىل، ساقچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلا، باشقىلار بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلما.

— ماقۇل، ئاتا. خاتىرجەم بولۇڭ.

ئۇلار ئايرىلىشتى. ساقچىخانا ئىچىگە قاراپ ماڭغان ئىسما-

يىل پات ـ پات توختاپ ئۈلارغا تەلمۈرەتتى، كۆزلىرىدە ياش ئە-
گىيتتى. يۈرىكى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. ساقچىخانا ئالدىدىكى
كوچىدىن خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات بىلەن، ئازادە پاراڭلىشىپ
كېتىۋاتقان ئادەملەرگە ھەۋەس بىلەن قارايتتى. باشقىلاردىن ئۆ-
زىنىڭ بىر يەرلىرى كەمدەك ھېس قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## 1

ئىسمايىل تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا كەتكەندىن كېيىن، سۇلايمان ئاتىسىنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن مەھەللىگە قايتتى. دەريا بويىدىكى شاللار پىشىپ كەتكەنىدى. ئالتۇندەك سارغىيىشقان شال باشاقلىرى، خۇددى بىر توپ ئەدەپلىك بالىدەك بېشىنى تۆۋەن ئېگىشىپ تۇراتتى. سەل نېرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنگەن دەريا سۈيى تىنىمسىز شاۋقۇنلايتتى. قۇياشنىڭ سۇزۇك نۇرى كەڭ دالادا يالتىرايتتى.

بۇرۇن شاللارنى ئورغاق بىلەن ئوروپ، ئاندىن خاماندا تۇلۇق تاش ئارقىلىق يانجىپ دېنى ئايرىۋېلىناتتى. بىراق، ھازىر بۇ ئۇسۇلمۇ ئۆزگەردى. ئېتىزدا تۇرغۇزۇپلا كومبايىن ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئىش ئازايدى، جاپا ئازايدى. سۇلايمان ئىنىسى قاسىم بىلەن كومبايىنغا نۆۋەت ساقلاپ تۇراتتى. ئىككى كومبايىن نېرىقى سالادا شال ئوروۋاتاتتى. ئىلگىرى بۇ يەرلەر كەڭرى جاڭگاللىق ئىدى، غەرب تەرەپتىكى ئېگىز دۆڭلۈكتىن چۈشۈشىگە تاكى دەريا بويىغا بارغۇچە ياپيېشىل يايلاق بولۇپ، ئېقىن بويلىرىدا جىغانلار باراقسان كۆكلەپ كېتەتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چوڭ ـ چوڭ بۇلاقلار بار ئىدى. سۇلايمان بالىلىق چاغلىرىدا بۇ يەردە قوي ـ كالا باقاتتى. جاڭگاللىق رىۋايەتلەردىكى گۈزەل ماكانغا ئوخشايتتى. كېيىن يايلاق بۇزۇلۇپ يەر ئېچىلدى. بۇلاقلار قۇرىدى. دەريا قىنى تارايدى. لېكىن، ئىش كىشىلەر ئارزۇ قىلغاندەك بولمىدى. ئېچىلغان يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلەشمىدى. ئۇلار ھەر يىلى بۇ يەرلەرگە شال تېرىيدۇ. بىراق، پەقەت

غەرب تەرەپتىكى دۆڭنىڭ ئاستىدىن باشلاپ بىرنەچچە سالانىڭ شاللىرى ياخشى بولىدۇ، قالغانلىرى 6 ـ ئاي كىرگەندىن كېيىن قۇرۇشقا باشلايدۇ. يەر ئاپپاق شور ئۆرلەپ تۇرغان پاتقاقلىققا ئاي-لىنىدۇ. دېھقانلار خېلى تىرىشىپ باقتى، ئەپسۇس بۇ ئادەت ئۆز-گەرمىدى. جاڭگال ئۆزىچە ئۇلارنى يەكلەۋاتقاندەك ياكى ئاشۇ يو-قالغان تەبىئىيلىككە نارازى بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ھېلىمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە جاھىللىق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان نەچچە توپ جىغانلار كۆزگە چېلىقاتتى.

تۇيۇقسىز نېرىقى بىر سالادا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ چىقىپ كەت-تى. كومبايىننىڭ ئاسانراق كېلىشى ئۈچۈن، يوللارنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشاۋاتقان سۇلايمان بېشىنى كۆتۈرۈپ جېدەل بولۇ-ۋاتقان تەرەپكە قارىدى. قاسىم كەتمەننى تاشلاپ شۇ ياققا ئالدىراپ ماڭغانىدى.

— نەگە بارىسەن؟

قاسىم توختاپ قالدى.

— ئاۋۇلار ئۇرۇشۇۋاتقانمىكىن ...

— ئۇلار ئۇرۇشسا ساڭا نېمە بار؟ قايتىپ ئىشىڭنى قىل. ھېلى كومبايىن كەلسە ئالدىراپ قالىمىز.

قاسىم ئاستا ئارقىسىغا ياندى. ئىچىدە ئاكىسىغا نارازىلىق بىلدۈرسىمۇ، چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. ئىسمايىلغا قارىغاندا ئۇ سۇلايماندىن سەل ھېيىقاتتى. سۇلايماننىڭ قولى ئىتتىك ئىدى. ئىسمايىلدەك ئاچچىقى كەلسە سۆزلەپ ـ سۆزلەپ توختاپ قالمايتتى. ھەرە چاققاندەك ئاچچىق شاپىلاقتىن نەچچە-نى يېگەن قاسىم موللام مۇشۇك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئون سەك-كىز ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كىچىك بالىلاردەك ئويۇن قېپى، بەڭباشلىقنى تاشلىمىغانىدى. ئۇن ـ تىنىسىز ئۆي-دىن چىقىپ كېتىپ، نەچچە كۈنگىچە قارىسىنى كۆرسەتمەيتتى. نەلەردە يۈرگىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ مەكتەپتىنمۇ ئو-

قۇتقۇچىلارنى بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويدۇرۇپ قۇتۇلغانىدى. ئۆيىدىن مەكتەپكە بارىمەن دەپ چىقىپ كېتەتتى. بىراق، مەكتەپكە بارماي بېشى قايغان، يۈتى تايغان يەرلەردە ئويناپ، كەچ كىرگەندە پەيدا بولاتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مەكتەپكە بېرىپ قالسا، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «نېمىشقا مەكتەپكە كەلمەيسەن؟» دېگەن سوئالىغا كۆزىنى يۇمۇپلا، «ئۆيدە ئىش چىقىپ قالغانىدى، ئاتام كەلگىلى قويمىدى» دەپ يالغان سۆزلەيتتى. كېيىن مۇشۇ توغرۇلۇق ئۆمەر خېلىل بىلەن ئۇنىڭ مۇئەللىمى ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ، بىرمۇنچە ئارازلىششىمۇ كېلىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ قويۇۋالغان چېچى، كىيىۋالغان كىيىملىرىمۇ شۇنچىلىك غەلىتە ئىدى. بۇلارنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان ئۆمەر خېلىل نەچچە قېتىم ئۇ غەلىتە كىيىملەرنى تاشلىۋەتكەن، ئۇخلاپ قالغاندا چېچىنى قايچىلاپ بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، قاسىمنىڭ بۇ مىجەزى تۈزەلمىدى. ئۇ هامان ئۆزى بىلگەن يولدا ماڭاتتى.

— ئاكا، — دېدى بىر چاغدا قاسىم سولايمانغا يەر تېگىدىن قاراپ، — دىككىدە ئۆيگە بېرىپ كېلەيمىكىن.

— ئۆيگە نېمىگە بارىسەن ؟

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

— تىراكتوردا نان بىلەن ئۈزۈم بار، شۇنى يەپ تۇرغىن.

— بىراق ...

— هە، يەنە نېمە غىڭ ـ غىڭ؟

— ئۈزۈم يېسەم ئاشقازىنىم ئاغرىيدۇ.

— ماڭە ۋاي، باهانەڭمۇ تولا ئىكەن. ئىش خۇشياقمىدى، دېگىنە تايىنلىق.

هىيلىگەرلىكىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قاسىم بوشىشىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزىنىڭ سۇس ئاپتىپىمۇ ئۇنىڭ ئېغىزمىنىنى كۆيدۇرۇپ، ۋۇجۇدىنى لايدەك ئېزىۋەتكەنىدى.

شۇ ئارىدا نېرىدىكىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بەكرەك كۆچە-

يىپ كەتتى. ئۇلار يەرنىڭ پاسلىنى ئايرىيالماي جىدەللىشىپ قالغانىدى. ئەمدى ياقىلىشىپ مۇشتلىشىشقا باشلىدى. ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇۋاتسا قاراپ تۇرۇشمۇ ياخشى ئەمەس، سۇلايمان ئۇلارنى ئايرىپ قويۇش ئۈچۈن ماڭدى.

— سەن نەگە بارسەن ئەمدى؟

قاسىممۇ ئاكىسىغا ئۆكتە قوپتى. ئەمەلىيەتتە، ئىككىسىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىدىكى مۇددىئاسى ئوخشىمايتتى. قاسىم تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن باراتتى. سۇلايمان ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ جېدىلىنى بېسىقتۇرۇشقا باراتتى.

— ئۇلارنى ئايرىپ قوياي، — دېدى سۇلايمان ئىچىدە ئىنىسىنىڭ دودەنلىكىگە كۈلگۈسى كېلىپ.

— مەنمۇ بارىمەن.

— ساڭا نېمە بار؟ ئولتۇرۇپ تۇر.

سۇلايمان چوڭ - چوڭ چامداپ مېڭىپ كەتتى.

جېدەللەشكەنلەرنىڭ بىرسى يەرلىك دېھقان، يەنە بىرسى سىرتتىن كېلىپ يەر سېتىۋالغان ئىجارىكەش ئىدى. ئىجارە ئالغۇچى ئەتىيازدا شال تېرىشتىن ئىلگىرى يەرلىرىنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن سالالاشتۇرغاندا، قوشنا يەر ئىگىسى دېھقاننىڭ بىرنەچچە جاڭ يېرى ئۇنىڭ سالاسى ئىچىگە كىرىپ قالغان. ئىجارىكەش كۈزدە ئىككى جاڭ يەرنىڭ شىلىنى ئورۇۋېلىشقا دېھقانغا ۋەدە بەرگەن. مانا ئەمدى شال پىشقاندا ئۇ ۋەدە ئەمەلگە ئاشمىغان.

سۇلايمان كېلىپ، ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنىڭ ياقىسىغا كىرىپ كەتكەن قوللىرىنى ملىڭ تەستە ئاجراتتى.

— سەن قېتىۋالغان يېرىمنى هازىرلا ئايرىيمەن، — دەيتتى ئاغزىدىن قان ئېقىۋاتقان دېھقان.

— سېنىڭ يېرىڭنى كىم قېتىۋاپتۇ؟ — دەيتتى ئىجارىكەش ئۆرەڭدەپ، — مەن بۇ يەرنى سېتىۋالغاندا، يەر خېتىگە ئاۋۇ جى-

غان پاسىل، دەپ يېزىلغان.

— نەدىكىنى، سەن دېگەن جىغان ئۆزۈڭ يەر تۇرتكەندە قو-مۇرۇلۇپ كەتمىدىمۇ؟ بۇ دېگەن مېنىڭ يېرىمدىكى جىغان.

— ياق، زادى مۇشۇ جىغان پاسىل.

— ئەمىسە يېرىڭگە جاڭ سالمىز.

— مېنىڭ يېرىمگە جاڭ سالدىغان سەن نېمىدىڭ.

ئۇلار يەنە بىر - بىرىگە ئېتىلىشتى.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى سۇلايمان، — ھەر ئىككىڭلار ئىشنى باشتا پۇختا قىلماپسىلەر، ئەمدى بۇنداق ئۇرۇشقاننىڭ پايدىسى يوق.

— ئۇنىڭ گېپىدە تۇرمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي. ھەممى-مىز ئۆلسەك ئىككى مېتىر يەردە ياتىدىغان ئادەملەر. پاسىل دې-گەن مۇقەددەس نەرسە، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ يۈرمەس دەپتى-مەن، — دېدى دېھقان دەرد تۆكۈپ.

— كىم پاسىلغا خىيانەت قىپتۇ؟ مەن ئۆزۈمگە تەۋە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىمەن.

— مېنىڭ يېرىمنى قېتىۋېلىپما؟

— مەن ھېچكىمنىڭ يېرىنى قېتىۋالمىدىم.

ئۇلارنىڭ كېلىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلايمان ئىلاجسىز سالا قىلىشقا باشلىدى:

— بۇنداق ئۇرۇشماي، چىرايلىق دېيىشىڭلار ياكى بولمىسا كەنتكە بېرىڭلار.

— مەن يەرنى كەنتتىن ئالمىغان، — دېدى ئىجارىكەش تە-تۈرلۈك قىلىپ.

— يەرنى سىز تېرىسىڭىزمۇ، باشقۇرۇشنى كەنت باشقۇرى-دۇ. مۇشۇنىمۇ بىلمەمسىز؟

ئىجارىكەش كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ، سۇلاي-مانغا ئالايدى.

— ئۆكاموي، سىنى بىر ئادەم ئىت پوقى ئىسرىق سىلىپ چىللاپ كەلمىگەندىن كېيىن، ئىشىڭنى قىلمامسەن بىزگە ئا-رىلاشماي. يا سەن بىر يەرنىڭ باشلىقىمىدىڭ؟

بىھۇدە ئازار يېگەن سۇلايماننىڭ ئىچى ئاچچىققىنا بولۇپ قالدى. «ئارىچىغا ئالتە تاياق» دېگەن شۇ ـ دە. ئادەم ئادەمنىڭ قا-ياشى. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئادەم ئالىدۇ. يالغۇزلۇق گۆردىكى ئۆ-لۈككە يارىشىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئېغىز لەۋزىنى ئالمىغان كىشىگە نېمە دېگۈلۈك؟! ئۆزىنى سۆيمىگەن ئادەم باشقىلارنى سۆيمەيدۇ. باشقىلارنى سۆيمىگەن ئادەم مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. مەنپەئەت ئالدىدا خۇدىنى يوقاتقان كىشى ھەرقانداق رەزىللىكتىن يانمايدۇ. بۇ خەتەرلىك ئىش.

دىلى قاتتىق ئازار يېگەن سۇلايمان ئارقىسىغا ياندى.

— ئەمىسە بىلگىنىڭلارچە تالىشىڭلار، بىراق جاھاننىڭ ئى-گىسى بار.

سۇلايمان ئۆزلىرىنىڭ شاللىقىغا يېنىپ كەلدى. قاسىم ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ نېرىغا كەتكىنىدىن پايدىلى-نىپ تىكىۋەتكەنىدى. «خەپ، كىسپۇرۇش» دېدى سۇلايمان ئىچى-دە ئىنىسىنى تىللاپ. ئەتراپتا قاسىم ئىشلەتكەن كەتمەنمۇ كۆ-رۈنمەيتتى. سۇلايمان ئۇنى ئىچى پۇشۇپ سۇ چاشقىنى كولىغىلى كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. بۇ ئەتراپتا زەي سۇ ئاقىدىغان ئېقىنلار كۆپ ئىدى. ياز كۈنلىرى بۇ ئېقىنلاردا ياشايدىغان سۇ چاشقانلىرى شۇنداق كۆپىيىپ كېتەتتى. شال باش چىقارغاندىن باشلاپ ئۇلار شاللىق ئىچىدە يول ـ يول ئېرىقچىلارنى پەيدا قى-لىپ، شال باشاقلىرىنى ئېقىندىكى ئۇۋىسىغا قىشلىق ئوزۇقلۇق ئۈچۈن توشۇيتتى. نۇرغۇن شالغا زىيان سالاتتى. ھەتتا قىر ـ تىرگەنلەرنى كولاپ، يەر ئاستى يولىدەك ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋې-تەتتى. كۆز كىرگەندە بەزى چوڭلار ۋە بالىلار ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى كولاپ تۇتۇشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ تېرىسى قىممەتلىك بولغاچقا،

يۈز يۆەندىن ئارتۇقراق ساتقىلى بولاتتى. بەزىلەر مۇشۇنىڭدىنلا نەچچە مىڭ يۆەن كىرىم قىلىۋالاتتى. ئۇنى تۇتۇش يالغۇز پۇل ئۇچۇنلا بولماستىن، قىزىقارلىق ئوۋچىلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا بۇ مەھەللىدە ئۇششاق ـ چوڭ دېمەي ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار كۆپ ئىدى.

سۇلايمان ئىنىسىنى ھېلىغىچە كېلىپ قالار دەپ ساقلىدى. بىراق، ئۇ شۇ يوقالغانچە پەيدا بولمىدى. كومبايىن كېلىپلا قالسا سۇلايمان يالغۇزچىلىق تارتىپ قالاتتى. ئۇ تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا ئۆمەر خېلىل كېلىپ قالدى. ئەسلىدە سۇلايمان ئاتىسىنى بىرمۇنچە گەپلەر بىلەن قايىل قىلىپ، ئۆيدە قويۇپ كەلگەنىدى. بىراق، ھەممە ئىشقا ئۆزى چېپىلمىسا كۆڭلى تىندىمايدىغان بۇ ئادەم، يەنىلا بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن جاڭگالغا چۈشكەنىدى.

— قاسىم قېنى، بالام؟ — دېدى ئۇ ئېتىزلىقنىڭ باش ـ ئايىغىغا بىر قارىۋېتىپ.

— بايا بار ئىدى، بىردەمدە كۆزدىن يوقالدى بۇ ئالىقاپ.

— تۇۋا خۇدايىم، ئەجەب بىر بالا بولدى ـ دە، بۇ. ئادەم سۆيۈنگۈدەك بىر ئىشى بولسا كاشكى.

— ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمىغۇدەك، ئاتا. كاللىسى قۇيقۇرۇق بىر ئادەم بوپتۇ ئۇ.

— ھەي ... خۇدايىم ئىنساب بېرەر، بالام. بىر كۈنى كاللىسىغا ئەقىلمۇ كىرىپ قالار.

سۇلايمان ئاتىسىنىڭ ئۇنى تىللاپ تۇرغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە يەنىلا چىدىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەممە ئادەمگە ئۆز بالىسى ياخشى. بالا — ئاتا ـ ئانا ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئوخشايدۇ. شۇ بىر ئەزانى قان ـ يىرىڭلىق جاراھەت بېسىپ كەتسىمۇ، ئۇنى داۋالاپ ساقايتىشقا تىرىشىدۇكى، ھەرگىز كېسىپ تاشلاشنى خالىمايدۇ. ئون بالىنىڭ ئوتى ئون خىل، يامانىنىڭ ئو-

تى يامان، دېگەن شۇ.
— مەن كومبايىننىڭ يېنىغا يەنە بىر بېرىپ كېلەي، — دېدى سۇلايمان، — باشقىلار نۆۋەت ئارىلاپ كەتمىسۇن.
— بارغىن، بالام، ھە، باشقىلار بىلەن نۆۋەت تالىشىپ ئا-رازلىشىپ يۈرمىگىن يەنە.
— خاتىرجەم بولۇڭ.
ئۆمەر خېلىل ئىمىن تۇردى بىلەن بولغان ماجىرادىن كې-يىن تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدى. باشقىلار بىلەن ئا-رازلىشىپ قېلىشتىن بەكلا ھەزەر ئەيلەيتتى. ھەر قېتىم ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆيدىكى روھىي ئازابنى ئويلىسا ۋۇجۇدىغا تىترەك ئو-لىشاتتى. ئىسمايىلنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇش ۋاقتى تېخى توشمىغاچ-قا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ غېمىنى يەيتتى. غەم قىلغانسېرى خىيا-لى چېچىلاتتى. ئاتا بولماق نېمىدېگەن تەس. بىر ئۆمۈر بالا غې-مىدىلا پۈچىلىنىپ، بالا غېمىدىلا كۆيۈپ تۈگەيدىغان ئىش ئى-كەن. ئاتا سەپەرچىگە ئوخشايدۇ. سەپەرچى تىك چوققىلاردىن ھال-قىپ، بىر بەلگە كەلگەندە ئوغلىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ پەسكە چۈشۈرىدۇ. بالا پەسكە چۈشۈپ بولۇپ، پەستە يەنە نۇرغۇن بەللەر-نىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ، ئۇمۇ بالىسىنىڭ بېلىنى باغلاپ پەسكە چۈشۈرىدۇ. ئۇ بالا يەنە بالىسىنى چۈشۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەربىر بەلدە بىر ئاتا بالا غېمىدە كۆيىدۇ. بالىلار بىر - بىرلەپ پەسكە سىيرىلىدۇ.
كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئۇلارنىڭ شالىغا نۆۋەت تەگدى. كومبايىننىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك گۈركىرىگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ شال ئۆنچىلىرى خۇددى ئالۋاستىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كېتىد-ۋاتقان جانىۋارلاردەك كومبايىننىڭ ئۈچلۈق چىشلىرى ئارىسىغا يەم بولاتتى. ئاندىن ئۇستىدىكى كانايچىدىن ساپسېرىق شال دان-لىرى خۇددى ئالتۇن تەڭگىلەردەك شاراقلاپ چوڭ سۇكەنگە تۆكۈ-لەتتى. شال ھازىر بۇ مەھەللىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائە-

تى ئىدى. ئانا دەريانىڭ ھەممىتى، بەرىكىتى بىلەن شال ئېتىزلىرى گۆھەر تۆكۈلىدىغان مۇنبەرگە ئايلانغانىدى. تىنىمسىز ئېقىپ تۇرىدىغان ئەزىم دەريا بۇ زېمىننىڭ ھاياتلىق تومۇرى ئىدى.

## 2

قاسىمغا بۈگۈن پەقەتلا ئىش خۇشياقمىدى. جاڭگال ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك زېرىكىشلىك ئىدى. شال ئېتىزلىرىدىن كېلىۋاتقان ئېچىغان پاتقاقنىڭ پۇرىقى كۆڭلىنى ئاينىتاتتى (ئەمەلىيەتتە، قۇرۇشقا باشلىغان پاتقاق ئۇ دەرىجىدە كۈچلۈك پۇرىمايتتى، پەقەت قاسىملا شۇنداق ئويلايتتى). ئېتىلغان دەريانىڭ تىنىمسىز شاۋقۇنلىرى خۇددى بېشىغا غازاڭ تۆكۈلۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. تەلىيىگە نېرىقى سالادىكى ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى. زېرىكىپ ئاران تۇرغان قاسىم تاماشا كۆرىدىغان ئىش چىقتى دەپ ئويلاپ، كەتمىنىنى تاشلىغان پېتى شۇ ياققا قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىسەن؟ — دېدى ئاكىسى زەردە بىلەن.

ئاكىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. «ئاتاممۇ مېنى بۇنچىلىك قاتتىق باشقۇرۇپ كەتمەيدىغان تۇرسا، — دەپ غۇدۇڭشىدى قاسىم ئىچىدە، — سەن نېمىدېگەن ۋارقىرايدىغانغا». لېكىن، ئاكىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۈنىنى تېشىغا چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى قاسىم ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئاكىسى بىلەن يول تۈزلەشكە باشلىدى. بىراق، ھېلىقىلارنىڭ جېدىلى بېسىقمىدى. ئەكسىچە بارغانسېرى ئەزۋەيلىشىپ ئاخىر مۇشتلىشىپ كەتتى. سۇلايمان ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئەمدى سەن نەگە بارىسەن؟ — دېدى قاسىم ئاكىسى بىد-

لەن گەپ تالىشىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ.
— ئۇلارنى ئاجرىتىپ قوياي.
— مەنمۇ بارىمەن.
— ساڭا نېمە بار؟ ئوينايدىغان ئىش بولمىسا يا، تۇرۇپ تۇر، ھازىر كېلىمەن.
قاسىم يەنىلا ئاكىسى بىلەن تەڭ بولالمىدى. ئاكا دېگەن ھا-مان ئاكا - دە. ئۇ گەپ قىلسا، سەن ئاڭلىشىڭ كېرەك، بولمىسا ئۇ «ئاكىلىق بۇرچى»نى ئادا قىلىپ قويىدۇ. زىيان تارتىدىغان ئا-دەم يەنىلا سەن.
قاسىم ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئاڭ-دىن غەزەپ بىلەن قولىدىكى كەتمەننى يىراققا قارىتىپ ئاتتى. ئېتىلغان كەتمەن شالىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا بۇ كەتمەننىڭ شۇ كۈنى كەچكە يېقىن كومباينىنىڭ چىشى-غا تۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تال چىشىنىڭ سۇنۇشى، كومباينىن بۇزۇلۇپ، بىر ئوبدان كېتىۋاتقان ئىشنىڭ ئاقساپ، ئۇلارنىڭ شا-لىنىڭ ئەتىگە ئېشىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئاتىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرھازا تىللاپ كەتكەنىدى.
قاسىم كەتمەننى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، قىردا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. يۇتىدىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئايىغىغا پاتقاق چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايىغىغا چىدىماي يىغلىۋەتكۈدەك بولدى. ئۇ بۇ ئايىغىنى بايلار كىچىك ماشىنىسىنى ياخشى كۆرگەندەك، كېمە-چىلەر كېمىسىنى ياخشى كۆرگەندەك، چەۋەنداز ئېتىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى. يولدا ماڭسا ھەممە ئادەم بۇ ئايىغىغا ھەۋەس قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پەخىرلىنىپ كېتەتتى. ئۇ بىر تال تەمەچىنى ئېلىپ ئايىغىدىكى لايىنى ئادالاشقا باشلىدى. ئايىغى تازىلاندى، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمىدى. جاڭگال ئۇنىڭ ئۇچۇن قورغان، ئاكىسى ئۇنى كۆزىتىۋاتقان قاراۋۇلدەك تۇيۇ-لۇپ، يۈرىكىنى ئېزەتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كاللىسى يورۇپ كەتكەن-

دەك بولدى. توغرا، هازىر قاراۋۇلمۇ يوق. ئۇ يەنە بىر نەچچە مىنۇت ئەركىن. ئەمما يەنە نېمىنى ساقلايدۇ؟ قېچىش كېرەك! قاچە، قاسىم، هازىر قاچمىساڭ قاچان قاچىسەن. ئاكاڭ كېلىپلا قالسا بۇ جاڭگالدا جىنىڭنىڭ قىينالغىنى قىينالغان. يەنە تېخى ئۇنىڭ تىل ـ دەشنەملىرى ...

قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكىسى كەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئاكىسى هە دەپ هېلىقى جېدەلخورلارغا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى. بۇ تەرەپكە قارايدىغانغا هازىرچە چولىسى تەگمەيدىغاندەك قىلاتتى. قاسىم ئېگىز تىرگەننىڭ قاپتىلى بىلەن دۆڭ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ دۆڭنىڭ يېنىغا بېرىۋالسىلا بىرەر يارداڭلىقنىڭ ئىچى بىلەن تۆپىگە چىقىۋالاتتى ـ دە، كۆڭلى خالىغان يەرلەرگە بېرىپ ئويناپ يايرايتتى.

ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى. ساق ـ سالامەت تۆپىگە چىقىۋالدى. مەھەللىنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ، ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ يول ئالدى.

بۇ ئاخىرقى كۈز ئايلىرى بولغاچقا، هەممە ئادەم دېگۈدەك سىرتتا چۇمۇلىدەك مىدىرلىشىپ يۈرەتتى. بىرلىرى هارۋا ياكى تىراكتور بىلەن قوناق شېخى توشۇيتتى. بىرلىرى شال پاخلى توشۇيتتى، كۈزلۈك يېسىمۇېلەك، غولپىياز دېگەندەكلەرنى توشۇيتتى. يەنە بىرلىرى باشقا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ يول بويلىرىدىكى ئورمانلىقتىن غازاڭ سۈپۈرۈۋاتاتتى. قاسىم بۇلارنىڭ هېچقايسىسىغا قىزىقمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە هەممىسى ئادەم بىزار قىلىدىغان ئىشلار هېسابلىناتتى. ئۇ هارۋا، تىراكتورلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان توپا ـ چاڭلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يولنىڭ چېتى بىلەن ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى قايناپتىتى، كۆڭلى چېچىلاتتى، ئۆكۈنۈش بىلەن نارازىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر تۇيغۇ يۈرىكىنى تاتىلايتتى. مۇشۇنداق چەت سەھرادا، يەنە كېلىپ بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغىنىغا

ئاللىكىملەردىن ئاغرىناتتى.

ئۇ ئاخىر كۆزلىگەن نىشانىغا كەلدى. ئالدىدا كەڭرى هويلا، باغباراڭلىرى بار، ئۈچ ئېغىزلا خىش تاملىق بۇ ئۆي — ئۇنىڭ دوستى ھەسەننىڭ ئۆيى ئىدى. ھەسەننىڭ ئاتىسى ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن، ھازىر ئاپىسى تۇنىساخان بىلەن بىللە ياشايتتى. تۇل ئانا، يالغۇز ئوغۇل بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇشۇپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. تۇنىساخان ئاتا كەسپى — تاماكىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭ بازىرى بەك ياخشى ئىدى. ھەر بازار كۈنلۈكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا توپ ـ توپ بولۇشۇپ تۇرۇپ، قوللىرىدىكى تۆت چاسا گېزىت قەغىزىگە تاماكا ئورىدىشاتتى. ئاندىن ھەر خىل تۇنىكە قۇتا، كەشتىلىك تاماكا خالتىسى دېگەندەكلەرگە تاماكا قاچىلايتتى. تۇنىساخاننىڭ ئالدىدا پۇل دېگەن دۈۋىلىنىپ كېتەتتى. لېكىن، زامان تەرەققىي قىلغانسېرى تاماكا چېكىدىغانلار ئازلاپ كەتتى، بەزىلىرى قاپلىق تاماكىغا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ تايىنى يوق بىرنەچچە خېرىدار بىلەنلا قالدى. ئۇنىڭ يېشىمۇ ئەللىكتىن ئاشقانىدى. ياش چوڭايغاندا خەق ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان بۇ كەسىپتىن كۆڭلى قالدىمۇ ياكى بازىرى ئۆلگەن كەسىپنى قىلغۇچە دەپ ئويلىدىمۇ، ئىككى ئەۋلاد داۋاملاشقان تاماكىچىلىقنى تاشلىغانىدى. ھازىر ئۇ ھەپتىدە ئىككى كۈن بولىدىغان يەكشەنبە بازار بىلەن سەيشەنبە بازاردا ئەر ـ ئاياللارنىڭ پايپىقىنى ساتاتتى. پايپاق ئاددىي مال، ئۇششاق سودا بولغان بىلەن پايدىسى ياخشى ئىدى. ھازىر يېزىلاردىمۇ مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ كىشىلەر بولسۇن پايپاقسىز يۈرمەيتتى. يەنە كېلىپ بۇ پايپاقلارنىڭ پۇختىراقى بىرەر ئاي، ناچارراقى ھەپتە ـ ئون كۈن ئاران پايلايدىغان بولغاچقا، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يىرتىلىپ تۇراتتى، كىشىلەرمۇ ئېرىنمەي سېتىۋالاتتى.

ئۇلار دېھقان بولغان بىلەن يېرى يوق دېھقانلاردىن ئىدى. كەنتتىن تەقسىملەنگەن يەرنى جاپادىن قورقۇپ باشقىلارغا بېرىد-

ۋەتكەندى. ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى مۈشۈك ئىككى مو يېغىلا ئۆلارنىڭ ئېكىنزارلىقى ئىدى. بىراق، تۈرمۈشى بىر قىسىم يەر تېرىغان دېھقانلاردىن ياخشى ئىدى.

قاسىم مانا مۇشۇ ئائىلىنىڭ دائىملىق «مېھمىنى» ئىدى. تۇنساخان ئوغلىغا ھەمراھ بولىدىغان بۇ بالىغا ئامراق ئىدى. نەچچە كۈن تۇرۇپ كەتسىمۇ بىزار بولمايتتى. قاسىمنىڭمۇ بۇ داق بىكارلىق يەيدىغان نەرسىلەر ئۆكسۈمەيدىغان ئائىلىدىن كەتكۈسى كەلمەيتتى. پۇرسەت تاپسىلا ئۆيىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىۋالاتتى.

ئەپسۇس، بۈگۈن بۇ ئۆينىڭ دەرۋازىسى تاقاق ئىدى. نۇرغۇن يولنى شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن بېسىپ كەلگەن قاسىم، دەرۋازا ئالدىغا كېلىپلا لاسسىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۈگۈن بازار كۈنى ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئىلگىرى تولا ھالالاردا بۇ ئۆيدىن ئادەم كەم بولمايتتى. تۇنساخاننىڭ تۇغقىنى كۆپ بولمىغاچقا، سىرتقىمۇ ئانچە چىقمايتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە قوپماي DVD كۆرەتتى.

قاسىم دەرۋازا ئالدىدا بىرپەس ساقلاپ تۇردى. ئۇنىڭ ئالايتەن كەلگەن بۇ ئۆيدىن مۇنداقلا كەتكۈسى يوق ئىدى. قايتىپ بارسىمۇ ئاكىسىدىن تاياق يەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ قورقۇپ، قايتىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا باغقا كىرىسپ باققۇسى كەلدى ـ دە، تام ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چىتلاقتىن ئاتلاپ باغقا كىردى. ئەتىگەندە ئىشنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپلا ئىشتىھايى تۇ- تۇلۇپ، تاماق يېگۈسى كەلمىگەچكە، مانا ئەمدى قورسىقى ئېچىپ بولالماي قالغانىدى. باغدا مېۋىلەر ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. باغ ئىچى غازاڭلار بىلەن تولغان بولۇپ، شاخلاردا ئاخىرقى بىرنەچچە يوپۇرماق جاھىللىق بىلەن شىلدىرلاپ تۇراتتى. بىرەر تال قاق بولۇپ قالغان ئالما ياكى ئۆرۈك دېگەنلەرنىڭ خەشىكىمۇ يوق ئىدى. ئۈمىدسىزلىككە پاتقان قاسىم باغنىڭ شورىسىدىن ھويلىغا

ئۆتتى. بۆلۈڭدىكى ئاشخانىمۇ قۇرۇق ئىدى. قازاندا ئاش يوقى تۇرماق، ئاشنىڭ پۇرىقىمۇ يوق ئىدى. ئۇ هويلىدىكى كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ ياتتى. بىراق، قورساقنىڭ ئىچىشىدا كۆزلىرىگە ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنۈپ، باشلىرى پىرقىراشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆيىنى سېغىندى. ئاپىسى دائىم تاماق ئېلىپ قويىدىغان تاختىيىشىنى سېغىندى. مەززىلىك بىر قاچا تاماق، ھېچبولمىسا بىر پارچە نان كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئاچ قالغاندا مۇشۇنداق ئويلايتتى. لېكىن، ئائىلىگە ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەت باغلىيالمايتتى. قورسىقى تويسىلا ھەممىنى ئۇنتۇيتتى.

ئۇنىڭ خىيالىغا تۇرۇپلا يەنە يېزا بازىرى كەلدى. بازاردا ھەممە نەرسە بار ئىدى. شۇغىنىسى ھازىر يانچۇقى قۇرۇق. ئەتىگەندە بۇنداق ئىشتىن قىچىش نىيىتى بولمىغاچقا، ئاپىسىدىن پۇلمۇ ئېلىۋالمىغانىدى. ئاپىسى بەك مېھرىبان، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئانچە ـ مۇنچە كايىپ قويغاندەك قىلغان بىلەن ئاتىسىغا كۆرسەتمەي پۇل بېرىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، قاسىمنىڭ كالىلىسىدىكى پۇتۇنلەي باشقىچە تۇرمۇش بولغاچقا، ئاپىسىنىڭ يىغلاپ ـ يېلىنىپ قىلغان تەربىيە، نەسىھەتلىرى ئەسلا قۇلىقىدا تۇرمايتتى. ھە، دەپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپىسىنىڭ سىماسىمۇ غۇۋالىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ تۇنىساخاننىڭ ئۆي ئىچىنى خىيال قىلىشقا باشلىدى. سىرتقى ئىشىكتىن كىرىشكە دالان ئۆي. بۇ ئۆيدە بىر ئىشكاپ، توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، ئادەتتىكى يوتقان ـ كۆرپە دېگەندەك نەرسىلەر بار. تاختاي سۇپا ئۈستىگە تەگلىمات كىگىز سېلىنغان. بۇ كۈندىلىك پائالىيەت ئۆيى، شۇنداقلا ئادەتتىكى كىرىپ ـ چىققانلارنى كۈتىدىغان، ھەسەن يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆي. يان ئىشىكتىن كىرسە ئارا ئۆي. ئىچى سەل كىچىك، لېكىن تام ـ تورۇسلىرى ياخشى بېزەلگەن، كۆتۈرمە پول ئۈستىگە يۇڭ گىلەم سېلىنغان،

دېرىزىسىگە گۈللۈك پەردە تارتىلغان، خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تۇنىساخاننىڭ خاس ئۆيى، شۇنداقلا يېتىپ - قوپىدىغان ھۇجرىسى. ئىچكىرىدىكىسى چوڭ مېھمانخانا. تام - تورۇسلىرى ئالاھىدە بېزەلگەن، كۆتۈرمە پول ئۈستىگە يۇڭ گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىگە تام ياقىلىتىپ يېكەنداز - كۆرپىلەر سېلىنغان. دېرىزىلىرىگە ئالىي دەرىجىلىك پەردىلەر تارتىلغان. ئۇزۇن ئىشكاپ ئۈستىگە تاۋار، دۇخاۋا يوتقان - كۆرپىلەر تىزىلغان. بۇ ئۆيدىمۇ ئادەمنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئالاھىدە مېھمان كەلگەندىلا بۇ ئۆيگە باشلىنىدۇ. تۇنىساخان ئادەتتە بالىلارنىڭ بۇ ئۆيگە قالايمىقان كىرىشىگە يول قويمايتتى. قاسىم بىر - ئىككى قېتىم تۇنىساخاننىڭ مېھمانلىرىغا نەرسە - كېرەك ئەكىرىشىپ بەرگەچ كۆرۈۋالغانىدى.

قاسىمنىڭ ھازىر بۇ ئۆيلەرنى شۇنداق كۆرگۈسى كەلدى. بىراق، ئىشىك تاقاق ئىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ شەيتانلىرى يەنە قۇتراشقا باشلىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدا ئۇيان - بۇيان ماڭغاچ، مۈشۈكتەك ئۆيگە كىرىدىغان يوچۇق ئىزدىدى. دېرىزە چىڭ تاقاق ئىدى. ئىشىكنىڭ ھالقىسىدىمۇ يوغان قۇلۇپ بار ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى ئىشىك بېشىدىكى كۆزنەككە چۈشتى. ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان بۇ ئىككى تال كۆزنەك سەل كىچىكرەك ئىدى. تۆمۈر شادىمۇ بېكىتىلمىگەن. پەقەت چىۋىن، پاشىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىم تور بېكىتىپ قويۇلغانىدى. قاسىم ئۆزىنىڭ بۇ كۆزنەكتىن بىمالال پېتىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۈچىسىدىكى بوغماق چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئىشىككە ياماشتى. سىم تورنى سۆكۈپ ئېلىۋېتىپ كۆزنەكتىن شۇڭغۇدى. ئۇنىڭ باشقا ئىشقا ئېپى بولمىغان بىلەن بۇنداق شۇڭغۇش، قىستىلىش دېگەنلەرگە خېلى تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇ ئاخىر دالان ئۆيگە چۈشتى. دەسلەپتە خۇددى تۇ-

نىساخان تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە يالغۇز ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، يۈرىكىنى توق تۇتۇپ، ئۆي ئىچىگە سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۆي ئىچى بايا قاسىم ئويلىغان بىلەن ئوخشاش ئىدى. پەقەت تۇنىساخانىنىڭ بىرنەچچە قۇر ئىچ كىيىمى كىگىز ئۈستىگە قالايمىقان تاشلاقلىق تۇراتتى. بەلكىم بىر يەرگە بېرىشنى ئالدىراپ مۇشۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. بولمىسا تۇنىساخان تولىمۇ زىل ئايال ئىدى، ئۆينى چىننىدەك تۇتاتتى.

قاسىم ھەممە ئۆيلەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. ھەتتا تۇنىساخانىنىڭ ھۇجرا ئۆيدىكى گىلەمدە بىردەم سۇنايلىنىپ يېتىپمۇ ۋالدى. ئۇنىڭمۇ ھۇجرا ئۆيى مۇشۇنداق بولغان بولسا ـ ھە؟ ھېچ بولمىسا قۇش ئۇۋىسىنى سىغىنغاندەك ئاشۇ خۇش پۇراق، چىرايلىق ھۇجرىسىنى دەپ بولسىمۇ ئۆيگە ئالدىرىغان، ھە دېسىلا سىرتقا قاچمىغان بولاتتى. بىراق، ئۇ زەي پۇراپ تۇرغان، سۇپا ئۈستىگە كونا كىگىز سېلىنغان تار ئۆيدە ئاكىسى ئىسمايىل بىلەن ئۇخلايدۇ. ئاززاقمۇ كۆڭۈللۈك ئەمەس. تېخى كۈن چىقار ـ چىقمايلا ئاتىسى ۋارقىراپ ئويغىتىۋېتىدۇ.

قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئايلاندى. ھەربىر ئۆيگە قايتا ـ قايتا كىردى. ئاخىرىدا دالان ئۆيدىكى ئىشكاپ ئىچىدىن ئاززاق پىدرەنىڭ ۋە بىر قۇتا مۇرابىبانى تاپتى. ۋاھ، باينىڭ ئۆيى دېگەن باشقىچە. يەي دېسەڭ تاتلىق ـ تۇرۇم، مۇرابىبا، ھەسەل ھەممىسى تەييار. ئادەمنىڭ بۇنداق ئۆيدىن بىر ئۆمۈر چىقماي ياشىغۇسى كېلىددۇ. ئۇ مۇرابىبا بىلەن پىرەنىكلەرنى يەپ راسا تويدى. ئەمدى چىقىپ كەتمىسە بولمايتتى. ناۋادا تۇنىساخانىنىڭ ئاچچىقىدىن قورقمىغان بولسا، خۇش پۇراق تاراپ تۇرغان ئاۋۇ ھۇجرىدا قېلىپ بىر ئاخشام ئۇخلىۋالماسىدى. ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا بايا كىرگەن كۆزنەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. لېكىن، يەنىلا بىر يەرلىرى ئۆي ئىچىگە تارتىشىپ

تۇراتتى. مۇنداقلا چىقىپ كېتىشكە قىيمايۋاتاتتى.
ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر خىيال كەلدى. مېھمانخانىدىكى
ئىشكاپ ئۈستىگە يىغىلغان ئورۇن - كۆرپىلەرگە يانداپ بىر سې-
رىق چامادان قويۇلغانىدى. تۇنىساخان دائىم ھەسەنگە ئاشۇ چامـ-
داندىن پۇل ئېلىپ بېرەتتى. قاسىم ئىشىنىڭ نېرى - بېرىسىنى
ئويلاپ ئولتۇرمايلا مېھمانخانىغا كىرىپ چامادانىنى تارتىپ ئالدى.
چامادان قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئۇ دالان ئۆيدىن قىڭراقنى ئېلىپ
كىرىپ چامادانىنىڭ قۇلۇپىنى بۇزدى. چامادان بىرنەچچە قۇر كى-
يىم، ئاياللار بۇيۇمى، بانكا كارتىسى ۋە يەنە ئاللىقانداق كىنىشكا،
خاتىرە دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇ بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇ-
ۋىدى، ئەڭ ئاستىدىن كىچىكى بەش مولۇق، چوڭى ئەللىك يۈەن-
لىك بىر كاللەك پۇل چىقتى. سۇلايمان پۇللارنى پۇرلەپلا ئالدىراپ
يانچۇقىغا سالدى. چامادانىنى يېپىپ جايىغا قويۇپ قايتىپ چىقتى.
ئۇنىڭ كىرىشىدىن چىقىشى تەسرەك توختىدى. چۈنكى،
كىرىشتە ئاچ قورساق ئىدى. بايا ئىچىدە بىرمۇنچە نەرسە - كې-
رەك يېدى. قورسىقى تومپايدى. يانچۇقىغا بىر كاللەك پۇلنى
تىقتى. شۇڭا، كۆزنەككە پاتماي خېلى قىينالدى. بېلىگە كەلگەندە
قىسىلىپ قالدى. يا ئالدىغا، يا كەينىگە سىلجىيالمىدى. بايا
ھېچنېمىنى ئويلىمىغان قاسىم ئەمدى قورقۇشقا باشلىدى. مۇ-
شۇنداق چاغدا تۇنىساخان كېلىپ قالسا ئۇنىڭ تۇگەشكىنى شۇ
ئىدى. ئۇ قاپقانغا چۈشكەن چاشقاندەك توختىماي تېپىرلىغىلى
تۇردى. ھاسىراپ دېمى سىقىلدى. باش - كۆزىدىن يامغۇردەك تەر
قۇيۇلدى. ئۇ شۇنداق تىركىشىۋېتىپ بىر چاغدا خۇددى بىرسى
يۇقىرىدىن تۈۋەنگە ئىتتىرىۋەتكەندەك، كۆزنەكتىن ئاجراپ يەر-
گە بېشىچىلاپلا چۈشۈپ كەتتى. بېشى قاتتىق يەرگە تېگىشى بى-
لەن تەڭ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئۆزىنى گويا تېگى يوق
ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، كۆكتە لەيلەۋاتقاندەك ھېس قىلدى -
دە، بىر مەزگىلگىچە خۇدىنى بىلمەي يېتىپ كەتتى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا كۆن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. تەلىيىگە تۇنىساخان مۇشۇ كەمگىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇ بولغان ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. بېشى ھېلىمۇ زىڭىلداپ ئاغ-رىپ تۇراتتى. ئاشقازان كېسىلى بار ئادەمدەك كۆڭلى ئاينىپ، قۇسقۇسى كېلەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كەتتى. ئەمما، ۋۇجۇدىنى كۆچلۈك تەشۋىش قاپلاپ تۇرغاچقا، قايتا ئولتۇرۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ تېگىگە قىستۇرىدىغان تاختاينى بوشىتىپ، شۇ ئارىلىقتىن ئۆ-مىلەپ چىقىپ كەتتى.

## 3

تۇنىساخان ئوغلى ھەسەننى ئېلىپ شەھەرگە كەتكەنىدى. كۆز پەسلى ھەممە ئادەمنىڭ قولىغا پۇل كىرىدىغان بىر پەسىل بولغاچقا، بازارمۇ باشقا چاغلاردىكىگە قارىغاندا ياخشى بولاتتى. شۇڭا، ھەرقانداق تىجارەت ئەھلى كۆز بازىرىنى بوش قويمايتتى. پارچە ساتقانلارنىڭ بازىرى ياخشى بولغان يەردە، ئەلۋەتتە، توپ ساتىدىغانلارنىڭمۇ ياخشى بولىدىغان گەپ. بازار ياخشى بولغاندا توپ تارقىتىدىغانلار ئادەتتە توپ تارقىتىۋاتقان مالنى بىر — ئىككى يۈەن قىممەت ساتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بازارغا ئىشەنچى بار. «قۇشقاچنى قار ياغقاندا تۇتۇش»نى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئىلگىرى كۆپىنچە ھاللاردا مالنى ناھىيەدىكى توپ تارقىتىش بازى-رىدىن ئەكېلىدىغان تۇنىساخان بۇ قېتىم شەھەرگە بارغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا مالنى قانچە چوڭ شەھەردىن ئالسا، شۇنچە ئەرزان ئالغىلى بولىدۇ، دەيدىغان قاراش بار ئىدى. ئۇ مال كۆ-رۈپ، مالنىڭ ئەرزىنىنى تاللاپ بولغۇچە كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ كەمدە ئاپتوبۇسنىڭمۇ قالمىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئەتە ماڭايلى ھە، ھەسەنجان بالام، — دېدى تۇنىساخان.

— مەيلى، ئاپا، — دېدى ھەسەن.

ئەمەلىيەتتە، ھەسەننىڭ قاچان مېڭىش بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇنىڭچە بولسا شەھەردە قانغۇچە ئويناپ، ھەممە يەرنى كۆ- رۈپ ئاندىن قايتسا خۇش بولاتتى. تۇنساخاننىڭ ئوغلىدىن بۇز- داق سوراپ قويۇشىمۇ پەقەت ئىككىسىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ بىر يەردىن چىققاندەك ھېسسىياتقا كېلىشى ئۈچۈنلا ئىدى. بولمىسا ئىشلارنىڭ تۇنساخاننىڭ قارارى بويىچە ماڭىدىغانلىقى ھەر ئىككىلىسىگە ئايان ئىدى.

ئۇلار ياتاق ئېچىپ، ماللىرىنى بېسىقتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ كەچلىك بازىرىدا قانغۇچە ئايلاندى. ھەسەنمۇ يېزا با- زىرىدا يېيىشكە نېسىپ بولمايدىغان ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى يەپ، راسا ھۇزۇرلاندى.

ئۇلار ئىككى تاغارغا قاچىلانغان مېلىنى ئېلىپ، ئەتىسى كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئاران ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. تۇنسا- خان دەرۋازا قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىۋېتىپ، ئاستىدىكى بوسۇغا تاختاينىڭ قايرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. كۆڭلىدە، لاللما ئىتلار تاتىلاپ قايرىۋەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئارتۇقچە شۈبھە- لەنمىدى. ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا سەل گۇمان پەيدا بولدى. چۈنكى ئىشىك بېشىدىكى كۆزنەكنىڭ سىم تورى قومۇرۇۋېتىل- گەنىدى. كۆڭلى بىر غەشلىكنى سەزگەن تۇنساخان ئالدىراپ ئىچكىرى كىرىپ، ھەممە ئۆيلەرگە قاراپ چىقتى. ئۆي ئىچى ئاد- چە قالايمىقان ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئىشكاپ ئۈستىدىكى ئورۇن — كۆرپىلەرگە يانداپ قويۇپ قويغان سېرىق چامادان ئورنىدىن قوزغالغاندەك تۇراتتى.

تۇنساخان ئالدىراپ چامادانىنى تارتىپ ئالدى – دە، دىققىتىدە چۆچۈپ كەتتى. چامادانىنىڭ قۇلۇپى بۇزۇلغان، دېمەك ئۆيگە ئوغ- رى كىرىپتۇ. ئۆزىنى خېلى ئىش كۆرگەن، تەمكىن ھېسابلايدى- غان تۇنساخان مۇشۇ دەقىقىدە بىرپەس نېمە قىلارىنى بىلەلمەي

تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن ئارقىسىدا ئاپىسىنىڭ نېمىگە ھاياجانلىنىپ، نېمىگە شۇنچە داڭ قېتىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغان ھەسەنگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ماڭ ... تېز ... دوقمۇشقا ... ئامىنەمنىڭ دۇكىنىدىن ساقچىغا تېلېفون بەر ... بىزنىڭ ئۆيگە ئوغرى كىرىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەسەنمۇ چۆچۈدى. بىراق، ساقچىغا قانداق تېلېفون قىلىدۇ، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت كىنولاردىلا كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە ساقچىغا تېلېفون بەرگىنىنى كۆرگەن، بىراق بۇ مەھەللىدە ياكى باشقا يەردىكى رېئاللىقتا بىرەرنىڭ ساقچىغا تېلېفون قىلغىنىنى كۆرمىگەنىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا خۇددى ئاپىسى بىلەن قىزىقارلىق بىر ئويۇن ئويناماقچى بولىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى.

— قا ... قانداق تېلېفون قىلىمەن، ئاپا؟ مەن بىلمىسەم.

— بېشىڭنى يە، خام كاللا.

تۇنساخان ئوغلىنى تۇنجى قېتىم كەمسىتىش نەزىرى بىلەن سىلىكۈەتتى. ئۇلار شۇنچە يىللاردىن بېرى بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ياشاپ كەلگەچكە، بىرى، ئۇمىدىنىڭ پەرزەنت مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى، مەدەتىنىڭ ئانا مېھرى ئىكەنلىكىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشۈپ قويغانىدى. گەرچە بۇ توغرىسىدىكى قارىشىنى جەمئىيەتنىڭ مەلۇماتلىق كىشىلەردەك دەبدەبىلىك بايان قىلالمىسىمۇ، ئۆزلىرىچە شۇنداق بىر تۇيغۇ، شۇنداق بىر چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. بىر - بىرىنى ئايىشاتتى. ھۆرمىتىنى قىلىشاتتى.

تۇنساخان گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ بولۇپلا پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئوغرىنىڭ ئاچچىقىدا ئوغلىنى تىللاش ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟ ئوغلىدا نېمە گۇناھ؟! بۇ يا قوشنىسىنى چاقىرغاندەك ئادەتتىكى ئىش بولمىسا. ئەمەلىيەتتە، ساقچىغا قانداق تېلېفون بېرىشنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ بىردەملىك ھودۇقۇشتا ئۆزد-

نى يوقىتىپ قويغىنىغا ئۆكۈنۈپ، يەر تېگىدىن ئوغلىغا قارىدى. دىلى ئازار يېگەن ھەسەننىڭ ئاغزى ئۈمچىيىپ، چىرايىنى ئېغىر مەيۈسلۈك قاپلىغانىدى. كۆزلىرى ئاپىسىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلىپ تۇراتتى. ئەزەلدىن ئۆزىگە بۇنداق قاتتىق گەپ قىلىپ باقمىغان ئاپىسىنىڭ تۇرۇپلا شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىشى ئۇ-نى راستىلا ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇ ئاپىسىنى ئۆزىگە ئوخشماي قالغاندەك ھېس قىلدى. ئەڭ خۇشخۇي ئادەمنىڭمۇ خۇددى قو-ياشنىڭ يۈزىنى بۇلۇت توسقاندەك تەرسالىشىدىغان چاغلىرى بو-لىدىغانلىقىنى ئۇ تېخى چۈشەنمەيتتى.

قەلبى زىددىيەت بىلەن تولغان ھەسەن، ساقچىغا قانداق تې-لېفون بېرىشنى بىلمىسىمۇ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— بولدى، بالام. سەن ئۆيدە تۇرۇپ تۇر، — دېدى تۇنىساخان ئاۋازىنى يۇمشاق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ساقچىغا مەن تېلېفون بېرەي. قالايمىقان ماڭما، ئوغرىنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كەتمىسۇن.

تۇنىساخان ئوغلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ھەسەننىڭ ھېلىمۇ ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالماي، يەرگە قارىغىنىچە ئۆتۈپ كېتى-ۋېتىپ «ئۇ ئون يەتتىگە قەدەم قويدى... بىر يىگىت بولۇش ئال-دىدا تۇرىدۇ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. تۇنىساخاننىڭ تەربىيىسىدە شەھەرلىك بالىلاردەك مودا چاچ قويۇپ، پادىچىلار ئىشتىنى، بوغماق چاپان كىيىپ يۈرىدىغان، چىرايى ئاقپىشماق كەلگەن ھەسەن بۇ يىل باشقىچە بوي تارتىپ، ئاۋازىمۇ ئۆزگىرى-شكە باشلىغانىدى. بىراق، ئۇ تازا چېچەن ئەمەس ئىدى.

تۇنىساخان مەھەللە دوقمۇشىدىكى دۇكانغا باردى. ئامىنەم بىرنەچچە ئايال بىلەن قورۇق پاراڭ سوقۇپ ئولتۇراتتى. تۇنىسا-خاننى كۆرۈپ تۇزۇك سالاملىشا ـ سالاملاشمايلا سۆزلەپ كەتتى:

— ۋايىيەي تۇنىساخاچا، ھازىر تېخى سىلىنىڭ گەپلىرىنى

قىلىشىپ ئولتۇرغان، شەھەردىن قاچان كەلدىلە؟ ئۇ يەردە ماللار-نىڭ باھاسى قانداقراق بولۇۋېتىپتۇ؟ بەك چېچەن ئايال جۇمۇ سىلى، شۇنچە ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي شەھەرگە بېرىپ مال ئە-كەلدىلە ...

ئامىنەم سۆزلەۋېتىپ تۇنىساخاننىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن چىرايىغا قاراپلا تۇرۇپ قالدى.

— تېلېفونىڭىز ساقمۇ؟ — تۇنىساخان تولىمۇ ھارغىن بىر تەلەپپۇزدا سورىدى.

— بىر يەرگە جىددىي تېلېفون قىلامتىلە؟

— ساقچىغا...

— ساقچى؟ ۋاي خۇدايىم، نېمە ئىش بولدى؟

— ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپتۇ.

— ھە؟... قاچان؟

— بىلمىدىم، شەھەردىن مال ئەكەلسەم ... شۇنداق تۇرىدۇ.

— نېمىلەرنى ئاپتۇ؟

ئامىنەمنىڭ خۇددى ساقچىلاردەك گەپ سوراپ كېتىشلىرىدىن بىزار بولغان تۇنىساخان قولىنى يېنىك سىلكىپ قويۇپ، ياندۇرۇپ سورىدى:

— ساقچىنىڭ نومۇرىنى بىلەمدىلا؟

ئامىنەم دۇكاننىڭ تېمىغا چاپلاقلىق قەغەزنى كۆرسەتتى.

— مانا، مەسئۇل ساقچى ئۆزى چاپلىغان. بۇ يەردە ...ئالاقى-لىشىش نومۇرى بار ئىكەن.

تۇنىساخان دۇكاندىكى ئاممۇۋى تېلېفوننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئامىنەم ئۇدۇللۇق دەپ بەرگەن نومۇرنى بېسىشقا باشلىدى. تېلې-فون ئۇلاندى. تۇنىساخان ئەھۋالنى قىسقىچىلا مەلۇم قىلدى. ساقچى تەپسىلىي ئادرېسىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، نەق مەيدان-نى ياخشى ساقلاشنى، بولۇپمۇ ئىزلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى جېكىلەپ، تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

تۇنساخان تېلېفون ھەققىنى بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ھەسەن بايىقى ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى.

— قانداق بولدى ... ئاپا؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل تەشۋىش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

— تېلېفون بەردىم.

تۇنساخان قىسقىلا جاۋاب بەردى. ئاندىن پەردىنى قايرىپ ئۆي ئىچىگە بەكرەك يورۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، گىلەم ئۈستى ۋە ئوچۇق يەرلەرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. لېكىن، بىرەر ئىز، غەيرىي بەلگە دېگەندەكلەرنى چېلىقتۇرالمىدى. ئۇ سىرتقا چىقتى. مېڭىش ئالدىدا ھويلىنى پاكىز سۈپۈرۈۋەتكەچكە، ئىزلارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. دېگەندەك ھويلا ئىچىنى بىر ئالغان غەيرىي ئىزلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مانا مەن دەپ نامايان بولۇشقا باشلىدى. غەيرىي ئىز باغدىن ھويلىغا ئۆتكەن بولۇپ، كېيىن دەرۋازا ئاستىدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. تۇنساخان ئىلگىرى كۆرگەن تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، مۇھىم نۇقتىلاردىكى ئىزلارنىڭ ئۈستىگە لېگەن، جاۋۇر دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆمتۈ-رۈپ قويدى. دەرۋازا ئالدىدىكى ئىزلارغا كەلگەندە لېگەن، جا-ۋۇرلار تۇگەپ قېلىپ، بىرنەچچە قەغەز يەشىكنى كۆمتۈردى. ھويلا ئىچى بىردەمدە غەلىتە تۈسكە كىردى. ھەسەننىڭ كۆزىگە ئاپىسى گويا سېھىرگەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. سېھىرگەرلەر نو-مۇر كۆرسەتكەندە ئاشۇنداق قاچىلارنى كۆمتۈرەتتى. ئاستىدا ئال-لىقانداق نەرسىلەر يوشۇرۇنغان بولاتتى. كېيىن ئۇ نەرسىلەر ئالمىشىپ قالاتتى. ھەسەننىڭ كۈلكىسى قىستاپ كەتتى.

— ئاپا، سېھىرگەرلىك قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى ھەسەن بىر چاغدا ئاپىسى ئۇدۇللۇق «ياپقۇچ» يېپىۋاتقان ئىزلارغا سىنچىلاپ قاراپ كېتىپ.

— نېمە دەيدىغانسەن، — دېدى تۇنساخان ۋە قولىدىكى

ئىشنى توختىتىپ ئوغلىنىڭ ساددىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلدى، — ئىزلارنى دالدا قىلىۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟

— ساقچى شۇنداق دېگەن. ئىزنى ياخشى ساقلاپ قالساق، شۇ ئىزغا قاراپ تۇرۇپ ئوغرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

— مەن بۇ ئىزلارنى تونۇغاندەك قىلىمەن.

— نېمە؟ — تۇنىساخان ئوغلىغا ئەجەبلىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلدى، — سەن... سەن ئۇ ئوغرىنى تونۇيمەن دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداقراق.

شۇ هامان هەسەننىڭ چىرايىدا بايىقى مەيۈسلۈك ئالامىتى يوقاپ، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ئەكس ئەتتى. كۆزلىرىمۇ نۇرلاندى.

— ئەمىسە ...

— بۇ قاسىمنىڭ ئىزى.

— قاسىم؟ توۋا، ئۇ مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ قىلارمۇ؟

— بىلمەيمەن. لېكىن، بۇ چوقۇم شۇنىڭ ئىزى. ئۇ ئايىغىنى كۆز - كۆز قىلىشقا ئامراق ئىدى. ماڭا تولا ئىزلىرىنى باھالىتىپ... شۇڭا كۆزۈمگە سىڭىشىپ قاپتىكەن.

تۇنىساخان ئۈندىمىدى. دېمىسىمۇ بۇ ئۆينى پىششىق بىلىدىغان بىرسىنىڭ قىلغان ئىشى ئىدى. قاسىم دائىم دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. هەسەن بەكلا ياۋاش بالا بولۇپ قالدى (ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەنرەك دېيىشكە تۇنىساخاننىڭ تىلى بارمايتتى). تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، مەكتەپتىن تۇزۇك بىرنەرسە ئۆگىنەلمەي قايتىپ چىقتى. ئۇ باللارغا كۆپ قېتىلمايتتى. بىرەر يىلنىڭ ئالدىدا قاسىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار ئايرىلماس دوستلارغا ئايلاندى. نېمىشقىكىن، ئادەم خۇشياقمايدىغان هەسەن قاسىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىلا ئۆزىنى ئىنتايىن خۇشال ۋە كۆڭۈللۈك سېزەتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. قاسىممۇ هەسەننىڭ دې-

گەن يېرىدىن چىقاتتى. تۇنىساخانمۇ ئوغلىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەمراھ تاپقىنىغا خۇش بولغاچقا، قاسىم نەچچە كۈنگىچە ئۆيىگە قايتماي ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرسىمۇ قوغلىمايتتى. بىر ھېسابتا ئۇ قاسىمنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدۇ، دېسىمۇ بولاتتى. ئەجەبا، ئاشۇ قاسىم ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرگەنمىدۇ؟ بۇ ئېنىقلا ئاش بەرگەن قازاننى چاققانلىققۇ؟! تۇنىساخان بۇ ئىشلارغا يا كۈلۈشنى، يا خاپا بولۇشنى بىلەلمەي قالدى.

## 4

ساقچىلار تۇنىساخان تېلېفون قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن ئاران كەلدى. ئۇلار بەك ئالدىراشمۇ ياكى ئوغرىلىق دېلولىرىغا ئانچە ئېتىبار قىلمامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ساقچىلار كېلىپلا ئاۋۋال قولۇپى بۇزۇلغان چامادانني، ئاندىن ئوغرىنىڭ ئاياغ ئىزىنى سۈرەتكە تارتتى. ئەھۋالنىڭ جەريانىنى بىر قۇر ئۇقۇشقاندىن كېيىن، ئاخىرىدا شۇنداق سورىدى:

— چامادانىڭىزدا قانچە پۇل بار ئىدى؟

— ئۈچ... ئۈچ مىڭ يۈەن.

— باشقا نەرسىلىرىڭىز ساقمىكەن؟

— ساق... ساقتەك تۇرىدۇ.

— ئېنىق جاۋاب بېرىڭ. مۇشۇ دېگىنىڭىز ئاساس قىلىنىدۇ.

— ساق ئىكەن.

— بىرەرىدىن گۇمانىڭلار بارمۇ؟

تۇنىساخان ئوغلىنىڭ خۇشخۇيلۇق ئەكس ئېتىپ تۇرغان چىرايىغا بىر قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى.

— ئوغلۇم... ئۇنىڭ دېيىشىچە... بۇ ئىش ئۇنىڭ دوستىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن.

— دوستىنىڭ ئىسمى نېمە؟ قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟
— ئىسمى قاسىم، قوشنا كەنتتىن.
— ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمىچۇ؟
— ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئۆمەر خېلىل، ئاپىسىنىڭ ئىسمى رابىخان.
— ئوغلىڭىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلى قانچە ئۇزۇن بولغان؟
— بىرەر يىلچە بولدىغۇ دەيمەن.
ساقچى يېزىۋاتقان خاتىرىسىنى توختىتىپ، تۇنىساخانغا قارىدى:
— بولىدۇ، ھازىرچە مۇشۇنچىلىك پاراڭلىشايلى، بىز تەكشۈرۈپ، ئەھۋال ئېنىقلانغاندا سىزگە خەۋەر قىلىمىز.
— ماقۇل.
ساقچىلار ھەسەن تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ئۆمەر خېلىلنىڭ ئائىلىسىگە قاسىمنى ئىزدەپ باردى. قاسىم يوق ئىدى. ئىسمايىل تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن بوگۇن قايتىپ چىقىپ، كۆڭلى بىرئاز خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن ئۆمەر خېلىل تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ساقچىلارنى كۆرۈپ يەنە ساراسىمىگە چۈشتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قاسىمنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا، چوقۇم بىر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ تېخىمۇ قورقتى. قاسىمنىڭ بەڭباشلىقىدا ئۇنى بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىدى دېگىلى بولمايتتى. ساقچىلار قاسىم توغرۇلۇق بەزى ئەھۋالنى سوراۋالغاندىن كېيىن، ئۆيدىن ئۇنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى تاپتى.
ساقچىلار قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئائىلىنىڭ ئارامى بۇزۇلدى. ئاللىقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىك، ۋەھىمە ئۇلارنى تىنىمسىز ئازابلىغىلى تۇردى. ئۆمەر خېلىل تۇيۇقسىز چاچ ـ ساقاللىرى تۆكۈلۈپ، يالىڭاچ بولۇپ قالغان ئادەمدەك قىپچىنىپ كەتتى. بۇ بىر نومۇس تۇيغۇسى ئىدى.
ساقچىلار قاسىمنى ئىككى كۈندىن كېيىن، بازاردىكى بىر

تورخانىدا قولغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە مىڭ يۈەندىن كۆپ-
رەك پۇل بار ئىدى. ئۇمۇ تېزلا قىلمىشىغا ئىقرار قىلدى ـ دە،
ئوغرىلىق جىنايەت گۇمانى بىلەن قاماقخانىغا قامالدى.

بۇ خەۋەر ئۆمەر خېلىلىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، بىرھازا ئې-
سىنى يوقاتقاندەك تۇرۇپ كەتتى. بۇ ئائىلىگە نېمە بولغاندۇ؟ نەچ-
چە كۈن ئاۋۋال ئاتا ـ بالا ئىككىسى خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ ساق-
چىخانىغا قامىلىپ ياتتى، ئىسمايىل ئون بەش كۈن تۇتۇپ تۇرۇل-
دى. ئەمدى قويۇپ ماۋۇ قاسىم باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا
كىرىپ تۇرمىدە ياتتى. بۇ ساپلا جىنايەتچى چىقىدىغان ئائىلىدەك.
ئەمدى ئۆمەر خېلىل قايسى يۈزى بىلەن خەققە ئىككى ئېغىز گەپ
قىلىپ، مەھەللىدە يۇرت ـ جامائەتكە ئارىلىشىپ ياشىيالىسۇن.
چاچ ـ ساقال ئاقارغاندا بۇ ئاھانەتكە قانداق چىدىغۇلۇق.

سىرتتا سارغايغان ياپراقلار شىلدىرلاپ يەرگە چۈشۈۋاتات-
تى. ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇغان، قۇياش پارلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن
بىردىنلا يەر شارىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندەك نۇرى ئاجىزلاپ
قالغانىدى. تەبىئەتتە بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىيات ھۆكۈم
سۈرەتتى. بۇ يىل سوغۇق بالدۇر چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن
ئۆتە ئۆمەر خېلىلنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋاتقان سوغۇق تېخىمۇ
قەھىرلىك ئىدى. كۆزىگە ھەممە يەر قارلىق دالادەك ئاپپاق
كۆرۈنەتتى. ھېچنېمىسى قالمىغان غېرىب ـ مۇساپىردەك،
ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز، مۆڭ باسقان، تەنھا ھېس قىلاتتى. قې-
نىپ بىر ئۇخلىۋېلىشقا ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئادەمدەك ئاستا ـ
ئاستا بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال
قىلاتتى، بىراق كاللىسىدا ھېچنېمە يوق ئىدى. يۈزلىرى چى-
مىلدايتتى، كۆيەتتى، ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. ھەتتا يۈزىنىڭ بار ـ
يوقلۇقىغىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. جامائەت ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلۈۋاتقاندەك، مەنسىتمەيۋاتقاندەك، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئائىلىسى-
دىكى ھەربىر ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كۆز

ئالدىدا ۋەھىمىگە تولغان قاراڭغۇ ئۆي، سۇرلۇك كويزا ـ كىد ـ
شەن، يەنە ئاللىقانداق چىرايلار نامايان بولاتتى...

سۇلايمان ئاتىسىنىڭ ئازابلىق كۆزلىرىدىن سىرغىۋاتقان
ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. مۇشۇ تاپتا
ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئازابلانماقتا ئىدى. يەنە قاسىمدىن ئاغ ـ
رىناتتى. يېنىدا بولۇپ قالسا تازا كېلىشتۇرۇپ نەچچە شاپىلاق
سېلىپ، ئاتىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىشنى
ئويلايتتى.

ـــ ئاتا، ـــ دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا، ـــ بەك
غەم يەپ كەتمەڭ. بۇ ئىشلارمۇ ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

ئۆمەر خېلىل ئۈندىمىدى. خۇددى خىيال دېڭىزىدىن قايتىپ
كېلەلمەيۋاتقاندەك جىمجىت تۇرىۋەردى.

ـــ مەن بازارغا بېرىپ باقاي، ـــ دېدى سۇلايمان يەنە، ـــ
ئاغىنىلىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشسەم، بىرەر يول چىقىپ قالسا
ئەجەب ئەمەس.

ئۆمەر خېلىل بېشىنى سەلگىنە كۆتۈرۈپ، تورلاشقان كۆز ـ
لىرىنى سۇلايمانغا تىكتى.

ـــ بىز... بىز... تۈگەشتۇقمۇ؟

ئاتىسىنىڭ مۇددىئاسىنى دەماللىققا چۈشەنمىگەن سۇلايمان
سەل دۇدۇقلاپ قالدى.

ـــ ئاتا...

ـــ ئەمدى مەھەللىدە يۈزىمىز بولمايدۇ. بىز ئوغرى، بىر
نەرسە يىتسىلا خەق بىزدىن گۇمان قىلىدۇ.

سۇلايمان باياتىن بېرى «ئاتام قاسىمنىڭ غېمىنى يەپ مۇ ـ
شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دەپلا ئويلىغانىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كال ـ
لىسى ئېچىلدى. ئەسلىدە ئاتىسىنىڭ كۆڭلىدىكى باشقا ئىش ئى ـ
كەن. ئۇ ئەزەلدىن غۇرۇرىنى چوڭ بىلەتتى. پاكىز ياشايتتى.
باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىل ـ

مايتتى. ئەمدى ئۇ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ تىكلىگەن ئاشۇ قەدىر مۇنارىنى غۇلاپ چۈشكەندەك ھېس قىلىپ قالغانىدى.

— قاسىم تېخى كىچىك، بالىلىقىدا خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان كىم بار؟!

— چارۋىلار خەقنىڭ زىرائىتىنى يەپ قويسا، جاۋابىنى مال-چى بېرىدۇ. مەن ئۇنى ياخشى باشقۇرالمىدىم.

— ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ، ئۇ ئەسلىدىلا شۇنداق كالىلىسى ئىشلىمەيدىغان ...

سۇلايمان دەرھال گېپىنى توختىتىۋالدى. ئاتىسىغا تەسەللى بېرىمەن دەپ يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان سۆزنى قىلىپ سالغىنىدىن ھودۇقۇپ كەتكەنىدى. بالىنى تىللىغانلىق ئاتىنى تىللىغانلىق بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ. ئاتا ئۆزىنى بالا ئۈچۈن مەسئۇلىيەت ھېسابلايدىغان تۇرسا.

— بۇرۇن، — دېدى ئۆمەر خېلىل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەھەللىدە بىرەر ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالسا، نومۇس قىلىپ كۆچۈپ كېتەتتى ياكى مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىگە چىقىپ بىر ئۆمۈر تەنھا ياشايتتى. بۇ كۈن ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلدى.

— ئۇ دەرىجىدىمۇ بولۇپ كەتمەس، ئاتا؟ ناھايىتى شۇ ئۈچ مىڭ يۈەن ئىكەنغۇ؟ قاسىم نادانلىق قىلىپ... يەنە كې-لىپ ئۇ قاسىمنىڭ ئادىشىنىڭ ئۆيى ئىكەن. چاقچاق قىلىپ ئېلىپ قويغاندۇ. بەك بولمىسا تۆلەپ بەرسەكلا ئىش تۈگەيدۇ. — دېدى ئاتىسىغا تەسەللى بېرىشكە باشقا گەپ تاپالمىغان سۇلايمان.

ئۆمەر خېلىل پۇرۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى لاپپىدە ئېچىپ سۇلايمانغا قارىدى. قاش - قاپاقلىرىنى قورۇق چىرماپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كۆزلەر يەنىلا شۇنداق نۇرلۇق ۋە سۇرلۇك ئىدى.

— سەن بۇلارنى كىچىك ئىش دەپ ئويلامسەن؟

— ئاتا ...
— « توشقاننى قومۇش ئۆلتۇرەر، ئادەمنى نومۇس» دېگەن گەپ بار، بالام.
— بىلدىم.
— قاسىم مەيلى تۈرمىدە ياتسۇن ياكى قويۇپ بېرىلسۇن بەربىر. بىز يامان ئاتاققا قېلىپ بولدۇق. ئەمدى... ئۇنى يۇيۇش ئاسان ئەمەس.
— بىز تىرىشايلى.
— بازارغا بارامسەن؟
— بىلمىدىم، ئۆزىڭىز بىرنەرسە دەڭ.
— بارغىن. لېكىن، قۇدامغا بۇ ئىشنى ئېيتما. نومۇس ئۆز بىلەن بىللە. ھېلىمۇ ئالدىنقى قېتىم ساقچىخانىدا بەك ئىزا تارتتىم. بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىنقى قېتىم «قەستەن يۈزىمىزمۇ قالمايدۇ. كېيىن قانداقمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرالايمىز.
— دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن. قاسىمنىڭ يولىنى ...
— ئۆزۈڭ بىل. ھازىر ئۇنىڭ گېپىنى قىلغۇم يوق، ئاڭلىغۇممۇ ھەم يوق. بېشىغا كەلگەننى كۆرەر.
شۇ ئارىدا تىراكتورغا لىققىدە شال پاخلى باسقان ئىسمايىل ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن چىقىپلا خۇددى نەچچە كۈننىڭياقى قىلالمىغان ئىشلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچى بولغاندەك جىددىي ئىشلەپ كەتكەنىدى. ئىنىسىنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر تىراكتور شال پاخلى ئەكەلگىنىنى كۆرگەن سۇلايمان تىراكتور بۇلۇڭىدىكى قوتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شىغا ئىنىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.
— بايا جاڭگالغا بارىمەن دېسەڭچۇ، ئۆزۈڭ يالغۇز قانداق باستىڭ، ئۇكام؟
— روزىنى بىللە ئېلىۋالغان، — دېدى ئىسمايىل ھىجىيىپ.

روزى مەھەللىدە ئىسمايىل بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان يېقىن دوستلاردىن ئىدى. شۇڭا، سۇلايماننىڭ ئارتۇق بىر نەرسە دېمىدى. ئۇ قولىغا تۆمۈر ئارىنى ئېلىپ، ئىنىسىنىڭ پاخاللارنى چۇشۇرۇشىگە ياردەملەشتى. ئۆمەر خېلىل تىراكتور ئۈستىدىكى پاخاللارنى قوتاننىڭ ئۆگزىسىگە تاشلاۋاتقان ئىككى ئوغلىغا سۈيۈنۈش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. بىردىنلا يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ ئاغرىغاندەك بولدى. قاسىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى. تېخى هازىرلا ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىغان ئاتا بىردەمدىلا ئۇ خىيالىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىگە بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەرگەن بۇ قولاق كەستىنى سېغىنىشقا باشلىغانىدى. قاسىمنىڭ قاراڭغۇ تۈرمىدە يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى ئويلىسا، چىدىيالماي قالاتتى. دۇنيا ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق پىچىرلاشقا باشلىدى: «ئېھ، بالا ئۇچۇن باغرى كاۋاپ ئاتا، ئۆز غېمى يەتمىگەندەك بالا غېمىدە ئۆرتەنگەن ئاتا، بالا ئۇچۇن ياشاپ، بالا ئۇچۇن ئۆلىدىغان ئاتا. ھېلىمۇ سەن چىدايسەن بۇ ئوتقا، سەن زېمىننىڭ تۈۋرۈكى، ئەۋلادلارنىڭ كۆۋرۈكى. سەن خاسىيەتلىك چىنار. ياق، پەرىشتىنىڭ ھاسىسى. سۇنمايسەن، ئۈپرىمايسەن. قەددەملەرگە يۆلەك، مەنزىلگە مەدەت!»

ئەمما، ئۆمەر خېلىل ئاتىلارغا ئېيتىلغان بۇ تەھسىنلەرنى ئاڭلىيالمايتتى. ئېغىر يۈك دەستىدە مۈكچەيگەن تۆگىدەك مۈك ئىچىدە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى.

## 5

مەھەللە دوقمۇشىدا بوتكا ئاچىدىغان نۇرمەمەتنىڭ ئوغلى خەۋەر ئېلىپ كىرگەندە، سۇلايمان بازارغا مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانىدى.

ـــ سىزنى بازارغا تېزرەك كەلسۇن دەيدۇ، ـــ دېدى بالا ئۆيې-

گە كىرىپلا.

بۇ مەھەللىدىكى نۇرغۇن ئائىلىلەرگە تېخى تېلېفون ئورنى-تىلمىغاچقا، پەقەت مۇشۇ نۇرمەمەتنىڭ بوتكىسىدىكى تې-لېفون مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالاقە ئىشلىرىدا قولايلىق يارىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئاربىلقى يېقىنراقلىرىغا نۇرمەمەت خەۋەر يەتكۈزەت-تى. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇقىم تېلېفونىنىڭ نومۇرى جىق يەرلەرگە تا-راپ كەتكەن. كىشىلەر يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە مۇشۇ نومۇرنى دەپ بېرەتتى.

سۇلايمان بالىدىن ئارتۇق گەپ سوراپمۇ ئولتۇرمىدى. چۈن-كى، ئۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى پەرەز قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. گۈلقىز ئېغىرلىشىپ قالغان بولۇپ، بۈگۈن - ئەتە دېگەندەكلا ئەھۋال ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۆمەر خېلىل بىلەن رابىخان بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. ھامىلىدار ئايالنىڭ بويى ئاغرىپ قالغاندا كۆپ داۋراڭ قىلىشقا بولمايتتى. خەق قانچە كۆپ ئۇقسا ئايالنىڭ تول-غىقى شۇنچە تەسلىشىپ كېتىدۇ، دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، ئىككىي-لەن كۆڭلىدىلا بىلىشىپ، چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمىدى. قا-سىمنىڭ ئىشلىرى بىلەن پىكرى چېچىلىپ تۇرغان سۇلايمان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تېڭىرقاشقا باشلىدى. ئاللىقانداق بىر تەشۋىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى.

— بالام، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، — دېدى رابىخان، شۇ تاپتا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان سۇلايماننىڭ قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — خۇدايىم ئۆزى چىگكەن تۈگۈچنى ئۆزى يېشىشكە قادىر.

ئۆمەر خېلىل رابىخاننى بىللە بېرىشقا ئۈندىمەكچى بولۇپ-راق توختاپ قالدى. گۈلقىزنىڭ راستىلا بويى ئاغرىپ قالدىمۇ يا-كى ئاللىقاچان يەڭگىپ بولدىمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بول-مايتتى. ئۇلارمۇ مەخپىيەتلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، خەۋەرنى تومتاقلا يەتكۈزگەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇدىلاردىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ.

تۇغۇت دېگەن بىر جەڭ، سالامەت بىر تەرەپ بولغۇچە خەۋەرنى پىنھان تۇتقان ياخشى.

— شۇنداق قىل، بالام، — دېدى ئۆمەر خېلىل، — بىر ئىش بولسا بىزگە خەۋەر بەر.

— ماقۇل.

ھەممەيلەن بىر خىل جىددىيچىلىك ئىچىدە قالغانىدى. شۇنداقلا يەنە بىر خىل ھاياجان ۋە خۇشاللىقنىڭ سايىسى ئۇلارنى ئىزتىراپقا سالاتتى. سۇلايمان ئۆزىنىڭ ئاتا بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىناتتى، سۆيۈنەتتى. شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆز ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتاتتى، قورقاتتى. ئۇ تېخى تۇنجى پەرزەنت كۆرۈش بوسۇغىسىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ قىلغانلىرىدىن ئاتا بولۇشنىڭ ۋەزنىنى، جاپاسىنى، دەردىنى ئاز ـ تولا ھېس قىلغانىدى. ئاتا بولۇش شەرەپلىك، مۇقەددەس ھەم ئادەمنى ھاردۇرۇپ ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان مۇشەققەتلىك بىر يول ئىدى. سۇلايماننىڭ بۇ يولدا مېڭىشقا چامى يېتەرمىكىن؟

سۇلايمان ئالدىراش يولغا چىقىپ بازارغا يېتىپ كەلدى. قېيىنئاتىسىنىڭ دەرۋازىسى تاقاق ئىدى. ئۇ يەنە دۇكانغا باردى. ئەھەت ھېمىتنىڭ قاپاقلىرى سېلىنغان، خىيالچان كۆرۈنەتتى. بىر ئىشنىڭ كويىدا تەشۋىشلىنىپ تۇرغاچقا، قويغان ـ تۇتقىنى جايىدا ئەمەس، ھە دېسە ئېزىپلا تۇراتتى.

ئۇلار قىسقىلا سالاملاشتى.

— بالام، دەرھال ناھىيەگە بېرىڭ، — دېدى ئەھەت ھېمىت، ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۇمچىيىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، — گۈلقىزنى تۈنۈگۈن بازارلىق دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىرگەنىدۇق، بىچارە قىزىم، بىر ئاخشام تولغاق يەپ قىينالدى، بىراق بالا تۇغۇلمىدى. دوختۇرلار قورقۇپ، ناھىيەگە يۆتكەڭلار، دېگەنىدى. ئاپىڭىز بىلەن تۈنىساگۈل ئۇنى ناھىيەگە ئەكەتتى. مەن بارسامۇ ئەپسىز

بولۇپ، يىقىن تۇرالمايدىكەنمەن. شۇڭا، دۇكانغا قارىغاچ خەۋەر كۈتۈۋاتىمەن. لېكىن، ھازىرغىچە جىم.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن ھازىرلا ماڭاي.

سۇلايمان تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر كىچىك ماشىنىنى كىرا قىلىپ ناھىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقى، ھاياجىنى غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېغىر غەم ـ ئەندىشە ئىگىلىگەنىدى. ئۇ گۇلقىزدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. بازارلىق دوختۇرخانىمۇ قورققان يەردە، بۇ ئىش بىرئاز خەتەرلىكتەك تۇراتتى. ئەرلەر كۆپىنچە ھالدا پەرزەنتلىك بولۇش خۇشاللىقىنىلا ئويلاپ، تۇغۇتنىڭ خەتىرى توغرىسىدا باش قاتۇرمايدىكەنمىز. ئايالار سالامەت يەڭگىپ بىر تەرەپ بولغۇچە مىڭ ئۆلۈپ ـ مىڭ تىرىلىدىكەن. ئاھ، ئۇلارنىڭ تارتقان ئازابىنى دېمەيلا قوياي. شۇنداق چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر ئايال بولۇپ قالغىنىدىن قانچىلىك زارلىنىپ، ئۆكۈنۈپ كېتىدىغاندۇ؟ چوڭلار توغرا دەيدۇ، تۇغۇت بىر جەڭ. ھەتتا، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئايالارمۇ بارغۇ؟!

شۇلار خىيالىدىن كەچكەندە، سۇلايماننىڭ تەشۋىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. يۈرەكلىرى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. قانلىرى سوۋۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بوشىشىپ، ئېغىرلىشىپ كەتتى. كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

ئۇ ناھىيەگە بارغاندا كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. كۆڭلى جايىدا بولمىغان سۇلايمان، بىرنەرسە ئېلىشقىمۇ رايى تارتماي ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا كىردى. ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ تۇغۇت بۆلۈمى ئالدىغا كەلگەندە، قېيىنئاپىسى بىلەن تونىساگۈل ئىشىك تۈۋىدە ياش تۆكۈشۈپ ئولتۇراتتى. قىزىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغان گۈلمەرەمخان سۇلايماننى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئاران تۇرغان سۇلايماننىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاپا، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى تۇنىساگۇل ئاپىسىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، دېمىسىمۇ ھەممە ئادەم بۇنداق ئۆزىنى يوقىتىپ، يىغا - زارغا چۈشسە، دوختۇرخانا ئىچى نېمە بولۇپ كېتىدۇ.

— ئىككى كۈن بولغان تۇرسا، — دېدى گۈلمەرەمخان ئېسەدەپ تۇرۇپ، — قانداقمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالايمەن.

سۇلايمان مۇشۇ تاپتا قېيىنئاپىسىغا قانداق تەسەللى بېرىشنىمۇ بىلمەيتتى. خىيالىغا ئېغىر ئازابتىن باشقا ھېچنېمە كەلمەيتتى. بىر تۇرۇپ بۇ ئازابنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزىدەكمۇ ھېس قىلىپ قالاتتى - دە، تېخىمۇ ئۆكۈنۈشكە باشلايتتى.

— سىز دۇئا قىلىڭ، بالام، — دېدى تۇيۇقسىز گۈلمەرەمخان، ئۇ ئەر دېگەن ئايال كىشىنىڭ ھامىيسى بولغاچقا، دۇئاسىمۇ تېز ئىجابەت بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى، — قىزىمنىڭ تۇغۇتىنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ.

سۇلايمان كارىدور ياقىلىتىپ قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، چىن دىلىدىن دۇئا ئوقۇشقا باشلىدى. بىر ھېسابتا ئامالسىز قاراپ تۇرغاندىن بۇمۇ ياخشى ئىدى. ھېچ بولمىسا ئۆزۈڭگە تەسەللى تاپىسەن، ئاللىقانداق بىر كۈچكە ئېرىشكەندەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن سەۋر قىلىسەن. بىرەر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىش خىيالى روھىڭنى ئاۋۇندۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى، شۇنداقلا قىيىن ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە يەنە ياردەمسىز قالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىسەن. سانسىز ئادەملەر ئىچىدە ئارىلىشىپ كەتكەن بەخت بىلەن بەختسىزلىكنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك بولىسەن. بەخت ئۈچۈن ھاياجانلىنىسەن، ئۇنىڭغا ئىنتىلىسەن. بەختنى قۇچاقلىغۇڭ كېلىدۇ. ئەتە... يەنە ئەتە، تالاي ئەتىلەر ئۈچۈن باش قاتۇرىسەن. ھايات ئۈمىدۋارلىق، ئىزتىراپ ئىچىدە داۋام قىلىدۇ.

دوختۇرلار پات - پات يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ئاچىقىپ،

ساقلاپ تۇرغان چوڭ دادىسى، چوڭ ئانىلىرى ياكى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تاپشۇراتتى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرى پەلەككە يېتەتتى. ھەي، شۇلارنىڭ بىرەرى بىز بولۇپ قالساقچۇ، دەپ ئۆكۈنەتتى سۇلايمان.

تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ، بىر دوختۇرنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— گۈلقىز ئەھەتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بارمۇ؟

سۇلايماننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. گۈلمەرەمخان ئاغزىدىن بىرەر گەپنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن قورققاندەك، ئالقىنى بىلەن ئېغىزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆكسۈشكە باشلىدى.

— مانا... بىز بار...

— قىزنىڭ تۇغۇتى خەۋپ ئىچىدە، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدۇ. ئەگەر قوشۇلمىساڭلار باشقا دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار.

ئەسلىدە گۈلمەرەمخان باشقىلاردىن ئاڭلىغان تۇغۇتلۇق ئايالنى ئوپېراتسىيە قىلسا يېرىم جان بولۇپ قالىدۇ، كېيىن قايتا ھامىلىدار بولالمايدۇ، دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ تۇغدۇرۇشقا قوشۇلمىغانىدى. ئەمما، ئەمدى ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە يەنە جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېرىش گۈلقىزنىڭ ھاياتىغا خەۋپ ئەكېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— بولدى، ئوپېراتسىيە قىلدۇرايلى، — دېدى سۇلايمان قېيىنئاپىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرمايلا.

— سىز ھامىلىدارنىڭ نېمىسى؟

— ئېرى.

— بولىدۇ، بۇ جەدۋەلگە ئىمزا قويۇڭ.

دوختۇر بەزىبىر خەتەرلىك ئامىللار، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تۇغرىسىدا سۇلايمانغا چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن، بىر جەدۋەلنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. سۇلايمان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن

جەدۋەلگە ئىمزا قويدى. گۈلمەرەمخان ئىشنىڭ يامان يەرگە كې-لىپ قالغىنىنى سەزگەچكە، قارشىلىقمۇ بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭغا قىزىنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەپ تۇرماقتىن باشقا چارە قالمىغان-دى. ئارىدىن ئالاھازەل بىرەر سائەتچە ئۆتۈپ، ئىشىك يەنە ئې-چىلدى.

— گۈلقىز ئەھەتنىڭ ئائىلىسى ...

دوختۇرنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى مۇزلاپ، يۈرەكلىرى توختاپ قالغاندەك بولدى. پۇت - قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. ئاستا - ئاستا چەكسىز زۇلمەت ئىچىگە چۆ-كۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. بېشى قېيىپ، قۇلاقلىرى غۇڭۇلداشقا باشلىدى.

— بالا تۇغۇلدى.

ئۇلار ئارتۇقچە جىددىيلىشىپ كېتىشكىنىنى ھېس قىلىش-قاندا ئاللىقاچان كۆز ئالدى يورۇپ، ۋۇجۇدىنى چەكسىز بىر خۇ-شاللىق چىرماپ ئالغانىدى. ھاياجاندىن ئۆزلىرىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلەتتى. بۇ خۇش خەۋەرنى ۋار-قىراپ جاكارلىغۇسى كېلەتتى.

— رەھمەت، دوختۇر، سىلەرگە كۆپ رەھمەت ...

گۈلمەرەمخان ھاياجاندا پەقەت شۇ گەپنىلا دېيەلىدى.

— بالا ... ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟

خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان سۇلايمان تاقەت قىلالماي تۇرالمىدى. دادا بولغۇچىنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنىمۇ مۇشۇ ئىدى.

— ئوغۇل.

سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدى شۇررىدە قىلىپ قالدى، چەكسىز پە-خىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. كۆڭلىدە گۈلقىزغا بىرتالاي رەھمەتلەرنى ئېيتىپمۇ ئۈلگۈردى.

— بىردەم ساقلاڭلار، ئانا - بالا ئىككىسىنى تەكشۈرۈپ

بولغاندىن كېيىن، ئاچىقىمىز.

— ماقۇل، دوختۇر.

دېگەندەك يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ ئىشىك يەنە ئېچىلدى - دە، بىر دوختۇر گۈلقىز ياتقان غالىتەكلىك كارىۋاتنى ئىتتىرگەن، يەنە بىر دوختۇر زاكىغا يۆگەلگەن بوۋاقنى كۆتۈرگەن پېتى چىقىپ كەلدى. سۇلايمان ئىتتىك بېرىپ بوۋاقنى ئالدى. يۈزلىرى چالا قىزارغان پەمىدۇرغا ئوخشايدىغان، قاپاقلىرىدىكى ئىششىق تېخى يانمىغان، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى يەنىلا بىرسىگە ئوخشاتقىلى بولاتتى. ئۇ سۇلايمانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

گۈلمەرەمخان كۆزلىرىدە ياش، چېھرىدە ھاياجانلىق تەبەسسۇمى چاقنىغان ھالدا قىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. غالىتەكلىك كارىۋاتتا ماغدۇرسىز ياتقان گۈلقىزنىڭ تاتارغان چىرايىدا قان دىدارى يوق ئىدى. تۇرقىدىن چەكسىز بىر ھارغىنلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، ياغلىقىدىن قالايمىقان چىقىپ قالغانىدى.

— ئاھ، جېنىم قىزىم. بەك قىينالدىڭىز.

گۈلمەرەمخان ئېگىلىشىپ قىزىنى باغرىغا باستى. پېشانىسىگە چوڭقۇر مېھىر ۋە تەقەززالىق ئىلكىدە سۆيۈپ كەتتى. بوۋىقى بىلەن بولۇپ كەتكەن سۇلايمان ئەمدى ئېسىگە كەلگەندەك، بالىنى كۆتۈرگىنىچە گۈلقىزنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى.

— رەھمەت سىزگە، بەك جاپا تارتتىڭىز.

گۈلقىز كۈلدى، ئەمما بەكلا چارچاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەچكە، كۈلكىسى سۇس ئىدى.

— بولدى ... بولدى، ئەمدى ئۇنى ئاۋارە قىلماي، دەرھال كارىۋاتقا يۆتكەڭلار. ياخشى ئارام ئالمىسا بولمايدۇ.

باياتىندىن بېرى ئۆز ھاياجىنى بىلەن بولۇپ كەتكەنلەر

دوختۇرنىڭ ئەسكەرتىشىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى. سۇلايمان بوۋاقنى قېيىنئاپىسىغا بېرىپ، ئۆزى گۇلقىز ياتقان غالتەكلىك كارىۋاتنى ئىتتىرىپ ماڭدى. ئۇلار ياتاققا كىرىپ گۇلقىزنى كېسەل كارىۋىتىغا يۆتكىگەندىن كېيىن، سۇلايمان ئۇنىڭغا تاماق ئەكىرىپ بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۆڭلى تىنىپ، ھەممە ئىش ئۆز جايىغا چۈشتى. تۇرمۇش كېمىسى دولقۇن يېرىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.

**6**

يىللار ھەر يىللاردىكىدەك ئۆزىنىڭ سوغۇق قىش پەسلى بىلەن تەبىئەتنى ئوراپ قويغانىدى. يالىڭاچ دەرەخلەر سۈكۈتكە چۆمگەن، كەڭ دالا ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋايدەك جۈۋىسىغا چىڭ يۆگىنىپ ياتاتتى. پەقەت ئادەملەرلا مەشلىرىدە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئىسسىق ئۆيلىرىدە ئاللىقانداق خىياللارغا بەند بولۇپ ياكى تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق ــ چۈششەك ئىشلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ ياشاۋاتاتتى. دۇنيادا شۇنداق بىر تەتۈر قانۇنىيەت باركى، ئادەملەر قىشتا ئىسسىقنى، يازدا سوغۇقنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ بىر ھېكمەت، شۇنداقلا ئادەملەردىكى قانائەتسىز ئارزۇنىڭ سىمۋولى بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا دەيلى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن سىر ــ ئالامەتلەر بىلەن تولغىنى راست. شۇڭا، ئادەملەر توختاۋسىز تەپەككۇر قىلىشقا موھتاج. تەپەككۇر بولمىسا، دۇنيانىڭ قىزىقى، تۇرمۇشنىڭ مەنىسى بولمايدۇ.

قىش كىرگەندىن بۇيان ئۆمەر خېلىلىنىڭ تازا مىجەزى يوق بولۇپ قالدى. گەرچە ئورۇن تۇتۇپ قىمىرلىماي ياتقۇدەك بولمىسىمۇ، ھېلى ئۇ يېرى، ھېلى بۇ يېرى ئاغرىپ تۇراتتى. بۇنى كېسەل دېگەندىن كۆرە، قېرىلىقنىڭ ئالامىتى دېگەنمۇ توزۇكتەك

قىلاتتى. خۇددى ماشىنا زاپچاسلىرى كونىرىغاندەك، ئادەم قىرىد-غاندا ئۇ — بۇ ئەزالىرىدىن چاتاقمۇ تولا چىقىدىغان گەپ ئىكەن. شۇنداق بولغانسېرى جان تېخىمۇ تاتلىق، ھايات تېخىمۇ شېرىن ۋە قىممەتلىك بىلىنىدىكەن. بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈن غەنىيە-مەت. ھاياتنى يا پۇل تۆلەپ سېتىۋالغىلى، يا تىلەپ ئاشۇرۇۋالغى-لى بولمايدىكەن. نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقان ئادەمدەك تەشۋىش، ئىز-تىراپ، يەنە تاتلىق بىر ئۈمىد بىلەن ياشاشقا توغرا كېلىدىكەن.

ئۆمەر خېلىل تاش كۆمۈرنىڭ چوغلىرى يېلىنجاپ تۇرغان چويۈن مەشنىڭ يېنىدا خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئۆي ئىچى بەكلا ئىسسىق بولۇپ، مەش ئۈستىدىكى چۆگۈننىڭ شىڭىلدىغان ئاۋا-زى، چەكسىز بايا‌ۋاندا ئۇزۇن سەپەرگە كېتىۋاتقان ھارۋىكەشنىڭ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىلىرىدەك ئۆي ئىچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئەتىگەندىلا قويلارنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ھازىر ئېتىز - دالالار بىكار بولغاچقا، مال بېقىشنىڭ ياخشى پەيتى ئىدى. بۇنىڭدا بىرى، كۈزدە چەللىنىڭ ئۈستىگە بېسىۋالغان ئوت - چۆپلەر ئىقتىساد بولاتتى. يەنە بىد-رى، ئىسمايىلدەك بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ تۇرغان باللار ماللىرىنى قويۇۋېتىپ، بىر يەرگە گۈلخان ياقاتتى - دە، شۇ ئوتد-نى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشەتتى. سەھرا تۇرمۇشىدا بۇ-مۇ بىر كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك ئىش ھېسابلىناتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆيلىنىپ تۇرمۇش قۇرسىلا، بىر ئۆينىڭ دەردى بىلەن ئال-دىراش بولۇپ كېتىپ، بۇنداق بىكار پاراڭ سوقۇپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى چىقمايتتى.

ئۇنىڭ خىيالى گادىرماچ، ئازابلىق ئىدى. ئون باللىنىڭ ئوتى ئون خىل بولىدۇ دەپ، گەرچە ھازىر ئىككى ئوغلى يېنىدا بول-سىمۇ، يەنىلا قاسىم ئۈچۈن غەم يەيتتى، ئۇنى سېغىناتتى. ئۇنىڭ ئىككى يىللىق تۈرمە ھاياتىدا تارتىدىغان ئېغىر كۈنلىرىنى ئويد-لىسا يۈرىكى ئېچىشاتتى، ئىچىنىڭ بىر يەرلىرى كۆيەتتى. ئادەت-

تىكى چاغلاردا ئادەم خاتىرجەملىكنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن. بىرەر پېشكەللىككە گىرىپتار بولۇپ ئۇلاردىن مەھرۇم قالغاندا ئازابلىنىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ كاساپىتى. ئادەمنىڭ ئارزۇسى مەڭگۈ قانائەت تاپمايدۇ. بەك قانائەتسىز ياشاشمۇ خەتەرلىك بولىدىكەن. قانائەتسىز ئادەم ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان، ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان، نەپسى بالا كېلىدىكەن. بۇنداق ئادەم ئۆزىدىن ئېشىپ ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ بالا ـ قازاغا گىرىپتار قىلىدىكەن. مۇشۇ تاپتا قاسىم نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ قىلمىشىغا پۇشايمان يېگەنمىدۇ؟ ئىللىق ئائىلىسىنى سېغىنغانمىدۇ؟ ئاتىسىنىڭ مېھرىنى، ئاپىسىنىڭ مۇھەببەتلىك باغرىنى سېغىنغانمىدۇ؟ ئەتىگىنەي، ئۇنىڭ نادانلىقىدا ...

ئۆمەر خېلىلنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئىمكانسىز جۇدالىق ھەسرىتى باغرىنى ئەزدى. ئاھ، بۇ دەردلەرنى قاچانغىچە تارتارمەن؟ ئاتا بولۇش دېگەن ئازاب تارتىش دېگەنلىكمىدۇ؟ بالىلىقىمىزدا تېزرەك چوڭ بولۇشقا، ئائىلە قۇرۇپ بالىچاقىلىق بولۇشقا ئالدىراپ كېتىدىكەنمىز. خۇددى چوڭ بولسا كاتتا مۇكاپات باردەك. ئەگەر مۇنداق ئازابلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلسە، كىمنىڭمۇ چوڭ بولغۇسى كەلسۇن؟! ياشاش نېمىدېگەن تەس!

بۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئۆمەر خېلىلنىڭ كۆز ئالدىدا رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ ئوبرازى نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇ تېخى 14 ـ 15 ياشلاردا بار ئىدى. خېلىل مەپىز ئوۋچىلىققا ھېرىسمەن ئادەم ئىدى. ھايۋاناتلارنىڭ بوغازلىق مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا ئاساسەن سايدا بولاتتى. جۇغى كىچىك، ئۆزى چاققان بۇ كىشى دائىم ئېگىشىپ ئوۋ ماراپ يۈرگەچكىمۇ، سەل دۈمچىيىپ قالغانىدى. ماڭسا دوك ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. سارغۇچ كۆزلىرى بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك ئوتلۇق ۋە

سۈرلۈك ئىدى. دائىم قان تۆكۈپ يۈرگىنى بىلەن تولىمۇ مېھرىبان، كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا ئامراق بولۇپ، تونۇش ـ بىلىشلىرىمۇ كۆپ ئىدى.

ئۆمەر خېلىل ئاتىسىنى ئويلىسىلا ھېچكىمگە ئېيتالمايدىغان بىر ۋىجدان ئازابىدا قىينىلىدۇ. چەكسىز پۇشايمان قەلبىنى ئۆرتەيدۇ. ئۆزىدىن نەپرەتلەنگۈسى كېلىدۇ. بىر خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى زادىلا ئارام بەرمەيدۇ. ئەجەبا، قاسىمنىڭ يارامسىز ئادەم بولۇپ قېلىشى دەل ئۇنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن بولغانمىدۇ؟

زېمىن مەئىشەتكە تولغان كۆز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، خېلىل مەپىز ئوغلى ئۆمەرنى ئەگەشتۈرۈپ سايغا ئوۋغا چىقتى. چوڭ ئوغلى سادىرنىڭ مىجەزى غەلىتە، يەنە كېلىپ بۇنداق ئىشلار بىلەن خۇشى بولمىغاچقا، ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۆمەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالاتتى، چۆل ـ جەزىرىدە كىچىك بولسىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ ھەمراھ بولغىنى ياخشى ئىدى. ساي تولىمۇ سىرلىق، شۇنداقلا پايانسىز جاي ئىدى. شۇڭا، پەقەت سايلا ئادەمگە زېمىننىڭ چەكسىزلىكىنى، بۈيۈكلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاسماننىڭ ھەقىقىي رەڭگىنىمۇ شۇ يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. تاغلارنىڭ ھەيۋىتىدىن روھلار لەرزىگە كېلىدۇ. سان ـ ساناقسىز تاشلار خىيالىڭىزنى ئالەمنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭىمۇ ئۆمەر سايغا چىقسىلا ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. قىن ـ قىنىغا پاتماي قالاتتى. ئوۋچىلىق باشلانغاندا ئاتىسى ئۇنىڭغا ئىش ئۆگىتىپ ئولتۇرمىسىمۇ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلەتتى ـ دە، شۇ بويىچە يول تۇتاتتى. بۇمۇ ئاتىسى بىلەن كۆپ قېتىملىق ئوۋدا بىللە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

شۇ قېتىم ئۇلار تازا سەمرىگەن كېيىكتىن بىرنى ئوۋلىدى. ئوۋچىلىقتىكى مەقسەت — جان ـ جانىۋارلارنى قىرىش بولمىغاچقا، ئۇلار شۇ بىر كېيىككە قانائەت قىلدى. ئۇنى سويۇپ،

گۆشنى پارچىلاپ بولغاندىن كېيىن، قائىدە بويىچە بىر پارچە گۆشنى قاغىنەك ياغىچىغا ئىلىپ تاغنىڭ يېرىقىغا قىستۇرۇپ قويىدى. بۇ ئوۋ قىلالمىغان ياكى يول ئۈستىدە ئوزۇقى قالمىغانلارنىڭ رىزقى ئىدى. ئۇلار قالغان نەرسىلەرنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى. مەھەللە بىلەن بۇ تاغنىڭ ئارىلىقى پىيادە ئادەم ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يول ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى تولا مېڭىپ ھاسىل بولغان ساي يولى پەقەت ئاقىرىپ كەتكەن تاش ـ شېغىللىرى ئارقىلىقلا باشقا يەرلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئۆمەر ئاتىسىنىڭ ھە دېگەندىلا ھالسىراپ، پۇر ـ پۇر تەرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. دەسلەپتە كۆتۈرۈۋالغان يۈكنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆشنىسىدە مىلتىق، گۆشنىڭ يېرىمى، يەنە ئۆيدىن ئېلىۋالغان ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى بار ئىدى. ئۆمەر پات ـ پات ئاتىسىغا قاراپ قوياتتى. ئۇن ـ تىنسىز ماڭغان بىلەن قانچىلىك قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆمەر بىلىپ بولالمايتتى. باشقا چاغلاردا ئاتىسى ئۆيگە قايتسا قايسىبىر كۈيگە غىڭشىپ ماڭاتتى. ئايىغى يورغا ئاتتەك تېز ئىدى. بىراق، بۈگۈن ئۇنىڭ قەدەملىرى تولىمۇ ئېغىر، پۇتلىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەيتتى.

ئۇلار تولىمۇ تەستە بىر كۈنلۈك يولنى باستى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىغاندا خېلىل مەيسز بولالماي قالدى.

— بولدى، بالام، مەن بەك ھېرىپ كەتتىم. بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئارام ئالايلى، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

ئۇلار ئۆشنىسىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە قويدى. خېلىل مەيىز ئوت يېقىشقىمۇ قۇربى يەتمەي، تۇرغان جايىدىلا بىر تاشقا قىڭغايدى. ئۆمەر ئېقىن ئىچىدىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بىر قۇچاق ئوتۇننى تېرىپ كېلىپ ئوت ياقتى. كۈز ئايلىرى سايىنىڭ ھاۋاسى خېلى سوغۇق ئىدى.

— ئاتا، ئوتقا يېقىنراق كېلىڭ، — دېدى ئۆمەر گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قولىنى قاقلاپ ئولتۇرۇپ.

خېلىل مەيىز ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ تەستە ئۆرۈلۈپ، يەنە بىر يېنىنى بېسىپ ياتتى.

— بولدى، بالام، هازىرمۇ قىزىپ كېتىۋاتىمەن. سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچۈرۈپ قويغىنا.

ئۆمەر تۇنكە سۇدانىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ بېشىنى يۆلىدى - دە، ئاغزىغا سۇ قۇيۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ باشلىرىدىن، ھەتتا پۈتۈن بەدىنىدىن يالقۇنىنىڭ تەپتى كېلەتتى.

— ئاتا، راست بەك قىزىپ كېتىپسىز. ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ يا؟

— ئەتىگەن يېگەن كاۋاپ قوقىغىمغا تەگكەن بولسا كېرەك. بىردەم ئۇخلىۋالسام ئوڭشىلىپ كېتىمەن. مەندىن ئەنسىرىمە، بالام. قورسىقىڭنى تويدۇرۇپ ئۇخلىغىن. خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمىز.

ئۆمەر ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئوتقا يېقىنراق بىر يەرنىڭ تاشلىرىنى پاكىز تېرىۋېتىپ شور توپىنى يۇمشاتقاندىن كېيىن، ئاتىسىنى شۇ يەرگە ياتقۇزدى. ئاتىسىنىڭ بەدىنى يەنىلا شۇنداق ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ تۇراتتى. ئۇخلاشقا ياتقان ئۆمەر خېلىغىچە ئاتىسىنىڭ تىنىقىغا قۇلاق سېلىپ تۇردى. خېلىل مەيىز تۇرۇپ - تۇرۇپ جۆيلۈيتتى. تېز - تېز نەپەس ئېلىپ ھاسىرايتتى. ئۆمەر ئاتىسىغا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى. تۇرۇپلا يەنە ئۇنىڭ ئاجايىپ چىداملىق، بىر ئىشقا ئېپى تولا، كادىڭ ئادەملىكىنى ئويلاپ سەل خاتىرجەممۇ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سەپەر ھارغىنلىقى ئۇنى تېزلا ئۇيقۇغا غەرق قىلدى.

ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلغاندا ئەتراپنى قىپقىزىل تۇمان قاپلىغان بولۇپ، كېچە ياكى تاڭ ئاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاتىسىنى ئاران تاپتى. ئاتىسىنىڭ قىزىتمىسى سەل يانغاندى. نەپەسلىرى سولغۇن بولسىمۇ، رىد-

تىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

— ئاتا! — دېدى ئۇ ئاستا چاقىرىپ، — قانداقراق تۇرۇ-
سىز؟

— سۇ ...

خېلىل مەيىز بوش ئىڭرىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلمايتتى.
گەز باغلاپ يېرىلغان كالپۇكلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى. كۆز-
نىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، يەنە كېلىپ سايدا يۈرگەن ئادەم ئۇنىڭ
شورلۇق شامالدىرىدا ئاسانلا مۇشۇنداق بولۇپ قالاتتى.

— مانا سۇ، ئاتا.

خېلىل مەيىز ئۇزاق ۋاقىت چاڭقاپ كەتكەن ئادەمدەك غۇر-
تۇلدىتىپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئاققان سۇلار جاۋغىيىدىن،
ساقاللىرىنىڭ ئۇچىدىن تامچىلايتتى. سۇنى ئىچىپ بولۇپ، ئۇ
سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. كۆزىنى قىيا ئېچىپ ئوغلىغا
قارىدى.

— ھازىر ... نە كەم بولدى، بالام؟

— بىلمىدىم، ئاتا. ھەممە يەر مۇشۇنداق تۇمان. ھېچنېمىنى
پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن.

— بوران چىققۋاتقان ئوخشايدۇ.

— ئەمدى يولنى قانداق تاپىمىز، ئاتا؟

— ساقلايلى، تۇمان سەل شالاڭلىسا ئاندىن يولغا چىقارمىز،
بالام.

خېلىل مەيىزدەك كاداڭ ئوۋچىمۇ بۇ تۇماندا يول تېپىپ ما-
ڭالىشقا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. ئۇلار ساقلىدى. بىر كۈن ساق-
لىدىمۇ، ئىككى كۈن ساقلىدىمۇ نامەلۇم. تۇمان تېخىچە تارقىمى-
غانىدى. ھەر يىلى كۈز، ئەتىياز پەسلى ھاۋا رايىدا مۇشۇنداق چاڭ-
توزان بولىدىغان ئىش بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەرىجىدە ئېغىر
ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىم ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بىر ئاپەت يۈز
بەرگەنىدى. خېلى ئىش كۆرگەن خېلىل مەيىزمۇ بۇ تۇمانغا بىر-

نەرسە دېيەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۇيىمۇ تۈگەشكە باشلىدى. كېيىن تۇمان سەل ـ پەل سۇسلاشقا باشلىدى، دەسلەپتە يېقىن ئەتراپتىكى قورام تاشلار كۆزگە چېلىقتى. بارا ـ بارا نېرىدىكى بوز ـ ئېدىرلار غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەمدى يولغا چىقمىسا بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سۇيى تۈگىگەن، چۆل ـ جەزىرىدە سۇ دېمەك ھاياتلىق دېمەك، سۇ بولمىسا ھاياتتىن ئۈمىد كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ.

— ئاتا، ئاتا، ئەمدى ماڭايلى، — دېدى ئۆمەر خۇش بولۇپ.

خېلىل مەپىزدىن ئۈن چىقمىدى. يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالغان ئۆمەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتىسىنى يۆلىدى. تۇمان تارقاپ بولغۇچىلىك ئارىلىقتا ئۇ ئاغزىغا تۇزۇك بىر نەرسە سالمىغانىدى. ئاتىسىنىڭ سۇس نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئۆمەرنىڭ كۆڭلى ئاران جايىغا چۈشتى.

— ئاتا، ئاتا!

خېلىل مەپىز بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىرلاپ قويدى.

— مەن ... ماڭالمىغۇدەكمەن، بالام، — دېدى ئۇ شىۋىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا، — پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر دەيدىغان نەرسە يوق. سەن... سەن... ماڭغاچ تۇرغىن.

ئۆمەر ئاتىسىغا قاراپ بىرپەس تۇرۇپ كەتتى. خېلىل مەپىز كىچىك باللاردەك ئويۇنچى ئادەم ئىدى. نۇرغۇن قېتىم ئوۋغا ماڭغان ۋە ئوۋدىن قايتقان چاغلاردا ئوغلىنى گەپكە تۇتۇپ قويۇپ، غىپپىدە غايىب بولۇپ كېتەتتى. تۇيۇقسىز ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆمەر قورقۇپ يىغلاشقا باشلايتتى. راسا يىغلىغىلى تۇرغاندا ئۇ لوڭگىدە بىرەر يوغان قورام تاش ياكى بوزنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېلەتتى. بۇنداق ئىش كۆپ تەكرارلانغانسېرى ئۆمەرمۇ بۇ چاقچاققا كۆنۈپ قالدى. قورقۇپ يىغلىمايدىغان بولدى. ئۇ ھازىرمۇ شۇلارنى ئويلاۋاتاتتى. خۇددى ئاتىسى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك، ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپ بىردەمدىن

كېيىن، قايسىبىر ئېقىننىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، تۇيۇقسىز ئۇ-نىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىغاندەك بىلىندى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سەل ئەنسىرىگەندەك بولدى.

— مەن سىزنى يوّلەي، ئاتا. بىللە ماڭايلى. يالغۇز تاشلاپ مېڭىشقا قىيمايدىكەنمەن.

— ياق ... بالام، مەن راستلا... ماڭالمايمەن. مەندىن ئەنسى-رىمە. مەن بۇ سايلاردا كۆپ ماڭغان، سەللا ياخشى بولسام ئارقاڭ-دىن يېتىشىۋالىمەن.

— ئەمىسە... مەنمۇ ساقلاي.

— ياق... ياق... تۇرىۋەرسەڭ گۆش كاردىن چىقىدۇ. سەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايت. ئارقاڭدىن يېتەلمەي قالسام، تۇغ-قانلارغا دەپ بىرەر هارۋا تېپىپ ئالدىمغا چىقارسەن.

— ئىچىدىغان سۇمۇ يوق، قانداق قىلىسىز؟

— ئەنسىرىمە ... چارۋىچىلار ئۆتۈپ قالار ياكى ئوۋچىلار... بەك بولمىسا ... ئېغىزىمغا تاش سېلىۋالىمەن.

ئۇنىڭ ئاتىسىنى تاشلاپ زادىلا ماڭغۇسى يوق ئىدى. سايدىمۇ تۇرغۇسى كەلمەيتتى. ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا نەچچە كۈن بولغاچقا، ئۆي كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ، مۇمكىن بولسا بىرلا ئۇچقان پېتى ئىشىك ئالدىغا چۈشۈشنى ئويلايتتى.

— ماڭ، بالام. ماڭغىن...

ئاتىسى ئۇنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى. بىر ھېسابتا ماڭالمى-غان ئادەمگە قاراپ تۇرغاندىن، ئۆيگە بېرىپ هارۋا ئەكەلسە تېخى-مۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟! ئۇ چاغدا ئاتىسىمۇ جاپا تارتماي هارۋا بىلەن ئۆيگە قايتالايدۇ.

ئۆزىگە خۇش بولغۇدەك سەۋەب تاپقان ئۆمەر مېڭىش قارارىغا كەلدى.

— ئەمىسە ... مەن هارۋا ئەكېلەي، ئاتا.

— ماقۇل ... بالام، ماقۇل. يولنى... تاپالامسەن؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا. كۆزۈمنى تېڭىپ قويسىمۇ تاپالاي-مەن.

خېلىل مەپىز بېشىنى كۆتۈرمەي ياتاتتى. كىيىملىرىگە، چاچ - ساقاللىرىغا نېپىز بىر قەۋەت چاڭ - توزان قونغانىدى. ئۆمەر ئۇنى قېقىپ چۇشۇرۇۋەتتى. ساقاللىرىنى سىلاۋاتقاندا ئا-تىسىنىڭ سوس تىترەشلىرى ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلدى.

— تېخى ... ماڭمىدىڭمۇ، بالام؟

— مانا ھازىر، ئاتا.

ئۆمەر مىلتىقنى ئاتىسىنىڭ بېشىغا ئەكېلىپ قويدى. بەل-كىم ئۇخلاپ قالسا قارا باسمىسۇن دېگەندۇ ياكى ئۇۋچىنىڭ قو-رالىنى ئۆزىدىن نېرى قىلمايدىغان كەسپىي ئادىتىنى ئەسكە ئال-غاندۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ خالتىدىكى گۆشنى ئۆشنىسىگە ئارتتى. گۆش خېلى ئېغىر ئىدى. بىراق، يېشى كىچىك بولسىمۇ ساي يولىدا ئېغىر نەرسىنى تولا كۆتۈرۈپ، پىيادە مېڭىپ پىشىپ كەتكەن ئۆمەر ئۇچۇن بۇ ئانچە ئېغىر بىلىنمەي كەتمەيتتى. ئۇ ئاشقان نان، تالقانلارنى ئاتىسىغا قالدۇرۇپ يولغا چىقىشقا تەرەد-دۇت قىلدى. ئۇ قەدەم ئېلىشقا تەمشىلىۋېتىپ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— ئا ... ئاتا ... مەن ماڭدىم ...

ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. يەنە نېمىلەرنى دېيىشنى ئويلاۋاتات-تىكىن، ئوقچۇپ كەلگەن ياش دولقۇنى ئۇنىڭ قايتا گەپ قىلىـ-شىغا پۇرسەت بەرمىدى. يۈزىنى بۇراپ، بايا قىياس قىلىۋالغان مەھەللە تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئاتىسىنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگىنىنىمۇ ئاڭلىيالماي قالدى.

كۆزى ئارقىسىدا قالغان ئۆمەر شۇ ماڭغىنىچە بىر يېرىم كۈن يول يۈردى. ئەمدى يىراقتىن مەھەللىنىڭ تېرەكلىرى كۆ-رۈنۈشكە باشلىغانىدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان، كالا - قويلارنىڭ مەرەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئاتىسى ئارقى-

سىدىن يېتىشىپ كېلىۋاتقاندەك ساي تەرەپكە ئۇزاق قارىدى. گىرىمسەن ئىچىدە قىمىرلاپ تۇرغان ئېگىز ـ پەس ئېدىرلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆزىگە چېلىقمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئاتام ئار- قامدىن كېلىۋاتىدۇ، دېگەنلا ئوي بار ئىدى.

جانانخان ئۇۋدىن ئوغلىنىڭ يالغۇز قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەنسىرەپ قالدى.

— ئاتاڭ قېنى، بالام؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ سوراپ.

ئۇزۇن يول يۈرۈپ، پۈتلىرى ئۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتقان ئۆمەر ئۆشنىسىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە قويدى. ئۇ- نىڭ ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغانىدى. لەۋلىرى گەز باغلاپ يېرىل- غان، يېرىقلاردا قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ئۇستىبېشى گۆردىن ئېچى- ۋالغان ئۆلۈككىلا ئوخشايتتى. ئۇ پىچىرلىغاندەك تولىمۇ بوش ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ئاتام ... ئۇ ... ئاتام ... سايدا قالدى...

— نېمە؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— سەل ... مىجەزى يوق. ماڭالماي ...

— ۋاي خۇدايىم ... سادىر بالام، سەن نەدە؟

سادىر ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ كىچىك جىن باخشىسى ئاتىلىپ، ھە دېسە سىرتتىن كىرمەي باخشىلىق قىلىپ يۈرەتتى. جانانخان سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. بىركەمدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن بىر ـ ئىككىنى چاقىرىپ كىردى. ئۇلار ئۆمەردىن ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى سورىدى. ئەھۋالنى بىلىپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. بىردەمدە نەلەردىندۇر بىر ئات ھارۋىسىنى تېپىپ تەييار قىلىشتى. بىراق، ئۆمەرنىڭ ھالىغا قاراپ يەنە تو- رۇپ كەتتى. ئۇ لايدەك ئېزىلىپ ياتاتتى. شۇغىنىسى ئۇلار ساينى تازا پىششىق بىلمىگەچكە، يەنىلا ئۆمەرگە تايانماي بولمايتتى.

— قوپ، بالام، — دېدى جانانخان، — ئۇلارنى باشلا، ئا- تاڭنى تېپىپ كېلەيلى.

بىر ئادەم بېشىدا قىلىچ تەڭلىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا مادا-رى يەتمىگۈدەك بولۇپ كەتكەن ئۆمەر ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، تاغىلىرىغا ئەگىشىپ ھازىر كەلگەن يولى بىلەن سايغا قاراپ ماڭدى.

ئۆمەر ھەقىقەتەن ساي يولىغا پىشىپ قالغانىدى. ئۇ تاغىلى-رىنى باشلاپ، ئاتىسى يېتىپ قالغان يەرنى ئاخىر تېپىپ باردى. خېلىل مەپىز ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي ياتقانىدى. مىلتىق، نان، تالقانلارمۇ شۇ يېتى تۇراتتى. بۇ يەردىن بىرەر ئادەمنىڭ ئۆتكەن بەلگىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار خېلىل مەپىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ پەسكە ئېڭىشتى. ئېڭىشتى ـ يۇ، بىر شۇملۇق، بىر پاجىئەدىن يۈرەكلىرى ئېزىلدى. كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلى-دى. ئۇ ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ بېشىغا قويۇپ ياتقان بولۇپ، ساقىلى خۇددى ئورۇپ قويغان بىر تۇتام بېدىدەك ئالدىدىكى تاش ئۇستىگە تۆكۈلۈپ قالغانىدى. يۈز ـ كۆزلىرىنى توپا ـ چاڭ باسقان، جۇغى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— ۋاي ئاكا، بىز كېچىكىپ قاپتىمىز. بۇ چۆل ـ جەزىرىدە يالغۇز قانچىلىك قىينالغانسىز، جان تەلەپپۇز قىلغاندا كىم ئې-غىزىڭىزغا سۇ تېمىتقاندۇ، جېنىم ئاكا ...

يىغا ـ زار باشلاندى. چەكسىز كەتكەن سايلىق بۇرۇنقىدەكلا ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەن، ئۇ خۇددى ئۆز باغرىدا بىر بىچارە جاد-نىڭ مىڭبىر ئازاب بىلەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىدىن بىخە-ۋەردەك ياكى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغاندەك يەنىلا شۇنداق چەكسىز سۈكۈت ئىچىدە يېيىلىپ ياتاتتى. ئۆمەر تاغىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن يىغا ـ زارىدىن كۆڭلى سەل تەشۋىشلەندى، بىراق ھەقىقىي ئازابنى ھېس قىلالمىدى. ئۇ ئاتام ئۇخلاۋاتىدۇ، ھازىرلا ئويغىنىدۇ، دەپلا ئويلايتتى. تاغىلىرى خېلىل مەپىزنىڭ قېتىپ كەتكەن مېيىتىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئالدى.

— ئاتام... ئاتامغا نېمە بوپتۇ؟

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى. راستىنى ئېيتىش ياكى يوشۇ-رۇش توغرىسىدا دېلىغۇل بولۇشتى. 14 ـ 15 ياشلىق بالىنى بەك كىچىك دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ھازىر دېمىسىمۇ كىيىن بەرد-بىر ئۇقىدىغان گەپ. ئۆلۈم ھەرقانداق ئادەم بىئامال، لېكىن شەرتسىز قوبۇل قىلىدىغان قازا. قازاغا رىزا بولماي ئامال يوق.

— ئاتاڭ... ئاتاڭ... تۈگەپ كەتتى، بالام.

ئۆمەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. تۈگەپ كەت-تى دېگىنى، ئۆلۈپ كەتتى دېگەن گەپقۇ؟! مەن ماڭغاندا ئاتام تېخى گەپ قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق... ياق... ئاتام ھايات، ئۇ ئۇخلاپ قالدى. مەن ئۇنى ئويغىتاي. ئاھ، ئاتا، جېنىم ئاتا، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ!

ئەمدى ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى گەپ قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇرسى-مۇ، بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى.

— بولدى، بالام، بىز ماڭايلى. ئاۋۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ھار-ۋىغا سال.

ئۆمەر يىغلاپ يۈرۈپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ھارۋىغا سالدى. ئۇلار يولغا چىقتى. ياغاچ ھارۋا خۇددى ھازا ئېيتىۋاتقاندەك ئەن-سىز غىچىرلايتتى. ئات تۇياقلىرى ۋە ھارۋا چاقى ئاستىدىكى تاشلار شاراقلاپ، ئاۋازى يىراقلارغىچە تارقىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. باشقىلار تاپا ـ تەنە قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق شۇ كۈندىن باشلاپ ئاچچىق بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى. «مەن نېمىشقا ئاتامنى تاشلاپ كېتىمەن؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئەلەم بىلەن، — گۆش بۇزۇلۇپ قالسا قالامدۇ. شۇ چاغدا گۆشنى تاشلىۋېتىپ، ئاتامنى ھاپاش قىلىپ ئەكەتكەن بولسام، ئۇ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئىد-دى. مەن ۋاپاسىز، مەن ئادەم ئەمەس. ئاھ، جېنىم ئاتا. مەندەك يارامسىز ئوغۇلنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭىزغا قانچىلىك ئۆكۈنۈپ

كەتكەنسىز؟!»

يىللار ئۆتۈپ، بۇ ئىشلارنى بىلىدىغان چوڭلار ئاساسەن تۈگەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆمەر خېلىل زادىلا ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتەلمىدى. بىر قارا داغ ۋە بىر ئاچچىق ھەسرەتنى بىر ئۆمۈر ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشىدى. بۇ كەچمىشنى بالىلىرى ئالدىدا سۆزلەشكە تېخىمۇ پېتىنالمىدى. بولمىسا ئوغۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر ۋاپاسىز ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى تۈزۈك ئىدى.

بايا چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن مەشىنىڭ ئوتى سەل پەسلىگەنىدى. چۆگۈن يەنىلا شىگىلداپ قايناۋاتاتتى. ئىچكى دەردمۇ يامان ئىكەن، ئادەم خۇددى مۇشۇ چۆگۈندەك قايناپ ـ قايناپ سۈيى تۈگىگەندە تۆۋى تېشىلىپ كاردىن چىقىدىغان گەپ ئىكەن. شۇڭا، بىر كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ۋە خۇشال ياشاشنى ئىزدەيدىكەنمىز. ئەمما، ھاياتنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن دوقاللىرى كۈتمىگەن پىشكەللىكلەر بىلەن بىزنى قىينايدىكەن. بۇ ھاياتنىڭ سىنىقىمۇ ياكى ئىنسانلار خۇدىنى بىلەلمەي ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن دەپ ئاگاھلاندۇرغىنىمۇ؟! ئۇلارنى ئويلاپ يېتىشكە بۇ ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئۆمەر خېلىل يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتا تازا پىكرى ئوچۇق بىرەر ئادەم بىلەن قانغۇدەك مۇڭداشقۇسى بار ئىدى. لېكىن، كىممۇ ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقار، قەلبىنى چۈشىنەر، مۇڭغا مۇڭ بولار؟ ئۇ يەنە ئۆزىنى تولىمۇ يالغۇز ھېس قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. ئېھ، قىش كۈنى نېمىدېگەن زېرىكىشلىك. ناۋادا ھازىر ياز كۈنى بولغان بولسا ئۇ كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىقنى بىر ئايلىنىپ كەلسە ياكى شالىنىڭ سۈيىنى يوقلىغاچ دەريا بويىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەلسە خېلى يېنىكلەپ، كۆڭلىمۇ ئېچىلىپ قالاتتى. ئادەم قېرىدىغانسېرى مۇشۇنداق خىيالپەرەس، يېقىن ـ يۇۋۇقلارنى بەكرەك

www.uyghurkitap.com

سىغىنىدىغان بولۇپ قالامدۇ نېمە؟ ئۇ تونجى قېتىم بىر ئۆمۈر غېمىنى يەپ، جاپاسىنى تارتىپ، گۈللىنىشى ئۈچۈن تالاي تەرلىرىنى ئاقتۇرغان ئائىلىسىدىن زېرىككەندەك بولدى. ھەممىسى كۆڭۈل ئۈچۈن، كۆڭۈل خاتىرجەم، خۇشال بولالمىسا ئەڭ كاتتا سارايمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تاغ ئۆڭكۈرىدىن پەرقسىز. كۆڭۈل ئۇچۇنلا نۇرغۇن نەرسىلەردىن كېچىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىغان ئىش ئىكەن. پات يېقىندا ئۆلۈم شەربىتىنى تېتىپ قالسا ھەممىسى تۈگەيدىغان گەپ. ئۇنى كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇشقا باشلايدۇ. باللىرىمۇ بىرەر مۇشكۈلاتقا دۇچ كەلسە ئۇنىڭ يوقلۇقى بىلىنەر، بىراق باشقا چاغلاردا ئۇلارمۇ باللىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ غېمىدە سەدپارە. بۇ شۇنداق جاھان، ھېچكىمدىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق.

ئۆمەر خېلىل ئويلىغانسېرى خىيالىنىڭ ئايىغى چىقمايتتى. چەكسىز سايلىقتا كېتىۋاتقاندەك ھارغىنلىق، يول ئازابى روھىنى قىينايتتى. ئۇ يەنىلا رېئاللىققا يۈزلىنىشنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. كۆز ئالدىدا قۇياش پارلاپ تۇرغان گۈزەل زېمىن، ئاچچىق بىلەن تاتلىق ئارىلىشىپ كەتكەن تۇرمۇش. بۇ تۇرمۇشتىن ھېچكىم زېرىكىپ باقمىدى. ئازاب ۋە كۈلپەتلەر ئىسكەنجىسىدە قىينالسىمۇ يەنىلا ياشاشقا ئىنتىلىدۇ. ئۈمىد نۇرى قەلبلەرنى ياشناتقان. مەمنۇنلۇق قاپلىغان چىرايلار يەنىلا گۈلدەك چىرايلىق. بىردەملىك ھاياجان كۈچلۈك ئوت يالقۇنىدەك تالاي غەم ـ قايغۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

ئاخىرقى خىياللار ئۇنىڭغا ئىلھامبەخش ئەتتى. مەنزىلگە يەتكەن يولۇچىدەك بىر خىل يەڭگىل تۇيغۇ ئىچىدە نەپەس ئالدى. دېرىزىدىكى تەشتەك گۈللىرى ئەينەكتىن چۈشۈپ تۇرغان يېقىملىق ئاپتاپتا خۇش جىلۋە قىلاتتى. يېشىللىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى. ئۆزىنى ھاياتنىڭ شىلدىرلاپ تۇرغان بىر تال يوپۇرمىقىدەك ياكى ئۇنىڭ تەملىك نېسىۋىسىدەك ھېس قىلدى.

## ئالتىنچى باب

### 1

ئابدۇناسىر مۇئەللىم پىنسىيەگە چىققان تۇنجى ھەپتىسى ئۆزىنى خۇددى يولدىن ئادىشىپ قالغان يولۇچىدەك بىسەرەمجان سەزدى. بالىلارنىڭ قىرىق نەچچە يىل قۇلاق تۇۋىدىن نېرى بولمىغان ۋاڭ - چۇڭلىرى بىردىنلا يوقالغان، كاللىسى سۇيى تۈگىگەن قاپاقتەكلا بوشاپ قالغاندى. ئۆزىنى خېلى بىرھازا ئورمانلىقتا يۈرۈپ، قۇشلارنىڭ بەس - بەستە سايرىغان ئاۋازىغا كۆنۈپ قالغان ئادەم تۇيۇقسىز ئورماننىڭ سىرتىدىكى بوشلۇققا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ھېرىپ قېلىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغان ئەسكەردەك خۇدۇكسىرەيتتى، ھېلىدىن - ھېلىغا مەكتەپ تەرەپكە ئىنتىلىپ قارايتتى. ئەجەبا، ئۇ پىنسىيەگە چىقىشتىن ئىبارەت بۇ نىشاننى كۆزلىگىلى نەچچە يىللار بولمىدىمۇ؟ مانا ئەمدى بۇ نىشانغا يەتكەندە نېمىشقا بىئارام بولىدۇ؟

ئادەم دېگەن بەكمۇ غەلىتە نەرسە، بىر كونا گەپتە دېيىلگەندەك «قورغاننىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ سىرتقا چىققۇسى كېلىدۇ، سىرتتىكىلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈسى كېلىدۇ». ئىلگىرى ئۇ خىزمەتتىكى ۋاقىت زىچلىقىدىن تالاي - تالاي قېتىملاپ زارلانغان، تېزرەك پىنسىيەگە چىقىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغانىدى. مانا ئەمدى پىنسىيەگىمۇ چىقتى. ۋاقىت ئۇنىڭ ئىلكىدە. قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى قىلالايدۇ. ئۇ خۇشال بولۇشى، ئەركىن تايچاقتەك قىيغىتىپ، چەكسىز ۋاقىت مەنبەسىدىن ھۇزۇرلىنىشى كېرەك.

ئەپسۇس، ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى. قىرىق نەچچە يىللىق تۇر-

مۇش ئادىتىدىن تۇيۇقسىز ئايرىلغاندا كۆڭلىمەي قالدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ، ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپنى تولىمۇ قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. مۇنبەر ئالدىدا تۇرغان، باللار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى سېغىنىش ئىچىدە قايتا ئەسلىدى. كۆڭلىدە نەچچە ۋاخ چېلىنىدىغان مەكتەپ قوڭغۇرىقىنىڭ ئەكس ساداسى ھېلىھەم كالللىسىدا جاراڭلاپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز شامال كېلىپ يول بويىدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرى شاراقلاپ كەتتىمۇ، باللىرى ئەتراپىدا ئولىشىپ تۇرغاندەك ئىتتىك ئەتراپىغا قاراپ قالاتتى. ئۇنىڭ قەلەم بىلەن بور تۇتقان قوللىرى توختىماي قىچىشاتتى. دائىم كۆتۈرۈۋالىدىغان سومكىسىمۇ يېنىدا بولمىغاچقا، بىر نەرسىسى چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك، پات ـ پات بىقىنىنى سىلاپ قوياتتى.

ئابدۇناسىر مۇئەللىم ئۆزىنى ئىككىنچى ئەۋلاد ئوقۇتقۇچىلار سېپىدىن دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئون سەككىز ياشتىن سەل ئاشقاندىلا ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنى پۈتكۈزۈپ ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە قوشۇلغانىدى. خىزمەتكە چىقىپ ئىككى ـ ئۈچ يىل بولغاندا يۇنۇسقارىي بىلەن سائادەتخان ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئابدۇناسىرنىڭ خىيالىچە بولسا يەنە نەچچە يىل مۇشۇنداق ياشىغۇسى بار ئىدى. يېشى كىچىك خىزمەتكە چىققانىنىڭ ئۈستىگە، كۆڭلىرى ئۆسمۈر باللارنىڭ ئارىسىدىلا ئۆتكەچكە، ئۆزىنى كىچىك بالىدەكلا ھېس قىلىپ قالاتتى. ئاتا ـ ئانىسى خوتۇننىڭ گېپىنى قىلسا قىز بالىدەك تىرىنقىغا سىنچىلاپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇلار ئاخىر تۇغقانلار ئارىسىدىن بىر قىزنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا تاللىدى. گەرچە ئۆزى ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ، ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سىزىغان سىزىقىدىن چىقماي كەلگەن ئابدۇناسىر بۇ قېتىممۇ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا ئىپادە بىلدۈرۈش بىلەن كۇپايىلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بىد-

لەن توي بولدى. ئۇنىڭمۇ ئەركىن مۇھەببەتكە ھەۋىسى بار ئىدى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىز بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارارى ئالدىدا ئۇ بۇ ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭغا شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. چۈنكى، ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەتتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىدى.

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ، ئۇ بىلمەيلا دېگۈدەك ئىككى بالىغا دادا بولۇپ قالدى. ئايشىخان بىر تەرەپتىن ئىككى بالىنى بېقىپ، بىر تەرەپتىن كوپىراتسىيەدە نومۇرغا ئىشلەيتتى. تېخى ئايرىم ئائىلە قۇرمىغاچقا، تەقسىمات چوڭ ئائىلىگە تېگەتتى. ئابدۇناسىرنىڭ ھەر ئايدا ئالىدىغان ئون نەچچە يۈەن مائاشى ئەر ـ خوتۇن ۋە ئىككى بالىنىڭ خىراجىتىگە يېتەتتى. گاھىدا چوڭلاردىنمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئابدۇناسىرنىڭ يەنە ئىككى ئىنىسى بىلەن ئىككى سىڭلىسى تېزلا چوڭ بولۇپ يېتىلىشكە باشلىدى. كوپىراتسىيەدىن تېگىدىغان ئازغىنا يىللىق دارامەت ۋە ئەپەندى ئوغلىنىڭ مائاشى بىلەن يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتقان بۇ ئائىلە بالىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ بولۇشى بىلەن يەنە قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. يىللىق دارامەت تەگمىگەننىڭ ئۈستىگە ئۇماچ پۇلى گەدەنگە ئېشىپ قالاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئائىلە ئاخىر دەرەخ ئاينىغاندەك ئايىنىپ، نەچچە ئائىلىگە كۆپەيدى. ۋەزىيەتمۇ يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلىنىپ، تۇرمۇش ھاللاندى. ئابدۇناسىرنىڭ مائاشىمۇ پات ـ پات ئۆسۈپ تۇراتتى. لېكىن، يۇنۇسقارىي بىلەن سائادەتخان ئالىلماچان كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئابدۇناسىر ئەمدى بىر پۇلغا چىقىنىپ، ئۇلارنى باقاي، راھەت كۆرسەتەي دېگەندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوقلۇقىدىن بەك ئۆكۈندى. ئۆمۈرلۈك بىر ئەلەم يۈرىكىدە قالدى. بۇ جاھان ئەزەلدىن شۇنداق، ئىنسانىنىڭ تەخدىن تولا ئارزۇسى نېسى قالىدۇ. شۈكۈر قىلىسىڭمۇ، ئۆكۈنسىڭمۇ بەرىبىر. شۇڭا، خۇشال بولغۇدەك يەردە

خۇشال بولۇش، غەمنى ئاز قىلىپ، كۆڭۈلنى ئازادە تۇتۇش زۆ-رۈر. سۆيۈنمىگەنلىكىمىز قانداقتۇر بىرەر ئىشتا تەلىيىمىزنىڭ ئوڭ كەلگىنى ئەمەس، باشقىلارغا قانچىلىك ياخشىلىق، مەنپەئەت يەتكۈزگىنىمىز بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك.

ئابدۇناسىر مۇئەللىم بىر ئوغۇل، ئۈچ قىز بولۇپ تۆت پەر-زەنت كۆرگەنىدى. ئۇ خىزمەتداش ئاغىنىلىرىگە قاراپ گاھىدا ئۆزىنىڭ دېھقان ئائىلىگە ئۆيلىنىپ قالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى. چۈنكى، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى دوستلىرى ئويۇن - تاماشا بىلەن ئارام كۈنىنىڭ پەيزىنى سۈرسە، ئۇ كاستۇم - بورۇلكىسىنى سېلىپ تاشلاپ ئېتىز ئىشلىرى بى-لەن بولاتتى. شۇڭىمۇ ئائىلىلىرى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىدەك ئاق ۋە يۇمشاق ئەمەس ئىدى. ئۆزىنى يېرىم دېھقان ھېسابلايتتى. ئەمما، ئۇ ۋاپادار پەرزەنتلىرى، ئىناق ئائىلىسى، كۆيۈمچان ئايا-لىغا قارىسا، بۇ خىيالىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. چوڭ ئوغلى غەيرەت بىلەن ئوتتۇرانچى قىزى گۈلشەن ئوقۇشتا ئۆزۈپ چىقىپ، ئالىي مەكتەپكە بارغانىدى. بالىلارمۇ خۇددى چوڭلارنىڭ ئىزىنى باس-قاندەك ئىككىسى خىزمەتچى، ئىككىسى دېھقان بولۇپ ئايرىلدى. بۇمۇ تەڭدە تەڭ بولغانىدى.

بارا - بارا ئۇ مەكتەپكە بارسا ئوقۇتقۇچى، ئۆيگە كەلسە دېھ-قان بولۇپ ياشايدىغان تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدى. بۇ جاھان ئا-دەمنى نېمىگە كۆندۈرمەيدۇ دەيسىز؟! بالىلىرىمۇ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاشلا قولىقى يۇمشاق، ئىشچان ئادەم بولغانىدى. بۇمۇ بالا ئا-تا - ئانىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، بالىلىرىدىنمۇ شۇنداق مۇ-ئامىلىگە ئۇچرايدۇ دېگەن قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان-دى. ئۇ بىر زامان باغۋەنچىلىككە قىزىقىپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدى-كى ئىككى مو يەرگە باغ بىنا قىلدى ۋە كۆچەتلىرىگە ھەر يەر - ھەر يەردىن ئېسىل سورتلۇق مېۋىلەرنىڭ بەلگىسىدىن ئەكېلىپ ئۇلاپ، سەرخىل مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. مەھەللە بويىچە

ئۇنىڭ بېغىغا يېتىدىغان باغ يوق ئىدى. كېيىن ئەتراپقا تارقى-لىپ، بۇ مەھەللىنىڭ باغلىرىمۇ باشقا كەنتلەرگە قارىغاندا ئال-دىنقى قاتاردىكى باغلاردىن بولۇپ قالدى.

ئابدۇناسىر مۇئەللىم پېنسىيەگە چىققىنىدا ئۆزىنىڭ بۇنداق روھىي كەيپىياتقا گىرىپتار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەڭ يامىنى، دائىم ئالدىراش يۈرگەن ئادەمگە بى-كارچىلىق ياراشمايتتى. ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ تۇرالمىغانسېرى، مەكتەپتە ئۆتكەن كۈنلىرى ئېسىنى چۇلغىۋېلىپ، ھېلىدىن-ھېلىغا مەكتەپكە قايتىۋالغۇسى كېلەتتى. «پېنسىيەگە چىقمىسام بوپتىكەن، — دەپ ئويلايتتى ھەسرەت بىلەن، — ئاخىرقى تى-نىقلىرىمغىچە بالىلار بىلەن بىللە بولۇپ، يىقىلسامىمۇ مۇنبەر ئالدىدا يىقىلسام، كۆڭلۈم خاتىرجەم كېتىپ قالارىكەنمەن.»

ئۇ ئەمدى دېھقان بولاي دېسىمۇ يەر يوق ئىدى. ئۆيدە ئەر-خوتۇن ئىككىسى يالغۇز قالغاچقا، ئارتۇق نەرسىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قاراپ، قولىدىكى يەرنى مۇشۇ مەھەللىگە ياتلىق بولغان كى-چىك قىزى خانزادەمگە بېرىۋەتكەنىدى. ئەتىياز پەسلى بولغاچقا، ئارقىدىكى باغلاردا ئۆرۈك - ئالمىلارنىڭ چېچەكلىرى ئېچىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ قىلغۇدەك ئىش تېپىش ئۈچۈن باغقا كىرىپ باقتى، بىراق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ پەرۋىشى ۋاقتى - ۋاقتىدا قىلىنىپ تۇرغاچقا، ھازىرچە ئۇنىڭغا چېكىسى تەرلىگۈدەك بىر ئىشمۇ قالمىغانىدى. ئۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا باغقا كىرەتتى، ئۆيگە چىقاتتى. بىر ئورنىدا زادىلا تۇرغۇسى كەلمەيتتى. ھويلىغا تىزىپ قويغان تەشتەكتىكى گۈللەرنىمۇ ئايشىخان پەرۋىشلەپ، ئۇنىڭغا ئىش ئاشمىغانىدى. گەرچە پېنسىيەگە چىقىش خىيالىدا يۈرگەندىمۇ كۆڭلىدە قېرىلىققا تەن بەرمىگەن بۇ پېشقەدەم مۇ-ئەللىم مانا ئەمدى ئۆزىنى راستلا قېرىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئادەم قېرىغاندىلا بىر ئىشقا يارىمايدۇ. بىكار ئاش يەپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ساقلاپ، ئاخىرقى كۈنلىرى بىلەن تىركىشى-

دۇ. بىراق، ئابدۇناسىر مۇئەللىمنىڭ بۇ خىل تۇيغۇ ئىچىدە يا-شاشقا پەقەتلا رايى تارتمايتتى. ئۇنىڭ روھلۇق، ئۈمىدۋار ياشىغۇسى بار ئىدى. ھەربىر قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىگە تەقەززا بولغان ئىنتىراپلىق مىنۇتلار ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ياخشى چاغلار ئىدى. پىنسىيەگە چىقىش ھەممە ئىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، ھەممە ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟ بۇنداق بولغاندا ھاياتنىڭ قىزىقى قالمايتتى، خۇددى ياشاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغاندەك. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ھاياتنى سۆيۈپ ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھاياتنىڭمۇ ئۆزىنى سۆيۈشىنى، ئۇنىڭ بىر كىشىلىك ئورنىنىڭ خۇددى تامنىڭ خىشىدەكلا مۇھىم ئىكەنلىكى، بىرتال خىشى كەم بولۇپ قالسا كامار پەيدا بولغاندەك بىلىنىپ قېلىشىنى ئىستەيتتى. «ئېھ، ھايات، مېنى تاشلىۋەتمىگىن، مېنى تاشلىۋەتمىگىن!» دەپ ئىندا قىلاتتى ئىچىدە.

مۇئەللىم بىئاراملىق ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ سىماسى، ھىدى سىڭگەن بۇ مەھەللىدىن ئۆزىنىڭ بالىلىق خاتىرىلىرىنى ئاختۇردى. ئەمما، نەچچە قېتىملىق رەتكە سېلىش جەريانىدا مەھەللىنىڭ شەكلى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىگە تونۇش بىرەر تېرەكنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ھەتتا ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭدا دادىسىنىڭ قولى تەگكەن، ئىزى قالغان ھېچنېمىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ بىر ئۆمۈر مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم مۇھىم ئىشلارغا سەل قارىغىنىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئادەمگە بىر كۈنلىرى ئۆزىنى بەزلىگۈدەك يادنامە بولمىسىمۇ قاملاشمايدىكەن. ئۇ تارىخ، ئەدەبىيات دەرسلىرىدە سۆزلىگەن بىر قىسىم داڭلىقلاردىمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇنداق تۇيغۇ بولغانىكەن. مۇئەللىم بۇلارنى شۇ چاغدا نېمىشقا ئويلاپ باقمىغاندۇ؟ ياشلىق ھەۋەسلەرنىڭ تولىلىقىدا ئۇنى ئويلاشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانمىد-

دۇ؟ ئاسارئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىشنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ يەردە ئەمەسمىدى؟!

مۇئەللىمنىڭ ئەمدى ئويلىغۇسى كەلمىدى. بۇنداق ئويلاۋەرسە پۇشايمان، بىئاراملىقتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. ئۇ دىققىتىنى چېچىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چاشقانقۇلاق بولغان سۇۋادان تېرەكلەرگە قارىدى. ئۇنىڭدا يېڭى بىر ھايات، يېڭى بىر ئۈمىد بىخ سۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئېرىق بويىدا يېڭىدىن كۆكلەپ چىقىۋاتقان يۇمران كۆك ئوتلار ئۆزىنىڭ سۇزۇك يېشىل رەڭگى بىلەن تەبىئەتكىلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭ قەلبىگىمۇ گۈزەل تۇيغۇلارنى ئاتا قىلاتتى.

باھار باشلانمىلىرىدىن كۆڭلى سەلگىنە كۆتۈرۈلۈپ قالغان مۇئەللىم بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قوشنىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قالدى. ئېتىزدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ئۆمەر خېلىل چاپىنىنى شاخلىرى دەرۋازىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان چوڭ ئۈجمىنىڭ پۇتىقىغا ئىلىپ قويۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۈيىدە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ قالدى. ئۇ بايا يادنامە ئىزدىگەن ئەمەسمىدى، مانا يادنامە دېگەن. گەرچە چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان بولسىمۇ، تېگىدىن نۇرغۇن ئەسلىملەرگە شاھىت بولغان بۇ چىراي — دەل ئۇنىڭ بالىلىقتىن تارتىپ بىر - بىرىگە مېھرى سىڭىپ كەتكەن چىراي ئىدى. يىللارنىڭ نۇرغۇن بوران - چاپقۇننى بېشىدىن بىللە ئۆتكۈزگەن بۇ قوشنىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك يادنامە، كۆڭۈل قۇۋۋىتى ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى مۇئەللىم ئاۋۋال سالام قىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل ھاياجان ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ ھە دەپ يۈزىنى يۇيۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئۆمەر خېلىل چۆچۈگەندەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋۆي مۇئەللىم، كەلسىلە، كەلسىلە، — ئۆمەر خېلىل قوللىرىنى ئېرتىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھۆل قولى بىلەنلا مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشتى، — سالامەت تۇرۇۋاتاملا؟ نەچچە كۈننىڭياقى كۆرۈنمىۋىدىلە، ئاغرىپ - تارتىپ قالغانمىدۇ دەپ ئويلىمۋىدىم. خۇدايىم ئەزىز بويلىرىنى سالامەت قىلسۇن!

— رەھمەت، قوشنام، ئۆزلىرىمۇ ياخشى تۇرۇپتىلا؟

— خۇداغا شۈكۈر. توۋا دەيمەن مۇئەللىم، شەھەردە نەچچە يىل بىر بىنادا ياشىسىمۇ قوشنىسىنى تونۇمايدىكەن دەپ ئاڭلايتتۇق، بۇ ئىش ئەمدى سەھراغا كېلىپ قالدىمۇتاڭ، يېقىن قوشنا تۇرۇپ نەچچە كۈنگىچە بىر - بىرىمىزگە ھالىڭ قانداق دەپ بولالمايمىز.

مۇئەللىم كۈلدى، ئارقىدىن خىجىللىق ئىچىدە يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشتى. ئۇ ئۆزىنى مەن دېگەن مۇئەللىم دەپ چوڭ تۇتقانلىقتىن ئەمەس، نېمىشقىكىن قوشنىلىرىغا تازا دېگەندەك يېقىنچىلىق قىلىپ بولالمايتتى. ئەتىگەندە مەكتەپكە ئالدىرايدىغان گەپ، ئىشتىن كەلسە ئۆيدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى ياكى ئەتىگەندىن كەچكىچە باللار بىلەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئارىسىدىلا ئۆتكەچكە، ئۆيگە كەلسە بىردەم بولسىمۇ جىمجىتلىقنى خالاپ قالىدىغان بولغىيدى.

— ۋاقتىنىڭ بەرىكىتى قالمىغان بولسا كېرەك، — دېدى مۇئەللىم ھازىرقى كىشىلەرگە مودا بولۇۋاتقان بىر گەپنى تەكرارلاپ، — ھەممىمىز ئالدىراشلىقتىن قۇتۇلالمايمىزغۇ شۇ.

— ھە، بۈگۈن، مەكتەپكە ماڭمايلىغۇ، مۇئەللىم؟

— پېنسىيەگە چىقتىم.

— مۇبارەك بولسۇن، ياخشى ئارام ئېلىۋالغۇدەكلا.

— نېمىسىنى دەيلا، — دېدى مۇئەللىم بىردىنلا مەيۈسلەنگەندەك بولۇپ، — بۇ بىكارچىلىققا كۆنەلمەيۋاتىمەن.

— قىزىق جاھان ـ دە، بۇ — دېدى ئۆمەر خېلىل كۈلۈپ، —
بىز دېھقان خەققە پېنسىيە دەيدىغان نەرسە يوق، ئىككىمىز
چۈشۈپ قالغۇچە ئىشلەيمىز، ئىشلىمىسەك قورساق ئاچ قالىدۇ،
سىلى بىكار ياتسىلىمۇ پۇل كېلىدۇ، بىراق بىكارچىلىقتا كۆڭۈل-
مەي قاپتىلا.

— قانداق قىلىمىز ئەمدى. ئىنسان دېگەن مۇشۇنداق قانا-
ئەتسىز يارىلىپ قاپتىكەن.

— ھە، جۇرسىلە ئۆيگە كىرەيلى. بالىلار تاماق قىپتىكەن.

مۇئەللىم ئادىتى بويىچە سائىتىگە قارىدى. تېخى چۈشلۈك
تاماق ۋاقتى بولمىغانىدى. يەنىلا شۇ ئۆگىنىپ قالغان خۇي،
خىزمەت قىلىدىغانلار ھەممە ئىشنى مۇشۇنداق ۋاقىتقا قاراپ
ئىشلەيدۇ. ھەتتا قورساقمۇ ۋاقىتقا قاراپ ئاچىدىغان گەپ. گەر-
چە ئۇ سەھرادا ياشىسىمۇ، بۇ ئىشلار ئۇزۇن يىللىق ئادىتىگە ئاي-
لىنىپ قالغانىدى. ئەمما، دېھقانلار ئۇنداق ئەمەس، قاچان ئىش-
تىن بىكار بولسا، شۇ چاغ ئۇلارنىڭ تاماق ۋاقتى. ئەتىگەنلىك
ناشتىنى دېگەنمۇ گاھىدا چۈشلۈك تاماق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ.
بىراق، مۇئەللىمگە بۈگۈن بۇ قائىدىنى بۇزۇشقا توغرا كەلدى.
«ئەتىگەن قوپۇپ قوشناڭغا باق» دېگەن گەپ بار. ئۇ ئەمدى ئالدى-
راش ئەمەس، بۇرۇنقىدەك ۋاقتى ـ قەرەلىدە تاماق يەپ، ۋاقتى ـ
قەرەلىدە ئىشقا يۈگۈرمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنى ھېچكىم يوقلىما
قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەركى ئۆزىنىڭ قولىدا. شۇڭا، ئەسلىدىكى
ئادىتىگە ئېسىلىۋالماي، قوشنىسىغا بېقىش كېرەك. بۇنىڭدىن
كېيىن ئەتىسى ـ ئاخشاملىرىدا مۇشۇ قوشنىسى بىلەن ھال ـ
مۇڭ بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان گەپ.

ئۇلار خوش ـ خوش بىلەن ھويلىغا كىردى. مەنزىرە ئۈچۈن
تىكىپ قويغان بىرنەچچە تۇپ ئۆرۈك غۇچچىدە چېچەكلەپ كەت-
كەن بولۇپ، چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدى ھويلا ئىچىنى بىر ئالغا-
نىدى. ئۆمەر خېلىل ئۆيگە باشلىماقچى بولۇۋىدى، مۇئەللىم ئۇ-

نىمىدى.

— بولدى، بولدى، مۇشۇ ھويلىدىلا ئولتۇرايلى.

— ئەتىيازنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى ئارام تاپتۇرماسىمىكىن، مۇئەللىم. ئۆيگىلا كىرىپ كېتەيلىچۇ.

— قارىسىلا بۇ ھاۋانىڭ ياخشىلىقىغا، يەنە چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدى ئادەمنى مەست قىلىدۇ. بۇنداق مەنزىرە كۆندە يوق، قوشنام.

ئۆمەر خېلىل كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، مۇئەللىم دېگەن يەنىلا مۇئەللىم ـ دە. بىر يەرلىرى بالىلارغىلا ئوخشايدۇ. راست، مۇئەللىم، بالىلارغا ئارىلىشىپ يا ـ شىغان ئادەم پات قېرىمايدۇ دەيدۇ ـ ھە؟ ئىككىمىزنىڭ يېشى قانچىلىك پەرقلىنەر؟

— بىلمىدىم، ئۆزلىرى قاچان تۇغۇلۇپتىلىكىن؟ — دېدى مۇئەللىم. مويسىپىتلەر بىر يەرگە كەلسىلا ياش سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەت بولارغىمۇ ئورتاق ئىدى.

— ئاتام رەھمەتلىك مېنى قوي يىللىق دەيدىغان، شۇ مۆچەل بويىچە ھېسابلىسام يەتمىشكە يېقىنلاپ قالدىم.

— مەن يەتمىشتىن ئېشىپ كەتتىم، قوشنام. قارىغاندا سىد ـ لى مەندىن كىچىك ئوخشايلا.

— توۋا، ھېچكىم سىلىنى مەندىن چوڭ دېمەيدۇ، قارىسا خۇددى مېنىڭ ئۇكامدەكلا تۇرىلا.

— ياقەي، ناھايىتى شۇ چاچ ـ ساقاللىرىغا سەل بالدۇر ئاق كىرىپ قالدى. بولمىسا شۇنداق تىمەن، روھلۇق كۆرۈنىلا. گۇس ـ گۇس چاپقان كەتمەنلىرىگە قاراپ ھېچكىم سىلىنى قېرى دېمەيدۇ.

— شۇنچىلىك دېگەنلىرىگە رەھمەت، مۇئەللىم. لېكىن، دې ـ گەنبىلەن بىز دېھقان خەق ئىچىمىزدىن قېرىپ كېتىمىز. يۈ ـ رەكتە غەم جىق.

مۇئەللىم قاسىمنىڭ تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن ئىشلاردىن

خەۋىرى بولغاچقا، كۆڭلىدە بۇ خۇش چىراي قوشنىسىغا ھېس-داشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— غېمى يوق كىم بار دەيلا، قوشنام. سەۋر قىلساق ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— تەس ئىكەن، مۇئەللىم، تەس ئىكەن ...

— سىلى بىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق؟ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتىغۇ ئەنە. ھازىر ئىشلار ياخشى بولۇپ كەتتى.

— ئۇغۇ شۇ، بىز سىلىدەك ئوقۇمىغان، بەزى ئىشلارنى ئال-دىراپ چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز. شۇڭا، بىر ئىش بولسىلا تەمتى-رەپ يولىمىزنى تاپالماي قالىدىغان ئىش ئىكەن، مۇئەللىم.

رابىخانىنىڭ ئۆيدىن چىققىنى بىلەن ئۇلارنىڭ گېپى ئۈزۈلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇئەللىم، سالامەت تۇردىلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، رابىخان، ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇ-رۇپلا؟

— خۇداغا شۈكۈر. ۋۇي دادىسى، مۇئەللىمنى ئۆيگە باشلى-ماي، نېمە بۇ يەردە گەپكە تۇتۇپ تۇرىلا.

— شۇ ... مۇئەللىم سىرتتا ئولتۇرايلى دەپ ...

— مېھماننى ئۆيگە باشلىمىسا سەت تۇرامدۇ دەيمەن.

— مەن مېھمان ئەمەس، رابىخان. بىز كۈندە كۆرۈشۈپ تۇ-رىدىغان قوشنىلاردىن تۇرساق، مېنى مېھمان دېگەنلىرى نېمى-سى؟

— قوشنا دېگەن بىلەن، ھېيت - ئايەملەردە بىر كۆرۈشۈپ قالىمىز سىلى بىلەن، باشقا چاغلاردا ئالدىراشلا يۈرىيلا. ھەپتە - ئايلاپ قارىلىرىنى كۆرەلمەيمىز.

— ئەمدى ... ئەمدى پېنسىيەگە چىقتىم. بىكار ۋاقتىم جىق.

— ھە، ياخشى بوپتۇغۇ. قوشنا - قولۇملار بىلەنمۇ كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بوپتىلا - دە.

— شۈنداق، شۈنداق.

— مۇئەللىم سىرتتا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرسە، ئەمىسە دەرھال سۇپىغا كىگىزدىن بىر پارچە سالسىلا، دادىسى. مەن كۆرپە ئاچىقاي.

— بولدى، رابىخان. كۆرپە سېلىپ ئاۋارە بولمىسىلا...

ئەمما، رابىخان ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايالشمايلا بىر پارچە كۆرپىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ھويلا ئىچىدە سۈزۈك ئاپتاپ پارقىرايتتى. تۇزۇغان چېچەكلەر كۆكتىن چۈشكەن باھار چاچقۇسىدەك يېنىك شامالدا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

## 2

تويدىن كېيىنكى مۇھەببەتلىك، شېرىن كۈنلەردە سۇلايمان بىر ئىشنى ئانچە ئويلاپ كەتمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ بىر ئائىلىگە ئىگە بولغىنىنى ھېس قىلىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ھازىر ئوغلى تازا گۈڭگۈرلاپ ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىدىن ئۆي ئىچى نۇرغا تولغاندەك بىلىنەتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئوغلىنى ئەركىلىتىپ، سەبىيلەر تىلىدا بىرنەرسىلەرنى دەپ كەتسە، بوۋاق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ جىمىمىدە قاراپ تۇراتتى. بۇ خۇددى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتقىنىغا ئوخشاپ قالاتتى. شۇنداق چاغدا ئىككىسى تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، قىن - قىنىغا پاتماي كېتەتتى. مۇھەببەتنىڭ بۇ تۈنجى مېۋىسىنى بىردەم بىرسى كۆتۈرسە، بىردەم بىرسى كۆتۈرۈپ زادىلا يەردە قويغۇسى كەلمەيتتى. سۆيگەنسېرى سۆيگۈسى كېلەتتى. كۆيگەنسېرى كۆيگۈسى كېلەتتى. مېھرىگە زادىلا باغرى قانمايتتى. ئىلگىرى سەللا بىكار

بولسا بازاردىكى ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق سۇلاي-
مان ئەمدىكى ۋاقتىنى ئاساسەن ئوغلىنىڭ قىلىقىغا مەستانە بو-
لۇپ، ئۇنى ئوينىتىش، ئەركىلىتىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

شۇنداق چاغلاردا سۇلايمان تۇرۇپلا ئاتا — ئانىسىنى ئويلاپ
قالاتتى. بەلكىم ئۇلارمۇ سۇلايماننى شۇنداق سۆيگەن ۋە كۆيگەن
بولغىيدى. كۆز نۇرىدەك ئاسرىغان، يېنىدىن بىردەممۇ نېرى
قىلماي، پەرزەنت ئىشقىدا سەدىپارە بولۇپ ياشىغان بولغىيدى.
ئۇلار بازارغا كەلمەكچى بولغان ھېلىقى كۈنى رابىخان ئۆزىنى
تۇتالماي يىغلاپ كەتكەنىدى. سۇلايماننىڭ بازارغا بېرىشىغا قار-
شى تۇرغاندا ئۇ ئاپىسىدىن رەنجىگەنىدى. تېخى ئۆكتە قوپۇپ تا-
كاللىشىشقىمۇ تاس قالغان بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ مۇنچاقتەك تۆ-
كۈلۈۋاتقان كۆز يېشىغا قاراپلا ئۆزىنى بېسىۋالغانىدى. مانا ئەمدى
ئاپىسىنىڭ ئاشۇ چاغدىكى قىياپىتىنى ئويلىسا يۈرىكى ئېچىشىپ
كېتەتتى. بالىدىن ئايرىلىشنىڭ نەقەدەر ئازابلىق بىر جەريان
ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتەتتى. قاسىم بىرمۇنچە خاپىدى-
لىقلارنى تېپىپ بەرگەندىمۇ، ئاتىسىنىڭ نېمىشقا يەنىلا ئۇنىڭ
غېمىنى يېگەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلايتتى.

ئۇ يەنە بىر ئائىلە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئويلايتتى. قاز-
داق قىلغاندا ئائىلىنى گۈللەندۈرگىلى، پەرزەنتلىرىنى خاتىرجەم
قاتارغا قوشقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. ئويلىغانسېرى
ئىشلار كېڭىيىپ، ئۇنىڭ غېمى كۆپىيەتتى، ئۈستىدىكى مەسئۇ-
لىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلاتتى. ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلار
بىلەن تۇرمۇش غېمىنى ئويلىغىنىدەك ھەل قىلغىلى بولمايدىغان-
لىقى ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى. بىراق، باشقا بىرەر يول تېپىشقا تې-
خى ئۇنىڭدا يېتەرلىك پىلان يوق ئىدى. دەسلەپتە قېيىنئاتامنىڭ
يېنىدا بىر مەزگىل تۇرۇپلا، ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالسام ئۆز
ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەيمەن دەپ ئويلىغان، ئۈمىدىمۇ چوڭ ئى-
دى. شۇغىنىسى خىيال بىلەن رېئاللىقنىڭ ئارىلىقى بەك چوڭ

ئىدى. بۇ مۇساپىنى بېسىشقا گاھىدا نەچچە كۈن، گاھىدا نەچچە ئاي، يەنە گاھىدا نەچچە يىل كېتىشى مۇمكىن. ھەتتا بىر ئۆمۈر شۇ خىيال پېتى كېتىپ قېلىشى ئېھتىماللىمۇ بار. يەنە كېلىپ قېيىنئاتىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشلىگۈچى بىلەن ئىشلەتكۈچى شەكلى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا ياردەملىشىۋاتقان بولغاچقا، مۇقىم ئايلىق ئىش ھەققى بېكىتىلمىگەن، پەقەت ئېسىگە كېلىپ قالسا ئاز - تولا تۇرمۇش پۇلى بېرىش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى. گۇلقىزمۇ دەسلەپتە سۇلايمانغا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى ئويلىسا، سۇلايماننىڭ ئالدىدا يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالاتتى. ئادەم دېگەن قانائەتسىز كېلىدۇ. بىرنى ئىككى بولسا، دەيدۇ، ئىككى بولغاندا، ئۈچ بولسا، دەيدۇ. مەڭگۈ ئارزۇسى قانائەت تاپمايدۇ. ئەھەت ھېمىتمۇ شۇنداق ئادەم. گەرچە كۆڭلى ياخشى، مېھرىبان كۆرۈنسىمۇ، مال - دۇنيا ئىشلىرىغا كەلگەندە ئوخشاشلا نەپسى قانائەت تاپمايتتى. چىقىمىنىڭ ئازراق بولۇشىنى، پايدىسىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىپ مېڭىشىنى ئارزۇ قىلاتتى ۋە ئىلاج بار شۇنداق بېجىرىشكە تىرىشاتتى. سۇلايماننىڭ ئەھۋالىغا كەلگەندە، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوغلى قاتارىدا كۆرەلمىسىمۇ، بىر قىزنى چوڭ قىلىپ بەرگەنىكەن، ئۇ ئەھەت ھېمىتقا قەرز. بىر - ئىككى يىل ئىشلەپ بەرگەنگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۆزىچە بۇ قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى. يەنە تېخى سۇلايمانغا تىجارەت يولىنى ئۆگىتىپ قويغىنىمۇ چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېخىللىقىنى ئەسلا ھېس قىلمايتتى.

ھازىر سۇلايمان ئىشلارنى ئاساسەن ئۆزىلا قىلاتتى. ئەھەت ھېمىت پەقەت پات - پات مال تولۇقلاپ قويسىلا، بازاردىكى بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىر ئۆيگە يىغىلىپ داڭلىق چايلاردىن دەملەپ قويۇپ قارتا ئوينايتتى ياكى جاھاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان ئىشلار توغرىسىدىكى قۇرۇق پاراڭلار بىلەن كۈن

ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق ئىش مۇشۇ بازاردىكى تىجارەتچى بايلارنىڭ «تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ھاياتنى قەدىرلەش» يولى ئىدى. بۇ ئىشلىرىدىن ئۆزىچە پەخىرلىنىشەتتى. بۇ سورۇنغا قىتىلالىغانلىرى قالتىس ئادەملەر ھېسابلىناتتى.

سۇلايماننىڭ قېيىنئاتىسىغا بىرنەرسە دېيەلمەسلىكى، دەل ئەھەت ھېمىتنىڭ پۇرسىتى ئىدى. ئۇ بۇ پۇرسەتتىن تولىمۇ جايىدا پايدىلىنىۋاتاتتى.

سۇلايمان ئەمدى ئىشلارنى قايتىدىن ئويلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولغاندىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۈننىڭ ئۆتۈشىگە، سۇنىڭ ئېقىشىغا ياشىسا بولمايتتى.

— بىز مەھەللىگە قايتىپ كېتەيلى، — دېدى ئۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئوغلىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغان بىر كەچلىكى، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزنى ئايىدىم. بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ. ئەمدى ئائىلىنىڭ، بالىمىزنىڭ غېمىنى قىلمىساق بولمايدىغان چاغ كەلدى.

گۈلقىز بىرپەس جىمىپ كەتتى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن. دەسلەپتە ئاتامنىڭ سودىسى ياخشى بولغاندىن كېيىن، بىزنىمۇ چوقۇم يۆلەيدۇ، شۇ باھانىدە پۇللۇق بولۇپ قالىمىز دەپ ئويلىغان، بىراق ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئاتا - ئانىسىغا ئۇنداق - مۇنداق تەلەپ قويۇشقا ئۇ ئاجىزلىق قىلاتتى.

— مەيلى، — دېدى ئۇ ئىلاجىسىز، — بىراق مەھەللىگە بارساق نېمە ئىش قىلارمىز؟

— نېمە قىلاتتۇق، يەر تېرىيمىز شۇ. بىز دېگەن دېھقان تۇرساق.

راستىنى ئېيتقاندا، گۈلقىزنىڭ مەھەللىگە قايتقۇسى يوق ئىدى. كىچىكىدىن بازاردا چوڭ بولغاچقا، مەھەللە مۇھىتىغا تازا كۆنەلمەيتتى. پەقەت سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ چاندۇرماي يۇ-

رەتتى. ھېلىمۇ ئاتىسىغا دەپ سۇلايماننى ئۇنىڭ تىجارىتىگە يار-دەملەشتۈرۈش باھانىسىدە بازارغا باشلاپ كەلدى. بىراق، ئاتىسى ئۇنى بىكارلىق ئادەم كۆرۈپ، تۇزۇك ئىش ھەققى بەرمىدى. ئەمدى ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىدا نېمىمۇ دېيەلىسۇن.

— قايتساق قايتايلى، — دېدى ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ. يەنە تالاشسا ئېرىنىڭ ئالدىدا تىلى قىسقا بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— دادامغا سىز دەپ باقامسىز ... ياكى ...

— مەن قانداق دەيمەن، بىرەر باھانە تاپايلى بولمىسا.

— بۇمۇ بولغۇدەك. نېمە باھانە كۆرسەتسەك بولار؟

گۈلقىز بىردەم ئويلاندى.

— ئاتام يالغۇزچىلىق تارتىپ قالدى، دېسىڭىز بولارمىكىن. ھازىر يازنىڭ ئالدىراش مەزگىلى. قاسىمجانمۇ ئۆيدە يوق.

سۇلايمان ئىككىلىنىپ قالدى. بۇ تەرەپكە مېڭىشىدا ئاتىسى قاسىمنىڭ ئىشىنى قۇدىسىغا ئېيتماسلىقنى تاپىلىغانىدى. ھازىر باھانە كۆرسىتىمەن دەپ ئۇ ئىشلارنى ئاشكارىلاپ قويسا، ئاتىسىنىڭ ئىززىتىگە تېگەرمۇ؟

— قاسىمنىڭ ئىشىنى ...

— ئاتامنىڭ خەۋىرى بار.

— نېمە؟ سىز... سىز دادامغا ئېيتتىڭىزما؟

— مەن نېمىشقا ئېيتىمەن، سىز جېكىلىگەن تۇرسىڭىز.

— ئەمىسە ...

— بۇ كۆڭلەردە سىر ساقلىماق بەك تەس، سۇلايمان. تۇنىساخاننىڭ ئاغزىدىن تارقالامدۇ. ئاتام ئاڭلىغىلىمۇ خېلى بوپتىكەن، سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئېغىزغا ئالمىدى شۇ.

سۇلايمان ئۆزىنىڭ بىرەر نومۇسلۇق ئىشى ئاشكارىلىنىپ كەتكەندەك، يۈزلىرى قىزاردى. لېكىن، ئۆتكەن ئىشقا ئامال يوق، قۇياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ. يامانلىق دېگەن سېسىق

پۇراقنا ئۇخشايدىغان نەرسە. توپ ئىچىدە بىر ئادەم يەل قويىۇۋەت-
سە، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ سېسىق پۇراقنىڭ دەردد-
نى تارتىدىغان گەپ.

— مەن ئېيتاي.

— مېنى ئارىلىشىۋالدى دەپ قالماڭ، بولسا يەنە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئېيتسىڭىز قانداق بولار؟

— نېمىشقا؟

— ئاتام ئەتىدىن باشلاپ ۋاقتى ئۆزىرىپ كەتكەن نېسى پۇللارنى يىغقىلى بارىمەن دەۋاتقان. بىز كەتسەك دۇكانغا قارايدى-غانغا ئادەم يوق. ئاپامنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز.

— شۇنداق قىلسامۇ قىلاي.

سۇلايماننىڭ بازاردىن بۇنداق كۆڭلى سوۋۇپ كېتىشىگە، يالغۇز قېيىنئاتىسىنىڭ بىكارغا ئىشلىتىشىلا سەۋەبچى بولۇپ قالمىغانىدى. تىجارەتتىكى ساختىلىق، يالغانچىلىقلارمۇ ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇۋەتكەنىدى. تىجارەتچىلەر ماللىرىغا خالىغان باھا-نى قويۇپ سېتىشنى بىلەلمەي، ھە دېسىلا ئۇن يۈەنگە كەلگەن مالنى ئون بەش يۈەنگە كەلگەن، دەپ يالغان سۆزلەيتتى. تىجارەت-چى ئۇنداق دەۋاتقان يەردە خېرىدار نېمە دېيەلىسۇن. ئۇلار ئامال-سىز تىجارەتچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولاتتى. يەنە كېلىپ سودا قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان بولغاچقا، مال-نىڭ راست - يالغىنىنى كۆپ پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، سەل ئىنساپ-نى يوقاتقان تىجارەتچى بولسا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى قويىدىغان گەپ. قېيىنئاتىسىمۇ تولا ھاللاردا سۈپىتى تۆۋەن ماللارنى يال-غاندىن ماختاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك قىلىپ ساتاتتى. تىجارەتتىكى بىرىنچى ئۆگىنىدىغان ئىش يالغانچىلىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى سۇلايمان. بولمىسا ئۇلار نېمىشقا قىلچە قىزارماي تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدۇ؟ ھەتتا شۇ يالغانلىرىغا خېرىدارنى ئىش-شەندۈرۈش ئۈچۈن تولا سۆزلەپ، ئېغىزىنىڭ بىر قات تېرىسىنىڭ

سويۇلۇپ كېتىشىدىنمۇ قورقمايدۇ. ئاچچىق تەرلىرىنى تۆكۈپ، هالال ياشاپ، راست سۆزلەپ ئۆتكەن ئادەم ئۇچۇن بۇنداق ئىشلار-نى قىلىش ياكى ئۇنىڭغا شاهىت بولۇش قاراپ تۇرۇپ ۋىجدانىنى ئازابلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. سىرتتىن قارىسا قاينام ــ تاشقىنلىقتا چۆمگەن بازارغا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ساختىلىقلار يوشۇرۇنغانىدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن بازارنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ ــ دە، بازارنىڭ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا گەپ كەتمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى هەل قىلىدۇ، مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىدۇ. دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىنى يۆلەپ تۇرغان نەرسىمۇ يەنىلا بازار.

سۇلايمان بازارغا كەلگەن بىر يىلدىن بۇيان جىق نەرسىلەر-دىن خەۋەر تاپتى. ئىلگىرى پەقەت بازاردىن ئۇنى ــ بۇنى سېتىۋېلىش، ئاغىنىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئۇچۇن كەلگەن بول-سا، ئەمدى بازارنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇهىم رول-غىچە چۈشىنىپ قالغانىدى. بازارمۇ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنەتتى. هەتتا بازارنىڭ شەكىللىنىشىمۇ ئۇنىڭ ئېڭىدا پۈتۈنلەي باشقىچە قۇراشتۇرۇپ چىقىلغانىدى. ئۇ يەنە ئۆگىنىش ئىچىدە شۇنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدىكى، دۇنيا گۈزەل، تۇرمۇش گۈزەل، ها-ياتمۇ گۈزەل، پەقەت بىر قىسىم ناچار ئادەملەرلا داستىخاندا چۆرگۈلەپ يۈرگەن چىۋىندەك بىزارلىق پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر-نىڭ رايىنى قايتۇرىدۇ.

سۇلايمان ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىيال قاينىمىدا ئىز-تىراپ چەكمەكتە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، هەرقانداق ساهەگە تۇنجى كىرگەن ئادەمدە بۇنداق توقۇنۇشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى، يېڭى تۇرمۇشتا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر مەۋجۇت بو-لۇپ، سىز كۆنگەن تۇرمۇش ئېڭى بويىچە نەزەر سالسىڭىز، كۆ-زىڭىزگە يات كۆرۈنىدۇ، كاللىڭىزدىن ئۆتمەيدۇ. گاهىدا هەتتا خاتا تۇيغۇلارغا باشلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، دۇنيامۇ ئىنساننىڭ

خاراكتېرىگە ماسلاشقاندەك، قۇياش كۈندە يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى، پەسىللەر ئالمىشاتتى، تۈرمۈش رەڭدار، جەلپكار ئىدى، بوۋاقلار چوڭ بولاتتى، چوڭلار قېرىيتتى، قېرىلار نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارنى مىراس قالدۇرۇپ تۇپراققا قېتىلىپ كېتەتتى. ئالمىشىشلار مەڭگۈ داۋاملىشاتتى.

سۇلايمانغا دۇنيا بىردىنلا كېڭىيىپ كەتكەندەك بىلىندى. بىر - بىردىن مۇرەككەپ سوئاللار كاللىسىنى گاراڭ قىلىۋەتتى. ئۇ پەقەت مۇشۇ چاغدىلا كۆپرەك ئوقۇمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. مەكتەپتە ۋە مەكتەپتىن قايتقاندا ئوقۇغان نەچچە پارچە مۇھەببەت رومانى ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلالمايتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ مەھەللىگە قايتىپ، بىر مەزگىل ئۆزىنى تىڭشاپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ قالغانىدى. ئاتىسى چالا ساۋات بولغان بىلەن جىق ئىش كۆرگەن، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىدىغان ئادەم ئىدى. سۇلايمان ئاتىسىغا بەك ئىشىنەتتى. ئىككىسىنىڭ كېيىمۇ دائىم دېگۈدەك بىر يەردىن چىقىپ قالاتتى. ئەمدى ئۇنىڭدا مەھەللىدە بىر يول تېپىلىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. بىراق، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق ھېس قىلالمايتتى. كۆڭلى مەھەللىنى تارتىپلا تۇراتتى.

ھەپتىدىن كېيىن سۇلايمان خوتۇن - بالىسىنى ئېلىپ مەھەللىگە قايتتى.

## 3

ئابدۇناسىر مۇئەللىم تازا ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئوغلى ئۇنىڭغا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ساياھەتكە بېرىش تەكلىپىنى بېرىپ قالدى. غەيرەتنىڭ بىر ئاغىنىسى ساياھەت شىركىتى قۇرغان بولۇپ، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆ-

لەتلەرگە ساياھەت ئۇيۇشتۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇ شياڭگاڭ، گۇاڭ-جۇۋ، شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئالاھىدە را-يونلارغا ئون نەچچە كۈنلۈك ساياھەت ئۇيۇشتۇرغانىدى.

مۇئەللىم ئويلىنىپ قالدى. ئۇ خىزمەتكە چىققان قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم دېھقان بولۇپ، مەكتەپ ۋە ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا تىنىمسىز قاتراپ يۈرۈپتۇ. سەللا بىكار بولسا ئائىلىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى بىلەن بەند بوپتۇ. شۇ ئۆمە-رىدە ئۈرۈمچىگە بارغان ۋاقتى ئون قېتىمغا يەتمەيدۇ. قەشقەرگە ئۈچ، خوتەنگە بىر، غۇلجىغا ئىككى قېتىم بېرىپتۇ. ئىچى پۇشسا ئۆيدىن چىققان پېتى نەچچە دۆلەتنى ئايلىنىپ كېلىدىغان چەت ئەللىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئۆمرىدە چەت ئەلنى ئەمەس، ئۆز يۇرتىنىمۇ تۈزۈك ئايلىنىپ باقمىغان ئا-دەمنى نېمە دېگۈلۈك. ھازىر جاھان تەرەققىي قىلىپ كەتتى. بىر ئۆمۈر ئېشەك ھارۋىسىدا تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكەن دېھقان جې-نىدا باي بولۇپ، كىچىك ماشىنا سېتىۋالىدىغان، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بېرىپ ـ كېلىشلەر ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاددىيسى، مۇشۇ مەھەللىلىك ئوبۇلقاسىم ئاخۇنمۇ نەچچە يۈز مىڭ يۈەن خەجلەپ بىر ئاپتوبۇس سېتىۋې-لىپ، ناھىيە بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا قاتناپ پۇل تېپىۋاتماق-دۇ. قىرىق نەچچە يىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئادەم تەربىيەلەپ يۈرگەن بىر كىشى جاھاننىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپ بىر مەھەللىدىن چىقالماي ياشىسا قىزىق ـ دە.

ئۇ ئاۋۋال ئايالىغا مەسلىھەت سالماقچى بولدى. بىر ئۆمۈر ياخشى ـ يامان كۈنلەردە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان بۇ قەدىناسىنى يالغۇز تاشلاپ جاھان كۆرۈشكە ئۇنىڭ رايى يول قويمايتتى.

— غەيرەتجان ئىچكىرىگە ساياھەتكە بېرىپ كېلىڭلار، دەي-دۇ، قانداق قىلساق بولار، خوتۇن؟

ئايشىخان بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە مۇئەللىمگە قارىدى.

— راستىمۇ؟
— يالغان بولسا سىلىگە دەپ يۈرەمدىم، قىزىق خوتۇن - دە، بۇ.
— ئىچكىرىنىڭ ھېچ يېرىنى بىلمىسەك، نەدە تېنەپ يۈرد-مىز؟
— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلا، ساياھەت ئۆمىكى بىلەن بارىد-غان گەپ ئىكەن.
— بۇغۇ ياخشى ئىش ئىكەن، لېكىن... لېكىن قانچە پۇل كېتەر، مۇئەللىم؟
— بىر ئادەمگە ئون ئىككى مىڭ يۈەن تاپشۇرىدىكەنمىز.
— دېمەك، ئىككىمىزگە يىگىرمە تۆت مىڭ يۈەن دېگەن گەپمۇ؟ ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن جىق. بىراقلا يىگىرمە تۆت مىڭ يۈەن خەجلىۋەتسەك ...
مۇئەللىم كۈلۈپ كەتتى.
— يائاللا، خەق مۇئەللىملەر ھېسابقا چىڭ دەيدىغان، ئەمما، سىلى مۇئەللىمدىنمۇ چىڭ جۇمۇ.
ئايشىخانىمۇ كۈلدى. ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان قىياقتەك كىرپىكلىرى شالاڭلىغان، قىشلىق ئالمىدەك سۈزۈك ۋە قىزىل يۈزىدە قورۇقلار ئىنز تارتىپ ماڭغاندى. ئۇ ئەمدى راھەتتىنمۇ ياكى تۇرمۇشتىكى ئەمىنلىك سەۋەبىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ياش چوڭايغاندا سەمرىشكە باشلىغانىدى.
— چىڭ تۇرمىسا بىر ئۆينى ئۆي قىلغىلى بولامدۇ، مۇئەل-لىم؟!
— گاھىدا مۇشۇنداق خەجلىمەيمۇ بولمايدۇ، خوتۇن. بولمى-سا پۇلنى نېمىگە تاپىدۇ؟
— ئۇغۇ شۇ، ئەمدى دەيمەن ... ئالمادىس ئېغىرراق كېسەل - ئاغرىق تارتىپ قالساق...
— خاتىرجەم بولۇڭلا، غەيرەتجان ئون مىڭ يۈەن بېرىدىغان

بولدى.

— ھە، غەيرەتجان ... خۇدايىم ئىنسابىنى بەرسۇن! ئوغلىمىزغا رەھمەت ئېيتايلى، دۇئا قىلايلى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز ـ دە. گۈلشەن قىزىمۇ پۇل بەرمەكچى بولغان، بىراق مەن قوشۇلمىدىم. قىز ئۆزىمىزنىڭ بولغان بىلەن، كۈيئوغۇل دېگەن يات. ئەتىگىچە ئۇنداق ـ مۇنداق گەپ بولۇپ قالسا، بىكار شۇ قىزىمىزغا باش ئاغرىقى بولۇپ قالمىسۇن دېدىمغۇ.

— توغرا ئويلاپتىلا.

— ئەمىسە تەييارلىق قىلىڭلا.

ئايشىخان بېشىنى قاشلىغاچ مۇئەللىمگە قاراپ جىلمايدى.

— ھە، يەنە نېمىگە تارتىنىسىلە؟

— ماڭا قارىسىلا، مۇئەللىم، — دېدى ئايشىخان خىجىل بولغاندەك بىر قىياپەتتە، — ئىچكىرى دېگەن يىراق يەر، نەچچە كۈن يۈرىمىز، بۇمۇ نامەلۇم. ئىلگىرى مۇنداق يىراققا سەپەر قىلىپ باقمىغاندۇق. شۇڭا، ھازىر قانداق تەييارلىق قىلىشنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن.

— شۇ ئىشمىدى؟ — مۇئەللىم ئايالىنىڭ ساددا، ئەمما سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئالا بالداق يۈڭ ياغلىقنى پېشانىسىگە چىڭگىدە تېڭىپ چىگكەن، ئۆشنىسىگە بىر بالىنى پىلتىڭلىتىپ ئارتىۋېلىپ، كوپېراتسىيەدە ئەمگەك قىلىۋاتقان بىر قىزنىڭ سىيماسى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن غىل ـ پاللا ئۆتۈپ كەتتى، يۈرىكىدە ئىللىق بىر ھارارەت ئۇرغۇشقا باشلىدى.

— ھە، خوتۇن، بەك جوۋاپ كەتمەڭلا، ۋاقتى ئون بەش كۈن دېگەندەك قىلدى. پەقەت يەڭگىلىرەك كىيىمدىن نەچچە قۇر ئېلىۋالساقلا بولدى. باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يولدا بار.

— ماقۇل ئەمىسە، دېگەنلىرىچە قىلاي.

ئابدۇناسىر مۇئەللىم ئايالى بىلەن ئىچكىرىگە ساياھەتكە با-رىدىغان ئىشنى قولۇم - قوشنىلىرىغىمۇ ئېيتمىدى. بۇ داۋراڭ قىلىپ يۈرگۈدەك ئىش ئەمەس دەپ ئويلايتتى مۇئەللىم. بىر ئۆ-مۈر ئۇن - تىنسىز ئىشلەپ كۆنۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۇ بىر ئىش-لىرىنى كۆز - كۆز قىلىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. شۇڭا جىمجىتلا ناھىيەگە بېرىپ، غەيرەتجاننىڭ ياردىمى بىلەن ھېلىقى ساياھەت ئۆمىكىگە قېتىلىپ، ئىچكىرىگە قاراپ يولغا چىقتى.

## 4

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆمەر خېلىل دېھقانچىلىقتا ھەقىقەتەن يال-غۇزچىلىق تارتىپ قالغانىدى. ئېيتىمىز ئىشى دېگەن ئادەم كۆپ بولسا كۆپلۈك قىلمايدىغان، ئاز بولسا ئازلىق قىلمايدىغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئادىمى ئاز ئائىلىلەرنى بەكلا ھالسىرىتىپ قو-ياتتى. دېھقانچىلىق دېگەن ۋاقتى - قەرەلىدە، تۈجۈپىلەپ قىلى-دىغان ئىش. ئىككى كەتمەن چاپىدىغان يەرگە بىر كەتمەن، ئىك-كى قاپ ئوغۇت ئىشلىتىدىغان يەرگە بىر قاپ ئىشلىتىپ ئالداپ قويسىڭىز، كۈز كىرگەندە ئوخشاشلا ئۇمۇ سىزنى ئالدايدۇ. توشمىغان تاغارغا قاراپ ئۇھسىنىسىز. «دېھقانچىلىق — ئىشلى-سە چىلىق - چىلىق، ئىشلىمىسە قۇرۇقچىلىق» دېگەن شۇ. يەنە كېلىپ ھەممىسى جىسمانىي قۇۋۋەت بىلەن بولىدىغان ئىش. بې-لى چىڭ بولمىسا كۆچ ئېلىشالمايدۇ. قېرىسىمۇ مۇسكۇلى تاش-تەك، قوللىرى خەشەكتەك قېتىپ كەتكەن شۇ ئادەملەرگە قارى-سا، دېھقانچىلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس. ھازىر دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئاز - تولا ماشىنىلاش-قان بولسىمۇ، ئاشۇ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىنمۇ يەنە بىر ئادەم ماڭمىسا بولمايتتى.

ئۆمەر خېلىل بۇ يىل ئۆزىگە رەسمىي قېرىلىق يەتكەنلىكى-

نى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تەن بەرگۈسى كەلمىسىمۇ، ھايات قانۇ-نىيىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ يولىدا داۋام قىلاتتى. مەيلى ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ، ئادەملەردىن تارتىپ ئۇنىڭ رەھىمسىز تەقدىرىگە باش ئېگىشكە مەجبۇر ئىدى. ھېچ نەرسە ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

ئۇنىڭغا ئىلگىرى گۈس - گۈس چاپقان كەتمىنى ئەمدى يو-غان كېلىپ قېلىۋاتاتتى. ئوبدانلا تۆت كەتمەن چاپسا ھاسىراپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى. سەللا يىراققا قارىسا كۆزلىرى تورلىشىپ، نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىمدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. ھايات دېگەن شۇ. باشلىنىش-نىڭ ئاخىرلىشىشى بولىدۇ.

ئۇ مىجەزىنىڭ بىر يەرلىرى ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىدى-كىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئوغلى ئىسمايىلغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئىچ مىجەز، مۇلايىم بالا بولغانىدى. بىر ئىشقا كىرىشسە، باشقا ئاچقىمىغۇچە توختىمايتتى. قاسىم تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن، سۇلايمان بازاردا قېيىنئاتىسىنىڭ تى-جارىتىگە ياردەملىشىۋاتقان بولغاچقا، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئا-ساسەن دېگۈدەك ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. ئۇ ئىمكان بار ئاتىسىنى ئايايتتى. گاھىدا ئۇنىڭ ئېتىزغا بېرىشىغا قوشۇلماي تۇرۇۋالاتتى. بىراق، ئۆمەر خېلىل بۇنىڭغا كۆنسۇنمۇ؟ دېھقان ئا-دەم ئېغىر كېسەل تارتىپ يېتىپ قالسا ياكى زىيادە قېرىلىق سەۋەبىدىن ئىش - ھەرىكەتتىن قالغان بولمىسىلا ئىشلەش كې-رەك. تاكى تىنىقتىن قالغۇچە ئۇ خۇددى جەڭگاھتىكى ئەسكەر-دەك بۇ مۇقەددەس ئورۇندىن ئايرىلسا بولمايدۇ.

تىراكتورنىڭ بىر يەرلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئىسمايىل ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قال-دى. ئاتىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۇنىڭ كۆزى ئەمەس، يۈرىكى كۆر-گەنىدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاتىسىغا قاراپ ئاپپاق چىشلىرى-

ـنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

— بىرەر ئىش بارمىدى، ئاتا؟

ئوغلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، خىيالغا پېتىپ كەتكەن ئۆمەر خېلىل چۆچۈگەندەك بېشىنى چايقىدى.

— ھە ... ياق ... ئىشىڭنى قىلىۋەر ، بالام.

— تۈگىدى.

— بىر يەرگە بارامسەن؟

— ئۇرايىمكامغا سايدىن شېغىل ئەكېلىپ بەرمەكچىدىم.

— ئەمىسە بېرىۋەر، بالام.

ھازىر دېھقانلار بەس - بەستە ئۆي يېڭىلاشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەھەللە ئىچىمۇ يېڭىچە بىر قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئۆمەر خېلىلمۇ تاملىرى سويۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ كونا ئۆيىنى يېڭىلاشنى ئويلايتتى. ئەمما ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق، دېگەندەك، قولى قىسقىلىق سەۋەبىدىن ۋاقتىنچە تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ فارفۇر خىش چاپلانغان تاملىرى يالتىراپ تۇرغان يېڭى ئۆيلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالاتتى. ئىسمايىلمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇنى ئۆيلەش كېرەك. بىراق، كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقان توي ھەشەمىتىگە ئۇنىڭ قۇدرىتى يەتمەيتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىغا تىراكتورنى سېتىۋېتىش خىيالى كېلىپ قالدى. مۇشۇنداق قىلغاندا ئىسمايىلنى ئۆيلەپ كېتىشكە ئامال بولۇپ قالاتتى.

— ماڭا قارا، بالام!

تىراكتورنى ئوت ئالدۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان ئىسمايىل ئاتىسىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى.

— ھە، ئاتا. گېپىڭىز بارمىدى؟

ئۆمەر خېلىل تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقان ئادەمدەك بىردەم ئىدىنى تىڭشاپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— مۇشۇ... مۇشۇ تىراكتورنى سېتىۋەتسەك قانداق دەيسەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالام؟

ئىسمايىل گەپنى خاتا ئاڭلىۋالغاندەك سەل جىددىيلەشتى. ئاتىسىغا بىرنەچچە قەدەم يېقىنلاپ، قايتىلاپ سورىدى:

— نېمە دېدىڭىز، ئاتا؟

— تىراكتورنى... سېتىۋەتسەك...

— نېمىشقا؟

ئىسمايىلنىڭ چىرايى قىزاردى، ئاغزى خۇددى يىغلاشقا تەمشىلىۋاتقان كىچىك بالىدەك ئۈمچەيدى. ئاتىسىنىڭ قانداقلارچە بۇ خىيالغا كېلىپ قالغىنىنى چۈشىنەلمەي كۆزلىرى چەكچەيگەنىدى.

— سېنىڭ غېمىڭ، بالام.

— مېنىڭ؟ مېنىڭ قايسى غېمىم، ئاتا؟

— قارا، بالام. تەڭتۇشلىرىڭ ساپلا توي قىلىپ بولدى. لېكىن سەن تېخى ... تىراكتورنى سېتىپ سېنى ئۆيلىسەم دەپ ئويلاپ قالدىم.

— ياق، ئاتا، — ئەزەلدىن ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن چىقماي كەلگەن ئىسمايىل بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلدى، — يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۆيلەنسەممۇ كېچىكمەيمەن، تىراكتورنى ساتمايلى. دېھقانچىلىق ئىشلىرىمىزغا تىراكتور بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوش ۋاقىتلىرىمىزدا باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ، يامان ئەمەس پۇل تېپىۋاتىمەنغۇ. ساتمايلى، ئاتا.

ئۆمەر خېلىل ئوغلىنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ تىراكتور بۇ ئائىلە ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت تىراكتورنىڭ ئىش ھەققىدىن كىرىۋاتقان ئىككى - تۆت تەڭگە پۇلمۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش غېمىگە خېلى يامان ئەمەس ئەسقېتىپ كېلىۋاتاتتى.

— باشقا ئامال بولسىغۇ...

— ماقۇل دەڭ، ئاتا، يەنە بىرنەچچە يىل قاراپ باقايلى. تۇر-مۇشىمىزمۇ يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىۋاتامدۇ.

ئۆمەر خېلىل ئۇن چىقارماي تۇرۇپ قالدى. بۇ پەقەت ھازىرلا ئۇنىڭ كاللىسىغا كېلىپ قالغان خىيال ئىدى. شۇڭا، ئوغلىنىڭ دېگىنىگە بەك كۈچەپمۇ قارشى تۇرۇپ كەتمىدى.

— ئىختىيارىڭ، بالام، ھازىرچە سەن دېگەندەك بولسىمۇ بولسۇن.

— ماقۇل، ئاتا.

شۇ ھامان ئىسمايىلنىڭ چىرايىنى خۇشاللىق ئالامەتلىرى قاپلىدى. ئۇ بايا ئۇنتۇپ قالغاندەك تىراكتورنىڭ ئۈستىنى سۈر-تۈشكە باشلىدى. ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك ھاياجانلىق ئىدى. ئاتىسى يېقىن دوستلىرى بىلەن ئويۇنىشىغا قوشۇلغان بالىدەك ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۆمەر خېلىل ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. قوشنىسى ئابدۇناسىر مۇئەللىمنىڭ ئىشىكى تاقالغىنىغا ھەپتىدىن ئېشىپ قالغانىدى. مۇئەللىم پېنسىيەگە چىققاندىن بېرى ئۆمەر خېلىلغا ياخشى بىر ئۈلپەت تېپىلغانىدى. مۇئەللىم نېمىلا بولسا ئوقۇغان، قىرىق نەچچە يىل مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، بىلىدىغىنىمۇ كۆپ بولغاچقا، گەپلىرى يېقىشلىق، ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئاچىدىغان يېڭى پىكىرلەر ئىدى. ئىلگىرى تاسادىپىي بولۇپ قالغان بىر - ئىككى ئېغىز پاراڭدىن باشقا، مۇئەللىمنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇلارغا ئېچىلىپ - يېيىلىپ مۇڭداشقۇدەك پۇرسەتمۇ كۆپ بولمايتتى. ئۇ ئاخىر پېنسىيەگە چىقتى. ئۆمەر خېلىل بىلەن ئەتە - ئاخشاملاردا ئوبدانلا مۇڭ قېتىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆمەر خېلىل بەزى كاللىسى يەتمەي چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى ئۇنىڭدىن سورايتتى. مۇ-ئەللىم خۇددى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلەۋاتقاندەك

ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلايتتى. مانا ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ تۇرۇپلا غايىب بولۇپ كەتكىنى ئۆمەر خېلىلىغا ئېغىر كەلدى. ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئىشىكىنى يوقلايتتى. ھەر قېتىم ئىشىكتىكى قۇلۇپنى كۆرگىنىدە كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئالىلىقانداق ئىشلارنى ئويلاپ مۇئەللىمدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى. بالىلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتتىمىكىن دېسە، ئەزەلدىن غورۇرى كۈچلۈك كەلگەن بۇ مۇئەللىم كېلىن، كۈيئوغۇللىرىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇشنى خالىمايتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئىشىكتىكى قۇلۇپقا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى.

— ئاتا!

تۇيۇقسىز چىققان ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان سۇلايماننى ۋە كېلىنى گۈلقىزنى كۆردى. سۇلايماننىڭ قۇچىقىدا ئوغلى مەردان پىلتىڭلاپ تۇراتتى. ئۆمەر خېلىلىنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىنى ئىللىقلىق قاپلىدى. ئۇ سۇلايماننى بەكلا سېغىنغانىدى. بۇ سېغىنىشقا قاسىمغا بولغان سېغىنىشمۇ قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئاتا ـ بالا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۆمەر خېلىل كېلىنىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، سۇلايماننىڭ قۇچىقىدىكى نەۋرىسىنى قولىغا ئالدى.

— ھوي ... ئوماق نەۋرەم. بىزدەك بوۋاڭ بىلەن موماڭنى سېغىندىڭمۇ؟

نەۋرىسى چوڭ دادىسىنى كۆرۈپلا گۇگۇرلاشقا باشلىدى. قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭ ساقىلىغا چاڭ سالدى. مونچاقتەك كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بەدىنىدىن ئوغۇز سۈتىنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۆمەر خېلىلنىڭ كۆزىگە بۇ ئوماق نەۋرىسى خۇددى قاقشال دەرەختىن چىققان يېڭى بىختەك سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەۋلادى، شۇنداقلا جەمەتىنىڭ داۋامى

ئىدى. ھاياتلىق دەرياسى گويا قۇرۇماس ئېقىندەك ئۆزىنىڭ كۈي ـ شاۋقۇنى بىلەن داۋاملاشماقتا ئىدى.

— ئاپام قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دېدى سۇلايمان ئاتىسىـ نىڭ خۇشاللىق ۋە مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ.

— ئاپاڭلار ياخشى، بالام. يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك. بىردەم بىـ كار تۇرماي مىدىرلاپلا يۈرىدۇغۇ. ھە، ئىككى قۇدامىلار ئوبدان تۇـ رۇۋاتامدۇ؟

— ئوبدان، دادا، ئۇلار سىلىگە سالام ئېيتتى، — دېدى گۈلقىز.

— سالامەت بولسۇن، ھەممىمىز سالامەت بولايلى.

— بىرەر يەرگە ماڭغانمىدىڭىز؟ — دېدى سۇلايمان ئاتىسىـ نىڭ بايىقى قاپاقلىرى سېلىنغان، بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك سولغۇن كۆرۈنگەن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

— ياق، بالام، — دېدى ئۆمەر خېلىل مۇئەللىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ قويۇپ، — ماۋۇ ئابدۇناسىر مۇئەللىم نەچچە كۈن ئاۋۋال پېنسىيەگە چىققانىكەن. ئوبدانلا بىرھال ـ مۇڭ بولۇشۇپ ئۆتۈۋاتاتتۇق، ھەپتىدىن ئاشتى ئىشىكى تاقاق. نەگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن.

— بالىلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندۇ.

— بىلمىدىم. بولدى يۈرۈڭلار، ئۆيگە كىرەيلى بالىلىرىم.

ئۇلار ئۆيگە قاراپ ماڭدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە تىراكـ تورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن ئىسمايىل چىقىپ كەلدى. ئۇ نېمىدىندۇر خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئاكىسىنى كۆرۈپ تىـ راكتورنى توختىتىپ پەسكە چۈشتى.

— ۋۇي، ئاكا، يەڭگە، قاچان كەلگەنىدىڭلار.

— ھازىر كېلىشىمىز. ئىشىك ئالدىدا ئاتام بىلەن ئۇچرىـ شىپ قېلىپ ...

ئىسمايىل مەردانىنى ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ بىر ـ

ئىككى ئەركىلىتىپ قويدى. ئالدىراش بولمىسا ئۇنى قويغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن شىغىلغا ماڭغاندىم، ئاكا.

— بولدى، مىڭمۇەرگىن. كەچتە پاراڭلىشايلى. مەن ئەمدى بازارغا بارمايمەن.

ئىسمايىلنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ۋە قىزىقىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئالامەت ئەكس ئېتىپراق يوقاپ كەتتى. ئارقىدىن يېقىملىق كۈلكە پەيدا بولدى.

— ماقۇل ئەمىسە، ئاكا. كەچتە كۆرۈشەيلى.

تىراكتور تاتاتلىغان بىر ئاۋاز بىلەن قويۇق ئىس چىقىرىپ ھويلىدىن ئايرىلدى.

— راستلا قايتىپ كەلدىڭما، بالام؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ.

— ھەئە، ئاتا. ئەمدى بارمايمەن.

— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل ئۇنى قېيىنئاتىسى بىلەن كېلىشەلمەي، بىرەر خاپىلىق بولۇپ قالغانمىدۇ دېگەنلەر كۆڭلىدىن كېچىپ.

— ياق، ھېچ ئىش يوق، ئاتا. شۇ ... سىزنى قىيىنلىپ قالدى دەپ ...

ئۇ ئوغلىنىڭ ئاقىرىپ، ئوبدانلا ئەت قونۇپ قالغان پارقىراق يۈزلىرىگە قارىغىنىچە جىمىپ كەتتى. قېيىنئاتىسىغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ، بىرەر تىجارەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ قالار دەپ ئۈمىد كۈتكەن ئۆمەر خېلىل ئوغلىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەماللىققا سەل كۆڭلى يېرىم بولدى. بىراق، چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمىدى. ئۆز ۋاقتىدا سۇلايمان بۇ ئىشنى ئاتىسىنىڭ سەمىگە سالغاندا، ئۆمەر خېلىل بەك چوڭ ئىشەنچ بىلەن ئوغلىنى قوللىغانىدى. بىرەر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بەل قويۇۋېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. تىجارەت قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس، ھەممە ئىشنىڭ يولى

بولغىنىدەك، ئۇنىڭمۇ ئېپى ـ جېپىنى بىلەلمەي قارىسىغا ئىش تۇتسا، بىرمۇنچە پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ، كۆڭۈلنى ئاچچىق قىلىدىغان پۇشايمان بىلەن قايتىدىغان گەپ. بولمىسا ھەممىلا ئادەم تىجارەت قىلىپ باي بولۇپ تىقىلىپ كەتمەمدۇ؟!

— بوپتۇ، — دېدى ئۆمەر خېلىل ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىلارسەن.

— مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار، ئاتا، — دېدى سۇلايمان ئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، — ئەمدى بۇ ـ رۇنقىدەك يەرگىلا قاراپ ئۆتمەيمەن.

— ماقۇل.

ئۇلار ھويلىغا كىردى. دەل شۇ چاغدا رابىخانمۇ بىر قۇچاق ئوتنى كۆتۈرۈپ باغ ئىشىكىدىن چىقىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

## 1

ئابدۇناسىر مۇئەللىم ساياھەتتىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا ئۆمەر خېلىل بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن سەپەر ھاردۇقى تارتقان ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى. كۆزلىرى يالتىراپ، يۈزلىرى پارقىراپ تۇراتتى. سەل ياشىرىپ قالغاندەكمۇ بىلىنەتتى.

— ھوي مۇئەللىم، نەگە يوقاپ كەتتىڭلە؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل كۆلكىدىن ئېغىزىنى يۇمالماي. شۇنچە يىل قوشنا بولۇپ ئۆتۈپمۇ ئانچە ئىزدىشىپ كەتمىگەن بۇ ئادەم، نېمىشقىكىن، بۇ قېتىم ئۆمەر خېلىلنىڭ كۆزىدىن ئۇچۇپلا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

مۇئەللىممۇ كۆزلىرىدىن قۇياشتەك نۇر تۆككىنىچە ئۆمەر خېلىلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككى قوشنا خۇددى ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈشەلمىگەن ئاغىنىلەردەك بىر خىل تەشنالىق، زارىقىش ئىچىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۇئەللىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قوشنام. سالامەت تۇردىلىمۇ؟

— سالامەتچىلىك. ئۆزلىرىمۇ سالامەت ئىكەنلا؟ ... ھە، نەلەرنى ئايلىنىپ كەلدىلە، مۇئەللىم؟

مۇئەللىمنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇلىرى تېشىغا تېپىپ، يۈزلىرى قىزارغان، كۆزلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ئوغلۇم غەيرەتجان ئەر - ئايال ئىككىمىزنى بىر ساياھەت ئۆمىكىگە تىزىملىتىپ قويۇپتىكەن، شۇلار بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئايلىنىپ كەلدۇق.

— قالتىس ئىش بوپتۇ، مۇئەللىم. قىرغاندا بىر جاھان كۆرۈۋاپلا ـ دە؟

— شۇنى دېمەملا. ياش ۋاقتىلىرىم ئائىلە، خىزمەت دەپ ئۆ-تۈپ كېتىپتىكەن. بۇ قېتىم جاھان كۆرۈپ، دۇنيانى قايتا تونۇ-غاندەك بولدۇم. بۇرۇن خەۋەردە ئاڭلىغانلىرىمىز بويىچىلا چۈشە-نىپ كەلگەنىكەنمىز.

— ئۇ تەرەپلەر بەك قالتىسمىكەن، مۇئەللىم؟

— ئۇنى بىر دېمىسىلە. ئۇ يەردىكى تەرەققىياتلارغا قاراپ ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. بىز ئىشلىتىۋاتقان بەزى ئائىلە ئېلېك-تىر سايمانلىرى ۋە باشقا بۇيۇملار كەنت، مەھەللىلەرنىڭ زاۋۇت-لىرىدا ياسىلىپ چىقىدىكەن.

— ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ. كەنت، مەھەللىلەرنىڭمۇ زاۋۇتى بار ئىكەن دېسىلە، مۇئەللىم؟!

— شۇنداق، راستىلا شۇنداق ئىكەن.

— توۋا، بىز يەر تاتىلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ...

ئۆمەر خېلىل شۇنى دەپلا گېپىدىن توختىۋالدى. بۇنداق دې-سە ئۇ ئۆز كەسپىدىن زارلاۋاتقاندەك تەسىر بېرىپ قويىدىغانلى-قىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى. ئۇ دېھقانچىلىقنى مۇقەددەس ئىش دەپ قارايتتى، ئەتىيازدا تېرىغان ئۇرۇقلىرى ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىغاندا، تەبىئەت يېشىللىققا پۈركەنگەندە ئۆزىنىمۇ تەبىئەت بىلەن تەڭ ياشىرىۋاتقاندەك سېزەتتى. روھى باراقسان كۆكلەپ كېتەتتى. تۇرمۇش بېسىمى ۋە غەم ـ قايغۇلىرىغا كۆكلەملەردىن تەسەللى تاپاتتى. ئۇ ئاغزىدىن بىرەر غاپىل سۆز چىقىپ كەتكەن-دەك، بىرھازا ئىچىنى ئىڭشاپ تۇرۇپ كەتتى.

— ھە، قوشنام، جىمىپ كەتلىڭغۇ؟ — دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سالغاچ، — نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭلە؟

ئۆمەر خېلىل ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى.

— ھېچ ... ھېچنېمىنى، مۇئەللىم. شۇ ... گەپلىرىنى

ئاڭلاپ سەل ھەيران قالدىم.

ئابدۇناسىر مۇئەللىم خۇش بولۇپ ھىجىيىشىۋىدى، كۆمۈش قاپلانغان چىشلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ سەپەر ھاياجانلىرى قوزغىلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن پەخىرلىنىپ كېتىۋاتات-تى. دېمىسىمۇ كۆرگەنلىرى مەملىكەتنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قال-دۇرغانىدى.

— ئادەم جاھان كۆرمىسە بولمايدىكەن، — دېدى مۇئەللىم بىردىنلا ئاۋازىنى سەل پەسلىتىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلاپ. ئارقىدىن ھاياجىنى تۇتۇپ ئاۋازى يەنە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — تاغ باغرىدا تېرەك تىكىشنىمۇ بەك كۆكلەيدۇ دېسە، ئۇ تاغ بىلەن بوي تالاشقۇدەك. شۇڭا، باشقا يەردىكى تېرەكلەر بىلەن تاغ باغرىدا كۆكلىگەن تېرەكنىڭ بوي پەرقى خېلىلا گەۋدىلىك. جاھان كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىق، تەرەققىياتلىرىدىن ئۆگەنسەك تېخىمۇ ئالغا باسقىلى بولىدۇ. بېشىمىزنى چۆكۈرۈپ ئۆز ئىشىمىز بىلەنلا بولۇپ كەتسەك، خەق نېمە كويدا، بىز نېمە كويدا، بىلمەيمىز. نەتىجىدە ئارقىدا قالىمىز.

ئۆمەر خېلىل ئابدۇناسىر مۇئەللىمنىڭ خۇددى باللارغا دەرس سۆزلەۋاتقاندەك، قوللىرىنى ھەر خىل ئىپادىدە ھەرىكەت-لەندۈرۈپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن گەپ قىلىۋاتقان ھالىتىگە قايىللىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ما-قۇللۇق بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى.

مۇئەللىم گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بۇرۇن قورساق غېمىدىن ئېشىنالمايتتۇق. باشقا ئىشلار-نى ئويلاشقىمۇ قۇربىمىز يەتمەيتتى. ياخشى بىر تويغان كۈنىمىز كاتتا بايلىققا ئېرىشكەن بىلەن باراۋەر ئىدى. ھازىر جاھان ئوخ-شىمايدۇ. خۇددى «... تاز كاللىدا مىڭ خىيال» دېگەندەك، تۈر - لۈك - تۈمەن خىيال، ئارزۇ - ئىستەكلەر بىلەن ياشىمىساق

بولمايدىغان بىر دەۋرگە قەدەم قويدۇق. تەرەققىي قىلىپ، ئەۋلاد-لىرىمىز ئۈچۈن گۈزەل كەلگۈسى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.
مۇئەللىم سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى. ھاياجانلانغانسېرى سۆزلىرى دەبدەبىلىك چىقاتتى. بارا ــ بارا سۆزلىرى دەرس تۈ-سىنى ئېلىۋاتاتتى.
ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ ھاياجانلىق تۇرقىغا قارىغىنىچە كۆز-لىرىنى چىمچىقلىتاتتى. ئۇستىبېشى دېھقاندىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان، ھال ـ مۇڭ بولۇشقاندىمۇ دېھقانلاردەك ئاددىي سۆز ـ ئىباربلەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان بۇ مۇئەللىمنىڭ تۇرۇپلا بۇنداق سۆزلەپ كېتىشى، ئۇنى ھەيران قالدۇرمايمۇ قالمىغاندى. ئۆزد-نى بىرەر يىغىنغا قاتنىشىۋاتقاندەكمۇ ھېس قىلىپ قېلىۋاتاتتى. مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى گاھ چۈشىنىپ، گاھ چۈشەنمەيتتى. ئەمما، مۇئەللىم بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك، ئالدىدىكى مۇنۇ «ئوقۇغۇچىسى»غا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن دەرس سۆزلەۋاتاتتى.
مۇئەللىم سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ئاخىر ھاردى بولغاي، گېپىنى توختىتىپ، ئۆمەر خېلىلغا قارىدى.
ـــ ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىلە، مۇئەللىم، ـــ دېدى ئۆمەر خېلىل، بۇ سۆھبەتداشلىقنىڭ ئاددىي قائىدىسى ئىدى. بىر ئادەم گەپ قىلىۋاتسا بۆلەتتەك ئولتۇرۇشمۇ ياخشى ئەمەس.
مۇئەللىم چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى.
ـــ سىلىنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممىكىن دەپ ...
ـــ ياقەي، بەك بەلەن گەپ قىلىپ بەردىلە، مۇئەللىم. مەن-دىمۇ جىق خىياللار پەيدا بولدى.
ـــ ھە ... ھە ... نېمىلەرنى ئويلىدىلا قوشنام؟ قېنى بىر دەپ باقسىلا؟
ـــ بۇ ... مۇئەللىم ...
ئۆمەر خېلىل دۇدۇقلاپ قالدى. خۇددى مۇئەللىم سورىغان دەرسكە جاۋاب بېرەلمىگەن ناچار ئوقۇغۇچىدەك تىرنىقىنى تاتى-

لىغىنىچە قىزىرىپ تۇرۇپ كەتتى. ئوي ئويلىمايدىغان ئادەم بولـ-مايدۇ. مۇئەللىم سۆزلەۋاتقاندا ئۇمۇ ھەقىقەتەن نۇرغۇن نەرسىـ-لەرنى ئويلىغانىدى، بىراق ھازىر كاللىسىغا ھېچنېمە كەلمىدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى بىردەمدە ئۇنتۇپ قالغانىدى. «مانا بۇ مەكتەپـ-تە ئوقۇمىغانلىقىنىڭ زىيىنى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۆمەر خېلىل.

— ھېچقىسى يوق، قوشنام، — دېدى مۇئەللىم كۈلۈپ، — ئادەم گاھىدا ئويلىغانلىرىنى ئېغىزىدا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋالمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

— قارا قورساق ئادەم دېگەن شۇ ...

— ئۇنداق دېمىسىلە، سىلى ـ بىز چوڭ بولغان زاماندا ھەممىلا ئادەمنىڭ ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئەمدى بالىلارنى ياخشىراق ئوقۇتساق، دەۋرگە ماسلاشقۇدەك تەربىيەلىسەك، قالغان پۇرسەت دېگەن شۇ.

مۇئەللىمنىڭ بۇ گېپى ئۆمەر خېلىلنىڭ يۈرەك يارىسىنى يەنە قوزغاپ قويدى. ئۇ بىرمۇ بالىسىنى چوڭراق مەكتەپلەرگىچە ئوقۇتالمىغانىدى. ھازىر ئۇ سەۋەنلىكنى ئۆزىدىن ياكى بالىلىرىـ-دىن كۆرۈشنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت ئاچچىق بىر پۇشايمان يۈرىـ-كىنى ئۆرتەيتتى. ئاخىر بېرىپ يەنىلا ئۆزىنى گۇناھكار ھېـ-سابلايتتى. بىر ھېكمەتتە: «ئاتا مالچىغا ئوخشايدۇ، مالچى مالنىـ-رىنىڭ ئۇستىدىن ھېسابىنى بەرگەندەك، ئاتىمۇ بالىلىرى ئۈچۈن ھېساب بېرىدۇ» دېيىلگىنىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنداق بولۇپ قالسا بالىلىرىنىڭ خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئۆمەر خېلىل ھېساب بېرىشى كېرەك. ھەتتا قاسىمنىڭ تۈرمىگە كىرىپ كېتىشىدىمۇ ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، دېگەن گەپ. بالىنى ياخشى تەربىيەلىمىـ-گەن، ياخشى باشقۇرالمىغان ئاتا لاياقەتلىك ئاتا ئەمەس.

ئۆمەر خېلىلنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇسـ-

تىگە ئېلىشقا رازى ئىدى. ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىشقىمۇ رازى ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بۇ جازانى تارتىۋاتاتتى. توگىمەس غەم ـ قايغۇلارنىڭ قايسىبىرى شۇ جازادىن كەم قالسۇن؟!

مۇئەللىم ئۆمەر خېلىلىنىڭ بىردىنلا جىمىپ، كۆزلىرىدە مۇڭ ۋە ئاللىقانداق ئازابنىڭ شولىلىرى ئەلەڭلەپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى. ئۆزىنىڭ قايسى گەپنى خاتا قىلغانلىقىنى بىلەلمەي سەل بىئارام بولدى. بىر ئوبدان كېتىۋاتقان سۆھبەتنىڭ تۇرۇپلا بۇنداق كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىچىگە پېتىپ قېلىشى ئۇنى تەئەججۇپكە سالغانىدى.

ـــ نېمە بولدىلا قوشنام؟ بىرەر ئىش كۆڭۈللىرىگە تەگدىمۇ؟

ئۆمەر خېلىل ئېغىر بىر كەيپىيات ئىچىدە ئۇھ تارتىپ قويدى.

ـــ باشقا ئىشقۇ يوق، باللارنىڭ ئەھۋالى ...

مۇئەللىم شۇندىلا بۇ قوشنىسىنىڭ نېمىگە شۇنچە شۈكلەپ كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئەمما، قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى. مۇئەللىم قىرىق نەچچە يىل جەريانىدا نۇرغۇن باللارنى تەربىيەلەپ چىقتى. بەزىلىرى ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆيىگە قايتىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەينىدىن كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ دېھقان بولۇپ كەتتى. يەنە بەزىلىرى تىرىشىپ ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. كادىر بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەيدىغان ئادەمگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن يەنە چەت ئەلدە ئوقۇپ دوكتور بولغانلار، چوڭ ـ چوڭ ھوقۇق تۇتۇپ ئەمەلدار بولغانلارمۇ چىقتى. ئۇنى ھەقىقەتەن پېشقەدەم، تەجرىبىسى مول ئوقۇتقۇچى دېيىشكە بولاتتى. بىراق، مۇئەللىم گاھىدا بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ قويۇشنىڭ نەچچە سائەتلەپ دەرس سۆزلىگەندىنمۇ مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەك تولىمۇ تەس،

كۆڭلىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭدىنمۇ تەس. بەزىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى تولا سۆزلەيدۇ دەپ مازاق قىلىشىدۇ. شۇغىنىسى ئاشۇ كۆپ گەپ قىلىدىغان، سۆزلەشكە ئېرىنمەيدىغان ئوقۇتقۇچى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دەرس قانچىكى ئەتراپلىق، مۇلاھىزىلىك چۈشەندۈرۈلسە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىدە ئاسان قالىدۇ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئاچىدۇ. كىتابتىكى تەييار نەزەرىيە بىلەن ئۇلارنىڭ چاڭقىغان قەلبىنى قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھازىر مەكتەپتىكىگە ئوخشاش ھېسسىيات بىلەن ئۆمەر خېلىلغا بىرمۇنچە ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى، ئەتتىگىنەي، تۈزۈك مەكتەپ قارىسى كۆرمىگەن بۇ ئادەم مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىنى قانچىلىك ھەزىم قىلالىدى، بىلىپ بولمايدۇ ياكى مۇئەللىمنىڭ تولا گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ كەتتىمۇ، نامەلۇم.

مۇئەللىم ئۆز تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى خىيالغا غەرق بولۇپ كەتكەندە، ئۆمەر خېلىلنىڭ ئېسىگە ئېتىزدىكى بۇغداي مايسىلىرى كەلدى. ھازىر بۇغداي غوللىرىدا مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك ئىنچىكە، يۇمران باشاقلار بىخ سۈرۈپ چىقىشقا باشلىغانىدى. كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىقتا بۇغداي مايسىلىرى دېڭىزدەك يېشىل دولقۇن بولۇپ چايقىلاتتى. ھاياتلىق ئۆركىشىدەك كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېتىزغا بارغۇسى كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئويلاندۇرۇش بىلەن بىللە، نۇرغۇن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سوئاللار دۆۋىسىگە كۆمۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسى بۇنچە جىق ئىشلارنى ئويلاپ يېتىشكە چىدىمايتتى. ھەممە ئادەم ئۆز كەسپىنى ياخشى چۈشىنىدۇ، ئۆز كەسپىدىن ئىپتىخارلىنىدۇ، ھوزۇرلىنىدۇ. ئۇ مىڭ ئاڭلىسىمۇ مۇئەللىم بىلەن تەڭ بولالمايدۇ. مۇئەللىمدەك جاھان كۆرۈشكىمۇ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. پەقەت ئۆيىدىن چىقىپ ئېتىزلارنى ئايلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ زىرائەتلىرى بىلەن، ئېرىقتىكى زىلال سۇلىرى بىلەن، تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامالىرى بىلەن

مۇڭدىشىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ جاھان ھېسابلىنىدۇ.

ئۆمەر خېلىل بايىقى چېچىلاڭغۇ خىياللاردىن قۇتۇلۇپ، بىردىنلا روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. چىرايىمۇ ئاستا - ئاستا ئېچىلدى.

— رەھمەت، مۇئەللىم، — دېدى ئۇ چىگىچلىشىپ كەتكەن ساقاللىرىنى تۈزەشتۈرگەچ، — ئۇبدان پاراڭلاشتۇق، ئەمدى بىز - نىڭ ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشەيلى.

— بولدى قايتاي، قوشنام. گەپكە تۇتۇپ جىق ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ كەتتىم. سىلىمۇ ئىشلىرىدىن قالمىسىلا.

— مۇشۇنىڭ ئۆزى غەنىيمەت، مۇئەللىم. ئەتە كىم بار، كىم يوق، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت. ئىش دېگەن ئۆلمىگۈچە تۈگىمەيدۇ.

— بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك بولسۇن، يەنە پاراڭلىشارمىز.

ئۇلار بىردەم تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن ئايرىلىشتى. مۇئەللىمنىڭ خىيالىنى يەنە ساياھەت قىلغان ئۆلكىلەردىكى تە - رەققىيات، يېڭىلىقلار تارتىپ كەتتى. ئۇ ئىككىنچى قايتىلانماي - دىغان ئاشۇ قىممەتلىك ساياھەت پۇرسىتىنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەشكە باشلىدى. ئۆيگىمۇ قايتقۇسى كەلمىدى. تېخى ئۆمەر خېلىلغا ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن يېڭى بىر ئىشتىياق، خام - خىيالى ئىچىدە مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردە چوڭ بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. قىرغاقلاردا بۈك - باراقسان سۆگەتلەر ئۆسۈپ كەتكەن، مەجنۇنتاللىرى سۇغا چېلىشىپ تۇ - راتتى. ھاۋاسى سالقىن، خىيال سۈرۈشكە قولايلىق ئىدى.

## 2

ئابدۇناسىر مۇئەللىمنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كۆرگەنلىرى توغرىسىدىكى يېڭى خەۋەر بىر مەزگىل مەھەللىدىكىلەرنىڭ قىد - زىقىشىنى قوزغىغان بولسىمۇ، تېزلا كونا پاراڭغا ئايلىنىپ قال -

ـدى. هازىر ھەممە ئائىلىلەردە تېلېۋىزور بولغاچقا، كىشىلەر ئەتـ ـراپىدىكى يېڭى خەۋەرلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بىلىپ تۇراتتى. ھەتتا چەت ئەللەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەر - دار ئىدى. شۇڭا، مۇئەللىمنىڭ تەسىراتلىرىغىمۇ ئانچە ئېتىبار بېرىپ ئولتۇرمايتتى. بىراق، مۇئەللىم ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولغاچقا، ئۇنداق ئاسان ئېسىدـ ـدىن چىقىپ كەتمەيتتى ھەم ئويلىنىشلىرىمۇ ئاسانلىقچە سۇسلاپ قالمايتتى.

مۇئەللىمنىڭ بۇ ئىشتىياقىغا تۈنجى بولۇپ سۇلايمان ئىشـ ـتىراك قىلغانىدى.

— بىزمۇ شۇلاردەك ھەمكارلىشىپ زاۋۇت، كارخانا قۇرساق بولىدۇ، — دېگەنىدى مۇئەللىم ئىچكىرىدىكى تەرەققىياتلار تـوغـ ـرىسىدا سۆزلەۋېتىپ بىر كۈنى، — ھازىر شىمالدىكى ۋىلايەتلەر - دە زاۋۇت قۇرغۇچىلار بىرقەدەر كۆپ، ئۇلار كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. بىزدىكى نۇرغۇن خام ئەشيانى شۇلار يۆتكەپ ئاپىرىپ، مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ بازارغا چىقىرىدۇ - دە، قايتۇرۇپ بىزگە ساتىدۇ.

— سىلىچە، — دېدى سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ، — بۇ يەرگە قانداق زاۋۇت قۇرسا ماس كېلىدۇ؟

— قانداقلا بولسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، خام ئەشيانىڭ ھەمـ ـمىسى يۇرتىمىزدىن تېپىلىدۇ. پەقەت يېتەرلىك مەبلەغ ھەل بولسىلا ...

— زاۋۇت قۇرۇشقا قانچىلىك مەبلەغ كېتەر، مۇئەللىم؟

— نەچچە يۈزمىڭ، نەچچە مىليون كېتىشى مۇمكىن.

قۇلىقىغا مەھەللە ئاسمىنىدىنمۇ چوڭ ئاڭلانغان بۇ سانلار سۇلايماننىڭ كاللىسىنى قايدۇرۇۋەتتى. قايناۋاتقان قانلىرىمۇ لاسسىدە سوۋۇپ قالدى.

— مەبلەغ ئاز كېتىدىغان ئىشلارمۇ بار.

مۇئەللىم ئۇنى روھلاندۇرماقچى بولغاندەك قوشۇپ قويدى.
— ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغان بىرەر پىلانلىرى بارمۇ، مۇئەل-لىم؟
مۇئەللىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى. سۇلايماننىڭ قىزىقىشى ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ قويغانىدى.
— پىلانىغۇ بار، بىراق ...
— دېسىلە، مۇئەللىم.
— قىزىقىۋاتامسىز؟
— ھەئە.
— چوكا زاۋۇتى قۇرساق بولىدۇ.
— چوكا؟ بىز تاماق يەيدىغانما؟
— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ، بىراق ئاساسلىقى ئاشخانىلاردا ئىشلىتىدۇ. بىر قېتىملا ئىشلىتىدىغان ئاق چوكىلارنى كۆرگەن بولغىيدىڭىز؟
— ھەئە، كۆرگەن.
— بىزدە ياغاچتىن تولا نەرسە يوق. خام ئەشيادىن قىينال-مايمىز. ئاشخانىلارمۇ بىز ئۈچۈن چوڭ بازارغا ئايلىنىدۇ. مەن ئىچكىرىدە شۇنداق بىر زاۋۇتنى كۆردۈم. ئۆزى ئاددىي، مەشغۇلات قىلىش ئاسان ئىكەن. باھاسى 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا دەيدۇ. لېكىن، مەھسۇلاتىنىڭ سودىسى ياخشى ئىكەن. ئوتتۇزدەك ئادەم توختىماي ئىشلىسىمۇ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىكەن.
— ئەجەب ئوبدان ئويلاپلا، مۇئەللىم.
— بىراق، بۇ گېپىم مەھەللىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا خۇش-ياقمىدى. مېنىڭغۇ ھەر ئايدا چىقىدىغان مائاشىم بار، ئەر - خو-تۇن ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشتىن غېمىمىز يوق. پەقەت مەھەللى-دىكىلەر ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرەي دەپلا ئويلىغانىدىم.
— ئۇلاردىن رەنجىمىسىلە.
— رەنجىمىدىم، ئۇلار بىر خىل تۇرمۇش يولىغا كۆنۈپ قال-

غان. باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىسمۇ، يېڭىچە يوللار بىلەن مېڭىشـ
تىن قورقىدۇ.
— بىلدىم، بەكرەك چۈشەندۈرۈپ باقسىلا، سىلى دېگەن مە-
ھەللىمىزدىن چىققان مۇئەللىم، بىلىدىغانلىرى كۆپ، ئۇلارنى
توغرا يولغا باشلىيالايلا.
— رەھمەت، ئۇكام، سىز بولسىڭىزمۇ چۈشەندىڭىز. ئاتـ
ڭىزمۇ بىر ئىشنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەم، نەقلا ئۇنى دو-
راپسىز.
سۇلايمان خۇش بولۇپ كۈلدى.
— مەھەللىمىزدە بىرەر يېڭى ئىشنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىـ
لىمەن. بىر ئۆمۈر ئىتىزدا باش چۆكۈرۈپلا ئىشلەپ ئۆتۈپ كەتـ
سەكمۇ بولماس. ئىزدەنمىسەك ئەسلا تەرەققىي قىلالمايمىز. بىز-
دىمۇ باشقىلاردەك كاللا، ئەقىل بارغۇ؟
— توغرا، توغرا، دېگەنلىرىڭىز بەك ئورۇنلۇق بولدى، ئۇ-
كام.
ھاياجاندا تازا قىزىپ سۆزلەۋاتقان سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ
ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.
— ئالدىلىرىدا ئاتمكارچىلىق قىلىپ قويدۇم، مۇئەللىم.
— ياقەي، بەك ياخشى سۆزلىدىڭىز. ياشلار دېگەن شۇنداق
جۇرئەتلىك، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي بولۇشى كېرەك.
— مەن سىلىگە ئەگىشىمەن، — دېدى سۇلايمان تېخىمۇ
روھلىنىپ، ۋەدە بېرىۋاتقاندەك بىر خىل تەرزدە، — ئەگەر بۇ
ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا مەھەللىدىكىلەر چوقۇم خۇش بولىـ
دۇ.
— گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئىرادەم تېخىمۇ كۈچەيدى.
— ئىشنى قاچان باشلاي دەيدىلا، مۇئەللىم؟
— ئاۋۋال جامائەتنى قايىل قىلايلى. ئاندىن ئۇلارنى پاي
توپلاشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش زۆرۈر. مەبلەغ ھەل بولمىسا ھېچ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشنى يۈرۈشتۈرگىلى بولمايدۇ.
— بىلدىم، مۇئەللىم.

### 3

سۇلايمان ئابدۇناسىر مۇئەللىم بىلەن دېيىشكەن ئەھۋاللارنى ئاتىسىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— مۇئەللىم شۇنداق ئويغا كەپتۇمۇ؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل.

— ھەئە، مەنچىمۇ بۇ ياخشى ئىش.

— ياخشىلىقىغۇ ياخشىدەك تۇرىدۇ، لېكىن مەھەللىدىكىلەر قانداق قارايدۇ، بۇنىسى نامەلۇم ـ دە.

— ھازىر مۇئەللىم ئۇلارغا چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ، — سۇلايمان ئاتىسىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ئۆمەر خېلىل چېكىسىنى تۇتۇپ خىيالغا پاتقاندى، — ئاتا ... بىزمۇ ئازراق پۇل غەملىسەك بولاتتى.

ئۆمەر خېلىل بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇلايمانغا لاپپىدە قاراپ قويدى. ئەمما، چىرايىدا خاپىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ كاللىسى تۈرلۈك ـ تۈمەن خىياللار ئىسكەنجىسىدە گاراڭشىپ كەتكەندى.

— مەنمۇ قانداق قىلىشىمىزنى بىلمەيۋاتىمەن. كالا ـ قويلارنى ساتساقمۇ ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدۇ. بىر تەرەپتىن ئىسمايىلنى ئۆيلەشنىڭ غېمى بېشىمنى قاتۇرۇۋاتىدۇ.

سۇلايمان جىم بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ مەھەللىدە ئىسمايىل بىلەن تەڭ ئوغۇللار ئۆيلىنىپ، بىر ـ ئىككىدىن بالىلىق بولۇپ كەتكەندى. ئەسلىدە ئۇ قېيىنئاتىسىغا ياردەملىشىپ ئاز ـ تولا پۇل جۇغلىيالىسا، شۇ پۇل ئارقىلىق ئىنىسىنىڭ تويىغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتمەكچى بولغانىد.

دى. ئەپسۇسكى، بۇ خىيالى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. ئۇ بازارغا مېڭىش ئالدىدىكى ئاتىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئويلىسا، خىجىل-لىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى. چۈنكى، ئاتىسى ئۇنىڭغا بەك چوڭ ئۈمىد باغلىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆمەر خېلىل سۇلايمانغا بەك ئىشىنەتتى. ئەمما، مۇئەللىمنىڭ ئىشلىرىنى قول-لىمىسىمۇ بولمايتتى. مۇئەللىم مەھەللىدىكىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان يەردە، باشقىلار جىم تۇرۇۋالسا قاملاش-مايدۇ ـ دە. ئەگەر راستىلا زاۋۇت قۇرۇلۇپ قالسا بىكار يۈرگەن ياشلارغىمۇ ئىش چىقاتتى. بالىلارنىڭ يامان يولغا مېڭىپ قېلى-شىدا ئاساسەن شۇ بىكارچىلىقمۇ مۇھىم رول ئويناپ قېلىۋاتاتتى.

— ئاتا، — دېدى سۇلايمان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — مۇئەللىمنى چوقۇم قوللىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز يېقىن قوشنا. مۇئەللىمنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەھەل-لىمىز ئۈچۈن.

— بۇنى بىلىمەن، بالام. شۇ ... ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولسا بولاتتى.

— بەك بولمىسا، بانكىدىن قەرز ئالارمىز.

ئۆمەر خېلىل ئوغلىنىڭ سۆزلىرىگە ئىپادە بىلدۈرمىدى. بىراق، كۆڭلىدە كۈچلۈك بىر زىددىيەت توقۇنۇشى پەيدا بولدى. ئۇ خېلى ـ خېلى ئىشلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆتكەن ئادەم بول-سىمۇ، قەرز ئىگىلىرىنىڭ قاتتىق ـ قۇرۇق گېپىنى كۆتۈرەل-مەيتتى. قەرزدارلىق — باشقىلار ئالدىدا تىل قىسىنچىلىق، بوي-نى ئېگىك، بېلى پۈكۈك، يۈزى چۈرۈك بولىدىغان بىر ئىش ئىد-دى. پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا بانكىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمايت-تى. يېنىكرەك بولسا زەھەردەك گەپلەرنى ئاڭلايدىغان، ئېغىر بولسا ماشىنىغا سولىنىپ جىنايەتچىدەك ساقچىخانىغا ئاپىرىلى-دىغان گەپ. ئۆمەر خېلىل بۇ ئىشلارنى بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆت-كۈزۈپ باقمىغان بولسىمۇ، مەھەللىدە نەچچە ئادەمنىڭ شۇنداق

كۇنلەرگە قالغانلىقىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى سۇنغان، بىدەمالاللىق، بىئامالللىق چىقىپ تۇرغان بىچارە ھالىتىدىن يۈرىكى سىقىلغانىدى. ئالدىنقى قېتىم تىراكتور ئېلىش ئۈچۈن بانكىدىن قەرز ئالغاندىمۇ ئوغۇللىرىنىڭ رايىغا ئىلاجسىز بويسۇنغانىدى. ھېلىمۇ تەلىيىگە شۇ يىللىرى دېھقانچىلىق ياخشى ھوسۇل بەردى. ئوغۇللىرىمۇ كۆپ تىرىشتى. نەتىجىدە بانكىنىڭ ھەيدىكىگە چۈشمەيلا قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ قەرزنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا يۈرىكى سىرقىرايتتى، ئېنىقراق ئېيتقاندا قەرزدارلىقتىن قورقاتتى. ئاز يېسىمۇ، كونا كىيسىمۇ ئازادە ياشاشنى، تىنچ كۈن كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ كۆرگەن ئاچچىق - تاتلىق كۈنلەر ئۇنى «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈك تىنچ» دېگەن بىر ئەقىدىگە يېتەكلىگەنىدى. شۇغىنىسى بۇ ھايات ۋە تۇرمۇش ئىنساننىڭ خاھىشى بويىچە بولمايدىكەن. ئۇنىڭغا ئۇنداق خاتىرجەملىك، تىنچلىق كۆپ نېسىپ بولمىدى. ھەر خىل كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان ئازابلىق ئىشلار ماڭدامدا بىر ئۇنى پارىكەندە قىلىپ تۇردى. ئۇ شۇنچە ئويلاپمۇ نېمە ئۈچۈن ھاياتنىڭ خۇشاللىقىدىن غەم - قايغۇسىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

— ئەگەر ئىش ئوڭۇشلۇق بولماي قالسا، بانكىغا باغلىنىپ قالىمىز، — دېدى ئۆمەر خېلىل كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى يوشۇرماي، — پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىساق، نېمە كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىمىزنى سەن بىلمەيسەن، بالام.

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، مۇئەللىم بىلىملىك ئادەم، جىق ئىش كۆرگەن. چوقۇم ياخشى قىلالايدۇ.

ئۆمەر خېلىل بېشىنى چايقىدى.

— مۇئەللىمگە ئىشەنمىگىنىم ئەمەس، بالا ئوقۇتۇش بىلەن سودا قىلىش باشقا - باشقا گەپ. زاۋۇت قۇرۇشمۇ شۇ سودىغۇ؟!

— ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلايلى، ئاتا.

— كۇندۇزنىڭ كېچىسى بولغاندەك، ياخشى ئىشىنىڭمۇ ئويلىمىغان يامان تەرىپى بولۇپ قالىدۇ.

— كۆز قورقۇتۇپ ئولتۇرسا ھېچ ئىشنى باشقا ئاچقىلى بولمايدۇ.

— بۇ يالغۇز مۇئەللىم بىلەن سېنىڭلا ئىشىڭ ئەمەس. پۈتۈن مەھەللىگە چېتىلىدۇ.

— توغرا، ئاتا. بىز قوشۇلمىساقمۇ باشقىلار قىلىۋېرىشى مۇمكىن. ھازىر سودىغا قىزىقىدىغانلار كۆپ.

— ئىرادەڭ بەك چىڭ ئوخشىمامدۇ، بالام؟

— ھەئە، ئاتا. ھامان بىر ئىش قىلىش كېرەكقۇ؟

— بوپتۇ، — دېدى ئۆمەر خېلىل ئاخىر ئوغلىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، — تەۋەككۈل قىلىپ باقاي دېسەڭ ئىختىيارىڭ. بىراق، ئىسمايىلنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالما، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بالام. قاسىم ... قاسىممۇ چوڭ بولۇپ قالدى. تۇرمىدىن چىقسا ...

سۇلايمان ئاتىسىنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ قالدى. قاسىم يادىغا يېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغانىدى. بىر ئادەم بەش بارمىقىنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرگەندەك، بىر ئاتا بولغۇچىمۇ ھەممە باللىرىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرەتتى. گەرچە ئۇ شۇنداق ئەسكى بولسىمۇ. سۇلايماننىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. قاسىم ئۇنىڭ قېرىندىشى، خۇددى بىر غولدىن چىققان شاخلاردەك، بىر قولدىن چىققان بارماقلاردەك، بىر ئېدىشنىڭ سۈيىدەك. «يامانىنىڭ ئوتى يامان» دەپ، ئۇنىڭ ئىچ كۆيۈكى ئادەمنىڭ سىغىنچىنى قوزغايتتى. يامان ئىشلىرى چاپاننىڭ كىرىدەك ياكى كىيىمگە قونغان چاڭ ـ توزاندەك بىلىنەتتى. يۇيۇۋەتسىلا چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئائىلىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن قىلمىشلىرى ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭغا بولغان نەپرەتلىر سۇسلاپ كەتكەنىدى. ئاقىللار

توغرا دەيدۇ: «ۋاقىت نېمىنى ئۇنتۇلدۇرمىغان».

— ئاتا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ھەممە ئىش ئوڭۈشلۈپ كېتىدۇ، — دېدى سۇلايمان ئاتىسىغا تەسەللى بېرىپ. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى جىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

ئۆمەر خېلىل ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— مەن قېرىدىم، بالام. تۆت كۇنلۇكۇم قالدى. سەنمۇ ئاتا بولدۇڭ، ئۆزۈڭ خالىغان ئىشلارنى قىلىدىغان قەرەلگىمۇ يەتتىڭ. پەقەت ... پەقەت ئىنىلىرىڭغا ياخشى قاراپ، ئۇلارنى غېرىبسىندۇرۇپ قويماي باشپاناھ بولساڭلا مەن رازى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا، — دېدى سۇلايمان، — ئۇمىدىڭىزنى يەردە قويمايمەن.

ئۆمەر خېلىل بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇندىمىدى.

## 4

ئابدۇناسىر مۇئەللىم زاۋۇت قۇرۇش توغرىسىدىكى پىلانىنى مەھەللىدىكىلەرگە ئېرىنمەي، زېرىكمەي چۈشەندۇرمەكتە ئىدى. بەزىلەر سەل قىزىقىپ قالدى، بەزىلەر مەبلەغ چىقىرىدىغانىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ دېلىغۇل بولۇپ تۇراتتى. مەھەللىگە نىسبەتەن بۇ تېخى بىر يېڭىلىق بولغاچقا كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى، قارىشى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئەمما، مۇئەللىم يالتىيىپ قالمىدى. بىر ئىشقا ئىرادە باغلىغان ئادەم، ئۇنداق ئالدىراپ بەل قويۇۋەتسە ھېچ ئىشنى باشقا ئاچىققىلى بولمايتتى. يەنە كېلىپ مۇئەللىم ھازىر بىكار، باشقا قىلىدىغان ئىشىمۇ بولمىغاچقا، كۈنبويى مۇشۇ ئىشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى.

— مۇئەللىم، بىز زاۋۇت قۇرۇشقا پۇل چىقارساق، شېرىك ھېسابلىنىمىزمۇ يا؟ — دېدى ئىلگىرى ياغاچچىلىق ھۇنىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى ھاللىنىپ قالغان تۇنىياز مەمەت ئىد-

سىملىك دېھقان. ھازىر ياغاچچىلىق ھۈنىرى ئاقماس بولۇپ قال-
غاچقا، ئۇ دېھقانچىلىققىلا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتاتتى.
— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى مۇئەللىم، — يىغىنچە
قىلىپ ئېيتقاندا، پاي قوشۇش ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر ئادەم پايچى
ھېسابلىنىدۇ، قاتقان پېيىغا قارىتا پايدىغا ئېرىشىدۇ. جىق قات-
قانلار جىق، ئاز قاتقانلار ئاز بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت،
زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. كېيىن پېيىمنى
قايتۇرۇۋالىمەن دېگەنلەر مۇۋاپىق پەيتتە قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ.
پاينى قايتۇرۇشنىڭ مۆھلىتى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم. ئارد-
لىقتا خالىغانچە پاينى قايتۇرۇۋېلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا دەخلى
قىلسا بولمايدۇ.
— ھە... توغرا، توغرا، مەن بىلدىم، — دېدى تۇنىياز مەمەت
پاي قوشۇش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال چۈشەنگەن ئا-
دەمدەك ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ، — بىراق، ئىلگىرى يېزىمىزغا
تەمىنلەش سودا كوپىراتىپى، يېزا ئامانەت قەرز كوپىراتىپى دې-
گەنلەر قۇرۇلغاندىمۇ بىزدىن پاي يىغقان. لېكىن، ھازىرغىچە
بىزگە بىر پۇڭ پايدا بېرىپ باقمىدى. ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدا
ئىشلەيدىغان تۇغقىنىمدىن ئاڭلىسام، ئۇلارغا يىل ئاخىرىدا 40 —
50 مىڭ يۈەندىن مۇكاپات بېرىدىكەن. پايدا ياخشى بولمىسا، ئۇ
مۇكاپات نەدىن كېلىدۇ؟ كېيىنچە بۇ پېيىمىزمۇ شۇنداق بولۇپ
قالامدۇيا، مۇئەللىم؟
— ياق، — دېدى مۇئەللىم كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈپ، —
بۇ دېگەن يۇقىرىلار ئۆزلىرى پاي قوشۇپ قۇرغان كارخانا ھېساب-
لىنىدۇ. ھەممىڭلارنىڭ كارخانىنى نازارەت قىلىش، پايدا تەلەپ
قىلىش ھوقۇقۇڭلار بولىدۇ.
— ئەمىسە مەن پاي قوشاي، مۇئەللىم.
— ماقۇل، ئاۋۋال ماۋۇ مۇددىئانامىگە قول قويۇڭ.
تۇنىياز مەمەت خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈپ قويىدى.

— بىلىلا، مۇئەللىم. مەن خەت يازالمايمەن.

— ئەمىسە بارماق بېسىڭ. ھە، يەنە كىم بار؟

— مۇئەللىم، سىلىچە بۇ ئىش ئاقارمۇ؟ — دېدى سېۋەتچى كاسىگەر نۇرمەمەت ھاشىم. ئۇ سۆگەت، يۇلغۇن، توغراق چىۋىقلىرىدا سېۋەت توقۇپ سېتىپ، يامان ئەمەس كىرىم قىلاتتى.

— ھازىرقى بازار ئېھتىياجىغا قارىغاندا چوقۇم ئاقىدۇ.

— قوشۇقمۇ ياسىغىلى بولامدۇ ئۇ زاۋۇتتا؟

— ياق، — دېدى مۇئەللىم كۈلۈپ، — ھەممىڭلار ئاشخانىلاردا تاماق يەپ باققان، بىر قېتىملا ئىشلىتىدىغان ئاق چوكىلار بارغۇ، ھە، شۇنىلا ئىشلەپچىقىرىمىز. ھەتتا لەڭپۇڭچىلارمۇ شۇ خىل چوكىلارنى ئىشلىتىدۇ ھازىر.

— نەگە ئاپىرىپ ساتىمىز؟ كوچىلاردا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ساتقىلى بولماس، ھەرقاچان؟

ناھىيە بازىرىدىكى توپ تارقىتىش ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزىمىز. بازارنى شۇلار ئاچىدۇ. دەسلەپتە سەل تەسرەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. كېيىنچە بىز ئىشلەپچىقىرىشنىلا بىلسەك، مال لازىم بولغانلار ئۆزى ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

— بولىدىغاندەك تۇرامدۇ نېمە، ئۇنداق بولسا ھەربىرىمىز قانچىلىكتىن چىقىرىمىز، مۇئەللىم؟

— قانچىلىك بولسا مەيلى، قاتنىشىدىغانلار ئاۋۋال مۇدىئانامىگە قول قويىسىلەر.

— مۇددىئانامە دېگەن نېمە، مۇئەللىم؟

— ھەممىمىزنىڭ زاۋۇت قۇرۇش مۇددىئاسىنىڭ بىر يەردىن چىققانلىقى، ئۇنى قوللايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان كاپالەتنامە ياكى ۋەدە دەپ چۈشەنسەڭلارمۇ بولىدۇ.

— ئەگەر زىيان چىقىپ قالسىچۇ؟ — دېدى مۆمىن تەمبۇرچى. توي - تۆكۈنلەردە ۋە ئاللىقانداق سورۇنلاردا نەغمە - ناۋا قىلىپ جان باقىدىغان بۇ ئادەم سەل ھۇرۇن ئىدى. ئېتىز ئىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ئايالى قىلالتتى، ئۆزى نە ـ نەلەردە سورۇن قوغلاپ لاغايلاپ يۈرەتتى، ــــ زىياننى سىلى ئۈستىلىرىگە ئالامدىلا، بىز ئالىمىز ـ مۇ؟

بۇمۇ ئۆزگىچە بىر پىكىر بولغانىدى. ئەلۋەتتە، كۆلكىنىڭ يىغىسى، يازنىڭ قىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزى بولغىنىدەك، ياخشى ئىشنىڭمۇ يامان تەرىپىنى ئويلاپ قويۇشنى خاتا دېگىلى بولمايد ـ تى. مۇئەللىم ئەمدىلا بىرنەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا، ئەتراپتىكى ـ لەر بەس ـ بەستە چۇرقىرىشىپ كەتتى:

ــــ راست، مۇئەللىم، زىياننى قانداق قىلىمىز؟

ــــ پاي قاتقان پۇلىمىز يوقاپ كېتەمدۇ؟

ــــ زىياننىمۇ پاينىڭ ئاز ـ جىقلىقىغا قاراپ تەقسىم قىلام ـ دۇق؟

ــــ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە كىم مەسئۇل بولىدۇ؟

ئارقا ـ ئارقىدىن چۇشۇۋاتقان بۇ سوئاللار مۇئەللىمنى سەل گاڭگىرىتىپمۇ قويدى. ئۇ ئوقۇغان، بىر ئۆمۈر مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن بالىلارنى تەربىيەلىگەن بولسىمۇ، تىجارەت ئىشىغا كەلگەندە تېخى تەجرىبىسى يوق، يەنىلا يېڭىسياچە ئىدى. پەقەت ساياھەت جەريانىدا كۆرگەن يېڭىلىق، تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلھاملىنىپ، مەھەللىسى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرمەكچى بولغانىدى. ئەمدى ئىش مۇھىم يەرگە كەلگەندە ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە بېسىم ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئوغلى غەيرەتنى ياردەمگە چاقىرسىمۇ بولاتتى. بىراق، ئابدۇناسىر مۇ ـ ئەللىم دەسلەپتە بۇ ئىشنىڭ ئازراق شەپىسىنى چىقىرىۋىدى، غەيرەت چورتلا رەت قىلدى: «قېرىغاندا ئۆزىڭىزگە ئىش تاپماي، سىڭگەن نېنىڭىزنى يەڭ، دادا، ــــ دېگەنىدى ئۇ، ــــ تىجارەت دې ـ گەننىڭ بىر خېيىم ـ خەتىرى جىق. ئالىمادىس ئىش ئوڭغا تارتماي قالسا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايسىز». مۇئەل ـ لىم ئوغلىنىڭ سۆزىگە قايىل بولمىدى. ئۇنىڭچە يۇرتداشلارنى

سەپەرۋەر قىلىپ زاۋۇتنى قۇرۇۋالسىلا، ئىشنى دېتى بار بىرەرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئارامخۇدا كۈننى ئالاتتى. ئۇنىڭغا زاۋۇتنىڭ پايدىسى، غوجايىنلىق ئورنى لازىم ئەمەس ئىدى. پەقەت مەھەللىسىگە بېيىش يۈرسىتى يارىتىپ بېرەلىسىلا، شۇنىڭغا خۇش ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئىشنىڭ باشلىنىشىنى ھازىرچە ئوغلىغا ئېيتماسلىقنى قارار قىلغانىدى. تەييارلىقلار پۈتۈپ، ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندا ئېيتىسىمۇ كېچىكمەيتتى.

— مەن سىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، زاۋۇت قۇرۇشنىلا ئويلىدىم، — دېدى مۇئەللىم، — كېيىن ئىشنى ئاراڭلاردىكى قابىلراق بىرەرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. پايدا ـ زىيان ئىشىغا كەلسەك، سودىدا ھەقىقەتەن زىيان كۆرۈلىدىغان ئىشلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ھەر قېتىم زىيان كۆرۈلگەندە ئۇنى بىر ـ بىرلەپ سىلەرگە چېچىش كەتمەيدۇ. يارىتىلغان پايدا ئارقىلىق زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرىمىز. زاۋۇتتا بىر ياكى ئىككى يىلنى قەرەل قىلىپ ھېسابات بوغىمىز، نەق كىرىمدىن سىلەرگە پايدا ئايرىپ بېرىلىدۇ. سىلەر پەقەت قاتقان پېيىڭلارنىڭ پايدىسىغا ئېرىشىشنى بىلسەڭلارلا بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جامائەت پەسكويىغا چۈشتى.

مۇئەللىم خېلىلا جىددىيلەشكەنىدى. دېھقانلار زاۋۇت قۇرۇش، كارخانا باشقۇرۇشنىڭ نېمىلىكىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، ئۇنىڭ دېگەنلىرى بەئەينى تەجرىبىلىك بىر كارخانىچىنىڭ پىلان ـ تەدبىرلىرىدەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، مۇئەللىمنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئىلمىدىن تولۇق خەۋىرى يوق، پەقەت تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدىكى كارخانىچىلارغا ئائىت پىروگراممىلاردىن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئاڭلىغان ۋە ياكى دەرسلىكلەردىكى ئارىلاپ ئۇچراپ قالىدىغان قىسقا ـ قىسقا بايانلاردىن بىلگەنلىرى بويىچىلا چۈشەندۈرۈش بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئورۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىپ كەتمەيتتى.

نىمىلا بولمىسۇن، جامائەت ئاخىر قايىل بولۇشتى. مۇددىئا-نامىگە قول قويىدىغان كۈنى ئۇلار مۇئەللىمنىڭ دەرۋازىسى ئال-دىغا يىغىلىشتى. بۇ يەردە بىر خىل قاينام - تاشقىنلىق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. كىشىلەر پات ئارىدا بۇ مەھەللىدە بولىدىغان يېڭىلىقنى تېزرەك كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتاتتى. ئەل-لىك ئائىلە مۇددىئانامىگە قول قويۇشتى. يەنە بىر قىسىملار ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ باقماقچى بولۇپ، تەلەي سىناش غە-رىزىدە تۇرۇپ قالغانىدى. بۇ، مۇئەللىمنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى مۇئەللىمنىڭ ئىرادى-سىنى تېخىمۇ چىڭىتتى، روھىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

سۇلايمان بىرىنچى بولۇپ مۇددىئانامىگە قول قويۇپ، پۇل تاپشۇردى. ئۇ بانكىدىن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئالغانىدى. بەش مىڭ يۈەننى گەرچە بەك جىق پۇل دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، سۇلايمان ئۇچۇن ئەڭ چوڭ تەۋەككۇلچىلىك ھېسابلىناتتى.

پاي قېتىلغان پۇل بىر يۈز سەكسەن ئۈچ مىڭ يۈەن بولۇپ چىقتى. ئابدۇناسىر مۇئەللىم بۇرۇن كەنتنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئېرىزىز مەخسۇتنى بۇ قېتىمقى مەبلەغ باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان ۋە زاۋۇتنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى مۇئەللىمگە ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىپ بېرىدىغان بولدى. قالغان ئىشلارنى زاۋۇت پۈتكەندە پايچىلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ ئاندىن بېكىتىش قارار قى-لىندى. قارىماققا بۇ ئۇرۇنلاشتۇرۇش خېلى ئەتراپلىق بولغاندەك تۇراتتى. مۇئەللىم ئىگىلىگەن دەسلەپكى ئۇچۇردا، چوكا ياسايدى-غان ئۇ زاۋۇتنىڭ ئۇسكۈنىلىرىگە 200 مىڭ يۈەننىڭ تۆپىسىدى-رەك پۇل كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولغانىدى. شۇنداق ھېسابلىغاندا قىرىق - ئەللىك مىڭ يۈەن كەملەيدۇ دېگەن گەپ. ئاساسلىق مەبلەغ ھەل بولغانىكەن، ئۇنچىلىك پۇلنىڭ غېمىنى قىلىش ئاذ-چە تەس ئەمەس ئىدى. زاۋۇت جاھازىسى مۇشۇ مەھەللىگە دەس-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىگەن كۆنى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشاتتى، مەبلەغمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا، مۇئەللىم باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئىچكىرىدىكى شۇنداق ئۇسكۈنىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنىڭ يولىغا چۈشتى.

مۇئەللىم ئىچكىرىنى ساياھەت قىلىپ، جىق يەرلەرنى، جىق ئىشلارنى كۆردۈم دەپ ئويلىغان بىلەن، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى يەنىلا تېخى مىڭنىڭ بىرىگە توغرا كەلمەيتتى. زاۋۇت قۇرۇش قىزغىنلىقى بولغان بىلەن، ئۇسكۈنىلەرنى نەدىن سېتىۋېلىشنى بىلمەيتتى. ھېلىمۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشى ھوشۇر ھاپىزنىڭ ئوغلى كەنجى تور ئارقىلىق مۇشۇنداق ئالاقە بىلەن ئاز ـ تولا شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ چىقتى. مۇئەللىم كەنجى بىلەن بىر كۈن كومپيۇتېرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن شىركەتلەر بىلەن ئالاقىلەشتى، ئاخىر شەندۇڭ ئۆلكىسىدە بۇنداق زاۋۇتلارنى كۆپ ئىشلەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ ئارىدا بىر ۋاسىتىچىلىك شىركىتى ئۇچۇر يوللاپ، ئەرزان باھادا بۇ خىل زاۋۇت بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەگەر تەپسىلىي ئادرېسىنى يوللاپ بەرسە، بىر ئادەم ئېرىپ سودىدا پۈتۈشۈش ۋە ئۇسكۈنىلەر يېتىپ بارغاندا قۇراشتۇرۇپ، ئىشقا كىرىشتۇرۇشكە مەسئۇل بولىدىغان بولدى. مۇئەللىم ئىشنىڭ بۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

مۇئەللىم بۇ خەۋەرنى مەھەللىدىكىلەرگە ئېيتىۋىدى، ھەممەيلەن خۇش بولۇشۇپ كەتتى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە راستىلا بىر ئادەم ئۇلارنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ماتېرىيالدا چوكا زاۋۇتىنىڭ ھەر خىل سۈرەتلىرى بار ئىدى. ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى، باھاسى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

مۇئەللىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر زاۋۇتنى تاللىۋالدى. مۇئەللىم ئىچكىرىدە بۇ زاۋۇتنىڭ مەشغۇلات ئىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، پايچىلارمۇ ئۇنىڭ تاللىشىغا قوشۇلدى. ئەمەلىيەتتە-مۇ ئۇلار زاۋۇتنىڭ ھېچنېمىسىنى چۈشەنمەيتتى.

زاۋۇت باھاسى ئىككى يۈز ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە توختام بول-دى. مۇئەللىم ئۆزىنىڭ بانكىدىكى پۇلىنى پاي پۇلىغا قېتىپ ئىككى يۈز ئون مىڭ يۈەن تەخلىگەندى. قالغان يىگىرمە مىڭ يۈەننى زاۋۇت يېتىپ كەلگەندە بېرىدىغانغا كېلىشىپ، پۇلنى تاپشۇردى ۋە ئىككى تەرەپ سېتىش - سېتىۋېلىش توختامىنامى-سىگە قول قويۇشتى.

— ماڭا ئەمدى زاۋۇت قۇرىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىڭلار، — دېدى ۋاستىچى خادىم پۇلنى ساناپ ئالغاندىن كېيىن.

مۇئەللىم بېغىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى بوش يەرنى زاۋۇت قۇ-رۇشقا پىلانلاپ قويغانىدى. بىراق، ۋاستىچى خادىم كۆرۈپ بې-شىنى چايقىدى،

— بۇ يەر بولمايدىكەن.

— نېمىشقا؟

— ئورنى تار ئىكەن. يەنە سۇ مەسىلىسىمۇ مۇھىم، چوكا ئىشلەشتە باشتىن - ئاخىر سۇ بىلەن ئارىلىشىپ ماڭىدىغان گەپ. سۇ كەم بولسا زادى بولمايدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۈچ ئورۇنغا بېتون كۆلچەك ياسىلىشى كېرەك.

ئۇلارنىڭ بېشى قاتتى. مەھەللىدىغۇ يەر كۆپ، لېكىن ھەممە يەر خەقنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، بىر پۇڭ يەرنىمۇ خالىغانچە ئىشلـ-لىتىشكە بولمايتتى. يەرنىڭ گېپى چىققاندا پايچىلارمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۇندىمەي تۇرۇۋېلىشتى. كۆپ ساندىكىلەرنىڭ كۆڭلىدە، «بىز مۇئەللىمگە پۇل بەردۇق، قالغان ئىشنىڭ ھەم-مىسىنى ئۇ ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك، چۈنكى زاۋۇت قۇرۇشقا ئۇ بىزنى باشلىغان» دېگەن بىر ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىش

يەرنىڭ گېپىگە تاقاشقاندا ئۇلار ھەممىنى مۇئەللىمگە تاشلاپ قو-يۇپ، بىردىن - ئىككىدىن تارقىلىپ كېتىشتى.

مۇئەللىم بىر ئوبدان كېتىۋاتقان ئىشنىڭ ئويلىمىغان يەر-دىن قىيىنچىلىققا يولۇققىنىنى كۆرۈپ سەل گاڭگىراپ قالدى. يۇرتداشلىرىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، ئۇلاردىن ئەمدى ئۈمىد كۈ-تۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، بىردىنلا بۇ ئىشقا ئالدىراپ تۇتۇش قىلىپ قالغىنىغا تۇنجى قېتىم ئۆكۈندى. ئام-مىنىڭ ئىشىنى قىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. دېھقانلار بىردە بولسا قاتمال، بىردە بولسا تەلەي سىناش غەرىزىدە تۈرۈۋېلىپ ئىشنى ئاقسىتاتتى. بۇ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى مۇئەل-لىم ئۆزى بولغاچقا، يا ئۇلارغا تەنە - دوق، ئاچچىق قىلالمايتتى.

— ئەمىسە ... — دېدى مۇئەللىم تىترەك ئاۋازدا، — ماۋۇ كۆچەتلەرنى قومۇرۇپ ...

ۋاستىچى خادىم شاخلاردا مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان، ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان ئۆرۈكلەرگە، كۆك غورىلىرى بۇ-دۇشقاقتەك ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئالما، نەشپۈتلەرگە قاراپ قوي-دى.

— بۇلارنى بۇزۇشقا كۆڭۈللىرى چىدامدۇ؟

مۇئەللىمنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى. بۇ باغقا ئۇ نۇرغۇن ئەجىر قىلغانىدى. مېۋىلىرى سەرخىل بولۇپلا قالماي، مەنزىرىسىمۇ بەك ئېسىل ئىدى. ياز كۈنلىرى مۇئەللىم ئۈچۈن بۇ باغ خۇددى بېھىشنىڭ ئۆزى ئىدى. ھاۋاسى روھقا قۇۋۋەت، تەنگە راھەت بېغىشلايتتى. مۇئەللىم ھەقىقەتەن ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەنىدى. مەھەللىدىكىلەر ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرە-مەن دەپ، مانا ئەمدى شۇنچە يىل پەرۋىش قىلغان كاتتا بېغىنى ۋەيران قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ كېچىكنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ قالغان، ئەمدى ئارقىغا يېنىشقا بولمايتتى، مەيلى قانچىلىك جاپا تارتىشىدىن، قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئالدىغا

قاراپ مېڭىشى كېرەك ئىدى.

مۆئەللىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن پىغانى سەل بوشىغاندەك بولۇپ، مەيۈسكىنە كۈلۈپ قويدى.

— ئامال يوق، بىزدە «ئاتقا مىنگەشمەڭ، مىنگەشكەندە كاسسام ئاغرىدى دېمەڭ» دەيدىغان بىر ماقال بار. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس»، قومۇرايلى.

ۋاسىتىچى ئىچى سىيرىلغان ھالدا باغقا يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىپ چىقتى. ئەمما، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئويلاپ، ئۇ تۈيغۇلاردىن ۋاز كەچتى. كۆڭلىدە ئۆز خامچوتىنى سوقۇشقا كىرىشتى.

مۆئەللىم كۆچەتلەرنى قومۇرۇشقا بىرنەچچە ئادەمنى ياردەمگە چاقىرىشقا تەرەددۇتلاندى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىرىنچى بولۇپ سۇلايمان كەلدى. ئۇ بۇ قۇرۇلۇشتىكى مۇھىم ئادەملەرنىڭ بىرسى بولسىمۇ، ئىككى كۈندىن بېرى جاڭگالدىكى شاللىقنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن تىرگەنلىرىنى ئوڭشاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۆئەللىمنىڭ ئىشلىرىغا قارىشالمىغانىدى. ۋاسىتىچى بىلەن بولغان سودىنىمۇ كۆرەلمىگەنىدى. مۆئەللىم ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدىغان بۇ بالىغا جىق ئىشلارنى چۈشەندۈرگۈسى، كۆڭلىدىكى مۇڭ - پىغانلىرىنى تۆككۈسى كېلەتتى. بىراق، جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يەنىلا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

مۆئەللىمنىڭ بېشى قېتىپ، ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا سۇلايمان ئۇستىبېشىدىكى پاتقاقلارنى ئادالاشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى.

— قانداق بولدى، مۆئەللىم؟ — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

مۆئەللىم كۆڭلىدىكى مەيۈسلۈكنى يوشۇرالمىدى. كۆزلىرىدە ئاچچىق بىر ئەلەم يالتىراپ تۇراتتى.

— توختاملىشىپ پۇل تاپشۇردۇق، — دېدى ئۇ بىئارامىلىق

ئىچىدە.

سۇلايمان ئۇنىڭ تازا خۇشال ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، يەنە سورىدى:

— يەنە بىرەر ئىش بارمۇ، مۇئەللىم؟

ئابدۇناسىر مۇئەللىم ئۇھ تارتىپ قويدى. كۆزلىرى قىيال-ماسلىق نەزىرى بىلەن باغ ئىچىگە تارتىشۋاتاتتى.

— ئورۇن مەسىلىسى ...

— بۇ يەر بولمامدىكەن؟

— ھەئە، تار ئىكەن دەيدۇ. يەنە سۇغا يېقىنراق يەر بولمىسا بولمايدىكەن.

سۇلايمانمۇ خىيالغا پاتتى. ئىشلار مۇشۇنچىلىك يەرگە كەل-گەندە، بەل قويۇۋېتىشكە زادىلا بولمايتتى.

— ئەمىسە بىرەركىمنىڭ يېرىنى ئالساقچۇ؟

— قارىسام ئۇلاردا يەر بېرىدىغان خىيال يوق.

— قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىدىلا؟

— بىلمىدىم، ئۇكام، بۇنداق دوقالغا دۈچ كېلىشىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. باغنى بۇزىدىغان ئوخشايمەن.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، مۇئەللىم. بۇ باغنى بۇزمايلى.

— باشقا ئامال يوق، ئىشنى تەڭ قاپتالدا توختاتقىلى بول-مايدۇ.

— شۇنداقتىمۇ ...

— بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. ۋاستىچى بىزنى يەرنى تېزرەك كۆرسىتىشكە ئالدىرىتىۋاتىدۇ. زاۋۇت ئورنىنى پىلانلاپ بېرىپ ناھىيەگە قايتىدىكەن.

— نېمىشقا؟

— زاۋۇت كەلگۈچە شۇ يەردە مېھمانخانىدا تۇرىدىكەن.

— بىر جىددىيچىلىك بولغۇدەك ئەمىسە.

— شۇنداق. سىز كۆچەتلەرنى قومۇرۇشقا ياردەملەشىسىز.

ئابدۇناسىر مۇئەللىم ئۇنداق دېگەنبىلەن، سۇلايماننىڭ كۆ-چەتلەرنى قوغدىغۇشقا قولى بارمايتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى ئورمان سېلىنغان ئۈچ بۇرجەك بىر پارچە يېرى كېلىپ قالدى. ئۇ يەر ئەسلىي بىر يارداڭلىق بو-لۇپ، نەچچە يىل ئاۋۋال سۇلايمان ئىنىلىرى بىلەن تۈزلەپ يەر ئېچىۋالغانىدى. تۇپرىقى قۇمساڭغۇ، يەنە كېلىپ يول بويى بولغان-لىقتىن، چارۋا ماللار تېرىغان زىرائەتلەرنى يەپ كېتىپ تۈزۈك هوسۇل ئالالمىغاچقا، كۆچەت قويۇپ، ئورمانلىق قىلىۋەتكەنىدى. ياغاچلىرىنىڭ ئالدى هازىر ئۆيگە جەگە بولغۇدەك چوڭايغانىدى.

— بىزنىڭ ... هېلىقى ئۆستەڭ بويىدىكى ئۈچ بۇرجەك يەر قانداق بولار، مۇئەللىم؟

— ئۇ يەر ئورمانغۇ؟

— شۇنداق. يول بويى هەم سۇغا يېقىن.

— بولىدىلا ئۇكام، بەرىبىر يەنە شۇ ئورماننى بۇزىدىغان ئىش، هەممىسىدە ئوخشاشلا قۇربانلىق بېرىشكە توغرا كېلىدى-كەن.

— بىراق ... بىراق مۇئەللىم، ئورمان دېگەن بەرىبىر كې-سىلىدىغان نەرسە، باغ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يەنە كېلىپ زاۋۇتنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ياغاچ كېرەككۇ؟

ئابدۇناسىر مۇئەللىم ئۇنىڭ ئويلىرىنى توغرا تاپتى. لې-كىن، بۇ سۇلايماننىڭ قارارى بىلەن هەل بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۆمەر خېلىل ئائىلە باشلىقى، ئاتىنىڭ رۇخسىتى بولمى-سا، بىر بالىنىڭ قارارى نېمىگە هېساب؟!

— بۇ پىلانىڭىزغۇ بولىدىكەن، بىراق ئاتىڭىز ...

— ئاتامنىڭ زاۋۇت قۇرۇشقا بولغان قارىشى ياخشى، مېنى باشتىلا قوللىغان. هېلىمۇ گېپىمنى يىرماس دەيمەن.

— ئەمىسە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىهەتلىشىپ بېقىڭ.

— ئاۋۋال يەرنى بۇ كىشىگە كۆرسىتىپ باقايلى.

— ماقۇل.
مۇئەللىم ۋاسىتىچىنى باشلاپ ئۆستەڭ بويىغا باردى.
يەرنى كۆرگەن ۋاسىتىچىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.
— مانا، مانا، زاۋۇت قۇرۇشقا بۇنىڭدىنمۇ ئەپلىك يەر بولماس. ھەتتا چوكا ماتېرىيالىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەن.
ئابدۇناسىر مۇئەللىم ئۇستىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئىرغىتىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالدى. چىرايىمۇ ئېچىلدى.
— ئەمىسە ... مۇشۇ يەرگە قۇرايلى. پىلاننى دەپ بېرىڭ.
— مەن ناھىيەگە قايتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن كېلەي. ئۇنىڭغىچە دەرەخلەرنى كېسىپ، يەرنى ئېچىپ تەييار قىلىڭلار.
— ماقۇل.
— مەنمۇ قايتىپ، ئاتام بىلەن سۆزلىشىپ كېلەي، — دېدى سۇلايمان.
— بولىدۇ، ئۇكام، تېزرەك بولۇڭ.
— تېز بولىمەن، خاتىرجەم بولسىلا، مۇئەللىم.
ئابدۇناسىر مۇئەللىم باشقا گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەم خۇشاللىق، ھەم تەشۋىش، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك تىركەشمەكتە ئىدى.

## 5

تومۇز يېتىپ كەلگەچكە، شال مايسىلىرىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كۈچىيەتتى. بىر ئېرىق سۇنى ھەممە ئادەم تالىشاتتى، ھەممىسى ئېچىقلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۆز شاللىقىغا جىقراق سۇ باشلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ھەتتا بەزىدە سۇ تالىشىش سەۋەبىدىن جېدەل ـ ماجىرامۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇنداق چاغدا ئۇلار بىر مەھەللىلىك، قولۇم ـ قوشنا ئىكەنلىكلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، « بۆرە تېرىسى»نى كىيىشەتتى، بىر ـ بىرىگە زادىلا يۈز ـ

خاتىر قىلىشمايتتى. سۇ سەۋەبىدىن ئادەملەرمۇ سۇدەك سوغۇقلىشىپ كېتەتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ئۆستەڭنىڭ سۈيى تۇيۇقسىز ئاۋۇپ كەتتى. ئېرىق بېشىدىكى توسۇق پۈتۈن ئېلىشۋېتىلگەچكە، بىر توپ توسۇن ئاتتەك چاپچىپ، دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان سۇلار ئېرىقتا يوپۇرۇلدى. ئېرىق لىق تولدى. شال ئېچىقلىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ ئېچىۋېتىلگەنىدى. شال ئېتىزلىرى ھەش - پەش دېگۈچە ياغ كەملىگەن چىنىدەك لىپىلداپ كەتتى، ئاندىن قىر ئاتلاپ تېشىشقا باشلىدى. قىرلار يار ئالدى، ئېچىق ئېغىزى ۋە يار ئېلىپ كەتكەن تىرگەننىڭ قاپتاللىرىدىكى شال مايسىلىرىنى لاي بېسىپ كەتتى. بۇ خۇددى «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك بىر ئىش بولغانىدى. شال ئىگىلىرى نەچچە كۈنگىچە قىر ئوڭشاش، شالنىڭ لېيىنى تارتىش بىلەن ھەلەك بولدى. سۇلايمانمۇ ئىنىسى ئىسمايىل بىلەن ئىككى كۈن ئىشلەپ ئاران شاللىقنىڭ تىرگەنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. ھەممىسى دەردىنى ئىچىدە بىلىشەتتى، سۇ تالىشىش، نىيىتى يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن پۇشايمان قىلىشاتتى.

ئۆمەر خېلىل شاللىقنى ئايلىنىپ، يار ئېلىپ كەتكەن قىرنىڭ پۇختا ئوڭشالغان - ئوڭشالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، دەريا بويى تەرەپتىكى سۆگەتلىككە بېرىپ بىردەم ئولتۇردى. كۈن ئىگىلەنگەن، قىزىق ئاپتاپ گويا ئوتنىڭ تەپتىدەك زېمىنغا ھەملە قىلاتتى. دەريادىكى سۇ ئۇلۇغلۇقىغا باقماي، خۇددى ھاردۇق يەتكەن تايچاقلاردەك شاۋقۇن ئاۋازىمۇ سۇسلاپ كەتكەنىدى. ئەتراپ چەكسىز ۋە ئىمتاس بولۇپ، ئادەمگە ۋاقىت چاقى تولىمۇ ئاستا ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۆمەر خېلىل سۇ يۈزىدىكى قۇياشنىڭ ئەكس نۇرىغا كۆزلىرى بەرداشلىق بېرەلمىگۈچە قاراپ تۇردى. دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ پاكىز ۋە شۇنداقلا ئەڭ كۈچلۈك نەرسە سۇ بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قەدىمى يەت-

كەن يەردە ھاياتلىق بەرپا بولاتتى. دۇنيا گۈزەللىككە، مەئىشەتكە تولاتتى. سۇنى سۆيمەيدىغان، ئۇلۇغلىمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. سۇغا قاراپ ئولتۇرسا، كۆڭۈلدىكى غەمنى ئالىدۇ دەيدىغان گەپ بار. بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئۆمەر خېلىل ئۈچۈن بەرىبىر، بىراق ئۇ سۇغا قاراپ ئولتۇرۇشقا ئامراق. ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇ كۆڭۈلدىكى غەمنى ئېلىپلا قالماي، تىنىمسىز ھاياتنىڭ داۋامىدەك، خۇددى ئۇنىڭغا: «ئالدىرىما، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، دۇنيادا ھېچ نەرسە ئارقىسىغا قايتقان ئەمەس. ئۆتكەنگە ئۆكۈنمە، ئىلگىدە بارىغا پۇختا بول، كۈنلەرنى غەنىيمەت بىل، مەنىلىك ياشا» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇ كەلگەن كۈلپەتلەرگە سەۋرى قىلىشقا، كۆڭلىنى ئازادە تۇتۇپ، ئاھ ئۇرماسلىققا تىرىشىدۇ. لېكىن، بۇنى قىلىش بەك تەس ئىدى. ئىنسان ھالقىلىق يەرگە كەلگەندە يەنىلا تەمتىرەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى پەش قىلغۇسى كېلىدۇ، ئاجىزلىقىغا تەن بېرىدۇ. نەتىجىدە غەم ـ قايغۇ يەنىلا ئۇنى ئورىۋالىدۇ. نېمە چارە؟! شۇنداقتىمۇ ياشىماي بولمايدۇ. ئادەمنىڭ روھى نۇرغۇن نەرسىنى سېغىنىدۇ، موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئەڭ ئاددىي، كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسە بولۇشى، يەنە بەزىلىرى ئادەم مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق نەرسىلەر ئۈچۈن كىشىلەر ھامان ئۈمىتۇلۇش ئىچىدە ياشايدۇ. غايە ۋە تەسەللىنىڭ قىممىتىنى ھەركىم ئۆز تاللىشى بويىچە ئۆلچەيدۇ. ئۇنىڭ مەڭگۈ باھاسى بولمايدۇ ...

ئۆمەر خېلىلنىڭ ھاياجانلىق ۋە چەكسىز خىيالىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالدى. سۆگەت سايىسىغا كىرىۋالغان بىر توپ پاشا ئۇنىڭغا ئارام بەرمىگەنىدى. يۈز ـ كۆزلىرى، بەدىنىنىڭ ھەرقانداق ئوچۇق يېرىگە ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ ھۇجۇم قىلىشاتتى. ئۇ شاپىلاقلاپ ئۆلگۈرەلمەي قالغاندا، قانغا تولغان قىپقىزىل قورسىقىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىشەتتى. ئۆمەر خېلىل ئۇ-

لۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. «بۇ ھاياتتا ھېچ ـ قانداق غەم ـ غۇسسىسىز، كۈشەندىسىز ياشايمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ مۇشۇ كىچىككىنە پاشىـ ـمۇ ئادەمنى بوزەك قىلىپ ئارامىنى بۇزۇۋاتسا.»

ئۇ سۆگەت سايىسىدىن ئاپتاپقا چىقتى. قۇياشنىڭ كۆيدۇ ـ رۇشىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن پاشىلار ئۇنى تاشلاپ سايىگە قې ـ چىشتى. ئۇ كەشنى قولىغا ئېلىپ، سۇ تاشقاندا پاتقاق بېسىپ كەتكەن يوللار بىلەن قەدەمدە بىر تېيىلىپ يۈرۈپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

دەرۋازا ئۇلۇغ ئوچۇق تۇراتتى. ئۇستىبېشىدىن ئاچچىق تەر پۇرقىراپ كەتكەن ئۆمەر خېلىل ھويلىغا كىرىپلا ئۇزۇم بېدىشى ئاستىدىكى سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاشقا ئاران ئۈلگۈردى. جاڭگال بى ـ لەن ئۆينىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىردىن ئاشاتتى. ئۆمەر خې ـ لىلدەك ياشانغان ئادەم ئۈچۈن پىژغىرىم ئىسسىقتا بۇنچە يولنى بېسىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ «ئۇھ» دەپ بېشىنى ياستۇققا قويدى. بىراق، بۇلۇڭدىكى قوي قوتىنىدىن كېلىۋاتقان چىلە پۇرىقى دىمىقىغا كىرىپ، كۆڭلىنى ئاينىتىۋەتتى. نەچچە كۈندە ئۇ بۇنى ھېس قىلمىغانىدى. بۈگۈن ئاپتاپنىڭ تەپتىدە قىغنىڭ پۇرىقى كۆچىيىپ كەتكەندۇ ياكى ئۇ سىرتنىڭ ساپ ھا ـ ۋاسىدا ئۇزۇنراق تۇرغاچقا، ھويلىدىكى غەيرىي پۇراقنى تېزرەك ھېس قىلىپ قالغاندۇ. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بىئاراملىقتىن قو ـ تۇلالمىدى. كاللىسىدا يەنە نۇرغۇن خىياللار چالغىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئايغى چىقماس خىيالدىن ھەيران قالاتتى، زې ـ رىكەتتى، خىيالدىن قۇتۇلالماي ھېرىپ كېتەتتى. بىراق، تۈۋى تېشىلگەن چېلەكتەك، كاللىسىغا توختىماي ئېقىپ كىرىۋاتقان خىيالنى توسۇشقا ئامالسىز قالاتتى.

ــ مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە؟ ــ دېدى رابىخان ئۇنىڭ بېشىـ ـغا كېلىپ.

ئۆمەر خېلىل كۆزىنى ئېچىپ ئايالىغا قارىدى.

— ھېرىپ قاپتىمەن.

— بۇ ياشقا كەلگەندە ئېتىز ئىشىنى بالىلارغا قويۇۋەتسىلە-مۇ بولاتتى، — دېدى رابىخان ئېرىگە كۆيۈنۈپ.

— تېخى ھېچ ئىشقا يارىمىغۇدەك بولۇپ قالمىدىمغۇ؟!

— گۆس - گۆس كەتمەن چاپىدىغان چاغلىرى كەتتى - دە.

— شۇنداقتىمۇ، مىدىرلاپ تۇرماي بولمايدۇ، خوتۇن. ھە، با-لىلار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— گۈلقىز تۈنۈگۈن نەۋرىمىزنى چوڭ دادا، چوڭ ئاپىلىرىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن بازارغا كەتمىدىمۇ، ھېلىغىچە قايتىپ كې-لەر.

— ئوغۇللارنى دەيمەن؟

— ھە... سۇلايمان شۇ زاۋۇتنىڭ ئىشى بىلەن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئىسمايىل تىراكتورنى بىرنېمە قىلىمەن دېدىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر يەرگە ماڭدىغۇ.

ئۆمەر خېلىل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ھەسرەت چەككىنى ئەمەس، بەلكى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىشى ئىدى. ھەر قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئالغاندا ئىچى بوشاپ، يەڭگىل-لەپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

— بىرەر ئىش بارمىدى، دادىسى؟ — دېدى رابىخان ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ.

— ھويلا ئىچى چىلە پۇراپ كېتىپتۇ.

— ھە ... — رابىخان ھاۋانى ئىچىگە تارتىپ ھىدلاپ باقتى، — شۇنداقتەك تۇرىدۇ، ئەسلىي قوتاننى ھويلىنىڭ سىرتىغا قىلىدى-غان ئىش ئىكەن، شۇنىڭدا ھويلىمۇ پاكىز تۇراتتى، بۇنداق سې-سىق پۇراقمۇ بولمايتتى.

— بالىلار قىغنى تارتىۋەتسە بولاتتى.

— ئىسمايىل كەلسە بىر گەپ بولار.

شۇ ئارىدا ھويلىغا سۇلايمان كىرىپ كەلدى. سۇپىدا ياتقان ئاتىسىنى ۋە ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇرغان ئاپىسىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ، ئاتا؟ — دېدى ئۇ كۆڭلىدە ئاتىسىغا قارىتا بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ.

ئۆمەر خېلىل بېشىنى كۆتۈردى.

— سالامەتمەن، بالام. شاللىقنى يوقلاپ كېلەي دەپ جاڭگالغا بارغانىدىم، قايتقۇچە سەل چارچاپ قاپتىمەن.

— ئۆيدە ئارام ئالسىڭىزمۇ بولاتتى، بىكار ئاۋارە بوپسىز. قىرلارنى پۇختا ئوڭشىۋەتكەنىدۇق. سۇمۇ كەڭرى ئىكەن.

— كۆڭلۈم تىنمىدى، بالام. بىر يىللىق ئەجرىمىز تۇرسا، خاتىرجەم بولالمىدىم. بىر - ئىككى كۈن سۇسىز قالسىمۇ مەيلى ئىدى، لېكىن لاي بېسىپ كەتسە شال تۇگىشىدۇ.

— ئېقىپ چۈشكەن پاتقاقلار قېتىپ بولغۇچىلا تازىلىۋەتكەچكە، مايسىلارغا زىيان يەتمىدى.

— كۆردۈم، بالام، ياخشى قىپسەن، — ئۆمەر خېلىل رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— چاي ئىچكەچ ئولتۇرامسىلەر؟ — دېدى رابىخان، — تاماق قىلالمىغانىدىم.

— ئۆيگە كىرىپ ئىچەيلى.

ئۆي ئىچى سالقىن ئىدى. سوقما ۋە كېسەك ئۆيلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، قىش پەسلىدە ئىسسىق، ياز پەسلىدە سالقىن بولاتتى. بېتون، خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر پۇختا بولغان بىلەن بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن مەھرۇم ئىدى. ياز كۈنلىرى تونۇردەك ئىسسىپ كېتەتتى. لېكىن، ھازىر ئۆيلەر بىر - بىرلەپ خىش قۇرۇلمىغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇنداق قىلمىسا زامانغا ماس كەلمەي قالاتتى. تەرەققىيات دېگەن شۇ، بىرىدە قۇربان بېرىپ، بىرىگە ئېرىشىدىغان گەپ. كونا چاپاننى ئىسسىق ئىدى دەپ، يې-

ڭى چاپان كىيگىلى ئۇنىمىسا قاملاشمايدۇ ـ دە؟!

ئۇلار چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا ئۆمەر خېلىل ئوغلىنىڭ بىر گېپى باردەك، پات ـ پات يەر تېگىدىن ئۆزىگە قاراپ قويۇۋاتـ قانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— ھە، زاۋۇتنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ — دېدى ئۇ ئوغلىغا سىناق نەزىرىدە تىكىلىپ.

سۇلايمان ئىچىۋاتقان چېيىنى قويۇپ بېشىنى كۆتۈردى. چاينىڭ قىزىق تەپتىدە يۈزلىرى قىزىرىپ، پېشانىسىدىن ئۇش ـ شاق تەر تامچىلىرى ئۆرلەپ چىققانىدى. ئۇ ئالىقىنى بىلەن تەر ـ لىرىنى سۈرتتى.

— مۇئەللىم پۇلنى ۋاسىتىچىگە تاپشۇرۇپ بوپتۇ، زاۋۇت بىرەر ئاي ئىچىدە كېلىدىغاندەك. ئۇنىڭغىچە زاۋۇت قۇرۇلىدىغان ئورۇننى مۇقىملاپ، بەزى قۇرۇلۇشلارنى قىلىش زۆرۈر ئىكەن. مۇئەللىم يەر غېمىدە يۈرىدۇ.

— مۇئەللىمنىڭ بېغى ئىچىگە قۇرىدىغانىنىڭ پارىڭى بولىۋ ـ ۋاتامتى؟

— ئۇ يەر تار كېلىپ قالغۇدەك. مۇئەللىم باغنى بۇزىمەن دەيدۇ، شۇنداق ئېسىل باغنى بۇزۇشقا ئادەمنىڭ كۆڭلى چىدام ـ دۇ؟! مەن باشقا يەر تاپايلى، دېدىم.

— ھازىر يەرنىڭ ئىشى تەس بولۇپ كەتتى.

— شۇنداق، مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە ھەممە ئادەم ئۆزىنى تار ـ تىپلا تۇرىدۇ. مۇئەللىمنىڭ بېشى بەك قاتتى، — سۇلايمان سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — يەر ھەل بولمىسا زاۋۇتنىڭ ئىشى ئاقسايدىغان ئوخشايدۇ.

ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ نېمە چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزگەنـ ـدەك بولدى. بىراق، ئويلاپ كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ زاۋۇت قۇرۇشقا ماس كەلگۈدەك يېرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگىنىدە، بۇ خىيالىنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى ھېس قىلىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئەللىك ئا ـ

ئىلىنىڭ زاۋۇتقا پاي قاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ھەرقانچە بولسىمۇ ئەللىك ئائىلىنىڭ ھەممىسى قاراپ تۇرماس، دېھقان دېگەندە يەردىن باشقا نېمە بار. زاۋۇتنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قې-لىشىنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بۇ يالغۇز سۇلايماننىڭلا غېمى ئەمەس ئىدى.

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدى ئۆمەر خېلىل ئۆز خىيالى بويىچە يەكۈن چىقىرىپ، — شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدىن يەر بېرىد-دىغانلار چىقماي قالمايدۇ.

سۇلايمان ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشقا پەرۋا قىلمايۋاتقىنى ياكى قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئەسلىدە ئۇ ئا-تىسىنىڭ «يەرنى بىز چىقىرايلى» دېيىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، بىراق ئۇنداق بولمىدى. ئۇ ئەمدى گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەل-مەي گاڭگىراپ قالدى.

چايمۇ ئىچىلىپ بولدى. سۇلايمان داستىخاندىن تۇرماي بې-شىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ زادى نېمە غەرەزدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن ئۆمەر خېلىل ئامالسىز ئوغلىدىن سورىدى:

— بىرەر غېمىڭ بارمۇ، بالام؟

سۇلايمان بېشىنى كۆتۈردى. ئېغىزىنى ئۆمەللەپرەك تۇرۇپ قالدى. ئاتىسى جىق ئىشلاردا ئۇنىڭ رايىغا باققان ۋە ئوغلىنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلغانىدى. ئۇمۇ ئاتىسىغا بەك ئىشىنەتتى. بى-راق، نېمە ئۈچۈنكىن بۇ قېتىم ئاتىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەل-مەيدىغاندەك بىر خىل تەشۋىش ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتتى. يەر توغرۇلۇق ئاتىسىغا ئېغىز ئېچىشتىنمۇ ئەيمىنىۋاتاتتى. لېكىن، بەربىر ئېغىز ئاچماي بولمايتتى.

— ياق، ئاتا، — دېدى ئۇ ئاخىر گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي.

— بەكلا خىيالغا پېتىپ قاپسەن، دېيەلمەيۋاتقان گەپلىرىڭ

بارمىكىن دەيمەن. ئۆزۈڭنى قىينىما، ئوغلۇم.

ئاتىسى ئۇنى نەق جاۋاب بېرىشكە ئۈندەۋاتاتتى. سۇلايمان بىردىنلا روھلىنىپ، كۆزلىرىدە ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

— يەرنىڭ ئىشى ...

ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا توختاپ قالدى. ئەسلىدە بىرەر ئورۇنلۇق سەۋەب بىلەن ئاتىسىنى قايىل قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، قانداق سەۋەب كۆرسىتىشنى دەماللىققا ئېيىسگە كەلتۈرەلمىدى.

— مۇئەللىم بىر ئىش قىلىۋاتىدۇ دەۋاتامتىڭ؟

— مۇئەللىمگىمۇ تەس، ئىشنى باشلاپ قويۇپ تۇرۇۋالغىلى بولمىسا.

— سېنىڭ بىرەر ئامالىڭ بارمىدى؟

— بار دېسەم، بار، يوق دېسەم، يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، بالام؟

— سىز قوشۇلمىسىڭىز مەن ھېچ ئىش قىلالمايمەن.

— مەن؟

— ھەئە، ئاتا، يەرنى ... بىز چىقارساق ...

ئۆمەر خېلىل سەل ھەيرانلىق ئىلكىدە ئوغلىغا قارىدى.

— قايسى يەرنى چىقىرىمىز؟ يېقىن ئەتراپتا زاۋۇتقا ماس كەلگۈدەك يېرىمىز بولمىسا؟

— ئۆستەڭ بويىدىكى ئۇچ بۇرجەك يەرنى.

ئۆمەر خېلىل شۇ چاغدىلا ئۆستەڭ بويىدىكى بىر پارچە يەرنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ئىلگىرى ئۆستەڭنىڭ سۈيى تاشقاندا يار ئېلىپ كەتكەن تاشلاندۇق يەر ئىدى. كېيىن سۇلايمان ئىنىسى ئىسمايىل بىلەن نەچچە كۈن ئىشلەپ تۈزلىۋالغان، مەھەللە باشلىقىمۇ بۇ يەرنى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە قوشۇلغانىدى. بىر - ئىككى يىل تېرىغاندىن كېيىن، ھوسۇل ئالالماي ئورمان قويۇۋەتكەن. ھازىر بۇ ئورمانلارنىڭ ئالدى مەشىنىڭ كانىيىدەك چوڭ -

لۇقتىكى تېرەككە ئايلانغانىدى.

— ئۇ يەردە ئورمان تۇرسا، بالام، — دېدى ئۆمەر خېلىل ئوغلىنىڭ غەربزىنى تازا چۈشىنەلمەي.

— ئورمانلارنى قوغۇرۇۋېتىمىز، ياغاچلار زاۋۇتقا ماتېرىيال بولىدۇ. يەر بىلەن ئورماننى مۇۋاپىق باھالاپ، پايغا ئايلاندۇرىمىز.

— بۇ ئەقىلنى ساڭا كىم ئۆگەتتى، بالام؟

— ئۆزۈم شۇنداق ئويلىدىم، ئاتا. بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلمىسا بولمايدىكەن.

— بىزنىڭكىدىن ئېپىدىرەك يەرلىرى بار ئادەملەرمۇ بارغۇ؟

— باشقىلار ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرۇۋالدى، مۇئەللىمنى قىيىن ئەھۋالدا قويساق بولماس، ئاتا؟

ئۆمەر خېلىل ئۈندىمىدى. ئادەم كۆپ يەردە ئىش ئاقمايدۇ، دېگەن گەپ بار. ئەگەر زاۋۇتقا لايىق يەرنى نەق پۇل تۆلەپ سېتىۋالىدىغان ئىش بولسا بېرىدىغانلارمۇ چىقار ئىدى، لېكىن ئۇنى پايغا ھېساب قىلىپ، زاۋۇت ئىشقا چۈشۈپ پايدا كۆرۈلگەندە ئاندىن ئۇنۇمىنى كۆرىدىغان بولغاچقا، خۇددى توخۇ تۇخۇم تۇغۇپ، تۇخۇمدىن چۈجە چىقىپ دېگەندەك، خەقنىڭ قۇلىقىغا تازا خۇشياقمايتتى. ھېچكىمنىڭ بىرىنچى بولۇپ زىيان تارتقۇسى يوق، بىرەيلەن باشقا بىرىنىڭ بۇ قەدەمنى بېسىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇ يەنە بىرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە بەس سېلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ئۆمەر خېلىلمۇ بۇ خىل نۇقساندىن خالىي ئەمەس، چۈنكى ئۇرغۇن خۇي - مىجەز ئادەملەرگە ئورتاق. «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. ھازىرمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا «زاۋۇت ئەللىك ئائىلىنىڭ ھەمكارلىقىدا تۇرسا، نېمىدەپ بىرىنچى بولۇپ بىز يەر چىقىرىدىكەنمىز؟» دېگەن بىر ئۇقۇم تەكرارلىنىۋاتاتتى. گەرچە يەرنى چىقارغۇسى بولسىمۇ،

مۇشۇ مەسىلە ئىدىيەسىدىن ئۆتمىگەچكە جاھىللىقى تۇتاتتى.

— بۇ ئالدىراقسانلىق قىلمىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇ مۇجمەللا قىلىپ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ رايىنى قايتۇرغۇسى ياكى ئالدىراپ ماقۇللۇق بىلدۈرگۈسىمۇ يوق ئىدى، — باشقىلارغا قاراپ باقايلى.

سۇلايمان بۇ قېتىم ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە زادىلا ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىنى بايقىدى. ئىشلارنى تولىمۇ ئەتراپلىق ئويلايدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، باشقىلار ئۈچۈن غەم يەيدىغان بۇ ئادەم ھازىرنىڭ ئۆزىدە باشقىچىلا بىر تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. بىر تۇرۇپ ئاتىسى ئۇنىڭ بىلەن قەستەن قېرىشىپ قويۇۋاتقاندەكمۇ تۇيۇلاتتى.

— ئۇ يەردىن كەچكۈچىز يوقلۇقىنى بىلىمەن، — دېدى سۇلايمان ئاتىسى بىلەن يەنە ئازراق تىركىشىپ بېقىشنى خىيالىغا پۈكۈپ، — لېكىن، ھامان بىر ئادەم بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مۇئەللىم پەقەت مەھەللىمىز ئۈچۈنلا مۇشۇنداق جاپا چېكىۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ نېمىسى كەم؟ ئارامخۇدا مائاشىنى يەپ ياتسىمۇ كۇنى ئۆتىۋېرەتتى.

ئۆمەر خېلىل ئوغلىغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

— بۇ ئىشلارنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ مۇئەللىمنى سېنىڭدىن ياخشىراق چۈشىنىمەن.

— ئەمىسە ...

— زاۋۇت بىر - ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ئەمەس، باشقىلارغا قاراپراق يول تۇتقان ياخشى.

— ئۇلار يەنىلا دېلىغۇللۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. قارىماسىز، خېلى باي ئائىلىلەرمۇ بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقارغىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ تەلەي سىناۋاتقىنى ئەمەسمۇ؟! بۇنداق تۇرسا ئۇلاردىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟ ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرسا، زاۋۇت ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، تەرتىپلىك مېڭىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۆمەر خېلىلىنىڭ بېشى قاتتى. ئوغلىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بولغۇسى كېلەتتى ـ يۇ، بىر يەرلىرىدىن رايى تارتمايۋاتاتتى. زاۋۇت ئىشلىرى تولىمۇ چىپچىلاڭغۇ، ھېچبىر تىجارەت تۇسى يوقتەكلا بىلىنەتتى. مۇئەللىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغان دەسلەپتىكى چاغلاردىكىدەك قىزغىنلىقىمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە تىجارەت دېگەن ئازراق دەسمايە سېلىپ بىرنەرسىلەرنى سېتىۋالسا، ئۇنى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ساتالىسا بولىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، ھازىر زاۋۇت قۇرۇشتا باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار سەل كۆپرەكمۇ قانداق؟ ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا بىرەر تىجارەتكە تۇتۇش قىلىپ باققان بولسا ...

لېكىن، ئوغلى ئاللىقاچان بانكىدىن بەش مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، زاۋۇتقا پاي قوشۇۋەتكەنىدى. زاۋۇت بىر تەرەپ بولماي تۇرۇپ ئۇ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۇنىڭغىمۇ ئايان ئىدى. بۇ راستىلا باشنى قاتۇرىدىغان ئىش بولدى.

ئۇ ئويلىغانسېرى، ئوغلىنىڭ تەلپىگە قوشۇلماي ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئەسلىدە باشتىلا ئۇنى شۇنداق ئۆگىتىپ قويغان، شۇڭلاشقا ھازىر تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىشقا ئۇنىڭدا ھېچ ئاساس يوق ئىدى. رەت قىلىشنى ئويلىسىلا ئوغلى بىلەن يىراقلىشىپ كېتىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئوغلى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلىشكىمۇ ئەقلى يەتمەيتى. پەقەت تەۋەككۇلچىسىگىلا ئىش تۇتاتتى. ئۇ ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق تولا خىيال قىلىسىمۇ، كەلگۈسى توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىشكە راستىلا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپلا كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا ماڭغۇسى كەلدى. قالايمىقان خىياللار بىلەن تىنىپ كەتكەن كاللىسى ئېتىزغا چىقسىلا ئېچىلىپ قالاتتى. ئۆزىنى روھلۇق، ئەركىن سېزەتتى. تۇيغۇلىرى تەبىئەت بىلەن بىرىكىپ كېتەتتى. كۆڭلى خاتىرجەملىك ئىزدەپ تۇرغان ئادەم دۇنيانىڭ بۇنچە غوۋغالىرىغا

ئاربلىشىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئەمما ... ئەمما ... تۇرمۇشتا خىيال بىلەنلا ياشىغىلى بولمايدۇ ــ دە؟! تۇرغان ــ پۈتكىنى، ماڭغان ــ يانغىنىنىڭ ھەممىسى ئىقتىساد بىلەن ئۇخشايدىغان گەپ. ئائىلە باشلىقىنىڭ چوققىسىدىن نەچچە قېتىم تۈتۈن چىقمىغۇچە، بىر ئائىلىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ بىر ئاددىي ساۋات. ئۆمەر خېلىل مۇشۇ يېشىغىچە ئۆز ئائىلىسىنى قانداق قىلىپ گۈللەندۈرۈش، بالىلىرىغا باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلىش خىيالىدىن بىردەممۇ مۇستەسنا بولغان ئەمەس. پۇل ــ مال دېگەن ئاززۇ قىلغانغىلا ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان جاپا ــ مۇ-شەققەت، غەلۋە ــ غەشلەرگە بەرداشلىق بەرگەندە ئاندىن مەقسەت-كە يەتكىلى بولىدۇ. قارىغاندا ئۇ تىجارەت يوللىرىنى سەل ئاددىي چاغلاپ قالغاندەك تۇرىدۇ. راستلا شۇنداق بولسا، ھەممىلا ئادەم ئاز جاپا تارتىپ، كۆپ پۇل تاپىدىغان بەرىكەتلىك يوللارنى تاللى-ۋالغان بولاتتى. ئۇ چاغدا كىمنىڭمۇ ئوتتەك كۆيدۈرىدىغان تومۇز ئاپتىپىدا كاۋاپ بولۇپ ئېتىزدا ئىشلىگۈسى كەلسۇن؟!

ئۆمەر خېلىل ئادىتى بويىچە ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىپ قويدى. كۆڭلى بوشاپ، چېچىلىپ كەتكەن خىياللىرى بىر يەرگە يى-غىلدى. ئۆمىدىنى ئوغلىنىڭ چوڭى بولغان سۇلايمانغا باغلاپ، مۇھىم بىرنەرسىنى تاپشۇرماقچى بولغاندەك، جىددىي ۋە چوڭقۇر مېھىر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

ــــ بولىدۇ.

خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان سۇلايمان ئاتىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئېيتقان بۇ سۆزىدىن دىگگىدە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئارقى-دىن جىددىي بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان ئەسكەردەك قەددىنى رۇسلى-دى.

ــــ ئاتا ...

ــــ ئويلىغىنىڭ بويىچە قىلغىن.

ــــ ئەمىسە ... بۇ خەۋەرنى مۇئەللىمگە يەتكۈزەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بارغىن، — دېدى ئۆمەر خېلىل بوش ئاۋازدا، ئەمما ئاۋازىدىن بىر خىل كۆيۈنۈش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. سۇلايمان كىچىك بالىدەك قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، — يەر ۋە ئورمان ئۈچۈن مۇئەللىمدىن پۇختىلاپ خەت ئېلىۋال، — دېدى ئۇ سۇلايماننىڭ ئارقىسىدىن جېكىلەپ.

— بىلىمەن، ئاتا. خاتىرجەم بولۇڭ.

## 6

«بىر ئىشنى قىلماقتىن بۇزماق ئاسان» دەپ، بەش ـ ئالتە يىلدا ئاران كۆزگە كۆرۈنگەن ئورمانلار بىر كۈندە كېسىلىپ، كۆتەك، يىلتىزلىرى توپا قېزىش ماشىنىسىنىڭ كۈچى بىلەن نەچچە سائەت ئىچىدىلا پاك ـ پاكىز قومۇرۇپ تاشلاندى. ئىككىنچى كۈنى ۋاستىچى كېلىپ زاۋۇت جاھازىسى دەسسەيدىغان بېتون قۇيۇلمىنىڭ لايىھەسىنى، سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسىلىدىغان ئىككى كۆلچەكنىڭ ئورنىنى ئۆلچەپ بەردى. ئىش تولىمۇ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە داۋام قىلماقتا ئىدى. ئابدۇناسىر مۇئەللىم يەنە ئازراق پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ، خىش، سېمونت، پولات چۇۋىق قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئەكەلدۇردى. پۇلنى تېجەش ئۈچۈن، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇستىكارلىقىنى ئۆزى قىلماقچى بولدى. ئۇ قازناق، ئاشخانا، ھويلىدىكى گۈللۈكلىرىنىڭ خىش تاملىرىنى ئۆزى ئەتكەن، لايچىلىق ئىشلىرىغا خېلى ئېپى بار ئىدى.

ئالدىراش ئىشلەۋاتقان مۇئەللىم ۋاستىچىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، نەگىدۇر مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ سورىدى:

— بىر يەرگە بارامسىز؟

دۆۋىلەكلىك ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئايغىغا قونۇ-ۋالغان چاڭ - توزانلارنى سۈرتۈۋاتقان ۋاستىچى خالار - خالىدماس بىر تەرزدە جاۋاب بەردى:

— مەن قاراپ تۇرسامىۇ بىكار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە مېھمانخانا يوق، زاۋۇت كەلگۈچە ناھىيەدە تۇرۇپ تۇراي.

— بىزنىڭ ئۆيلەردە تۇرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟ مېھمانخانىلار-دەك بەك كاتتا بولمىسىمۇ، كۆڭلىمىز ئىسسىق ئىدى. مېھماننى بېشىمىزدا كۆتۈرەتتۇق.

ۋاستىچى ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى.

— كۆڭلۈڭلارنى چۈشىنىمەن. بۇ يەردە تۇرسام ياتاق - تا-مىقىم ھەقسىز، جىق پۇلنى ئىقتىساد قىلىپ قېلىشىمدا گەپ يوق، بىراق شىركەتنىڭ قائىدىسىدە ئىش بېجىرگەندە چوقۇم مېھمانخانىدا تۇرۇشىمىز بەلگىلەنگەن.

— قىزىق قائىدەڭلار بار ئىكەن، — دېدى مۇئەللىم، — ئەسلىدە بىزدىمۇ يىراقتىن كەلگەن مېھماننى مېھمانخانىدا يات-قۇزىدىغان قائىدىمىز يوق ئىدى.

— ئامال يوق، — دېدى ۋاستىچى بېشىنى چايقاپ، — بەل-گىلىمە بويىچە ئىش قىلمىسام، كاماندىروپكام تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

— ئەمىسە ئىختىيارىڭىز، — دېدى مۇئەللىم ۋە قوشۇپ قويدى، — زاۋۇت قاچانراق كېلەر؟

ۋاستىچى سول بىلىكىدىكى ۋالىلداپ تۇرغان ئالتۇن سا-ئىتىگە قاراپ قويدى.

— ئاز قالدى، يەنە بىرەر ھەپتە ئىچىدە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

— تېزرەك بولسا بولاتتى.

— ھە، كېلىۋاتىدۇ. شەندۈڭ دېگەن يىراق جاي، يولدا نەچچە يەردە يۈك ئالمىشىدىغان گەپ.

— شۇنداقتىمۇ، تېلېفون قىلىپ بىر سۈيلىشۋەتسىڭىز بوپ-

تىكەن. كۆپچىلىكنىڭمۇ كۆڭلى تىنسا.

— ماقۇل، سىلەر خاتىرجەم ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. مەن-مۇ ئالدىرايمەن، زاۋۇت قانچە بالدۇر كەلسە، مەنمۇ شۇنچە بالدۇر يۇرتۇمغا قايتالايمەن ئەمەسمۇ؟

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلغان مۇئەللىم ئارتۇق بىرنەرسە دېمىدى. پەقەت ئادەمگەرچىلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

— ئەمىسە بالىلاردىن بىرەرى موتوسىكلىت بىلەن چوڭ يولغا ئاچىقىپ قويسۇنمۇ؟

— بولدى... بولدى ... ئۆزۈم مېڭىپ چىقىۋالاي.

ۋاستىچى توپىلىق يولدا ماڭغان موتوسىكلىتنىڭ ئارقى-سىدىن كۆتۈرۈلىدىغان ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـ توزاندىن قورققا-نىدى. موتوسىكلىتنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئادەم مۇشۇ چاڭ ـ توزاننىڭ دەستىدىن گۆردىن ئېچىۋالغان ئۆلۈككىلا ئوخشاپ قالاتتى.

مۇئەللىم ئىش مەيدانىغا قايتىپ كەلدى. بىرنەچچە ئادەم زا-ۋۇت ئۇلىنى سېمونت لاي بىلەن قاتۇرۇش ئۇچۇن قىلىپ قويۇۋا-تاتتى. مۇئەللىم ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۇلار بىلەن تەڭ ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

# سەككىزىنچى باب

## 1

مەھەللىدە چوكا زاۋۇتى قۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خە-ۋەر تارقالغاندىن بۇيان، ئەتىسى - ئاخشاملاردا كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىسى ئۈزۈلمىدى. پاي قاتقانلار ئىش-نىڭ ياخشى تەرىپىنى ئالسا، پاي قاتماي تەلەي سىناپ تۇرغانلار ئاللىقانداق كېلىشمەسلىك توغرىسىدا گەپ ساتاتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى كەمسىتىش، ئارازلىشىشى بەدىلىگە بۇ سۆھبەتلەر ئاخىرلىشاتتى. بىراق، مەيلى پاي قات-قانلار ياكى پاي قاتمىغانلار بولسۇن، سەللا ئىشتىن بوشىسا ئۆس-تەڭ بويىغا بېرىپ، زاۋۇت قۇرۇلۇشىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقى-نى كۆرۈشكە ئالدىرىشاتتى.

زاۋۇت جاھازىسى دەسسەيدىغان ئۇل، ئىككى كۆلچەك ۋە مۇ-ئەللىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سېلىنىغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ قۇ-رۇلۇشى تاماملاندى. گەرچە زاۋۇت تېخى رەسمىي قۇرۇلمىغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچى ئېشىپ، مەھەللىدە بىر يېڭىد-لىقنىڭ بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالغانىدى. پاي قاتمى-غانلارنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسىلىرى كۆچىيىپ، تۇرالماي قېلىد-ۋاتاتتى.

نەچچە كۈنلۈك ئالدىراش ئەمگەكتىن ئەمدى ئۈزە دېگەن مۇ-ئەللىم ۋاستىچىنىڭ مەھەللىگە كەلمىگىنىگە ئۇن كۈندىن ئاش-قانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئالدى. ئۇ ناھىيەگە ماڭار چاغدا ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپلا قايتىپ كېلىمەن، دېگەندەك قىلغانىدى. لې-كىن، ئالدىراشلىق ئىچىدە شۇنچە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە

مۇئەللىممۇ دىققەت قىلماپتۇ. ئېھتىمال ۋاستىچى ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۇزۇنراق مۆلچەرلەپ قويۇپ، مېھمانخانىدا راھەتلىنىپ ياتقان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەممە چىقىمىنى شىركەت كۆتۈرىدىكەن ئەمەسمۇ، بىكارلىق پۇل خەجلەيدىغان يەردىن كىمـ نىڭمۇ قاچقۇسى كەلسۇن، سەھرانى باغىبارانىڭ، يېشىللىق دېگەن بىلەن، توپا ـ چاڭلىرىمۇ يامان. شەھەردىكى پاكىزلىقتا ياشاپ كۆنۈپ قالغان ئادەم مۇنداق توپا ـ چاڭنى كۆرسە ئەرۋاھى ئۇچىدۇ. بىراق، دېھقان ئۇچۇن سەھرانىڭ توپا ـ چېڭىمۇ قىممەتلىك ۋە ھەممەتلىك. ئاشۇ تۇپراق بىلەن دېھقاننىڭ روھى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

مۇئەللىم تاتلىق تۇيغۇلىرى سىڭىپ كەتكەن خىياللىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. گەرچە قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتى مائارىپ بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنىلا دېھقانغا خاس خاراكتېر ساقلىنىپ قالغانىدى. بىر ھېسابتا بۇنى ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىق دېيىشكىمۇ بولاتتى.

ھويلىدىن چىققان سۇلايمان مەجنۇنتاللىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مۇئەللىمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئارام ئېلىۋاتامدىلا، مۇئەللىم؟

مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇلايمانغا قارىدى. چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈشى بىلەن تەڭ، دەز ماڭغان ئەينەكتەك سانسىزلىغان سىزىقچىلار ئۇنىڭ يۈزىدە چوڭقۇر قورۇقلارنى ھاسىل قىلدى.

— ھە... ھە... ئېرىق بويىدا بىردەم سالقىنلاي دەپ...

ياز بويى سۆگەت ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىك ئېرىق ئۆستەڭدە سۇ بولسىلا ئۆكسۈپ قالمايتتى. قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن شىرىلداپ مېڭىپ، ئاخىر جاڭگالغا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ ئېرىق مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھويلا، باغلىرىنى سۇغىرىشقا

ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر ئائىلە كۈندە دېگۈدەك ھويلا ـ ئارانلىرىنى سۈپۈرگەندىن باشقا، دەرۋازا ئالدىدىن باشلاپ چوڭ يولنىمۇ سۇ چېچىپ سۈپۈرەتتى. شۇڭا، مەھەللە ئىچىدىكى بۇ يول يالىغاندەك پاكىز كۆرۈنەتتى.

سۇلايمان مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بەك جاپا تارتتىلا، مۇئەللىم، — دېدى سۇلايمان ئۇنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا سەپسالغاچ.

— تارتقان جاپانىڭ قىممىتى بولسا، ئادەم ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىكەن، — دېدى مۇئەللىممۇ بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە، — ھەرنېمە بولسا، ئىشلىرىمىزنى بىر يەرگە ئاپىرىۋالدۇق، زاۋۇت يېتىپ كەلسىلا ...

— ھېلىقى ۋاستىچىمۇ يوقاپلا كەتتىغۇ، مۇئەللىم؟

— ناھىيەدە ئارام ئېلىۋاتسا كېرەك، زاۋۇت كەلمىگەندىن كېيىن، ئېسىل مېھمانخانىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالدى بولغاي. ئۇنىڭ چىقىملىرىنى شىركەت كۆتۈرىدىكەن ئەمەسمۇ.

سۇلايمان بىر ئىشقا ئۆكۈنگەندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— مۇشۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىسا، جاپا تارتسا راھەت كۆرىدۇ دېگەن گەپكە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدىكەن، مۇئەللىم. دۇنيا نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن ـ ھە؟!

مۇئەللىم كۈلۈپ قويدى.

— دۇنيا مۇرەككەپ، تۇرمۇش رەڭدار دېگەن شۇ. قانداق قىلىمىز، «قاغا قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ». بىزمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ياشايمىز، قىلغان ئەجرىمىزدىن سۆيۈنىمىز، پەخىرلىنىمىز، گۈزەل ئارزۇلارغا چۆمۈلىمىز. ھاياتنىڭ قىممىتى ھەرگىز بىركىمنىڭ قانچىلىك راھەت كۆرۈشى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ.

سۇلايمان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭ-

شتىپ قويدى. مۇئەللىم گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى.
— ئۆمەر قارىم كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ ساقسىز بولۇپ قالمىغاندۇ؟
— ئاتام ساق، مۇئەللىم. سەللا بىكار بولسا جاڭگالغا شال-لىقنى يوقلىغىلى بارىدۇ. ئۆيدە ئارام ئېلىشنى دېسەممۇ ئۇنىمايدۇ شۇ.
— ھەي، ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەمنىڭ بىكار يۈرگۈ-سى كېلەمدۇ دەيسىز؟
— راست، ئاتام بىكار تۇرسا ئىچى پۇشىدۇ.
— خۇددى ھازىر دېگىنىمدەكلا، ھەممە ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئۆزىگە خاس ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ.
ئۇلار بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇشتى.
— مەن ماڭاي، مۇئەللىم، — دېدى سۇلايمان ئورنىدىن تۇ-رۇپ، — ئىش بولسا ھايت دەرلا.
— ماقۇل، ئۇكام.
سۇلايمان كەتكەندىن كېيىن، مۇئەللىم يەنە بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. بىركەمدە ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئۆستەڭ بويىغا بار-غۇسى كېلىپ قالدى. ئەگەر زاۋۇت قۇرۇلسىلا بۇ يەرنىڭ ئاۋات-لىشىپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى. ئۇ چاغدا مۇئەللىممۇ ئۆمەر خېلىلغا ئوخشاش ئۆيىدە تۇرغۇسى كەلمەي، تولا ۋاقىتلىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۆستەڭ بويىغا باردى. بۇرۇن بوككىدە ئورمانلار سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ يەر ھازىر ئاپئاپىقا قاقلىنىپ ياتاتتى. قومۇرۇپ تاشلان-غان ياش ئورمانلارغا بىر تۇرۇپ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپمۇ قالات-تى. لېكىن، مۇئەللىم زاۋۇت ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن-كى قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ كۆڭۈلسىز خىيالدىن تېزلا نېرى بولدى. بىرنەچچە بالا سىمونت كۆلچەكتە ئويناۋاتاتتى. مۇئەللىم ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— ھاي... ھاي... نېرى بېرىپ ئويناڭلار. يىقىلىپ كەت-

سەگلار بىر يېرىڭلارنى زەخمىلەندۈرۈۋالىسىلەر.

باللار مۇئەللىمنى كۆرۈپلا پارتىسىدە قېچىپ كېتىشتى. ئۇلار مۇئەللىم بىزنى ئۇرىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قېلىشقانىدى. مۇئەللىم قېچىپ كېتىۋاتقان بۇ نەچچە نارەسىدە بالىغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇلار ھازىر زاۋۇت دېگەننىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بىراق، تەرەققىيات مۇشۇنداقلا ماڭسا، كەلگۈسىدە ئۇلار كاتتا كارخانىچىلاردىن بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغقا بارغۇچە مۇئەللىم تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. روھى چاڭ ـ توزان بولۇپ ئۇچۇپ يۈرۈپ شۇ كاتتا مەنزىرىلەرنى كۆرەلىگەن بولسا ـ ھە؟! ئۆمۈر چەكلىك، ھايات چەكسىز دېگەن شۇ. بۇ دۇنيا مۇشۇنداق كۈچ ئۇلاش ھەرىكىتىگە ئوخشاش ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ھايات ئېقىنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ساقلايدىكەن. مەيلى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ئۆتمۈش ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلايدىكەن. شۇڭىمۇ قايسىبىر مۇتەپەككۇر: «ئۆزۈڭنى سۆي!» دەپتىكەن. ئادەم ئۆزىنى سۆيۈشى، ئەتراپىدىكىلەرنى سۆيۈشى لازىم.

مۇئەللىمنىڭ خىيالى يەنە تۇرۇپلا ۋاستىچىگە بۇرالدى.

بۇ ئادەم نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ ئىشتىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالماس ـ ھە؟!

## 2

ئاردىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. يا ۋاستىچىدىن، يا زاۋۇتتىن خەۋەر يوق ئىدى. مەھەللىدە ئورما مەزگىلى يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، دېھقانلار بىر يىللىق ئەجرىنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان بۇغداي ئورمىسىنى ھاياجان، تەقەززالىق ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدى. مۇئەللىمنىڭ تەقەززاسىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايتتى. ئاخىر ئۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئىلگىرى زاۋۇت قۇرۇش

www.uyghurkitap.com

قىزىقچىلىقىدا كاللىسىغا كەلمىگەن نۇرغۇن تەشۋىشلەر ئەمدى
ئۇنىڭ روھىغا قوقاق سېلىۋاتاتتى. قويمىچىلار ھەققىدىكى ۋەقە-
لەرمۇ بىر - بىرلەپ ئېسىگە كېلىۋاتاتتى. ئۇ پۇتى كۆيگەن تو-
خۇدەك تۇرالماي قالدى. تەشۋىشى كۈچەيگەنسېرى ۋاستىچىنى
ساقلاش خىيالىدىنمۇ يالتىيىشقا باشلىدى. نېمىلا بولسا ناھىيە-
گە بېرىپ ۋاستىچىنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى. ئەگەر ۋاستى-
چى ناھىيەدە بار بولسىلا، زاۋۇتنىڭ كېلىشى سەل كېچىكسىمۇ،
ئۈمىد بار دېگەن گەپ ئىدى.

ئۇ ناھىيەگە بېرىپ، چوڭ مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىنى
بىر قۇر ئىزدەشتۈرۈپ چىقتى. لېكىن، ۋاستىچىنىڭ ئۆزى ئە-
مەس، مېھمانلار تىزىملىكىدىن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ تېپىلمىدى. مۇ-
ئەللىمنىڭ كۆڭلىگە رەسمىي قورقۇنچ چۈشتى. بىر تۇرۇپ، «پۇل
تېجەپ يانچۇقۇمنى تومپايتىمەن دەپ ئەرزان مېھمانخانىلاردا تۇ-
رۇۋاتقان بولسىچۇ؟» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى. ئۇمۇمنىڭ پۇلىنى
خەجلەيدىغانلار مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئارىدىن پايدا ئۇندۇ-
رۇۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد -
ئىشەنچى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئادەتتىكى مېھمانخانىلارنىمۇ
ئىزدەپ كۆردى. ئىشنىڭ نەتىجىسى دەسلەپتىكى بىلەن ئوخشاش
بولۇپ چىقتى. مۇئەللىم قورقاتتى، يەنە تەن بەرگۈسى كەلمەيت-
تى. ئۇنى بىرەر باغدا ئويناپ يۈرگەندەكمۇ ھېس قىلاتتى. چۈن-
كى، مۇشۇ كۈنلەردە ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا باغ ئارامگاھلىرى
كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزى بىلىدىغان بىرنەچچە ئا-
رامگاھقا باردى. ئارامگاھلارنىڭ سالقىن ھاۋاسى، كۆڭۈللەرنى لال
قىلىدىغان شادىيانە ناخشا - مۇزىكىلىرى بارغان ئادەمنى قايت-
قۇسى كەلمەيدىغان قىلىپ قوياتتى. بىراق، ھازىر مۇئەللىم ئۈ-
چۈن بۇ ئەۋزەللىكلەر بىر تىيىن، ھەتتا ئاشۇ ناخشا - سازلارمۇ
قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. بۇنىڭدىن كاتتىراق كۆڭۈل
خۇشى بولغان تەقدىردىمۇ، مۇئەللىمنىڭ رايى بارغۇدەك ئارامى

يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئازابلىق كۆڭلىدە قىيامەت قايىم بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر ھەممە ئارامگاھلارنى قېزىپ چىقتى، بىراق ۋاستىچىنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى.

مۇئەللىمنىڭ يەنىلا بەل قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئېسىگە كەلگەن ھەممە ئېھتىماللىقلارنى ئويلاپ چىقتى. ئاشۇ پەرزلىرى بويىچە ئۆزى تۇرۇشلۇق يېزا بازىرىنىمۇ ئىزدىدى. بازاردا مېھمانخانا يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سەل قارىغۇسى كەلمىدى. نەتىجە مۇئەللىم كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز ئازاب ۋە ھەسرەت بولدى. كۆز ئالدىدا يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوتلا مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئوت مۇئەللىمنى، ئۇنىڭ ھەممە... ھەممە نەرسىلىرىنى كۆيدۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى.

مۇئەللىم مەھەللىگە قايتىپ كېلىپ، نەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقماي ياتتى. نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگىنىدىگە قارىماي، بۇ قېتىمقى كېلىشمەسلىك ئۇنىڭغا ئېغىر دەرد قىلغانىدى. خېلى ياخشىلىنىپ قالغان يۈرەك كېسىلىمۇ شۇنىڭ بىلەن يەنە قوزغىلىپ قالدى. ئۇ ئۇن ـ تىنسىز ياتقىنى بىلەن، شۇنچە يىللار بىللە ياشاپ، مۇئەللىمنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغىچە چۈشىنىپ كەتكەن ئايشىخان بىرەر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

ــ زاۋۇتنىڭ ئىشىدىن چاتاق چىققان ئوخشىمامدۇ، مۇئەللىم؟ ــ دېدى ئايشىخان مۇئەللىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئېھتىيات بىلەن.

مۇئەللىم ئېغىر كېسەل ئادەمدەك ئىنجىقلاپ ياتاتتى. ئۇ ئايالىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىشنى ئويلىدى ـ يۇ، يەنىلا ئۇنداق قىلالمىدى. گەرچە ئايشىخاننىڭ قولىدىن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈدەك چوڭ ئىش كەلمىسىمۇ، مۇشۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ھالىغا مۇڭ قوشىدىغانغىمۇ بىرەرى بولمىسا بولمايتتى.

ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ بىر يانغا ئۆرۈلدى.

— ئىش... ئىش... چاتاقتەك تۇرىدۇ. بىز قويمىچىغا ئۇچراپ كەتكەن ئوخشايمىز.

ئايشىخان تۇيۇقسىز تاپىنىغا تىكەن كىرىپ كەتكەن ئادەمدەك ئاچچىق بىر تولغاندى، ۋۇجۇدىدا تەسۋىرلىگۈسىز ئاغرىق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ۋارقىراپ ئاللا - توۋا كۆتۈرگۈسى، قار - يامغۇر ياش تۆكۈپ يىغلىغۇسى كەلدى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. بۇ، ئىش كۆرمىگەن، كاللىسى ئاددىي نادان ئاياللارنىڭ قىلىقى ئىدى. بۇنداق قىلسا ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋېلىش بىلەنلا قالماي، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك، مۇئەللىمنىڭ ئازابىنىمۇ كۆپەيتىۋېتەتتى. ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى، كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى زورغا يۇتۇۋەتتى.

— بۇنى قانداق بىلدىلە؟

مۇئەللىم تۇيۇقسىز كەلگەن يۆتەلدىن دېمى سىقىلىپ، بىر پەس ھاسىراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، خىرقىراق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋاستىچى يوقاپ كەتتى. زاۋۇتتىنمۇ ھېچبىر خەۋەر يوق. قارىغاندا ئۇ بىزنى قويۇۋەتكەندەك قىلىدۇ.

— بىرەر ئىشى چىقىپ قېلىپ قايتىپ كەتكەن بولسىچۇ؟

— بىز ۋاستىچى ئارقىلىق زاۋۇتنى زاكاز قىلغىلىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى. ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ كەمگىچە زاۋۇت كېلىشى كېرەك ئىدى.

— كېچىكمىپىرەك كېلىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، ئۇنداق ئىچىلىرىگە ئېلىپ كەتمىسىلە.

— ياق، مەن تۇيۇپ بولدۇم، بىز قويۇلۇپ كەتتۇق.

— ئەمىسە ... ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— مەنمۇ بىلمىدىم. قاراپ تۇرۇپ ساق بېشىمغا پىت سىپلىۋاپتىمەن. بۇنداق ... بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام ...

— ھېلىمۇ ئىشىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئويلايلى، مۇئەللىم.

— مېنى ئويلىمىدى دەمسىز؟ ئەمدى ئۆزۈمنى بەزلەشكە ئامالىم يوق.

— ناھىيەگە بېرىپ، ئىشىنىڭ جەريانىنى غەيرەتجانغا ئېيتايلى بولمىسا.

— قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ دەسلەپتە ئۇ مېنى توسقاندا، گېپىگە قۇلاق سالمىغان تۇرسام.

— ئۇنىڭدىن باشقا كىمگە ئېيتىمىز؟ مەھەللىدىكىلەر ئاڭلاپلا قالسا، چۇقان كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا كېلىۋالارمىكىن.

مۇئەللىم يەنە ئويلىنىشقا باشلىدى. بىر ھېسابتا ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭمۇ ئورنى بار ئىدى. باشقا كۈن چۈشكەندە قېرىنداشقا قېرىنداش ئەسقاتمىسا كىم ئەسقاتىدۇ؟ پۇشايمان قىلىپ، ئاھ ئۇرۇشلار بىلەن ھېچ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

— ماڭا دورامنى ئەكېلىۋېتىڭا.

مۇئەللىم ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى شۇنچىلىك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدىكى، بۇ ئىشنىڭ بېسىمى ھەيدەكچىلىك قىلمىغان بولسا، ئالدىغا تەختىراۋان ئەكەلگەن تەقدىردىمۇ ئورنىدىن تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇ ئايالى ئەكەلگەن بىر پىيالە قايناق سۇ بىلەن بىرنەچچە تال تابلىتكا دورىنى ئىچىۋالدى.

— مەن ناھىيەگە باراي.

— مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە باراي، — دېدى ئايشىخان ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ.

مۇئەللىممۇ ئۇنىڭ بېرىشىنى خالاپ قالدى. ئوغلىغا بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ئادەم لازىم ئىدى. ئۇ بولغان ئىشلارنى ئوغلىغا قانداق چۈشەندۈرۈشنىمۇ بىلمەيۋاتاتتى.

## 3

غەيرەت ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئادەم سانى كۆپ بولغاچقا، قىلىدىغان خىزمەتـمۇ ئالدىراش بولاتتى. ناھىيەگە قاراشلىق بارلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈشتىن تارتىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىپلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقىچە بولغان تۈگىمەس ئىشلار ئۇلارنى ھاردۇرۇپ ھېچ ھالىنى قويمايتتى. يەنە ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ھەمكارلاشمىسا بولمايتتى. تولا ھاللاردا شەنبە، يەكشەنبىلەردىكى ئارام كۈنلىرىنىمۇ خىزمەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. خىزمەتتىن سەل بوشانغان چاغلىرى بولسا يېقىن ـ يوقۇقلارنىڭ توي ـ چايلىرى دېگەندەك مېھماندارچىلىقلارغا سەرپ بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ يېزىغا بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلايدىغان ۋاقتى تولىمۇ ئاز چىقاتتى.

ئۇ ئىشتىن كېلىپ، ئەمدىلا ئۆزىنى كىرېسلوغا تاشلاپ ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك قوڭغۇرىقى بېسىلدى. ئايالى ئاشخانىدا كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. غەيرەت ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. مەكتەپ ئالمىشىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئۇنى ئىزدەيدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. گاھىلىرى مۇشۇنداق ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشكەن ۋاقتىنى نىشانلاپ ئۆيىگىمۇ كېلەتتى.

غەيرەت خاپىغان بىر چىراي بىلەن ئىشىكنى ئاچتى. لېكىن، ئىشىك تۈۋىدە بويۇن قىسىپ تۇرغىنى باشقا بىر ھاجەتمەن بولماستىن، نەچچە ئايدىن بېرى يوقلاشقا چولىسى تەگمىگەن مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى ئىدى.

— ۋۇي، سىلەرمىدىڭلار، دادا، ئاپا. ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ —

غەيرەتنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى. ئىتتىك بېرىپ دادىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاپىسىنى قۇچاقلىدى. ئاندىن ئاشخانىدا ئۆيگە قاراپ توۋلىدى، — رەيھان، بۇياققا چىقمىدىڭ، دادام، ئاپاملار كەپتۇ.

رەيھانمۇ ئاشخانىدىن چىقىپ قېيىنئاتا، قېيىنئاپىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئىككىسى بىرلىكتە چوڭلارنى كىرىشلوغا باشلىدى. مۇئەللىم ئادەت بويىچە قول كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلدى. دۇئادىن كېيىن ئۇلار يەنە بىر قېتىم تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى:

— دادا، ئاپا، سالامەت كەلدىڭلارمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، بالىلىرىم، ئۆزۈڭلارمۇ سالامەت تۇرۇۋېتىسىلەر.

— ھەممىمىز سالامەت، قېنى ئازادە ئولتۇرۇڭ، دادا.

مۇئەللىم خۇددى بۇ ئۆيگە كەلمىگىلى ئۇزۇن بولغاندەك تۆت تامغا تەكشى قاراپ چىقتى. غەيرەتنىڭ چوڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپكە، ئىككىنچى قىزى ئىچكىرىدىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، ئۆيدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يالغۇز قالغانىدى.

غەيرەت دادىسىنىڭ كېسەل ئادەمدەك سولغۇن چىرايىغا، روھى چۈشكەن تۇرقىغا قاراپ ھەيران بولدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ تولىمۇ روھلۇق ئىدى، ھەتتا نەچچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— دادا، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ بىر خىل ئەندىشە ئىچىدە.

مۇئەللىم ئۈندىمىدى. ئۇ گەپنى نەدىن باشلاشنىمۇ بىلمەيتتى. ئايشىخان ئېغىزىنى ئۆمەللەپرەك توختاپ قالدى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان گەپنى قىلىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويماي دەپ ئېھتىيات قىلىپ قالغانىدى.

غەيرەت چوقۇم بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىر ئىش بولدىمۇ، دادا؟ — دېدى ئۇ يەنە.

مۇئەللىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. بۇ يەرگە ئوغلىغا گەپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن، چوقۇم گەپ قىلىش كېرەك. بۇنداق چىشنى چىشلەپ ئولتۇرىۋېرىسىمۇ قاملاشماس.

— بالام ... — ئۇ گېپىنى باشلا ـ باشلىمايلا شۈكلەپ قالدى، سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە داۋاملاشتۇردى، — مەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدىم ...

خاتىرجەم پېنسىيە مائاشىنى يەپ ياتقان ئادەمنىڭ قانداق كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغىنىنى چۈشىنەلمىگەن غەيرەت قايتۇرۇپ سورىدى:

— ئوڭۇشسىزلىق؟ قانداق ئوڭۇشسىزلىق، دادا؟

— سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىماي ... مەھەللىدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، زاۋۇت قۇرۇشنىڭ يولىنى قىلغانىدىم. ھەممە ئىش تەييار بولغاندا ۋاستىچى يوقاپ كەتتى.

— ۋاستىچى؟ نەدىن كەپتىكەن؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، بالام، ھوشۇر ھاپىز شوجاڭنىڭ ئوغلى بىلەن توردا زاۋۇت ئالاقىلىشىۋاتساق، بىر ۋاستىچىلىك شىركىتى پەيدا بولۇپ، بىز ئېھتىياجلىق زاۋۇتنى ئەرزان باھادا ئەكەلدۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىنى، تەپسىلىي ئادرېسىمىزنى يوللاپ بەرسەك بىر ئادەم ئەۋەتىپ، زاۋۇتنى قۇراشتۇرۇپ ئىشقا چۈشكۈچە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر يوللىدى. ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قاپتىمىز. ئادەمغۇ كەلدى. پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپ، نەچچە كۈن بولغاندا، زاۋۇت كەلگۈچە ناھىيەدە مېھمانخانىدا تۇرۇپ تۇراي دەپ بىر كەتكەنچە كۆزدىن يىتتى.

— قانچە پۇل تاپشۇرغانىدىڭلار؟

— 210 مىڭ يۈەن تاپشۇرغان.

غەيرەتنىڭمۇ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. 210 مىڭ يۈەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ نۇرغۇن ئائىلىلەر يىغىش قىلغان

پۇل بولغاچقا، باش ئاغرىقنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ تەبىئىي ئىدى.
— ھەممە ئىشلارغا سىز باش بولغانمىدىڭىز؟
— شۇنداق ...
غەيرەت بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق گەپ قىلماقچى بولۇپ توختاپ قالدى. ئەمدى ئۇنداق گەپلەرنى قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ھېلىمۇ دادىسى تۈگىشىپ كېتىپتۇ. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، دادىسى ئاران تۇرغاندا قاتتىق گەپ قىلىپ دىلىغا ئازار بەرسە قاملاشمايتتى. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى ئوڭشاشنىڭ بىر يولىنى قىلىش زۆرۈر ئىدى.
ئۇ ھوشۇر ھاپىزغا تېلېفون قىلىپ ئوغلى كەنجىنىڭ نومۇرىنى سورىغاندىن كېيىن، كەنجىگە تېلېفون بېرىپ، ھېلىقى كونى دادىسى بىلەن كۆرگەن تور بېتىدىن، ئۇچۇر يوللىغان ۋاستىچىلىك شىركىتىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلدى. ئۇلار ساقلا ـ ساقلا يېرىم كېچە بولاي دېگەندە كەنجىدىن خەۋەر كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ۋاستىچىلىك شىركىتىنىڭ ئادرېسىنى تاپالماپتۇ. ھېلىقى كونى ئۇلارغا ئۇچۇر يوللىغان بىلوگمۇ ئېچىلماپتۇ. چەكسە بۇ بىلوگنىڭ تاقالغانلىقى توغرىسىدا بايانات چىقىپ تۇرۇۋاپتۇ. دېمەك، ئۇ مەۋجۇت ئەمەس بىر شىركەت بولۇپ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالدامچىلار ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانىدى.
— ئەتە دېلو مەلۇم قىلايلى، — دېدى غەيرەت.
مۇئەللىم چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.
— مەھەللىدىكىلەر ئۇقۇپ قالسا ...
— ئامال يوق، «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دەپتىكەن. چوغنى پاختىنىڭ ئىچىدە ساقلىغىلى بولمايدۇ. ھازىر بۇ ئىشنى مەھەللىدىكىلەردىن يوشۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلماي، قۇۋمىچىلارنى تېزرەك تېپىشقا ئالدىرايلى. ساقچىلار ئۇلارنى ئىزدەپ باقسۇن.

— بۇنىڭ ئۇنۇمى بولارمۇ، بالام؟

— ھازىرچە بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن ساقچىلارنىڭ كۆچىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ.

— مەيلى، دېگىنىڭچە بولسۇن.

مۇئەللىم بىر قېتىم ئوغلىنىڭ گېپىگە كىرمەي بۇرنىغا يېگەچكە، ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى يېرىشقا پېتىنالمىدى. بىر ھېپ-سابتا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ كېيىن ئۇققىنىدىن ھازىر ئۇققىنىمۇ تولۇكتەك قىلاتتى. بەربىر ئوتنىڭ تېشىدا كۆيسىمۇ شۇ ئازاب، ئىچىدە كۆيسىمۇ شۇ ئازاب ئەمەسمۇ؟!

ئۇلار ئەتىسى ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىگە كىرىپ دېلو مە-لۇم قىلىشتى. ئالداپ كېتىلگەن پۇلنىڭ سوممىسى كۆپ بول-غاچقا، ساقچىلارمۇ بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلدى. مۇئەللىم-دىن تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، نەچچە كۈن ئىچى-دىلا رازۋېدكا خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

مۇئەللىم بىلەن بىر مەھەللىلىك كېرەم ساقچى ئۇزۇن يىل ج خ سىستېمىسىدا خىزمەت قىلىپ، يېڭىلا دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەنىدى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، غەيرەتنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭدىن ھال سوراپ كەلدى.

— ئەنسىرىمىسىلە، مۇئەللىم، — دېدى ئۇ ئۇزۇن يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئېغىر - بېسىق مىجەزى بىلەن، — ئادەم ماڭغانىكەن، ئىزى قالىدۇ. مېنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا، بۇ قويمىچىلار تېخى پىشمىغانلاردىن ئىكەن.

— قانداق دەيسىز؟ — دېدى مۇئەللىم كۆزلىرىدە ۋىللىدە بىر ئۈمىد نۇرى ئۇچقۇنلىغاندەك بولۇپ.

— توردا مەشغۇلات قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ سالاھىيەت ئارخىپى ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇ يەردىن ئىز قوغلاپ رازۋېدكا قىلسا چوقۇم يىپ ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

— شۇنداق بولغاي، ئىلاھىم، كاززاپلارنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالساقلا پۇللارنى قايتۇرۇۋالغىلى بولاتتى ھە، كېرەم ئاخۇن؟
— بەلكىم، مېنىڭچە بۇ دېلودا ئۈمىد بار.
— بولسا ... ئۆزىڭىز بىر ياردەم قىلسىڭىز...
كېرەم ساقچى كۈلۈپ قويدى.
— مەن دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتتىم، بولمىسا چوقۇم بۇ دېلوغا قاتناشقان بولاتتىم. ھېلىھەم بولسىمۇ ياردىمىمنى ئايىمايمەن، — كېرەم ساقچى مۇئەللىمگە يېقىنراق كېلىپ قوشۇپ قويدى، — ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ھەرقايسىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاچ مەھەللىدە ئۆتكۈزەيمىكىن دەيمەن، قوبۇل قىلارسىلەرمۇ؟
مۇئەللىمنىڭ غەم بولۇتلىرى قاپلىغان چىرايىغا خۇشاللىق ئالامەتلىرى يامرىدى.
— ئالامدىغان، كىچىكىمىزدە بىللە ئويناپ چوڭ بوپتىمىز، كېيىن تۇرمۇش سەۋەبىدىن تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلدۇق. ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر يەرگە جەم بولۇپ ياشىساق نېمىدېگەن ياخشى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ياشانغانسېرى مۇڭسىرايدىغان، بىرەرنى تېپىپ ھال ئېيتقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالىدىكەن.
— شۇ ئەمەسمۇ، بەك چارچاپ كەتتىممۇ ياكى ئۇدۇم تارتىۋاتامدۇ، بىلمىدىم، شەھەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن بەكلا زېرىكتىم، كۆڭلۈم مەھەللىنى تارتىپلا تۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇپراق بېشىنى ئايلانغاچ مەھەللىدە ئەل ـ جامائەتكە قېتىلىپ ئۆتەيمىكىن دەيمەن.
— ياخشى ئويلاپسىز. قاچانراق قايتاي دەيسىز؟
— مەھەللىدىكى چوڭلاردىن قالغان ئۆينى رېمونتلاش ئۈچۈن ئادەم سېلىپ قويغاندىم. ئىش تۈگىسىلا قايتىمەن.
— ماقۇل ئەمىسە، مەھەللىگە بارغاندا كۆرۈشەيلى.
ئۇلار تولىمۇ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە خوشلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4

كېرەم ساقچىمۇ ياشلىقىدا ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. كېيىن ئۇ مائارىپ تەربىيەسى سىڭمىگەن ئادەمنى قانۇن تەربىيەسى ئارقىلىق ئوڭشاشنى ئويلاپ قالدىمۇ، تۇرۇپلا ساقچىلىققا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر ئىشنى قىلنى قىرىققا يېرىپ مۇلاھىزە قىلىدىغان گىجىلىك مىجەزى ساقچىلىق كەسپىگە دەل چۈشتى. بىر مەزگىل يېزىلىق ساقچىخانىلاردا ئىشلىگەندىن كېيىن، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ ناھىيەگە يۆتكەلدى. ناھىيەدىمۇ رازۋېدكا جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتداش، كەسىپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

بىر قېتىم ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىدىكى قارلىغاچتاغ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئۆستىڭىدىن چىپتا تاغارغا قاچىلانغان بىر جەسەت بايقالدى. تېخنىك خادىملارنىڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئانالىز قىلىشى نەتىجىسىدە: «ئۆلگۈچى ئەر، قىرىق بەش ياشلار ئەتراپىدا، باشقا جايدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن تاغارغا قاچىلاپ ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىلگەن. ئۆلگىنىگە تەخمىنەن ئۈچ كۈن بولغان. ئۆلۈش سەۋەبى، ئارغامچىدەك بىرنەرسە بىلەن كانىيى بوغۇلغاچقا، نەپەس يېتىشمەي تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەدىنىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە زەخىملەنگەن ئىز بار» دەپ يەكۈن چىقىرىلدى.

ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كېرەم ساقچى باش بولۇپ تۆت نەپەر ساقچىدىن تەركىب تاپقان رازۋېدكا گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ئۇلار تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بىرەيلەن ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل بولۇپ، قالغان ئۈچەيلەن تەكشۈرۈش نۇقتىسىنى ئۆستەڭ بويى-

ـدىن باشلاشنى قارار قىلدى ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆردى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۆستەڭ بويىدا نۇرغۇن ئاياغ ئىزلىرى بار ئىدى. قايسىسىنىڭ گۇماندارنىڭ ئىزى ئىدـ كەنلىكىنى بايقاشمۇ تەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار قىلچە بوشاشماستىن تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. جەسەت تاغارغا سېلىپ ئەكېلىنگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى هارۋا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قاتناش ۋاسىتىسىگە سېلىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئادەم ئىزىدىن كۆرە، ئاشۇنداق ئىزلارغا بەكرەك دىققەت قىلدى.

بىر چاغدا كېرەم ساقچى ئۆستەڭ قىرىدا سۇغا قاراپ سۆـ رەلگەن ئازراقلا بىر ئىزنى بايقاپ قالدى. ئەگەر بۇ ئۆستەڭدىن يۇقىرىغا قاراپ سۆرەلگەن ئىز بولسا، چوقۇم سارقىغان سۇنىڭ ئىزى بولاتتى. ئۇنىڭ قۇرغاقلىقىدىن قارىغاندا، ئۆستەڭگە سۆـ رەلگەن نەرسىدىن قالغان ئىزلىقى مۇقەررەر، دەپ هۆكۈم قىلدى كېرەم ساقچى.

— ئالدىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، — دېدى ئۇ خىزمەتداشلىدـ رىنى ئاگاهلاندۇرۇپ، — بۇ يەر جەسەت ئۆستەڭگە تاشلانغان نەق مەيدان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلار ئېهتىيات بىلەن دەسسەپ، گۇمانلىق ئىزغا يېقىنلاشـ تى. قىرغاقتىكى سۆرىلىش سەۋەبىدىن سۇنغان ئوت ـ چۆپلەرمۇ تېخى ئەسلىگە كەلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ يېتىشىغا قارىغاندىمۇ، ئىزنىڭ ئۆستەڭ ئىچىگە قاراپ سۆرەلگەنلىكى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

كېرەم ساقچى بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇرۇپ، نەق مەيداـ نىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ ماڭسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپتىكى باشقا ئىزلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى.

— بۇ يەردە بىر ئىز بار ئىكەن، — دېدى ئۇنىڭ هەمراهى.

كېرەم ساقچىمۇ بايقىغانىدى. نۇرغۇن ئاياغ ئىزلىرى ئاسـ تىدا ئۇ يەر ـ بۇ يېرى ئۈزۈك هالەتتە كۆرۈنگەن بۇ ئىز — رېـ

زىنكە چاقلىق هارۋىنىڭ ئىزىغا ئوخشاپ تۇراتتى.

— بۇ ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتنىڭ ئىزى ئىكەن، — دېدى كېرەم ساقچى، — بۇ مۇھىم ئىسپات، دەرھال سۈرەتكە تارتىڭلار.

ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت شۇ چاغلاردا ئاساسلىق موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ھېسابلىناتتى. ساقچىلارمۇ شۇ خىل موتوسىكلىتنى ئىشلىتەتتى. مۇنداقراق ئائىلىلەرنىڭ ئۇنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى.

ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىكى نەق مەيدان خاتىرىلىرىنى ئەكېلىپ، ئىدارىگە دوكلات قىلدى. شۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ سالاھىيىتىمۇ ئېنىقلاندى. ئۆلگۈچى «ياۋاغ كەنتى»دە ئولتۇرۇشلۇق بەكرى پەتتار ئىسىملىك دېھقان، بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ خەۋىرى بولمىغان. ئايالى گۈلنىساخان ئىمامنىياز، ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا، بەكرى بىلەن توي قىلغىنىغا بەش يىل بولغان. چىراي شەكلى قاملاشقان ئايال. لېكىن، هازىرغىچە تۇغمىغان. تولۇقسىز ئىسپاتلارغا قارىغاندا، مۇشۇ سەۋەبلىك ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پات - پات ئۇرۇش - جېدەل يۈز بېرىپ تۇرغان. جەسەت تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، گۈلنىساخان هازىر ئېرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا غەيرىي ئەھۋال بايقالمىدى.

كېرەم ساقچى ئەتىسىلا رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئۇ ئائىلىگە باردى. ئۆلگۈچى يېڭىلا يەرلىكىدە قويۇلغان بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغىلىپ هازا ئېچىشىۋاتاتتى. نورمال ئۆلۈم بولسىمۇ بىر نۆرى، لېكىن ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەنلىكى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى. قويۇق مۇسىبەت كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ئائىلىگە قارىسا كىشىنى يىغا تۇتاتتى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن دېلونى رازۋېدكا قىلىشنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. قاتىل قانچە تېز تۇتۇلسا، مەرھۇمـ

نىڭ روھى شۇنچە تېز ئەمەس تاپاتتى.

كېرەم ساقچى بۇ ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تەكشۈرۈپ چىقتى. سىياسەت يۇقىرالارنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، بەكرى پەتتار مەھەللىدە بىرىنچى بولۇپ بۇ يولغا ماڭغان. دەسلەپتە چارۋا مال سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئۆزىدىكى قىزىقىش بويىچە ئىلى، ئالتاي تەرەپلەردىن ئات ئەكېلىپ ساتقان. نەتىجىدە تىجارىتى روناق تېپىپ تېزلا بېيىشقا باشلىغان. «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك، ئۇ پۇل تاپقاندا دوستى كۆپەيگەن، ئويۇن ـ تاماشىسى ئاۋۇپ قالغان. كۆزى ئېچىلغانسېرى ئىلگىرىكى جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولغان قەدىناس ئايالىدىن چېنىپ، ئۇنى قويۇۋەتكەن ۋە شۇ ئايدىلا چارشەنبە بازاردا داڭقى چىققان «گۈلنىسا سەتەڭ» بىلەن توي قىلغان. گۈلنىساخان يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئىش كۆرگەن قاقباش خوتۇن بولغاچقا، تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىلەن ئۇنى ئاغزىغا قارىتىۋالغان. ئۇ ئويۇن ـ تاماشىدىن قالمەن دەپمۇ، ئىشقىلىپ، تۇغماسلىقتا دورا قىلمىغۇەتكەن. بەكرى باشقا ئىشلاردا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىسىمۇ، مۇشۇ ئىشتا ئايالى بىلەن پات ـ پات غىڭ ـ غىڭلىشىپ تۇرغان. ئات سودىسى يۇرتىمۇيۇرت سەپەر قىلىپ ماڭىدىغان جاپالىق ئىش بولغاچقا، ئۇ ئىككى يىل ئاۋۋال ئات سودىسىنى تاشلاپ، كىيىم ـ كېچەك سودىسىغا كىرىشكەن. سودىسىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىر دانە ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىت سېتىۋالغان.

مەھەللىدىكىلەر «بەكرى پەتتارنىڭ بېشىغا مۇشۇ خوتۇن چىقتى» دەپ قارايتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ پەرىزىگە تايىنىپ ئېيتقان گەپلىرى بىلەنلا گۈلنىساخاننى گۇماندار قىلىپ بېكىتىشكە بولمايتتى.

كېرەم ساقچى تەكشۈرۈشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە گۈلنىساخاننى قەستەن بوش قويۇۋەتتى. نەچچە قېتىملىق ئۇچرىشىش-

تا سالام ـ سەھەتتىن باشقا گەپ قىلمىدى. قارىماققا ئۇنىڭ بۇ دېلو بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەكلا بىلىنەتتى. كېرەم ساقچى پەقەت بەكرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قوشنا ـ قولۇملاردىن ئارىلاپ بىر ـ ئىككى ئېغىزدىن گەپ سوراپ قوياتتى. باشقا چاغلاردا مەھەللە يولىدا قىلغىلى ئىش تاپالمىغان ئادەمدەك بېشىنى سېلىپ، ئۇن ـ تىنسىز ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ شۇ مېڭىشىدا مەھەللە ئىچىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. بەكرىنىڭ ئايالى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئۈچ نەزىرىگە تەييارلىق قىلىشىۋاتاتتى. كېرەم ساقچى ئۇلاردىن ھال سوراپ بۇ ھويلىغا يەنە بىر قېتىم كىردى. بەكرىنىڭ پېشايۋانلىق تۆت ئېغىز ئۆيىنى بەك ھەشەمەتلىك دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۆي ئىچى سەرەمجانلىرىمۇ ئادەتتىكىچىلا ئىدى. ھويلىنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، بۇلۇڭدىكى لاپاسلىق قوتاندا يىگىرمە تۇياق ئەتراپىدا قوي بوردىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا يانداشقان يەنە بىر ئالاھىدە قوتاندا تۆرقى ئەرەب ئارغىماقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، تولىمۇ قاملاشقان بىر ئارغىماق باغلاقلىق ئىدى. بەكرى گەرچە ئات سودىسىدىن قول ئۈزگەن بولسىمۇ، ئاتقا بولغان ھەۋىسىنى تاشلىماي، بۇ ئاتنى كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن بېقىۋاتقانىدى.

كېرەم ساقچى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھويلىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا ئۈستىگە پالاس يېپىپ قويۇلغان ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتنىڭ يېنىغا باردى. خۇددى موتوسىكلىتقا ھەۋىسى بار ئادەمدەك قىزىقىش ئىچىدە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، پالاسنى تارتىپ ئاچتى. موتوسىكلىت پاكىز يۇيۇپ تازىلانغانىدى. ھەتتا چاقلىرىغا يۇققان لاي ـ پاتقاقلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. ياندىكى يۇمىلاق كوزۇپىنىڭ ئىچىمۇ شۇنداق پاكىز تازىلانغانىدى. كېرەم ساقچى چاقنىڭ گۈللىرىنى كۆز سىنىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆستەڭ بويىدىكى ھېلىقى ئىز بىلەن خىيالىدا سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئۈچ چاقتىكى ئالاھىدىلىك ئۇ ئىز بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىد-

دى. دېمەك، بۇ موتوسىكلىت جەسەت يۆتكەشتە ئىشلىتىلگەن. ئۇنداقتا موتوسىكلىتنى كىم ھەيدەپ جەسەتنى ئۆستەڭ بويىغا ئاپارغان؟ بەلكىم قاتىل مۇشۇ ئائىلىدە بولۇشى ياكى مۇشۇ ئائىلىدىكى بىرەرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار بولۇشى مۇمكىن.

كېرەم ساقچى پالاسنى بۇرۇنقىدەك موتوسىكلىتنىڭ ئۇستىدىگە يېيىپ قويۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئارقىسىغا ياندى. گەرچە ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن موتوسىكلىتقا قىزىقمۇاتقاندەك قىلسىمۇ، ھويلىدا ئۈچ نەزىرنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئاستىرتىن كۆزىتىشكە سەل قارىمىغانىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ ھويلىدا تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى تازا ياقتۇرمىغاندەك قىلاتتى، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ھەيرانلىق، قىزىقىش ئىچىدە مۇنداقلا قاراپ قوياتتى. پەقەت گۈلنىساخانلا ئۇنى - بۇنى قىلىۋېتىپمۇ كۆزلىرى كېرەم ساقچىنىڭ ھەرىكىتىدە ئىدى. كېرەم ساقچى موتوسىكلىتنىڭ يېنىغا بارغاندا، بولۇپمۇ موتوسىكلىتنىڭ چاقلىرىنى سۈرەتكە تارتىۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايىدا دەلىللىك ئۆزگىرىش بولدى. دەسلەپتە مەڭزىگە ياللىدە قىزىللىق تەپتى، ئارقىدىنلا بېشىدىكى قارىلىق رومىلىدەك ئاقىرىپ كەتتى.

كېرەم ساقچى بۇ دېلوغا قارىتا مەلۇم دەلىل، قىياسلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىدارىگە قايتىپ كەلدى - دە، شۇ كۈنى كەچتە دېلو گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق خادىملار مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە دېلوغا قارىتا تەھلىل ئېلىپ بېرىش يىغىنى ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال دېلوغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەت، نەق مەيدان خاتىرىسى قاتارلىقلارنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ دېلوغا بولغا كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— مېنىڭچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى گۈلنىساخان بۇ دېلودىكى ئاساسلىق گۇماندار بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى، جەسەت ئۆستەڭگە تاشلانغان نەق مەيداندا ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتنىڭ ئىـ

ـزى بايقالغان. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىمۇ دەل مۇشۇنداق موتوسىكـ
لىتتىن بىرى بار ئىكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئۇ
ئىزنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىكى موتوسىكلىت قالدۇرغان دەپ بېـ
كىتىشكە بولىدۇ. ئىككىنچى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ گۈلنىساخانغا
قارىتا ئىنكاسى ياخشى ئەمەس. ئۈچىنچى، تەكشۈرۈش جەريانىدا
گۈلنىساخاننىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ نورمالسىزلىقى بايقالدى.
بولۇپمۇ، مەن موتوسىكلىتنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ئۇ بەك جىددىيلەـ
شىپ كەتتى. تۆتىنچى، ئۆلگۈچى بىر مەزگىللىك تىجارەت قىلىـ
لىش جەريانىدا خېلى كۆپ پۇل تاپقانلىقى مەلۇم، ئىلگىرىكى ئاـ
يالى بىلەن ئاجراشقاندا ئىككى بالىسىنى ئايالىغا قالدۇرۇپ، تۇرـ
مۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەن بەرگەن. ئۇنىڭدىن
باشقا، ئۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى يېڭىلىمىغان، ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭـ
مۇ كۆپ سېتىۋالمىغان، دېمەك، ئۇنىڭدا خېلى كۆپ نەق پۇل
بار، دېگەن گەپ. بىراق، گۈلنىساخان بەكرىنىڭ تۇغقانلىرىغا پەـ
قەت بەش مىڭ يۈەنلا نەق پۇل بار، دەپ تۇرۇۋالغان. ئەگەر ئۇنىڭدا
ئاز ـ تولا سەممىيلىك بار، ئېرىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاـ
تىدۇ دەپ قارالسا، ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلمىغان بولاتتى. بەكرىـ
نىڭ شۇنچە يىل تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇلى نەگە كەتتى؟ بەـ
شىنچى، سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر پاكىت شۇكى، گۈلـ
نىساخاننىڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىـ
غان سەمەت ئەيسا بىلەن غەيرىي مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. بەكرى
سىرتقا چىقىپ كەتكەن مەزگىلدە سەمەتنىڭ بۇ ئۆيدە قونغانلىـ
قىنى قوشنىلىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مۇشۇنداق بىر ئاـ
يالنىڭ يەزىلىتىدە، تۇرمۇش ئىستىلىدا مەسىلە بولماي قالامدۇ؟!

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ،
ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇراتتى. كېرەم ساقچىنىڭ گېپى
ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— قېنى باشقىلارمۇ بايقىغىنىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقـ

مامىسلەر؟

— يەنە بىر ئىش، — دەپ گەپ قاتتى قۇربان ئىسمىلىك ساقچى، — بىز دەسلەپتە ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىن پىكىر ئال-غاندا، گۈلنىساخان ئېرى بەكرىنى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، دېدى. بىراق، 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېرىم كېچىدە، سىرتقا ھاجەتكە چىققان بىر قوشنىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىد-دىن بەكرىنىڭ ئايالى بىلەن تەركىشىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغان. ئۇ نېمىشقا بەكرىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىنى يالغان ئېيتىدۇ؟

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، يەنە سۆزلەيدىغانلار بارمۇ، دېگەندەك ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىق-تى. باشقىلارمۇ بىر - ئىككى ئېغىزدىن پىكىر قاتناشتۇرغان بولدى.

— مەن گۈلنىساخان ئىمامنىيازنى چاقىرتىپ، سوراق قى-لىش تەكلىپىنى بېرىمەن، — دېدى كېرەم ساقچى.

— بولىدۇ، — دېدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ تەكلى-پىگە قوشۇلۇپ، — قانداق قىيىنچىلىق بولسا مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن، سىلەرمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، دېلونى تېزرەك پاش قى-لىشىڭلار كېرەك.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىزگە كاپالەت بېرەي.

ئەتىسى گۈلنىساخان ج خ ئىدارىسىگە چاقىرتىپ كېلىندى. ئۇ ئۇچىسىغا ئاپپاق قارىلىق كىيىمى كىيىۋالغان بولۇپ، قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرى سەل نۇرسىزلان-غان، تولا يىغلىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، قاپاقلىرى ئىششىغانىدى. ئۆزىنى غەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتى، سە-بىي قىزلاردەك تەسىر بېرىدىغان چىرايلىق يۈزلىرى، مۇڭلۇق كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرقىغا قاراپ كىمنىڭمۇ ئۇنى قاتىل دېگۈسى كەلسۇن؟! بىراق، «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەن گەپ بار. بىر ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ كېتىشى، چىرايىدىكى سولغۇنلۇق ھەرگىز ئېرى ئۇچۇن ئازابلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئۇ قورقۇۋاتىدۇ، قورقۇنچ ئىچىدە ياخشى ئۇخلىيالمىغان. كېرەم ساقچى ئاللىقاچان ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى بىلىپ بولدى.

سوراقخانىغا كىرىشىگە گۈلنىساخاننىڭ چىرايى بوزۇلۇشقا باشلىغانىدى. لېكىن، كېرەم ساقچى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندەك، ئالدىدىكى خاتىرە دەپتەرىگە بىرنېمىلەرنى جىجىلاپ پەرۋاسىز ئولتۇراتتى.

— قېنى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇر!

قۇربان قاپىقىنىمۇ ئاچماستىن بۇيرۇق قىلدى. ساقچى ۋە سوراقخانىنىڭ سۇرىدىن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىشقا باشلىغان گۈلنىساخان ھە دېگەندىلا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى سەنلىشىدىن تېخىمۇ ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا خۇددى تىكەننىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك قىپچىنىپ ئولتۇردى. ئۈچ نەپەر ساقچى سوراق ئۇستىلىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلار ئەمدى جىددىي تۇسكە كىرگەن، گويا گۈلنىساخاننىڭ ئىچ - باغرىنى تولۇق كۆرۈۋالماقچى بولۇشقاندەك، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا مىختەك تىكىپ تۇرۇشاتتى.

قۇربان ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى سوراق قىلىش سەۋەبىنى، سوراقنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈردى.

سوراق رەسمىي باشلاندى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— گۈلنىسا ئىمامنىياز.

گۈلنىساخان خۇددى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئېغىزلىر-

نى ئۆمچەيتىشكە باشلىدى.
— تۇرۇشلۇق جايىڭ؟
— ياۋاغ كەنتى قوشدۆك مەھەللە.
— تۇغۇلغان ۋاقتىڭ؟
— 1956 - يىلى ياز كۈنلىرى تۇغۇلۇپتىكەنمەن. قايسى ئايلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن.
— بەكرى پەتتار بىلەن قاچان توي قىلغان؟
— 1981 - يىلى.
— ئادەتتە مۇناسىۋىتىڭلار قانداق ئىدى؟
— ياخشى.
— قانداق ياخشى؟ كونكرېتراق ئېيت؟
گۈلنىساخان تىرنىقىنى سىنچىلاپ جىم تۇردى.
— قېنى جاۋاب بەرمەمسەن؟
— ئۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى، مەنمۇ ...
— ئۇ ئۆيدىن نېمە سەۋەبتىن چىقىپ كەتكەن؟
— ئاغىنىلىرىنى ئىزدەپ ...
— قايسى ئاغىنىلىرىنى؟
— بىلمەيمەن.
— سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىلى بەش يىل بوپتۇ، تېخىچە ئاغىنىلىرىنى بىلمەمسەن؟
— ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى بەك كۆپ.
— سەن بىلىدىغانلىرى دەرىجىدە كۆپمۇ؟
— ھەئە.
— زادى قانچىلىك ئاغىنىسى بار؟
— بىلمەيمەن.
— سەن بۇ مەسىلىدىن قەستەن ئۆزۈڭنى قاچۇردۇڭغۇ دەيمەن؟
— ياق ... ياق ...

— ئۇ ساڭا قايسى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە، نېمە سەۋەبتىن با-رىدىغانلىقىنى ئېيتمىغانمىدى؟
— ئېيتمىغان.
— ئۇ قانداق چاغدا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن؟
— ئەتىگەندە.
— ئالدىنقى قېتىم نېمىشقا كەچتە چىقىپ كەتتى دېدىڭ؟
گۈلنىساخان چاندۇرماي لېۋىنى چىشلىدى.
— زادى قانداق چاغ؟
— كەچتە.
— نېمىشقا ئىككى خىل جاۋاب بېرىسەن؟
گۈلنىساخان مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆز ياشلىرى ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە تاراملاپ تۆكۈلدى.
— تۇيۇقسىز ... مۇسىبەت كەلگەچكە گاڭگىراپ ...
— ئويلىنىپ جاۋاب بەر.
— ماقۇل.
— ئۇ چىقىپ كەتكەندە يېنىدا قانچىلىك پۇل بار ئىدى؟
— بىلمەيمەن.
— ئۇنىڭ بىرەرى بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى بارمىدى؟
گۈلنىساخان سەل ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:
— بۇرۇنقى ئايالى ... سىپنى بىرنەرسە قىلدۇرۇۋېتىمەن دەپتىكەن. باشقىلىرىنى... بىلمەيمەن.
— ئۇنىڭغا ئىسپاتىڭ بارمۇ؟
— بەكرى ئاخۇن دەپ بەرگەن.
— ئېرىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا نە - نەلەردە يۈردۈڭ؟ كىملەر بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟
— ئۆي... ئۆيدە تۇردۇم.
— سىرتقا چىقمىدىڭمۇ؟

— ياق.
— زادىلا چىقمىدىڭمۇ؟
— چىقمىدىم.
— 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەكشەنبە، سەن بازارغا بارمىدىڭ-
مۇ؟
— بازارغا ... بازارغا ... باردىم ...
— ئەمىسە نېمىشقا سىرتقا چىقمىدىم دەيسەن؟
— ئۇنتۇپ قاپتىمەن.
— يەنە نېمىلەرنى ئۇنتۇپ قالدىڭ؟
— ...
كېرەم ساقچى تۇيۇقسىز سورىدى:
— سەن موتوسىكلىت ھەيدىيەلەمسەن؟
گۈلنىساخان دىڭگىدە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىش ساقچىلارنىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇ ساقچىلارنىڭ ئۆزىگە جىددىي قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرھال كەيپىياتىنى ئوڭشىۋالدى.
— ياق، — دېدى ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ساقچىلارغا قاراپ قويۇپ.
ساقچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.
سوراق شۇ خىل رىتىمدا داۋاملاشتى. ئۇنىڭ گەپلىرى چەك باسمايتتى. ساقچىلارنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن گۇمانلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، تېخى ئۇنىڭ قاتىللىق جىنايىتىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت تولۇق ئەمەس ئىدى. ھازىر ھالقىلىق مەسىلە موتوسىكلىت بولۇپ قالدى. قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىر ـ ئىككىسى گۈلنىساخاننىڭ موتوسىكلىت ھەيدىيەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايۋاتاتتى.
ئەتىسى ساقچىلار ئىدارىنىڭ ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتى بىلەن ئۇنى ئۆستەڭ بويىغا ئاپاردى. ئىز بايقالغان يەرگە كەلگەندە

www.uyghurkitap.com

گۈلنىساخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرىدە ئالاقزەدىلىك پەيدا بولدى. لېكىن، ئۇ قۇۋ تۈلكىدەك يەنىلا تەن بەرمەيۋاتاتتى.

ئۆستەڭ بويىدىن قايتىشتا ئۇلار ساي تەرەپ بىلەن ماڭدى. ماي ئېيىنىڭ ئاپتىپىدا تاشلارمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. ساي يۈزىدە جىمىرلاپ تۇرغان گىرىمسەن خۇددى كەلكۈن سۈيى باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شېغىللىق يولدا چاڭ توزۇتۇپ كېتىۋاتقان موتوسىكلىتنىڭ تۇيۇقسىز ئوتى ئۆچۈپ توختاپ قالدى. ئۇلار موتوسىكلىتتىن چۈشتى. كېرەم ساقچى موتوسىكلىتنىڭ موتورى بىلەن ئازراق ھەپىلىشىپ بېقىپ، ئارقىدىن موتور كەكىسىنى كۆچەپ تېپىشكە باشلىدى. بىراق، ھەرقانچە تەپسىمۇ موتور ئوت ئالمىدى، ئۇ ھارغاندىن كېيىن قۇربان تەپتى. ئۇلار نۆۋەتلىشىپ خېلى ئۇزۇن تەپكەن بولسىمۇ، موتور زادىلا ئوت ئالمىدى. ئاخىر ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغان كېرەم ساقچى بىلەن قۇربان قىزىق شېغىل ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ قېلىشتى. ئاپتاپ بارغانچە قىزدۇرۇشقا باشلىدى، ھەتتا تىنچىقتا ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى. يېقىن ئەتراپتا سايىدىغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخمۇ يوق ئىدى. ئۇلار بۇ سايدىن قانداق چىقىپ كېتىشنىمۇ بىلمەيتتى.

كۈن تىكلەنگەنسېرى ئاپتاپ بەكرەك كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئەمدى ئىسسىقنىڭ ئازابىغا ئۇسسۇزلۇق ئازابى قوشۇلۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قىينىماقتا ئىدى. باياتىن بېرى بىر چەتتە شۈمشىيىپ ئولتۇرغان گۈلنىساخان ئاپتاپنىڭ چىدىغۇسىز كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر ئورنىدىن تۇردى. موتوسىكلىتقا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ موتورىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. شۇ ھامان چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى ۋە يەردە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ سۇنايلىنىپ ياتقان ئىككى ساقچىغا مەنسىتمەسلىك نەزەر بىلەن قاراپ قويدى. «شۇ ئەپتىگە ساقچى بولۇپ قاپتۇ، ئادەمگە ھۆركىرەپ، قورۇق ھەيۋە كۆرسى-

تىشىدىلا بىلىدۇ. موتوسىكلىتنى كوركىرىتىپ مىنىشنى مىنگەن بىلەن، ئوتى ئۆچۈپ قالسا قانداق ئوت ئالدۇرۇشنىمۇ بىلىشمەيدۇ. ۋۇي ھاماقەت كاللانپايلار!»

— توك ئۆتكۈزگۈچ بوشاپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ كېرەم ساقچىغا قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن، ئاندىن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا قولىغا كۆلۈچنى ئېلىپ، موتورنىڭ بىقىنىدىكى قۇرۇپ قالغان سۆڭەكتەك دىڭگىيىپ تۇرغان توك ئۆتكۈزگۈچنى چىڭىتىشقا باشلىدى، — ئەمدى بولدى.

كېرەم ساقچى ئورنىدىن تۇرۇپ، موتوسىكلىتنىڭ يېنىغا كەلدى، ئەمما ئوت ئالدۇرۇشقا ئالدىرىمىدى. ئۇ گۈلنىساخاننىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلدى. باياتىن بېرى ئۇلارغا چوڭ ياردەم قىلدىم دەپ خۇدىنى بىلەلمەي قالغان گۈلنىساخان شۇندىلا بىر ئىشنى خاتا قىلغانلىقىنى سەزدى. بىراق، ئۇ كېچىككەنىدى. تامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە كېرەم ساقچىنىڭ كۈچلۈك بىر شاپىلىقى تەگكەندىمۇ، ئۇ تېخى پۇشايمان ئىچىدە ئۆرتىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

— ھۇ ئىپلاس بۇزۇق.

گۈلنىساخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى، تۇيۇقسىز يەر تەۋرىگەندەك، ئالەم ئۈستۈن - تۆۋەن بولۇشقا باشلىدى. كاللىسى گاراڭشىپ، ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقاندەك ھاڭۋاققىنىچە تۇرىۋەردى.

— ئېيتە، ئېرىڭنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈردۈڭ؟

ئۇ ئاپتاپنىڭ قىزىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى، قانلىرى سوۋۇپ، بەدەنلىرى بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئېغىزىنى ئېچىپ گەپ قىلغۇدەكمۇ مادارى يوق ئىدى. بايىقى نەزىرىدىكى ھاماقەت كاللىۋا ساقچىلار ئەمدى كۆزىگە بەئەينى ئەزرائىلنىڭ ئۆزى بولۇپ كۆرۈندى.

ئۇلار ئىدارىگە قايتىپ كېلىپلا سوراقنى باشلىۋەتتى. گۈل-

www.uyghurkitap.com

نىساخانىنىڭ مۇداپىئە توسۇقى بۆسۈپ تاشلانغاچقا، ئەمدى ئارتۇقچە قارشىلىق كۆرسىتەلمەي، ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلدى.

ئەسلىدە 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بەكرىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنى راست. ئەمما، ئۇ 5 ـ چېسلا كېچە تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىپ، دەرۋازىنى قاقمايلا تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشكەن. ئۆينىڭ ئىشىكى مەھكەم تاقاق ئىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئايالى توغرىسىدىكى ئانچە ـ مۇنچە ئۆسەك سۆزلەر قۇلىقىغا كىرىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن سەل گۇمانلىنىپ يۈرگەن بەكرىنىڭ قورسىقىغا بىر جىن كىردى ـ دە، تور سېلىنمىغان دېرىزىنى پەم بىلەن ئېچىپ، دەھلىز ئۆيگە چۈشتى. ئاندىن ئوتتۇرا ئىشىك بىلەن ياندىكى ھۇجرا ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچىدىن يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يېنىدىن سەرەڭگە چىقىرىپ شىرتتىدە ياندۇردى. سەرەڭگە يورۇقىدا ئايالىنىڭ يېنىدا راستلا بىر ئەر كىشىنىڭ ياتقانلىقىنى غۇۋا كۆردى. ئاڭغىچە قولىدىكى سەرەڭگە ئۆچۈپ قالدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم سەرەڭگىنى ياندۇرۇپ ئوچاق بېشىدىكى چىراغقا تۇتاشتۇردى. ئەمدى ئۆي ئىچى تولۇق يورۇدى.

ـــ قوپۇشە، ۋۇي رەسۋاالار!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قەھرلىك ئاۋاز بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى چالا ـ بۇلا ئېچىشىپ، كۆرگىنىنىڭ چۈش ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان بەكرى سوپىغا ئېتىلىپ چىقىپ، ئايالىنىڭ چېچىدىن قاماللىغان پېتى پەسكە سۆرەپ چۈشتى.

ـــ پاسكىنا جالاپ، ئىسىت ساڭا قىلغان ئەقىدەم. سېنى دەپ ئون بەش يىللىق قەدىناسىمدىنمۇ كەچكەن ئەمەسمىدىم.

ـــ مېنى ... مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ئېزىپتىمەن ... قەسەم قىلاي، ئەمدى ئىللا ـ بىللا بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن.

ئەمما، بەكرىنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئۇ گۈلنىسا-خانىنىڭ بىقىنىغا گۈرۈسۇلدىتىپ بىرنەچچىنى دەسسىۋەتتى. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۇپىغا ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا مۈشۈكتەك دىر - دىر تىترىگىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئەرنى تارتىپ چۈشتى. بۇ ئەر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى سەمەت ئەيسا ئىدى.

— هوي، خۇمسى ئوغرى، هۆكۈمەتنىڭ بەرگەن پۇلى بۇخ-ساتقان ئوخشىمامدۇ سېنى؟ بىر بەلەن ئائىلەڭ تۇرسا، نېمىدەپ مېنىڭ ئائىلەمنى بۇزىسەن؟!

— ئا ... ئا ... ئاكا ... ماڭا رەھىم قىلىڭ ...

— نېمىگە رەھىم قىلىمەن، گۆي، مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولساڭ، بوپتۇ دەمتىڭ؟ مەن دېگەن بىر ئەركەك، خەق خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ياتسا بوپتۇ دەيدىغان لاتا بەللەردىن ئەمەس. ھەي، سېنىڭ قەيىرىڭ ئوقۇتقۇچى - ھە؟ ئۆزۈڭ ئادەم تەربىيەلەيدىغان مۇئەللىم تۇرۇپ ...

ئۇ سەمەتنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئۇنىمۇ گۈرسۇلدىتىپ دەسسەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

گۈلنىساخان سۇپىغا ئۆمىلەپ چىقىپ، بەكرىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالدى.

— بولدى ئۇرماڭ، مېنى كۆڭلىڭىز كۆتۈرمىسە، چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتەيلى.

بەكرى سەمەتنى تاشلاپ گۈلنىساخانغا ئېسىلدى.

— ۋۇي نومۇسىنى بىلمەيدىغان رەسۋا، سەن مۇشۇنداقلا قۇتۇلماقچىما؟ خىيالىڭنى خام چاغلاپ قاپسەن. ئىككىڭنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىمەن. ماۋۇ ئوغرى مۈشۈكنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، خىزمەتتىنمۇ ئايرىۋېتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەمەت بايىقىدىنمۇ بەكرەك قورقۇشقا باشلىدى. خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولسا قانچىلىك ئىش ئىدى.

ئۇ دېگەن ئەر كىشى، بەك بولسا خەق ئۇنى «نېمىشقا ئېرى بار خوتۇن بىلەن ئارىلىشىپ قالغاندۇ» دەپ قويىدۇ. ئەمما، خىزمەت-تىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ. خىزمەت ئۇنىڭ يەۋاتقان نېنى، ناندىن ئايرىلسا جانىنىڭ نېمە ئىشى.

بەكرى ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ دەسسەپ هاردى. يەنە ئۇرىۋەرگىلى بولمايتتى. ئەمدى ئۇرغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى. غەزەپ ۋە جىددىيلىشىش سەۋەبىدىن نەپسى بوغۇلۇپ، غالجىر ئىتتەك توختىماي خىرقىرايتتى. ئىككى زىناخور بۇ بالا ـ قازادىن قاندىق قۇتۇلۇش توغرىسىدا چوت سوقسا، بەكرى ئۇلاردىن قانداق ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆچ ئېلىش توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى. ئۇ هازىرچە بۇ ئىككىسىنى باغلاپ قويۇش قارارىغا كەلدى. قالغان ئىشنى ئاستا ـ ئاستا ئويلىشىۋالسىمۇ بولاتتى. تاڭ ئېتىشقا تېخى يەنە نەچچە سائەت بار ئىدى. ئۇ ھوجرا ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىكنى تېشىدىن زەنجىرلىدى. ئارغامچا ئىزدەپ قوتان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— مۇشۇنداقلا ... تۇگىشەمدۇق؟ — دېدى سەمەت ئىڭراپ تۇرۇپ.

— مەن نەدىن بىلەي، سىز ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن بىر ئامال قىلمامسىز.

— نېمە ئامال قىلىمەن؟ باسماقتا چۈشكەن كەپتەردەك ئۆي-گە سولىنىپ ياتساق.

— ئەمىسە مەن قانداق قىلاتتىم؟

— ئويلاپ باقمامسىز؟ ئۆي سىزنىڭ بولغاندىن كېيىن، پاي-دىلىق ئامىللارنى بىلمەي قالمايسىز.

— ھازىر قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدى، كاللامغا بىرەر ئامال كېلىدىغاندەك ئەمەس. قاسماق ئوغرىنى بۇ كېچىدە قايتىپ كې-لەر دەپ ئويلىماپتىمەن. يا سىزمۇ «كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، باشقا كۈنى كېلىڭ» دېسەم ئۇنىمىدىڭىز.

— بۇنداق بولارىنى نەدىن بىلەي.

ئۇلار بىردەم جىمىپ كېتىشتى. سىرتتا بەكرىنىڭ پالاق - پۇلۇق مېڭىپ يۈرگەن تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— مەن خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ، — دېدى سەمەت بىرپەستىن كېيىن غۇدۇرىغاندەك سۆزلەپ.

— مېنىڭمۇ ئەل - جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى. سىزغۇ قۇيرۇقىڭىزنى خادا قىلىپ يوقىلار - سىز، بار تارتقۇلۇق ماڭا قالىدۇ.

— بۇ يەردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشايلى.

— بەكرىباي سىرتتا نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟

— ۋايتاڭەي، بەلكىم ئادەم چاقىرغىلى كەتكەندۇ ياكى باشقا مەقسىتى باردۇ. نېمە كارىمىز، ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى قىلايلى.

— ئەمىسە ياتماي تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن.

— بېقىنىم ئاغرىپ ...

— سىز ياتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭمۇ بەدىنىم گۆش، تاياقنى سىز يالغۇز يېمىدىڭىز يا.

— ماۋۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەمدۇق؟

— ئۆچۈرۈۋەتسىڭىز ئۆي ئىچىنى قانداق كۆرگىلى بولىدۇ، بىردەم تۇرۇپ تۇرسۇن.

سەمەت ئۆمىلەپ يۈرۈپ چېچىلغان كىيىملىرىنى تېپىپ كىيىۋالغاندىن كېيىن، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كال - لىسىدىمۇ قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر چارىسى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھەرىكەت قىلىپ باقسا بىر ئىش بولار، قول قوۋۇشتۇرۇپ ياتقاندىن ياخشىراقتۇر.

— سىزمۇ كىيىمىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، — دېدى سەمەت چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، قارا چىراغ يورۇقىدا يالىڭاچ بەدىنى قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قالغان گۈلنىساخانغا قاراپ. ئۇ سەمەتنىڭ كۆزىگە خۇددى بىر ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى.

سەمەت ئىشىكنى تارتىپ باقتى. زەنجىرنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاندى، ئەمما ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇ يەنە سۇپىغا چىقىپ، ئارقا تامدىكى روجەكنى سىلاشتۇردى. توم شادىنىڭ ئارىلىقىدىن مۈشۈكمۇ پاتمايتتى. سۇندۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەمەت غۇدۇراشقا باشلىدى.

— ۋاي گىرى ئوغرى، ئەجەب پۇختا ئېتىۋېتىپتىكەن بۇ روجەكنى. يا باشقا دېرىزىمۇ قويماپتىكەن، بەئەينى جۇۋازخانىنىڭ ئۆزى.

— تامنى تېشەيلى بولمىسا، — دېدى گۈلنىساخان ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ.

— نېمىدە تېشىمەن؟ مەن يا مۈشۈك بولمىسام تام تاتىلايدىغان.

— يېنىڭىزدا پىچاقمۇ يوقمۇ؟

— ئوقۇتقۇچى ئادەم پىچاق ئېسىپ يۈرگەن نەدە بار، خۇددى كوچا لۈكچەكلىرىدەك.

گۈلنىساخان ئازاب بىلەن ئىچىگە تىنىپ قويدى. بۇ بەكرى ئىككىسىنىڭ ھۇجرا ئۆيى بولغاچقا، يوتقان - كۆرپە ۋە پەگاھتىكى بىر تال ئەسكى ئورۇندۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇلار خۇددى كەپتەرخانىغا سولىنىپ قالغان ئوغرى مۈشۈكتەك تېپىرلىشىپ يۈرگەندە، ئىشىكنىڭ زەنجىرى شىرىقلاپ، ئۆيگە بەكرى كىرىپ كەلدى. ئىككىسى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا مەشرەپخانىدا بېيىت ئېيتىۋاتقان بىر جۈپلەردەك تىككىدە تۇراتتى.

— كىيىمىڭنى كىيىشىۋاپسەن - دە، رەسۋالار. بوپتۇ، شۇنچىلىك نومۇس قىلىشقان بولساڭ ...

بەكرى غۇدۇرىغاچ قولىدىكى ئارغامچىنى سىلكىپ قويدى. ئىككىسى شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمىشقا سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنىڭ تېگىگە يېتىشتى. «ۋاي ئوغرىيەي، بىزنى باغلىماقچىكەن - دە؟ قول - پۇتلىرى باغلىنىپ سازايى قىلىنىشتىنمۇ ئارتۇق ئە-

لەم، نومۇس، خورلۇق بولامدۇ كىشىگە؟ ئاھ، خۇدا، ئۆلگەندە ئەڭ قاتتىق جەھەننەم ئازابىغا سالساڭمۇ سالكى، تىرىكلىكتە بۇ خىل شەرمەندىچىلىكتە قويمىغىن!»

ئۇنىڭ خىيالىغا ئۇلاپلا، بەكرى گۈلنىساخانغا قاراپ خىر-قىردى:

— ماۋۇ ئەپەندەكنى باغلا، ۋۇي قانجۇق، بولمىسا سېنى ...

گۈلنىساخان دىڭگىدە چۆچۈپ بەكرىگە قارىدى. بەكرى قىستاپ كېلىپ ئارغامچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. لېكىن، گۈلنىساخان بىرنەچچە قەدەم ئارقىسىغا داجىپ بېرىپ ئارغامچىنى تاشلىۋەتتى.

— مەن... مەن ... باغلىيالمايمەن، بەكرىباي. ماڭا رەھىم قىلىڭ، مەن بىر ئاجىز مەزلۇمە، ئەرلەرنى باغلاش قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدا؟

— نېمە دېسىڭىز مەيلى، باغلىيالمايمەن.

خوتۇنى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن مۇشۇ پەيتتە، بەكرى ئۇنى نېمە دېسەم ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى ئۇنى ئەلەمدە قويدى.

— خەپ، پاسكىنا...

بەكرى ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، ئېڭىشىپ ئارغامچىنى ئالدى ۋە ئارقىسىغا بۇرىلىپ سەمەتنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. بىر - ئىككى قەدەم مېڭىپلا، بايا گۈلنىساخاننى سۆرىگەندە ئۇنىڭ پۇتىغا ئىلىنىشىپ پەگاھقا چۇشۇپ كەتكەن يوتقانغا پۇتلىشىپ دۈم چۈشتى. دەل شۇ چاغدا گۈلنىساخاننىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال كەلدى - دە، ئېتىلىپ بېرىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان بەكرىنىڭ ئايىغىدىكى يوتقاننى ئۇنىڭ بېشىغا چۈمكىدى.

— ۋۇي پاسكىنا، نېمە قىلىۋاتىسەن ...

بەكرىنىڭ ئۆنى بوغۇلدى. گۈلنىساخان ئۆنى ئاستىغا بېسىپ ھەدەپ نىقتايتتى. بىراق، ئەر دېگەن ھامان ئەر، ئۇ ئاخىر جان ھەلقۇمىدا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىۋال-دى.

— خەپ جالاپ... سېنى...ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ...

قورقۇپ يۈت - قولىدا جان قالمىغان گۈلنىساخان تېخىچە پەگاھتا تېڭىرقاپ تۇرغان سەمەتكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— نې... نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، تېز بولۇپ ئارغامچىنى ئېلىڭ، — سەمەت شۇندىلا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك چۆچۈپ بېشىنى سىلكىدى - دە، يەردىكى ئارغام-چىنى ئېلىپ گۈلنىساخاننىڭ يېنىغا كەلدى، — كانىيىنى بو-غۇڭ!

سەمەت خۇددى كىچىك بالىدەك گۈلنىساخاننىڭ بۇيرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنلىدى. ئۆزىنى تۇنجۇقتۇرغان يوتقاندىن ئەمدىلا بېشىنى چىقارغان بەكرىنىڭ بوينىغا ئارغامچا سېلىندى. ئۇ سەت خىرقىرىدى، كۆزلىرى پۈلتىيىپ تېشىغا تەپتى، چېكىسىدىن يامغۇردەك تەر تامچىلىرى قۇيۇلدى. بىرسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن باساتتى، بىرسى ئارغامچا بىلەن كانىيىنى بوغاتتى. ئىككىلىسى ئەسەبىيلىشىپ خۇدىنى يوقاتقانىدى.

بەكرى ئاخىر لاسسىدە بوشاپ كەتتى. سەمەت بىلەن گۈل-نىساخان بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، نەپىسى بوغۇلۇپ تىن-نالماي قالغانىدى. بۇغۇلغۇچى بەكرى ئەمەس ئۆزلىرىدەك، كۆ-چەپ خىرقىرىشاتتى.

— ئۇ جىمىپ قالدى، — دېدى سەمەت سەل ئۆزىنى تۇتۇ-ۋالغاندىن كېيىن.

گۈلنىساخاننىڭ ھاسىراشلىرى تېخىچە بېسىلمىغانىدى. ئۇ بەكرىنىڭ ئۈستىدىن بىر يانغا سىيرىلىپ چۈشتى.

— تىنىقى باردۇ ھە؟

— بىلمىدىم، — سەمەت بارمىقىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئاپاردى، — ۋاي خۇدايىم، بۇ ئوغرى ئۆلدىمۇ نېمە؟

گۈلنىساخان چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە دەيدىغانسىز، ئانچىكىلا بوغۇپ قويغانغا ... ئۆلۈپمۇ قالماس؟

— تىنىقى توختاپتۇ ...

— ئېھ ... قاراپ تۇرۇپ ... بىز قاتىل ...

— قانداق قىلىمىز؟

سەمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى. قورقۇنچتا يۈرىكى ھا-زىرلا ئېزىلىپ كېتىدىغاندەك سوۋۇشقا باشلىغانىدى.

— بىل ... مىدىم...

— مەن... مەن... كېتەي...

— نەگە بارىسىز؟ بۇلار سىز تاپقان بالا، ئەمدى بولغاندا ھەممىنى ماڭا تاشلاپ...

— سىز باشتىلا مېنى ئازدۇرۇپ ...

— بۇ ئۆيگە بويىنىڭىزنى باغلاپ ئەكەلگەنمىدىم؟

— خەپ، خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئارقىسىغىمۇ كىرەمدىغان.

— ئارقامغا كىرىۋالمىغان بولسىڭىز، مۇشۇ بالا - قازامۇ يوق ئىدى.

...

ئۇلار خېلى ئۇزاق گەپ تالاشتى.

— بولدى، — دېدى سەمەت بۇ ئۆيدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، — بىكار تالىشىۋەرمەي، ماۋۇ... جەسەتنى بىر تەرەپ قىلايلى.

— قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟

— سىرتقا ئاچىقىپ بىر يەرگە تاشلىۋېتەيلى ياكى كۆمۈۋې-تەيلى.

— مۇشۇنداقلا...

— تاغار بارمۇ؟

— بار.

گۈلنىساخان سىرتقا چىقىپ بىر تال چىپتا تاغارنى كۆتۈرۈپ كىردى. تالادا باش توخۇنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تېزرەك بولايلى، ھېلىلا تاڭ ئاتىدۇ.

ئۇلار بەكرىنىڭ جەسىتىنى تاغارغا قاچىلىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆيىڭىزدىكى ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتقا باسايلى، سىز ھەيدەپ...

— مۇشۇ تاپتا پۇت - قولۇم بوشىشىپ، كالۋالىشىپلا كەتتى. موتو ھەيدەيدىغان ھالىم يوق.

— مەن... موتو ھەيدەشنى بىلمەيمەن، ئۆزىڭىز بىر ئىش قىلىڭ.

— ۋۇي لاتا بەل، سەندەكمۇ ئەپەندى بولامدۇ.

گۈلنىساخان يىغلىۋەتتى. بۇ قورقۇنچ يېشىغىمۇ، پۇشايمان يېشىغىمۇ ئوخشايتتى. سەمەتتىن نەپرەتلىنىش يېشىغىمۇ ئوخشايتتى.

— ئەمدى ... سەنلەپ كەتتىڭىزغۇ؟

— ھە، ئەرخەق دېگەننىڭ ھەممىڭ نامەرد.

— بۇنى دېيىشمەيلى.

— مېنى قارا بالاغا تىقتىڭ.

— بۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ. ئۇنىڭ بېشىنى يوتقان بىلەن چۈمكىگەن كىم؟ مېنى ئارغامچا بىلەن بوغۇشقا بۇيرۇغان كىم؟

— ئاغزىڭنى يۇم، ھازىر نېمە دېسەڭ شۇ. مەن ئەسلىدىلا شور پېشانە ئىدىم. ئاخىر يەنە شۇ شور پېشانىلىكىم تۇتتى.

— ئۇنداقمۇ بولماس، بۇ ئىش تىنچ ئۆتۈپ كەتسە، بۇ ئوغرىدىن قالغان پۇلنى خاتىرجەم خەجلەپ كۈن ئۆتكۈزىمىز. پۇل خەجلىگەندە مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ. ئىككى - تۆت تال مائاشىم

ھېچنېمىگە يەتمەيدۇ.

— توۋا، سەندەكمۇ ئەر بولامدۇ؟ «ئۆچكە جان قايغۇسىدا، قاسساپ ياغ قايغۇسىدا» دېگەن شۇدە.

— سىزمۇ ئۇنىڭ پۇلىنى دەپ تەگكەنغۇ؟

گۈلنىساخان بېشىنى چايقىدى. سەمەت ئۇنىڭ نېمىگە بېشىنى چايقاۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەنمىدى.

— ئەمىسە موتسىكىلىتقا بېسىشىپ بەر.

— ماقۇل.

ئۇلار بەكرىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇلۇڭدىكى موتوسىكلىتىنىڭ كوزۇپىغا قويدى. سەمەت بېرىپ دەرۋازىنى شەپە چىقارماي ئاچتى.

— ئەمىسە مەن كەتتىم. ئۇنتۇپ قىلماڭ، بىز بۈگۈندىن باشلاپ بىر - بىرىمىزنى تونۇمايمىز.

— يوقال.

سەمەت دەرۋازىدىن چىقىپ تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى. گۈلنىساخان قارا بېسىپ ئويغانغان ئادەمدەك بېشىنى كۆچەپ سىلكىۋېتىپ ھويلىغا نەزەر تاشلىدى. گەرچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەتراپنى ئوچۇق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ بەكرى بىلەن ئۆتكەن بەش يىللىق تۇرمۇشىنىڭ گۈزەل كارتىنىلىرى خىيال ئېكرانىدا ئەكس ئېتىشكە باشلىغانىدى. بەكرىنىڭ قوتاندىكى قويلىرى ئۇنىڭغا ھازا ئېچىۋاتقاندەك توختىماي مەرىشەتتى، ئارغىمىقى ئۇنى ئۇزىتىپ ئاچچىق - ئاچچىق كىشنەيتتى. ئاسمان بىلەن زېمىن بىرلىشىپ كەتكەندەك، مۇدھىش بىر قورقۇنچ گۈلنىساخاننىڭ يۈرەك - باغرىغا، روھىغا چاڭ سالاتتى. ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇراتتى. تەگسىز ئازاب ئىچىدە ئۇنىڭ بىر تۈرۈپ بەكرى بىلەن تەڭلا تۈگەشكۈسى كېلەتتى. بىراق، شېرىن جاندىن ئۇنداق ئاسان كەچكىلى بولمايتتى. ئۇ تېخى نۇرغۇن نەرسىلەرگە تارتىشاتتى.

گۈلنىساخان موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇردى. موتورنىڭ گۈ-
رۈلدىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ دەھشەت بىر گۈرۈلدەش
پەيدا بولدى. بېشىمۇ ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلداشقا باشلىدى.
ئارقىدىن بۇ ھويلا ۋە پۈتۈن مەھەللە ئىچى گۈرۈلدەشلەر بىلەن
تولغاندەك تۇيۇلدى. بۇ ئاۋاز بەئەينى كېلىۋاتقان ئەزرائىلنىڭ
شەپىسىگە ئوخشايتتى. گۈلنىساخاننىڭ قەلبىمۇ مۇشۇ كېچىگە
ئوخشاش قاراڭغۇلۇق بىلەن تولغانىدى.

* * *

بۇ دېلو پاش بولغاندىن كېيىن، ناھىيەدە كېرەم ساقچىنىڭ
نامى تېخىمۇ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا جىنا-
يەتچىلەرنى تىترەك باساتتى. مانا ئەمدى يىللارنىڭ تىنىمسىز
دولقۇنلىرى ئۇنى قېرىتقانىدى. سەپتىن چېكىنگەن جەڭچىدەك
ھارغىن كۆرۈنەتتى. قېرى يولۋاستەك، ئاخىرقى ئۆمرىنى خىلۋ-
ۋەت، تىنچ بىر جايدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن
مەھەللىسىنى تاللىغانىدى.

## توققۇزىنچى باب

### 1

كىم ئېيتىپتىكىن، «گەپنىڭ تارقىلىشى شامالدىنمۇ تېز» دەپ. ئابدۇناسىر مۇئەللىم مەھەللىگە كېلىپ بولغۇچە، چوكا زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن يىغىلغان پۇللارنىڭ قويمىچىغا ئۇچراپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر ئاللىقاچان مەھەللىگە يېتىپ بولغانىدى. پاي قاتقانلار پۇلنىڭ غېمىگە چۈشتى. بۇ پۇللارنى كىمدىن ئېلىش كېرەك؟

— مەن ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن، — دېدى ئېزىز بوغالتىر ئۆزىنى ئاقلاپ، — مۇئەللىم يىغىلغان پۇللارنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ بېرىڭ، دېدى، چىقىرىپ بەردىم. شۇ... كىمنىڭ قانچىلىك پۇل بەرگەنلىكىنى رويخەتكە چۈشۈردۈم. ۋاستىچىگە پۇل بېرىدىغاندىمۇ مۇئەللىم ساناپ بەردى. مەن پۇلنىڭ بۇرجىكىنىمۇ تۇتۇپ باقمىدىم.

— مۇئەللىم كەلسۇن، — دېيىشتى ئۇلار، — جىم تۇرغان ئادەمنى زاۋۇت قۇرىمىز دەپ قىزىقتۇرۇپ ...

— شۇنداق قىلايلى، مۇئەللىم بىكار ئۇخلىسىمۇ ھەر ئايدا نەچچە مىڭ يۈەن چىققان بىلەن، بىز دۇمبىمىزنىڭ كۆيۈكىنى چىقىرىپ ئىشلەپ ئاران تاپقان پۇل ئۇ.

مەھەللە ئىچى زاۋۇت قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىدىنمۇ بەكرەك قايناپ كەتكەنىدى. دېھقانلارنى سەۋيەسى تۆۋەن دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئۇلار پۇل يوقالغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغان ھامان، مۇئەللىمنىڭ مال - مۈلكىنى ھېسابلاشقا كىرىشتى. ئۆي، باغ قاتارلىقلارنى پۇلغا سۇندۇردى. ئاندىن ئۇنىڭ

ھەر ئايدا ئالىدىغان مائاشىنىڭ يىللىق جوغلانمىسىنى ھېسابلاپ چىقاردى. «خۇداغا شۈكۈر بىرەر نامرات دېھقان بۇ ئىشقا باش بو-لۇپ قالغان بولسىمۇ چاتاق بولار ئىكەن. ھېلىمۇ مۇئەللىمدەك ھۆكۈمەت باقىدىغان، تېگى بار ئادەم بولۇپ قاپتىكەن. ھەرنېمە بولسا پۇلىمىزنى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە قايتۇرۇۋالالىغۇدەك-مىز. قوشنا كەنتكە ياتلىق بولغان قىزىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، غەيرەت بىلەن گۈلشەن مائاشلىق ئادەملەر. مۇئەللىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ.»

ئۇلار شۇنداق ئويلىشىپ سەل خاتىرجەم بولۇشتى. بىراق، پاي قاتمىغانلارنىڭ كىنايىلىرى، ۋەسۋەسىگە سېلىشلىرى بىلەن يەنە ئارامىنى بۇزۇشتى. خۇددى ئىچىگە جىن كىرىۋالغاندەك توختىماي غۇدۇراشتى. بولۇپمۇ سادىر خېلىلىنىڭ گەپلىرى ئۇلارنىڭ پاراكەندە كۆڭلىنى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئىز-تىراپقا سېلىۋەتتى.

— مەن بۇ ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى باشتىلا بىلگەن، — دېدى ئۇ مۇغەمبەر كۈلكىسى بىلەن ھىجىيىپ، — پال سالسام، قۇر تاشلىرى دەسلەپتە بىر يەرگە چۈشتى. ئارقىدىن خۇددى بىرسى پۈۋلىگەندەك تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. چەمبەر-نىڭ ئىچى بوش قالدى. مانا بۇ يامانلىقنىڭ بېشارىتى، يىغىلغان پۇللارنىڭ غايىب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پال ئىدى. شۇ-ڭا، مەن پاي قېتىشقا قاتناشمىغان.

كىشىلەر ئاللىقاچان نەزىرىدىن چۈشكەن بۇ باخشىغا قايتى-دىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى. «راست، بۇ ئادەم بۇرۇن جىن باخ-شىسى دەپ خېلى ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن، ھېلىمۇ بىر خىس-لىتى بار جۇمۇ. بولمىسا مۇئەللىم ۋەدە بەرگەن شۇنچە پايدىغا قىزىقماي قالامتى؟ زادى بىر ئىشنى ئالدىن بىلىدىكەن بۇ ئا-دەم.»

ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ باخشى خۇددى ئاسار -

ئەتقىنىڭ بازىرى چىققاندەك كىشىلەرنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى.

ئۇلار شۇنداق قايناپ تۇرغان كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە، غەم - قاي-غۇنىڭ دەستىدە جۇدەپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، بەللىرى موك-چەيگەن مۇئەللىم تولىمۇ هارغىن بىر قىياپەتتە مەھەللىگە كى-رىپ كەلدى. ئۇ مەھەللە دوقمۇشىغا كېلىشىگە، بىرىنچى بولۇپ ئەلەڭلەپ يۈرگەن مۆمىن تەمبۇرچىغا يولۇقتى.

— ھە، مۇئەللىم، كەلدىلىمۇ؟ — دېدى ئۇ مۇئەللىم بىلەن سالاملىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن ئۆچ ئادىمىنى ئاران تاپقاندەك چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق، كۆزلىرىدىن كۈچلۈك ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بىر قىياپەتتە.

مۇئەللىم گەپ قىلىشقىمۇ رايى بارماي، بېشىنى ئانچىكىلا لىڭشىتىپ قويدى.

مۆمىن تەمبۇرچى خۇددى ناخشا توۋلاۋاتقاندەك ئاۋازىنى ئالا - تاغىل چىقىرىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھوي جامائەت، ئاڭلاڭلار، مۇئەللىم قايتىپ كەلدى. مانا ھازىرلا...

خۇددى ھېچ ئىش قىلماي سىرتتىكى شەپىگىلا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشقاندەك، مۆمىن تەمبۇرچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشا - ئا-خىرلاشمايلا يېقىن ئەتراپتىكى ئۆيلەردىن چىقىشقان ئادەملەر گۇررىدە مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئولاشتى. بۇ قانداقتۇر ئۇنى قارشى ئېلىش بولماستىن، پاي قاتقان پۇللارنى قايتۇرۇۋېلىش ۋەسۋە-سىسىدە، مۇئەللىمدىن ھېساب ئېلىشقا ئالدىراپ كېلىشلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئاچچىق ۋە جىددىيلىشىشتىن باشقا ئىپادە يوق ئىدى.

— مۇئەللىم، — دېدى نۇرمەمەت كاسىگەر مۇئەللىمگە دۆ-دەك چەكچىيىپ، — پۇلىمىزنى ھېلىقى ۋاستىچى قويۇۋېتىپتۇ دەيدۇ، بۇ راستما؟

مۇئەللىم خۇددى ئۈستىنى مىڭ پاتمان يۈك بېسىپ تۇرغاندەك تەستە بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاپاق باسقان، لەۋلىرى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە نىسبەتەن بىرەر ھېسداشلىق نەزىرىنى ئىزدەپ بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. بىراق، بۇ خىل تەسەللىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇلار مۇئەللىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان پۇل توغرىسىدىكى نەق گەپكە ئىنتىزار بولۇشماقتا ئىدى.

— شۇنداق ... — دېدى مۇئەللىم تولىمۇ زەئىپ بىر ئاۋازدا.

— ئەمىسە ... — دېدى تۇنىياز مەمەت، — بىز پۇلىمىزنى قانداق قىلىمىز؟

مۇئەللىم ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ كۈتكىنى بۇ ئەمەس ئىدى. يۇرتداشلىرىنىڭ ھېچ بولمىسا ئۆزىنى بىر چۈشىنىشىنى، بىر-ئىككى ئېغىز تەسەللىي سۆزلىرىنى بايان قىلىشىنى شۇنداق ئۈمىد قىلاتتى. مۇئەللىم پەقەت مۇشۇلارنى دەپلا شۇنچە چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىدىمۇ؟ مۇشۇ يۇرتداشلىرىنىڭ بەختىنى، كېلەچىكىنى ئويلاپ باش قاتۇرمىدىمۇ؟ يۇرت-جامائەت، مەھەللە-كوي دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟!

— مۇئەللىم گەپ قىلىسىلا، بىز ساقلىيالمايمىز. بىزگە پۇلىمىز كېرەك.

— مەن بىر ئامالىنى قىلىمەن، — دېدى مۇئەللىم ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ساقچىلار ئۇ كاززاپنى ئىزدەۋاتىدۇ.

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئادەم، — دېدى مۆمىن تەمبۇرچى، — ئۇ كاززاپنى ئىزدەش سىزنىڭ ئىشىڭىز. بىز پۇلنى سىزگە بەرگەن، سىزدىن ئالىمىز.

— راست، بىز ئۇ ۋاستىچىنى تونۇمايمىز. ئۇنى نەدىن تېپىپ كەلگەنلىكلىرى ئۆزلىرىگە ئايان.

— توۋا دەڭلا كۆپچىلىك، مەن پەقەت سىلەرنى دەپ...

— بىز سىلىگە زاۋۇت قۇرۇپ بەرسىلە دېدۇقمۇ؟ خاتىرجەم

ئىشىمىزنى قىلىۋاتقان ئادەمنى ئۆزلىرى قىزىقتۇرۇپ...

— مەنمۇ ياخشى بولار دېگەن، ئەگەر زاۋۇت يۈرۈشۈپ كەتكەن بولسا، سىلەرمۇ پۇللۇق بولۇپ قالاتتىڭلار.

— ئەمدى ئۇچۇپ كەتكەن غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەننىڭ پايدىسى يوق، مۇئەللىم. بىزگە پۇلىمىزنى بېرىۋەتسى-لە.

مۇئەللىمنىڭ ئىچى شۇنچىلىك ئاچچىق بولۇپ كەتتىكى، ئۆتى تېشىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئېغىزىدا نەم دەيدىغان نەرسە قالمىدى. گەپ قىلىشقا تەمشەلسىلا تىلى تامىقى-غا چاپلىشىپ، ھەرىكەتلەندۈرۈش تەسكە توختايتتى.

— مەنمۇ ... مەنمۇ... — دېدى مۇئەللىم شامال دارىپ كەت-كەن ئادەمدەك تىلىنى چايناپ، — ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇلۇمنى سېلىپ بەردىم... سىلەر... بەك بولسا تۆت - بەش مىڭ يۈەندىنلا پۇل قاتقان. كىمنىڭ زىيىنى چوڭ، بۇنىمۇ ئويلاپ بېقىڭلار.

— ماۋۇ گەپلىرى قاملاشمىدى، — دېدى يەنە مۆمىن تەم-بۇرچى ئۆكتە قوپۇپ، — بىز سىلىنى پۇل قاتسىلا دېدۇقمۇ؟ ئۆزلىرى قىلغان ئىشقا ئۆزلىرى ئىگە بولسىلا مۇنداق. نېمىدې-سىلە ھە دەپ گەپلىرىنى ئاڭلايدىغان مەكتەپ بالىلىرى ئەمەس بىز.

— ئەپەندى خەقنى ئەخمەق كېلىدۇ دېسە ئىشەنمەپتىكەن-مەن، — دېدى ئارىدىن بىرسى پوككىدە، — راست ئىكەن. ئازراق يېڭىلىقنى كۆرۈپلا ھاياجانلىنىپ تۇرالماي، بىزنىمۇ پاتقاققا تىقتى مانا.

ئۇۋالچىلىقتىن مۇئەللىمنىڭ باغرى ئېزىلدى. ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ تۇرۇپ، يامان ئاتاققا قېلىش نېمىدېگەن ئازاب؟! يە-نە كېلىپ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مەھەللىسى، كىچىكىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قوۋم - قېرىنداشلىرى. «ياتنىڭ گېپى ياد-دىن ئۆتەر، تۇغقاننىڭ گېپى جاندىن» دەپ، ئۇلار ئۆزلىرى سىز-

مىگەن بىلەن، مۇئەللىم ئۇچۇن ھەربىر ئىغىز گەپلىرى ئۆتكۈر
پىچاقتىنمۇ يامان قەھرلىك ئىدى. ئۇلار يۈز ـ خاتىر دېگەننىمۇ
ئۇنتۇغانىدى. پايدا ـ مەنپەئەت ئادەمنى بۇزىدۇ دېسە مۇئەللىممۇ
ئىشەنمەيتتى. بىراق، ئەمدى بىلدىكى، خۇددى ئاچچىق ئەقىلنى
كەسكەندەك، پۇل ـ مالنىڭ ۋەسۋەسىسىمۇ ئادەمنى ئۆزگەرتىۋې-
تىدىكەن.

مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ خېلى ـ خېلى ئې-
غىر كۇنلەردىمۇ مۇنداق كۆڭلى بۇزۇلۇپ باقمىغانىدى. ئۇ بىر
ئۆمۈر ئادەم تەربىيەلەش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ ـ يۇ، ئادەمنىڭ
خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە قادىر بولالماپتۇ. دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى
ئالدىدىكى سەبىي بالىلارنىڭ داغ چۈشمىگەن يۇمران قەلبى بويى-
چە كۆزىتىپتۇ، باشقىلارغىمۇ شۇ خىل ئۆلچەم بويىچە مۇئامىلە
قىپتۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن كىمدىن ئاغرىنىش كېرەك؟ ئۆزىدىنمۇ،
ئۆزىنىڭ تۈز كۆڭۈللۈكىدىنمۇ ياكى دۇنيانىڭ رەڭدار ئويۇنلىرى-
دىن ئاغرىنىش كېرەكمۇ؟ ياق! سەۋەنلىك ئۇچۇن سەۋەب
ئىزدەش تېخىمۇ ئەخمەقلىق. يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ھېچكىم
ئالدىن بىلەلمەيدۇ، مانا بۇ ھەقىقەت. خۇددى مەكتەپ يېشىغا يەت-
كەن بالا بىرىنچى سىنىپقا كىرگەندە يېڭى بىر ئىشىك ئېچىل-
غاندەك، ئىككىنچى سىنىپقا چىققاندا دۇنيا كەڭرىيىپ قالغاندەك،
ئۈچىنچى سىنىپقا چىققاندا بىلىدىغانلىرى كۆپىيىپ قالغاندەك
بىر ئىش. گاھىدا ئادەم باشقىلارنى مۇشۇنداق قىممەت بىلەن تو-
نۇيدىغان ئىش بولىدۇ. مۇئەللىممۇ يۇرتداشلىرىنى بىر يۈز
سەكسەن نەچچە مىڭ يۈەن بىلەن تونۇدى. بۇ سەل قىممەت كەت-
كەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، كېرەك يوق. ئۆزىدىكى ئېسىللىك-
نى بايقاشمۇ گاھىدا چوڭ ئۇتۇق ۋە تەسەللى.

مۇئەللىمنىڭ روھى ئۇرغۇدى. كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ جا-
مائەتكە يۈزلەندى.

— راست، مەن سىلەرنى زاۋۇت قۇرۇشقا قىزىقتۇردۇم،

ھېچكىم مەجبۇرلىمىسىمۇ ئۆزۈم پۇل قاتتىم. ئەسلىي كۆڭلۈم ياخشى ئىدى. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە يۇرتداشلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش مەقسىتىملا بار ئىدى. مېنى چۈشەنمىسەڭلارمۇ مەيلى، لېكىن ئوقۇتقۇچىلىق شەرىپىمنى مەسخىرە قىلساڭلار مەن چىدىمايمەن. سىلەر ئوقۇتقۇچىنىڭ زادى نېمىلىكىنى چۈشىنەمسىلەر؟ چۈشەنمەيسىلەر. بىر توپ ساددا بالىنى ئالدىغا يىغىپ، ئېغىزىغا قارىتىپ ئولتۇرىدىغان ئادەم، دەپلا ئويلايسىلەر. نۇرغۇنلىرىڭلار مەكتەپتە كۆپ ئوقۇمىغان، ئوقۇساڭلارمۇ بىر كۈن مەكتەپكە بارساڭلار ئىككى كۈن پادا بېقىپ ياكى نە - نەلەردە ئويۇن قوغلاپ ئۆتۈپ كەتكەنلەر. بىلسەڭلار، نۇرغۇن كاتتا ئالىم، ئىختىساس ئىگىلىرى دەل بىزگە ئوخشاش مۇئەللىملەرنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇلار بولغاچقىلا ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. تەرەققىيات ھەرگىزمۇ تۈز سىزىق بويىچە ئەمەس، نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەن مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ مەھەللىدە چوڭ بولغان. بۇ مەھەللىگە مۇھەببىتىم چوڭقۇر. شۇڭا، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ كەتمەي، مۇشۇ مەھەللىدە تۇرۇۋاتىمەن. تاكى كۆزۈم يۇمۇلغۇچە ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھەرقايسىڭلار يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىمدە قويىسىلەر. دۇنيادا يۇرت مېھرىدىن مۇقەددەس، يۇرت مېھرىدىن چوڭقۇر نەرسە بولمايدۇ، — مۇئەللىم ھاياجانلىنىپ كېتىپ، سەل تۇرۇپ قالدى. دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — خاتىرجەم بولۇڭلار، پۇلۇڭلارنى چوقۇم قايتۇرىمەن. بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ تارتىپ قالسامۇ، بالىلىرىمنىڭ بۇ قەرزىڭلارنى بەرگۈچىلىكى بار.

مۇئەللىم سۆزىنى تۈگىتىپلا دېمى سىقىلىپ يۆتىلىشكە باشلىدى. بەكرەك چىڭقىلىپ كەتكەچكىمۇ، كۆزلىرىدىن ياش

چىقىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يىغلىمىغانىدى. بىراق، جامائەت ئۇنى كۆز يېشى قىلدى دەپ ئويلاپ قالدى. ئاردىن يېشى چوڭراق ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەسەللى ئېيتىشقا باشلىدى:

— مۇئەللىم، خاپا بولمىسىلا، باللار ياشلىق قىلىپ قالدى.

— شۇ ... شۇ ... بۇ بىغەرەزلەر ھەممە ئىشتا مۇشۇنداق ئالدىراقسان، خاپا بولمىسىلا مۇئەللىم.

— ياق، — دېدى مۇئەللىم، — ھەقىقەتەن ئەيىب مەندە، ئۇلارنى زاۋۇت قورۇشقا قىزىقتۇرغانمۇ مەن. باشقىلارغا ئىشىنىپ كېتىپ پۇلنى تارتقۇزۇپ قويغانمۇ مەن. ھەممىگە مەن جاۋابكار.

— ياق... مۇئەللىم، كۆڭۈللىرى بىزگە ئايان. سىلىمۇ مۇشۇ مەھەللىنى، بىزلەرنى كۆزدە تۇتقان. مۇبادا ئىش خەيرلىك بولغان بولسا، پايدىسىنى ھەممىمىز تەڭ كۆرەتتۇق. پۇلنىڭ ئىشى چوڭ مەسىلە ئەمەس، مۇھىمى بىزنىڭ ئۈم - ئىناقلىقىمىز، — ئۇ جامائەتكە يۈزلەندى، — بىر - بىرىمىزنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيلى، جامائەت، مۇئەللىم ياشىنىپ قالغان ئادەم، ئۇنى رەنجىتمەڭلار.

جامائەت باشلىرىنى سالغىنىچە جىممىدە تۇرۇشۇپ كەتتى.

— ھە، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ تارقالمامسىلەر؟ قىلىدىغان باشقا ئىشىڭلار يوقمۇ؟

ئۇلار بىردىن - ئىككىدىن تارقىلىشقا باشلىدى. زاۋۇتقا پاي قاتمىغانلاردىن «تاماشىنىڭ قىزىقىنى كۆرۈش» ئۈچۈن كەلگەن بىرنەچچەيلەنمۇ ئاستا يولىغا راۋان بولۇشتى.

— سىلەرگە رەھمەت، — دېدى مۇئەللىم ئىككى مويسىپىتقا قاراپ.

— نېمىگە رەھمەت دەيلا، مۇئەللىم، ھېلىمۇ دىللىرى جىق ئازار يېدى، بىز سەل كېچىكىپ كېلىپ قاپتۇق، بولمىسا بۇ نادانلارنى ...

— ياق، ئۇلارنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. باشقىلار بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

— باشقىلار دېگەن باشقىلار، مۇئەللىم. بىز دېگەن بىر مەھەللىلىك. «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دەيدىغان گەپ بار. بىر ـ بىرىمىزنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلىدىغان خەق بىز.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن قايتاي.

— ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا، مۇئەللىم.

مۇئەللىم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، مەھەللە دوقمۇشىدىن ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

## 2

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۇئەللىم، ئەھۋاللىرى قانداقراق؟

ئاچچىق چاينى دەملەپ قويۇپ، خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆمەر خېلىلغا قارىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە، قوشنام، — ئۇ ئېرزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆمەر خېلىل بىلەن كۆرۈشتى ۋە كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى.

پاتمەدىن كېيىن، ئۆمەر خېلىل ئابدۇناسىر مۇئەللىمگە نەزەر سالدى. چىرايىدىن كۈلكە ئۆچمەيدىغان، دائىم خۇش پېئىل، خۇش مىجەز يۈرىدىغان بۇ ئادەم هازىر بەكلا غەمكىن بولۇپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچقان، چىرايى ئېغىر كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغايغانىدى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۆمەر خېلىلنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، قولىدىن ئۇنىڭغا قۇرۇق تەسەللى ئېيتىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، خۇددى ئۆزىنىڭ بىرەر ئەزاسىدا ئاغرىق پەيدا بولغاندەك ئازاب هېس قىلدى.

قوشنىسىنى كۆرسە گېپى تۈگىمەيدىغان مۇئەللىم هازىر

بۇرۇنقى گەپخۇشلۇقىدىن قالغانىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويىتتى. «ھەر كالىلىدا ھەر خىيال» دېگەندەك، مۇـ ئەللىمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۆمەر خېلىلنى پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ كىردى بولغاي، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ھېلىقى كونى مەھەللە دوقمۇشىدىكى غەلۋە ـ غەشلەردە ئۆمەر خېلىل ياكى سۇلايمان بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھامان ئۆزىنى ئىزدەيدىغانلىقى مۇئەللىمگە ئايان ئىدى. شۇنداق بولغاندىمۇ مۇئەللىمنىڭ ئۇلاردىن ئاغرىنـ. دىغانلىقىغا ئاساسى يوق ئىدى. سۇلايمان مۇئەللىمنى باشتىن ـ ئاياغ قوللاپ كەلدى. بۇ قوللاشلاردا ئەلۋەتتە ئۆمەر خېلىلنىڭمۇ چوڭ ھەسسىسى بار ئىدى. سۇلايمان ھەرقانچە قىلسىمۇ ئاتىسىـ. نىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئىش قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۆستەڭ بويىدىكى يەرنى ئىشلىتىشتە، يەنە نەچچە يىلدا جانغا ئەسقاتىدىغان بىرـ. مۇنچە ئورمانلىقنى قومۇرۇپ تاشلىۋەتتى. ئەگەر بۇ ئورمان باشـ. قىلارنىڭ بولۇپ قالغان بولسا، بۇ كەمگە مۇئەللىمنىڭ بېشىنى ئوچاق قىلىپ، مۇئەللىمنىڭ جېنىنى ياغاچتەك ھەرىدەپ كېپەك قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنچىلىك ئايىغىنى ئۇچۇنمۇ مۇئەللىم كۆڭلىدە بەك خۇرسەن. بىراق، مەنپەئەت ھەممە ئادەم ئۇچۇن مۇھىم، ئۆمەر خېلىلمۇ ئۇتتۇر ئوقەت ئادەم، پۇل ۋە ئورمانلىرىنىڭ دەۋاسىنى ھامان قىلماي قالمايدۇ.

مۇئەللىم بۇ قوشنىسىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۇتۇپ جىمـ. جىت ئولتۇرىۋەردى. ھېلىقى كونى مەھەللە دوقمۇشىدا چوڭلارـ. نىڭ ئارىلىشىشى بىلەن تالاش ـ تارتىش بېسىققان بولسىمۇ، كېيىن كون ئارىلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئاـ. يىغى ئۇزۇلمىگەنىدى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەللىمدىن باشقىلارنىڭ پۇلىنى كېيىنرەك بەرسىمۇ، ئۆزلىرى قاتقان پاي پۇلىنى تېزرەك بېرىۋېتىشىنى، ھازىر جىددىي تۆلىمىسە بولمايـ. دىغان ناھايىتى زۆرۈر بىر قەرز ئىشىنىڭ بارلىقى ياكى شۇ پۇلـ. غا بەكلا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىگە ئوخشاش سەۋەبلەرنى كۆرـ.

ستىنشەتتى. مۇئەللىم لايىقىدا ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى يولغا سالاتتى.

— مۇئەللىم، بەك غەم يەپ كەتمىسىلە، — دېدى ئارىدىكى جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشقان ئۆمەر خېلىل ئاخىر ئېغىز ئې-چىپ، — سىلى بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزغا نېمە كۈنلەر كەلمە-گەن؟ ئۆزلىرىنى كۆپرەك ئاسرىسىلا، سالامەت بولساق نى - نى ئىشلارمۇ تۈگەپ كېتىدۇ.

— رەھمەت، قوشنام. ئالدىلىرىدا بەك خىجىلمەن، بىر بەلەن ئورمانلارنى نابۇت قىلىۋەتتىم...

— بولدى... بولدى... مۇئەللىم، ھازىرچە بۇ گەپلەرنى دې-يىشمەيلى. ئورمان دېگەننى يەنە تىكىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆمرۈمدە ئۇنداق ئورماندىن نۇرغۇننى كېسىپ، نۇرغۇننى تىكىپ بولغاندا-مەن. لېكىن، سىلى بىلەن بىز تۈگەپ كەتسەك قايتا تىكىۋالغىلى بولمايدۇ.

مۇئەللىم ئاز ۋە ساز سۆزلەيدىغان بۇ ساۋاتسىز قوشنىسى-نىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، كۆز چىيەكلىرى نەملەندى. غەم ۋە ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە بىر - ئىك-كى ئېغىز گەپمۇ گاھىدا ئادەمگە زور تەسەللىي ئاتا قىلىدىكەن. «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ» دېگەن گەپ نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان - ھە؟!

— مەن ... مەن ... ۋاقتىدا ... تىرىشىمەن، قوشنام.

— سىلىدىن پۇل سوْيلەپ كىرمىدىم، مۇئەللىم. قولۇم بۇ-نىڭدىن قىسقا، بۇنىڭدىن ئېغىر كۈنلەرنىمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈز-گەنمەن. خۇداغا شۈكۈر، ھازىر كۈنلىرىمىز ياخشى. بۇرۇنقىدەك ھال - مۇڭ بولۇشۇپ تۇرايلى، پېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بۇ دۇنيانىڭ غەلۋە - غەشلىرىنى غەم قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ۋاقتى - سائىتى كەلمىسە سىلى بىز ئالدىرىغان بى-لەنمۇ بىكار. ھەر ئىشنىڭ ھەل بولىدىغان بىر قەرەلى بار.

— رەھمەت ... قوشنام.

— ئەمىسە، مەن چىقاي، ئوبدان ئارام ئالسىلا، مۇئەللىم.

— رەھمەت، مېنى ياد ئەتكەن كۆڭۈللىرىگە مەڭگۈ دەرد - ئەلەم يولىمىغاي!

— سىلىگىمۇ رەھمەت، مۇئەللىم. بولدى ئۇزاتمىسىلا، ئوبدان ئارام ئالسىلا.

مۇئەللىم ئۆمەر خېلىلنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپلا، ئادەمگەرچىلىككە يات بىر قىلمىقنى قىلىپ سالغىنىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئۆمەر خېلىلغا بىر پىيالە چاي قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۆيگە كىرگەن مېھماننى قۇرۇق ئۇزىتىش بەكلا ناچار ئىللەت ئىدى. بۇنى مۇئەللىمدەك بىر ئۇقۇمۇشلۇق كىشى سادىر قىلسا تېخىمۇ بولمايتتى. ئۇ ئالدىراپ ئارقىسىغا ياندى. ئۆمەر خېلىل ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۆزىدىن ئۆزى رەنجىپ ئاچچىقى تۇتۇپ كەتكەن مۇئەللىم كۆپچىلىك ئەرلەرگە ئورتاق بولغان بىر ئادەتنى ئىشقا سالدى.

— ھوي، ئايشىخان... ھوي، ئايشىخان قېنى سىلە؟!

ئايشىخاندىن سادا چىقمىدى. ئۇ ھازىر باغنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىدا كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئوتاش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇئەللىم بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ئايالى كەلسىمۇ نېمە دېيەلەيتتى. ئالدىدا ئايشىخان دەملەپ بەرگەن بىر چەينەك چاي تۇرۇپ، مېھماننى قۇرۇق ئۇزاتقان ئۆزى تۇرسا.

مۇئەللىم يەنە خىيالغا پاتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، غەم - قايغۇغا پەرۋا قىلماسلىق ئېغىزدا دېمەك ئوڭاي بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلماق تەس ئىدى. كۆڭۈلسىز ئىشلار كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرەپ كەلگەندە، ئۇنى توسۇشقىمۇ ئامالسىز قالاتتى - دە، ئۇنىڭ كۆچلۈك دولقۇنىغا غەرق بولاتتى. تەسكىنسىز ئازابتىن باغرى ئېزىلەتتى.

ئۆمەر خېلىل ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە، سۇلايمان ئاتىسىنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ مۇئەللىمىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەت-كىنىنى ئاڭلىغىنىدا، پۇلنىڭ دېرىكىنى قىلىپ، مۇئەللىمىنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىگە ئازار بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تو-رالماي قالغانىدى.

— مۇئەللىمىنىڭ يېنىغا كىرگەن ئوخشىمامسىز، ئاتا؟ — دېدى سۇلايمان يەر تېگىدىن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالغاچ.

— ھەئە.

— پۇلنىڭ گېپىنى قىلدىڭىزمۇ؟

ئۆمەر خېلىل ئوغلىنىڭ تىت - تىتلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، ئىچىدە كۈلگۈسى كەلدى. «ئەخ-مەق بالام، مېنى مۇئەللىمدىن پۇل سوئىلەپ، پاراكەندە قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتۇ - دە. مەن ئۇ دەرىجىدە تاش يۈرەك ئەمەس» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئاتىسىنىڭ ئۇندىمەي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان تې-خىمۇ جىددىيلىشىپ سورۇشتۇرگىلى تۇردى:

— ئۇ...ئۇ ... مۇئەللىم نېمە دېدى، ئاتا؟

— ھېچنېمە.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

ئۆمەر خېلىل راست گېپىنى ئېيتتى:

— پۇلنىڭ گېپىنى چىقارماقچىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ تىلىم بارمىدى.

سۇلايمان ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە ۋىلىلىدە قې-زاردى. ئۇ يەنىلا باللىق قىلغانىدى. ئاتىسىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈ-كىنى چۈشەنمىسە كاشكى. ئۇ تۇرۇپلا ئاتىسىنى ئىلھاملاندۇرۇش قارارىغا كېلىپ قالدى.

— توغرا قىپسىز، ئاتا. بىز قوشنا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا يەتمىسەك بولمايدۇ.

ئۆمەر خېلىل كۈلۈپ قويدى.

— بۇنى بىلمەن. لېكىن، بىزنىڭ ھالىمىزغا كىم يېتەر-كىن؟ ئەتە - ئۆگۈن بانكىنىڭ ئادەملىرى قەرز سوپلەپ كەلگەندە كۆرسەن. بىر قېتىم كېلىشىدە، ماشىنىنىڭ ماي پۇلى ئۈچۈن ئىككى يۈز يۈەن ئالىدۇ، يا قەرزنىڭ ئۆسۈمىگە ھېساب بولمايدۇ. بىزلا چىدىساق ئۇلار شۇنداق كېلىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا كىمنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدىغانلىقى ساڭا ئايان.

سۇلايماننىڭ قانلىرى سوۋۇپ، لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ خىل بېسىمنىڭ تەمىنى تېتىپ باققانىدى، شۇڭا ئاتىسىغا باشقا بىر نېمە دېيەلمىدى.

بىر چەتتە ئوغلىنى ئويناتقاچ، ئاستىرتىن ئۇلارنىڭ سۆھ-بىتىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان گۈلقىز گەپكە ئارىلاشتى:

— بولمىسا مەن دادامدىن پۇل كېلەي بانكىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇۋېتەيلى.

سۇلايمان گۈلقىزغا تۇنجى قېتىم ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ كەتكەن-دى. ئۇ بانكىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا بىچارە بولۇشقا رازى ئىدىكى، قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا بويۇن قىسىپ بېرىشنى ئەسلا خالىماي-تتى.

ئۆمەر خېلىلمۇ كېلىنىگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئۈندىمىدى.

— بۇمۇ بولغۇدەك، — دېدى رابىخانمۇ ئەرلەرنىڭ سۆھبى-تىگە ئارىلىشىپ، — «ياتنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە، تۇغقاننىڭ كۆلۈڭىدا ئولتۇر» دېگەن گەپ بار. بانكىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا بو-يۇن قىسقىچە، قۇدام ئۆز ئادەم بولغاندىكىن...

— ئاپا...

سۇلايمان ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى.

— سىز غورۇرىڭىزنى بەك چوڭ بىلىسىز، — دېدى گۈل-قىزمۇ بوش كەلمەي، — ئەمما، موھتاجلىق قاتتىق ئىش. بۇ

دۇنيادا ھېچكىمگە مۇھتاج بولمايمەن دەيدىغان ئادەم چىقمايدۇ. بىر نەرسىنى بىلگۈدەك بولسام، بىزنىڭ ئائىلىمۇ شۇنداق نامرات ئىكەن. دادام تىجارەت باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلىدە مەبلەغكە پۇل تاپالماي ، يالۋۇرمىغان ئادىمى قالمىغانىدى. قىينالسىمۇ تىجارەتنى باشلىۋېلىۋىدى، كېيىن ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كەتتى. قەرزلەرنىمۇ قايتۇردۇق. ئاقىۋەتتە دادام باشقىلارغا پۇل قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ دېگەن مۇشۇنداق ئۆتنە جاھان، ساڭا كەلدى، ماڭا كەلمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

ئۆمەر خېلىلغا كېلىنىنىڭ سۆزلىرى خېلى ئورۇنلۇق تۇيۇلدى. ئۇ سۇلايمانغا يەنە نېمە دەركىن دېگەندەك يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ئەمما، سۇلايمان ئۈندىمىدى. ئۇمۇ گۈلقىزنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىۋاتامدۇ ياكى باشقا خىيال سۈرۈۋاتامدۇ، بىلىپ بولمايتتى.

ھەممىسىنىڭ جىمجىت تۇرغانلىقىنى كۆرگەن گۈلقىز يەنە گەپ باشلىدى:

— دادا، سىلى بىرنېمە دېسىلە. مەن ھەرگىز سۇلايماننى تەڭلىكتە قويمايمەن.

ئۆمەر خېلىل سۇلايمانغا بىرنەرسە دېمەمسەن دېگەن مەنىدە قاراپ قويدى.

— مەن ... مەن ... قوشۇلمايمەن.

— جاھىللىق قىلماڭ. دادامدىن رەنجىگەن يەرلىرىڭىزنى مەن بىلىمەن. لېكىن، بۇنداق چاغدا غۇرۇرىڭىزغا ئېلىپ تۇردۇۋالسىڭىز بولمايدۇ. بانكىدىن قەرز ئالىدىغان چاغدىمۇ مەن ئاتامدىن ئالايلى، بانكىغا بارمايلى، دېگەن. سىز ئۇنىمىدىڭىز. خۇددى مەن بۇ ئائىلىنىڭ قىزى بولغاندەك، سىزمۇ ئۇ ئائىلىنىڭ ئوغلى ھېسابلىنىسىز. باشقا كۈن چۈشكەندە ھەممە ئادەم ئۆز يېقىنىغا يۆلەك بولىدۇ. داداممۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

سۇلايماننىڭ بېشى بەكلا قاتتى. ئادەم گاھىدا مۇشۇنداق بىر

ئىشقا قارار چىقىرىش تەس بولغان سىناقلارغىمۇ دۇچ كېلىدىـ كەن. بۇ ئۆز ـ ئۆزىنى قىينىغانلىقىمۇ ياكى غۇرۇرىنىڭ راستىلا كۈچلۈكلۈكىمۇ؟ ھەقىقىي غۇرۇر زادى قانداق بولىدۇ؟ مۇشۇ تاپـ تا سۇلايمان ئۆزىمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيتتى.

گۈلقىز ئەمدى ئۇلارنى قىستاشقا باشلىدى:

— دادا، سىلى رۇخسەت بەرسىلە، مەن چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەي. بۇنداق ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىستىلىپ تۇرغانـ نىڭ پايدىسى يوق، — ئۇ ئوبدانلا ئايىغى چىقىپ قالغان ئوغلىنى سۇلايماننىڭ ئالدىغا شەرەتلىدى، — ماڭ، بالام، داداڭنىڭ ئالدىغا بار، ئۇ گەپ ئاڭلىسۇن.

بالا ئاپىسىنىڭ گېپىنى چۈشىنىپ، خۇددى دېڭىز بويىدىكى چىرايلىق پىنگۋىنلاردەك ئىرغاڭلىغىنىچە دادىسى تەرەپكە تايـ تاڭلاپ مېڭىپ كەتتى. سۇلايمان ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆـ يۈشكە باشلىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈلقىزنىڭ تۇغۇت جەريانىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى نامايان بولدى. قۇلىقىغا ئۇنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرى قايتا ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بېـ شىنى كۆتۈرۈشى بىلەن تەڭ، كۆزلىرى گۈلقىزنىڭ ئۆزىگە ئۇـ مىد، ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىـ شىپ قالدى. بۇ قاراشلار ئالدىدا ئۇنىڭ تەرسالىقى ئاستا ـ ئاستا يۇمشاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئېغىز ئېچىپ ئىپادە بىلدۇـ رۈشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى.

رابىخان ئەرلەرنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ، يا كېلىنىنىڭ تەـ رىپىنى ئالالماي، يا ئەرلەرنىڭ تەرىپىنى ئالالماي تەڭقىسلىقتا تۇرۇپ قالغانىدى. ئاخىر ئۆمەر خېلىل ئېغىز ئاچتى:

— مەيلى، قىزىم، قولدامغا ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ باقسىڭىز ...

— خاتىرجەم بولسىلا، بىز بازاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېـ يىنمۇ، دادام بىرەر ئىش قىلساق ياردەم بېرىدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلىگەن، لېكىن مەن سۇلايماننىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە ئۇـ

نىڭغا ئېيتمىغانىدىم. بۇ تەلىپىمنى ئاڭلىسا دادام تېخى خۇش بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى بار.

گۈلقىز گېپىنى تۈگىتىپ، يەر تېگىدىن سۇلايمانغا قاراپ قويدى.

— بارايمۇ؟

— ئاتام ئېيتتىغۇ، — دېدى سۇلايمان ئۇتتۇر جاۋاب بې-رىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

گۈلقىز پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— ئاپا، خاپا بولماي بالىغا قاراپ تۇرسىلا، ئۇنى ئېلىۋالسام قايتىشتا هايالشىپ قالىمەن.

كېلىنىنىڭ نېمە مەقسەتنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى چۈشەنگەن رابىخان ئۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈندى. ئۇلارنىڭ بۇ نەۋرىسىنى كۆرمىگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. بالىنى ئېلىپ بارسا گۈلقىزنىڭ ئۆزۈنراق تۇرۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— ماقۇل، قىزىم، مېڭىۋېرىڭ.

گۈلقىز ئۆيگە كىيىم ئالماشتۇرغىلى كىرىپ كەتتى.

— ئاتا، مۇشۇنداق قىلساق توغرا بولارمۇ؟ — دېدى سۇلايمان يەنىلا دېلىغۇل بولۇپ.

— هازىر ئۇنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئايرىيدىغان چاغ ئە-مەس، بالام. بىر ئىشقا ئالدىن هۆكۈم قىلماق تەس. لېكىن، يېقىن - يورۇقلار ئۆزئارا ئېلىم - بېرىم قىلىش بىر ئادەت. مۇئەللىمگە بېسىم قىلمايمىز دېسەك، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. بىزنىڭ بوينىمىزمۇ باشقىلارنىڭ قولىدىكى قىلدا باغلاقلىق.

سۇلايمان ئۇھ تارتىپ قويۇپ جىم بولدى. ئۇ ئۆزى تاپقان بۇ باش ئاغرىقىغا ئائىلىدىكى ھەممە ئادەمنى سۆرەپ كىرگىنىگە ئىچى ئېچىشىۋاتاتتى. ھېلىمۇ ئاتىسى ئۆستەڭ بويىدىكى ئورمان-نىڭ ئىشىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويمىدى. سۇلايماننىڭ نەزىرى-دە پۈلدىنمۇ ئورماننىڭ ئىشى مۇھىمراق مەسىلە ئىدى. چۈنكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە بىرنەچچە يىل تۇرسا ئۇ ئورمانلار راۋرۇس ياغاچ ماتېرىيالى بولۇپ يېتىلەتتى ـ دە، خېلى پۇلغا ياراپ قالاتتى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ بېغىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ئۆز ئورمانلىقىنى نابۇت قىلغان بولسىمۇ، بەربىر زاۋۇتنىڭ ئىشى سۇغا چىلاشتى. بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر زىيان ئىدى. زىيان كىمگە ئاچچىق ئەمەس؟ بىراق، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدىكەن». مانا ئاتىسىمۇ ئېيتتى، بىر ئىشقا ئالدىن ھۆكۈم قىلماق تەس. ئادەم كۆندە دېگۈدەك ھەر خىل دوقاللارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ھەممىنى ئالدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن بولسا، دۇنيا تولىمۇ ئاددىي، تۇرمۇش مەنىسىز تۈيۈلۈپ قالماسمىدى.

سۇلايمان ئۆز خىيالىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بوشقىنا ئۇھسىنىپ قويدى. شۇ ئارىدا گۈلقىز كىيىم ئالماشتۇرۇپ ئۆيدىن چىقتى. بالا ئاپىسىغا ئىنتىلىپ يىغلىغىلى تەمشەلدى. ئۇ تېخى ئەمدىلا يېشىغا توشقان بوۋاق بولسىمۇ، ئاپىسىنىڭ كىيىم ئالماشتۇرغىنىدىن ئۇنىڭ بىر يەرگە بارماقچى بولغانلىقىنى سېزىپ يەتكەنىدى. راست، بۇ دۇنيانىڭ مۆجىزىلىرىگە بىرنېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس ئىكەن.

— بېرى كەل، بالام، — رابىخان سۇلايماننىڭ قۇچىقىدىن بالىنى ئالدى. بالا تارتىشىپراق چوڭ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا باردى، — ساڭا يېڭى قايماق يېگۈزۈپ قويىمەن، ئوماق قوزام. يىغلىما ـ ھە؟!

رابىخان بالىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— مەن سىزنى چوڭ يولغا ئاپىرىپ قوياي، — دېدى سۇلايمان ئايالىغا ياندىشىپ كېلىپ.

گۈلقىز كۈلۈپ قويۇپ ئۈندىمىدى.

ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ، چوڭ يول تەرەپكە بۇرالدى. گۈلقىز شۇ چاغدىلا ئارقىسىغا بىر قارىۋېتىپ سۇلايمانغا چاقچاق قىلدى.

— ھۆ بوينى قاتتىق جاھىل.
— مېنى سىز شۇنداق جاھىل قىلىپ قويغان.
— نېمە، مەن؟ قانداق قىلىپ ...
— سىزگە ئېرىشمەن دەپ شۇنداق جاھىللىشىپ كەتكەن. بولمىسا ھوشۇرغا تېگىپ كېتەتتىڭىز ـ ھە؟
— ۋاي قويۇڭا، نەدىكى گەپلەرنى قىلماي. ھوشۇرغا تەگكۈم بولسا سىزگە خەۋەر بېرىپ ئولتۇرماي، شۇ چاغدىلا تەگمەسمىدىم. ئۆز ۋاقتىدا گەپ قىلماي ئەمدى كۇنداشلىقىڭىز تۇتۇۋاتامدۇ؟
— ھەئە.
— ئاللا خۇدايىم، يەنە قانداق ئەسكى مىجەزىڭىزنى كۆرەرمەن ئەمدى؟ ئېرىم خېلى تۈزۈك يىگىت دەپ يۈرسەم...
— شۇڭا، قالايمىقان چىشىمغا تەگمەڭ جۇمۇ.
— سىزنىڭ چىشىڭىزغا تەگكىلى بولامتىمۇ، بايىقىدەك بىر ھومىيىپ قويسىڭىز قورقۇپ قۇۋۇرغىلىرىم سۇنۇپ كېتەي دەپ قالدى.
— قاچان ئالايدىم سىزگە؟
— بايىچۇ.
— كۆردىڭىزما؟ ھېچ قارىغاندەك قىلمىغانىدىڭىز ...
— كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرسام، ئەسكى ...
— ئەمىسە يەنە نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىماي، ئۆز گېپىڭىزنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋالىسىز؟ ئاچچىقىمدىن راست قورقماپسىز جۇمۇ.
— چۈنكى، مەنمۇ جاھىل، سىزدىن ئۆگەنگەن.
ئىككىلىسى پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى. سۇلايمان يولدا ئادەم يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ گۈلقىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.
— سەت تۇرىدۇ، قويۇۋېتىڭ. دادام، ئاپاملار ئارقىمىزدىن قاراۋاتقان بولسا ...

— ئەگمىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق، ئۇلار كۆرمەيدۇ. يولدىمۇ ئادەم يوق.

— بۇ دېگەن مەھەللە ئىچى، ھېلى بىرەرى ئۆيىدىن چىقىپ قالسا ...

— كارىم يوق، تۇتسام ئۆزۈمنىڭ ئايالىمنىڭ قولىنى تۇتتۇم. خەق بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

— سىز راستىلا بەك جاھىل.

— ياخشىراق بىلىۋېلىڭ. لېكىن، ئوبدان تەرەپلىرىمۇ كۆپ.

— مەسىلەن...

— ئۆزىڭىز بىلىڭ، مەن دەپ ئولتۇرمايمەن. بۇنداق قىلىش ئەركەكلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

گۇلقىز ئېرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— بايا نېمىنى ئويلىغىنىمنى بىلەمسىز؟ — دېدى سۇلايمان ئايالىغا قىيا بېقىپ.

— نېمىنى ئويلىدىڭىز؟

— سىزنىڭ تۇغۇت جەريانىدىكى تارتقان ئازابلىرىڭىزنى، شۇنىڭ بىلەن بوشىشىپ كەتتىم. راستىنى ئېيتسام، سىزگە قىيمايمەن.

گۇلقىزنىڭ كۆڭلى يالىمدە ئېلىپ، مەڭزىگە قىزىللىق تەپتى. تاتلىق - تۇرۇم يېگەندەك شېرىن تۇيغۇلارغا غەرق بولدى. بارماقلىرى تېخىمۇ چىڭ كىرىشتى. تىنىقلىرى ئىتتىكلەپ، يەرگە قارىغىنىچە ئۇھ تارتتى.

— بىلدىم، — دېدى ئۇ پىچىرلىغاندەك بوش ئاۋازدا.

— كەچتە تېزرەك قايتىپ كېلىڭ.

— ماقۇل.

ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە چوڭ يولغا چىقىپ قالدى. شېرىن - شېكەر سۆزلىرى تۈگىمەيلا چىقىپ قالغاچقا، شۇنداق تېز

تۈيۈلدى. شۇنىڭغا ئۇلگۈرۈپ ماشىنىمۇ كەلدى. ئۇلار خۇددى بىر ـ بىرىنى يىراق سەپەرگە ئۇزىتىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك، تو ـ لىمۇ قىيىمىغان بىر ھالەتتە خوشلاشتى.

ـــ تېزرەك قايتىپ كېلىڭ، ـــ دېدى سۇلايمان ئۇنىڭ قۇ ـ لىقىغا يەنە پىچىرلاپ.

ـــ ماقۇل، ـــ دېدى گۈلقىزمۇ تەكرارلاپ. ئۇلارنىڭ تىنىق ـ لىرى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلدى. قوللار ئاستا، شۇنداقلا تولىمۇ تەستە ئاجرىدى. ماشىنا قوزغالدى. قارىماي يول ئۈستىدە مۆھەب ـ بەت گىرىمىسىنى جىمىرلاشقا باشلىدى.

## 3

كېرەم ساقچى راستلا مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. بىراۋلار ـ نىڭ: «ئادەم قېرىغانسېرى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ» دېگى ـ نى توغرا ئىكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى كەسپىتە قازانغان نەتىجە، شان ـ شەرەپلەر ئەمەس، بالىلىقىدىكى سەبىي خاتىرىلەر ئىدى. ئۇ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، قاغا، پاختەك ۋە باشقا قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنى ئەپچۈشكەن قوۋچاق يەتكۈسىز چوڭ تۇغ ـ راقلارنى، كۆڭۈللەرنى ۋەھىمە، تەشۋىشكە سالىدىغان، ئەمما يە ـ نىلا تىلسىمات ئۆڭكۈرىدەك ئادەمنى ھاياجانلىق قىزىقتۇرىدىغان چوڭقۇر يارداڭلىقلارنى سېغىناتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ توغراقلار مەڭگۈلۈك يوقالغان، يارداڭلىقلار تېپىزلاپ ئادەتتىكى ئېقىنلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ كۆندە دېگۈدەك مەھەللە ئىچىنى ئايلاندى. ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، مەجنۇنتاللىرى سۇنىڭ شاۋقۇن ئاۋازىغا ئەگىشىپ، لەر ـ زان تولغىنىۋاتقان چوڭ سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ سۇغا قاراپ خىيالغا پاتاتتى. خىيال سۇرۇپ ھارغاندا يەنە ئورنىدىن تۇ ـ رۇپ ئايلىنىشقا باشلايتتى. گاھىدا قوشنا مەھەللىلەرگىچە باراتـ ـ

تى. كۆپچىلىك كىشىلەر ئۇنى تونۇغاچقا، ئۇچراشقاندا چىرايلىق سالام ـ سەھەت قىلىشاتتى، بەزىلەر سالامدىن كېيىن ئۆتتۇر يو ـ لىغا كېتەتتى. يەنە بەزىلەر ئارقىسىدىن ئالىلىنىپ ملەرنى دەپ كۇسۇرلىشاتتى. نەچچە كۇن ئاۋۋال قوشنا مەھەللىلىك ئىككى يىگىت يولدا ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار ئالمان ـ تالـ ـمان كېلىپ كېرەم ساقچى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھە، كېرەمكا، ئايلىنىپ يۇرۇپسىزغۇ؟ — دېدى تۇرقى ئاۋاق، قارامتۇل كەلگەن بىرسى، — بىرەرنى پايلاۋاتقان ئوخـ ـشىمامسىز؟

كېرەم ساقچى ئۇلارنى تازا تونۇپ كەتمىدى. لېكىن، گەپ ـ سۆزلىرىدىن قورسىقىدا غۇمى بار بىرەرىدەك پەرەز قىلدى ـ دە، ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— بىرەر يامان ئىش قىلمايۋاتقان بولغىيدىڭلار؟

— يا... ياق... شۇ... مۇنداق ئايلىنىپ...

— تىنچ ياشاڭلار، ئۇكىلىرىم، بىردەملىك ۋەسۋەسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ياشلىقىڭلارنى نابۇت قىلماڭلار.

— يا ... يامان ئىش قىلمىدۇق...خوش، كېرەمكا.

ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ئۇزاپلا، ھېلىقى قارامتۇل يىگىتنىڭ ھەمراھى غۇدۇراشقا باشلىدى:

— ساراڭمۇسەن، جىم تۇرغان ئىتقا چالما ئېتىپ. ئېغىزىڭ قىچىشىپ قاپتۇ ـ ھە؟

قارامتۇل ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى:

— قورقمىغىنا، ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىغان، شۇڭا گەپ ئېتىپ قويدۇم. كاساپەت ئوغرى ھېلىقى يىلىدىكى قوي ئوغرىلاش دېلوسىدا مېنى يامان تېز تېپىۋالدى دەيمەن. بۇرنى بۆرىنىڭ بۇرنىدىن سەزگۈر بىر گۇي ئىكەن. قاراپ تۇرۇپ ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتتىم.

— شۇڭا دەيمەن، بۇنداق ئادەم بىلەن ئېيتىشما، زىيان تار ـ

تىپ قالىسەن.

— ئۇ ھازىر ساقچى ئەمەس، قورقۇپ كەتمەيمەن.

— دېگەنىبىلەن يەنىلا ساقچىنىڭ ئادىمى - دە، «يولۋاسنىڭ ئۆلۈكىمۇ ئادەم قورقۇتالايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۆزۈڭگە ھېزى بول. غاپىللىق گېزى كەلسە باشقا بالا بولىدۇ.

ئۇلار يىراقلاپ كەتتى. كېرەم ساقچى بۇ سويمەكلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىر تۇرۇپ كۈلگۈسى كەلدى، بىر تۇرۇپ ئاچچىقى كەلدى. ئارقىدىن پەرۋا قىلغۇسى كەلمىدى. راست، ئۇ ئۇزۇن يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا بۇ ناھىيە ئىچىدىلا ئەمەس، ناھىيە سىرتى، ھەتتا ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىمۇ نۇرغۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ تۈرمىگە يوللىدى. گاھىلىرى خۇددى مۇشۇلاردەك ئۇنىڭ ئىسىدە يوق. بىر كەسىپنى قىلغان ئادەم شۇنىڭغا پۇختا بولۇشى كېرەك، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى مۇھىم ئەمەس. ئۇ ھېچكىمگە زىيان سالمىدى، ئەكسىچە باشقىلارغا زىيان سالغانلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى. جاھان دېگەن شۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى قوغداي-دىغان ئادەم بولمىسا، ھەركىم ئۆز بىلگىنىنى قىلسا، بۇ دۇنيا نېمىگە ئوخشاپ قالىدۇ؟

كېرەم ساقچى مەھەللىگە يېڭى كەلگەن كۈنلەردە جامائەت تازا ئىچىگە ئالمىغاندەك تۇيغۇدا بولدى. كىمدۇر قېنى تۆكۈلگەن ئۆز مەھەللىسىدىمۇ يەكلىنىش نېمىدېگەن ئازاب - ھە؟ كۆپلىرى ئۆزى بىلەن تەڭداش، قۇرداشلار. قالغانلىرى ئىنى، باللىرى بى-لەن تەڭ ياشلار. كېرەم ساقچى مەھەللىسىگە يۆز كېلەلمىگۈدەك ھېچ ئىش قىلمىدى. ناۋادا ئۇنىڭ ساقچى بولغىنى خاتا بولسا، ئۇ چاغدا يامان ئىش قىلغۇچىلار ياخشى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. شۇغىنىسى، جامائەتمۇ ئۇنداق يامان ئادەملەردىن نەپرەت-لىنىدۇ، ئۇلارنىڭ جازالىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ساقچى بولغان ئادەمگە غەيرىي كۆزدە قارىشىدۇ؟ ئادەم-لەرنىڭ كۆڭلىدە نېمە تەشۋىش بار؟

www.uyghurkitap.com

كېرەم ساقچى بۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلغۇسى كەلمىدى. ھەتتا باشقىلار بىلەن پەرق سۈرۈشتۈرۈشنىمۇ راۋا كۆرمىدى. دادىسى رەھمەتلىك ئۇنىڭغا ھالاللىق، توغرىلىق ھەققىدە كۆپ تەربىيە بېرەتتى. «بالام، ھالال تاپقان زاغرائىنى دوقمۇشقا چىقىپ يە» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ ھەممىدىن بەك دادىسىنىڭ مۇشۇ سۆزىگە بەك قايىل. ئادەم باشقىلارغا زىيان سالمىسا، ئۆزىگە يۈز كېلەلىسە بولغىنى. كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ يامانلىقىنى ۋاقىت ئايرىيدۇ.

كېرەم ساقچى مەھەللىگە كەلگەندىن بۇيان، كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك ئاتا - ئانىسىنىڭ توپراق بېشىنى يوقلاپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللىمۇ مۇشۇ ئىدى. ئاللىقاچان توپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ بۇزرۇكلارنىڭ روھى ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشلىرىنى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ توپراق بېشىغا كەلگەن ھامان ئاتا - ئانىسىنىڭ سىماسى يالىدە كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. ئاستا يۈكۈنۈپ، بىلگىنىنى ئوقۇپ خەتمىقۇرئان قىلاتتى. ئارقىدىن سۈكۈتكە چۆمۈپ، ئۇلار بىلەن ئۈن - تىنسىز مۇڭدىشاتتى. شىۋاقلار، چىغلار، تېرەكلەرگە يامىشىپ كەتكەن يۆگىمەچ ئوتلار قەبرىستانلىقنى سۈرلۈك بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. بىراق بۇلار كېرەم ساقچى ئۈچۈن ئانچە سۈرلۈك بىلىنمىدى. دۇنيادا ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك نەرسە يوق. ئۇ نۇرغۇن خەتەرلىك مىنۇتلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. نەچچە قېتىم جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا گۆر ئاغزىدىن ئامان قايتقان. ھەر ئىنساننىڭ ئۆز ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ. سەن ئۇنى يا ئالدىغا، يا ئارقىسىغا سۈرەلمەيسەن. مەيلى قورقۇپ ياشا، مەيلى باتۇرلۇق بىلەن ياشا، ئۇ سېنى ھامان ئىزدەپ كېلىدۇ. قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسەن. بىلگەنلەر ئۈچۈن قېچىشمۇ بىھاجەت. شۇڭا، مەردانە، ئۈمىدۋار، تەمكىن ياشاش كېرەك. كۆپىنچە ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئۆزىنى ئۆزى قورقۇتۇپ ياشايدۇ. كۆڭۈللۈك دۇرۇس بولسا،

ئالدىڭغىمۇ مەغرۇر قارىيالايسەن.

كېرەم ساقچى يەنە باللارغا ئامراق ئىدى. باللارنىڭ ساددا تۇرقىدىن ئۆزىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئۇ ھەر كۈنى مەھەللىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، مەكتەپكە ماڭغان، مەكتەپتىن قايتىۋاتقان باللار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشاتتى. گاھىدا ئۇلارغا تېپىشماق تاپتۇراتتى. توغرا تاپقان باللارغا پۇلنى مۇكاپات قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا، باللارمۇ ئۇنى كۆرسىلا چۇرۇقلىشىپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتى.

— كېرەم دادا، مەن بۈگۈن مەكتەپتە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ئون كۇپلېت يادلىدىم، — دېيتتى بىر بالا مەغرۇرلىنىپ.

— قېنى ئوقۇپ باقە، بالام. توغرا ئوقۇيالىساڭ مۇكاپات بېرىمەن.

— ماقۇل.

بالا ئوقۇشقا باشلايتتى:

— بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە
ئىزدىگەنگە تېپىلماس.
ئۇلار ئاتا ھەم ئانا،
يەنە بىرسى قېرىنداش.

شاخ گۈلى بولغان بىلەن،
مېۋىسىز بولسا بىكار.
قېرىنداش بولغان بىلەن،
كۆيۈمسىز بولسا بىكار.

...

بالىنىڭ قوشاقلىرى خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئوقۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئويلىرى ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدىكى خىياللارغا كېتەتتى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ يا كۆيۈملۈك، يا كۆيۈمسىز بولسۇن ھېچ قېرىندىشى يوق، يالغۇز ئوغۇل ئىدى. پەقەت كىشىلىك مۇناسىۋەت

جەريانىدا تونۇشۇپ ئۆتكەن دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ قېرىنـ.
دىشى ئىدى، مەھەللىدىكى جامائەت ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىدى.

— كېرەم دادا، ئـوقۇپ بولدۇم، — دەيتتى بالا ھـاڭۋېقىپ قالغان كېرەم ساقچىنى نۇقۇپ.

— ھە... ھە... ئـوقۇپ بولدۇڭمۇ، بالام، ئالـە ماۋۇ پۇلـنى. تاتلىق ـ تۈرۈم ئېلىپ يېگىن.

ئۇ بىرنەچچە يۈەن پارچە پۇلنى بالىغا تۇتقۇزاتتى.

— كېرەم دادا، مەن تېپىشماق تاپالايمەن.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە...

ئۇ قايسىبىر تېپىشماقنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، بالىلار چۇر ـ قىرىشىپ، بەس ـ بەستە تېپىشماق تېپىشقا كىرىشەتتى.

يولدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ قىزىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشەتتى.

— ھوي كېرىماخۇن، بالىلار بىلەن ئويناۋاتامسىز؟ بالىلـ.
قىڭىزنى سېغىنىپ قاپسىز ھە؟

كېرەم ساقچى كۈلۈپ قوياتتى.

— ئۇلارنىڭ زېھنىنى سىناۋاتىمەن. مۇشۇنداق بولسا با.
لىلارنىڭ پىكرى تېخىمۇ بەك ئېچىلىدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ. بىز ئۇلارنى مەكتەپتىن كەلسىلا قوي بېقىشقا قوغلايمىز. نەدە بۇنداق چولا دەيسىز.

— بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك، — دەيتتى ئۇ قايسىبىر كىتاب سۆزىنى تەكرارلاپ.

— كۆپ ئىشلارنى بىلىسىز ھە، كېرىماخۇن. ياخشى گەپلەر بولسا بىزگىمۇ دەپ تۇرۇڭ.

— ماقۇل.

— بولمىسا يۈرۈڭا، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشكەچ بىز.
نىڭ ئۆيدە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز.

شۇنداق قىلىپ، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ئۆيلىرىگە باشلاپ ھال ـ

مۇڭ بولۇشۇپ كەتتى. بارا ـ بارا ئۇمۇ مەھەللىگە سىڭىشىپ قالدى. ئۆز مەھەللىسى ئەمەسمۇ، ۋەتەن دېگەن ئۇقۇم گاھىدا چوڭ بىر دۆلەتنى، گاھىدا بىر ئائىلە، يەنە گاھىدا كىچىككىنە بىر مەھەللىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەتەن ئەزىز، ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن مۇقەددەس!

كېرەم ساقچى ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۆستەڭدە سۇ لىققىدە ئېقىۋاتاتتى. بۇ يەر خۇددى سۈرەتتەكلا چىرايلىق ئىدى. يوغان سۆگەتلەرنىڭ مەجنۇنتاللىرى لەرزان تەۋرىنەتتى. قىرغاقتىكى يولنىڭ يېرىمىغا سۆگەتنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇراتتى. گاھى يەرلەردە باشنى ئېگىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بىر توپ بالا سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى. ئۇلار تېخى قىنىغا پېتىشماي سۆگەتنىڭ ئۇچىغا چىقىشىۋالغان بولۇپ، شۇ ئېگىز ـ دىن ئولاش ـ چولاش ھالدا ۋار ـ ۋۇر ۋارقىرىشىپ سۇغا سەك ـ رەيتتى. بىر توپ بالىنىڭ ئېگىزدىن چۈشۈشى بىلەن ئۆستەڭ سۈيى قاتتىق داۋالغۇپ قىرغاققا ئۇرۇلاتتى. بالىلار بىر تۇرۇپ، شوخلۇقىدىن ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن مايمۇنلارغا، بىر تۇرۇپ دولقۇن يېرىپ ئۈزۈۋاتقان بېلىقلارغا ئوخشايتتى.

كېرەم ساقچى ئۇلارنىڭ سۆگەتنىڭ ئۈستىدىن سەكرىشىنى توسماقچى بولۇپىراق تۇرۇپ قالدى. ئادەم ياشانغانسېرى ئېھتىيات ـ چان ۋە سەل قورقۇنچاقراق بولۇپ قالىدىغىنى راست. بىراق، بۇ بالىلار ھازىر قورقۇش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. قانچە ئېگىزدىن سەكرىسە شۇنچە ھاياجانلىناتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ قا ـ راملىقى چېكىدىن ئاشقانىدى. چوڭلار ئۈچۈن بالىلارنىڭ ھەرقان ـ داق ئىشى خەتەرلىك، شۇڭا ھەممە ئىشتىن توسقۇسى كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا ئۇلار زادى نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ چوڭلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ئوغرىلىقچە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى قىلىشى نېمە سەۋەبتىن؟

كېرەم ساقچى بالىلارغا ھېچنېمە دېمەستىن ئۆز يولىغا راۋان

بولدى. پەستىكى بىر قولتۇقتا چوكا زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن تەي-
يارلانغان كۆلچەك، ئۆي ۋە باشقا ئەسلىھەلەر بار ئىدى. ئىشلەت-
مىگەچكە، كۆلچەكلەرمۇ ئەخلەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.
بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. ئابدۇ-
ناسىر مۇئەللىمنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار پىلانى قىزىل كۆز كاززاپلارنىڭ
كاساپىتىدىن مەغلۇپ بولغاچقا، هازىر ئېغىر بېسىم، روهىي
ئازاب ئىچىدە ئۆيدىن چىقماي ياتاتتى. ئەگەر جەمئىيەت مۇشۇن-
داق قاتتىق ئىدارە قىلىنىپ تۇرمىغان بولسا، رەزىللىك، جىنايەت
يەنە قانچە ئېشىپ كېتەتتى ـ هە؟ بىراق، كىشىلەر ساقچىغا ها-
مان بىر خىل نەزەردە قارىشىدۇ. خۇددى ئېتىلىپ كېلىپلا چىش-
لىۋالىدىغان ئىتتەك. ئۇنىڭدا مۇئەللىمنى بىر يوقلاپ ئۆتۈش
خىيالى پەيدا بولدى. ئۇمۇ ساقچى بولۇشتىن ئىلگىرى بىر مەز-
گىل ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئابدۇناسىر مۇئەللىم
بىلەنمۇ ياخشى ئۆتەتتى. كېيىن ئىككىسى ئىككى كەسىپكە ئاي-
رىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاز ـ تولا ئىزدىشىپ تۇرغانىدى.
ھەتتا ئۇلارنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشىمۇ ئاساسەن بىر يىلغا توغ-
رىلىنىپ قالغانىدى.

ئۇ خىيال بىلەن مېڭىپ، مۇئەللىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا
كەلگىنىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى. قۇياش خېلىلا يانغا چۈشكەن
بولۇپ، يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى.
ئۆي ـ ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئىس ـ
تۈتەك مەھەللە ئاسمىنىدا نېپىز بىر قەۋەت تۇمان هاسىل قىلغا-
نىدى. ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ هويلىغا كىردى. مۇئەل-
لىم ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئۆمەر خېلىل بىلەن پا-
راڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

كېرەم ساقچى يىراقتىنلا سالام قىلدى. ئىككىسى تەڭلا بۇرۇ-
لۇپ كېرەم ساقچىنى كۆردى ۋە ئالدىراپ كارىۋاتتىن چۈشۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېرەماخۇن، كەلسىلە، كەلسىلە...
— ۋاي بولدى، كارىۋاتتىن چۈشمەڭلار، مەن...
ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، كېرەم ساقچىدىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي يۇقىرىغا باشلىدى. قىسقا پاتىھەدىن كېيىن ئەھۋال سوراشلار باشلاندى.
— سالامەتلىكلىرى قانداقراق، مۇئەللىم؟
— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟
— مەھەللىنىڭ ساپ ھاۋاسىدا مۇشۇنچىلىك تۇردۇق، ئۆمەرجىنىڭكا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆي ئىچى، بالىچاقىلار سالامەتتۇ؟
— سالامەتچىلىك.
— ھەممىمىزگە ساغلاملىق، خاتىرجەملىك يار بولسۇن.
— دېگىنىڭىز كەلسۇن.
ئۇلار بىردەم ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭ قىلىپ ئولتۇردى.
— بىرەر خەۋەر بارمۇ، مۇئەللىم؟ — دېدى كېرەم ساقچى پۇل توغرىسىدىكى ئىشلار يادىغا يېتىپ.
مۇئەللىم بېشىنى چايقىدى.
— ھازىرغىچە جىم، ئۇمىد يوقتەك تۇرىدۇ.
— ئۇنداقمۇ بولماس، ھازىر دېگەن ئۇچۇر دەۋرى، ئەستايىدىل تەكشۈرسىلا نەتىجە چىقارغىلى بولىدۇ.
مۇئەللىم خورسىنىپ قويدى.
— ھەممىسى ئۆزۈمنىڭلا پۇلى بولسىمىغۇ بىر نۆرى ئىدى. ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ قالايمىقان گەپ ـ سۆزلىرى بولىۋاتىدۇ. خۇددى مەن ئۇلارنىڭ پۇلىنى قەستەن يوتۇۋالغاندەكلا ...
— ئۇلارنىڭ ئاغزىمۇ ئاستا ـ ئاستا بېسىقىدۇ. ئۆزلىرىنى بەكرەك ئاسرىسىلا، سالامەت بولساقلا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ.
— شۇ، شۇ، — دېدى ئۆمەر خېلىلمۇ گەپ قىپتىپ، — مەنمۇ مۇئەللىمگە شۇنداق دەپ كېلىۋاتىمەن.

— ھەرقايسىڭلارغا كۆپ رەھمەت، — دېدى مۇئەللىم ھايا-جانلىنىپ، — مەندىن تەسەللى، رىغبەتلىرىڭلارنى ئايىمىدىڭلار. ئۆمەرئاخۇنمۇ پۇل توغرۇلۇق ھازىرغىچە ئېغىز ئاچمىدى. قوش-نامنىڭ ھالىمۇ ماڭا ئايان، بىراق ئۇ مېنى ئاياپلا جىم ئۆتۈۋاتى-دۇ. ئۇنىڭ بىر بەلەن ئورمانلىرىنىمۇ نابۇت قىلىۋەتتىم.

— بۇنى دېيىشمەيلى، مۇئەللىم، — دېدى ئۆمەر خېلىل سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — بىز دېگەن ئۇزۇن يىللىق قوشنا، ئۇز-چىلىك بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يەتمىسەك، بۇ قوشنىدارچىلىق دېگەننىڭ خاسىيىتى نەدە قالىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ ... ئادەم سەل خىجىل بولىدىكەن، قوشنام.

— بولدى، ئۇ ئىشلارنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە.

كېرەم ساقچى بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك، مۇئەللىم تەرەپكە سەل سۇرۇلۇپ گەپ باشلىدى:

— مەن دائىم دېلو پاش قىلىپ يۈرگەچكىمۇ، بۇ ئىش ئا-سانلا تۈيۈلىدۇ. ھازىرقى ياش بالىلارمۇ يامان، بەلكىم بۇ ئىشنى ئۇزۇنغا بارمايلا ئېنىقلىشى مۇمكىن. ناۋادا ئىش ئوڭغا تارتىپ قالسا، زاۋۇت قۇرۇشنى داۋاملاشتۇراي دەملا، مۇئەللىم؟

مۇئەللىم خۇددى بىرسى مۇشت تەڭلەپ كەلگەندەك ئارقى-سىغا داجىدى.

— بولدى، بولدى، كېرىماخۇن. مۇشۇ باش ئاغرىقىمۇ يېتەر ئەمدى. تىنچ جېنىمغا جاپا سېلىپ نېمە قىلارمەن.

— دېمىسىمۇ باش ئاغرىقى جىق ئىش بۇ، — دېدى كېرەم ساقچى، — سىلى ئۇقمىغاچقا زاۋۇت قۇرۇشنىلا ئويلاپ، باشقا ئىش بىلەن كارلىرى بولماپتىكەن. ئاز دېگەندە بەش يەردىن رەسمىيەت بېجىرىدىغان ئىش بار ئىكەن. بولۇپمۇ سەھىيە ئىدا-رىسى بىلەن ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرمەك بىرقەدەر تەس ئىكەن.

— مۇنداق دەڭ.

مۇئەللىم بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قىلغانلىرىنىڭ خۇددى كىچىك بالا ئويۇن ئوينىغاندەكلا بىر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى. زاۋۇت قۇرۇش، تىجارەت قىلىش دېگەننى راستلا ئۇدۇل كەلگەن ئادەملا قىلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن. ھەر ئادەم ئۆزى چۈشەنگەن كەسىپنى قىلغىنى تۈزۈك ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر سۆيگىنى، كۆيگىنى ئوقۇتقۇچىلىق، ئادەم تەربىيەلەش ئىدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ شۇنداق قىلالىدى. ئەسلىي غەلىبە دېگەن مۇشۇ ئىكەن. ئۇ ئەسلىي زاۋۇت قۇرىمەن دەپ نەدىكى يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلىشىپ، ئۆزىگە باش ئاغرىقى تېپىپ يۈرمەي، مائارىپىنىڭ تارىخى، بۈگۈنكى تەرەققىياتى توغرىسىدا بىرەر كىتاب يازغان بولسا توغرا بولار ئىكەن. يولنى ئۆزى خاتا تاللاپتۇ، يۇرتداشلاردىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققى يوق ئىكەن. ئۇلارنى زاۋۇت، كارخانا قۇرۇپ ئىگىلىك تىكلەشكە مۇئەللىمدەك بالا تەربىيىلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس، مەخسۇس مۇشۇ كەسىپتە ئوقۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ باققان بىرەرى باشلىسا توغرا بولغۇدەك. بەلكىم تەرەققىيات مۇشۇنداقلا ئىلگىرىلەپ ماڭسا، ئاز كۈندە بۇ ئارزۇمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالغۇدەك.

شۇ ئارىدا ئاشخانا ئۆي تەرەپتىن تاماقنىڭ مەززىلىك ھىدى تارقىلىشقا باشلىدى. ئايشىخان كېلىپ كارىۋاتقا داستىخان سالدى. ئوخشىغان بىر چىنىدىن ئۆگرە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار خوش ـ خوش بىلەن ئاشقا تۇتۇندى. ئىللىق بىر كەيپىيات ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۇلار ئاشلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، ئەمدىلا چىنىلىرىنى داستىخانغا قويۇپ تۇرۇشىغا، سۇلايمان ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۆمەر خېلىلىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. سۇلايمان كېلىپ چوڭلار بىلەن

قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئاتىسىغا دېدى:

— ھوشۇر ئاكامنىڭ ئايالى تۇغەپ كېتىپتۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ چېھرىسىنى ئۆلۈم شامىلىنىڭ سەلكىنى يەڭگىل سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. تەنلەر شۈركۈندى، ئاندىن ئۇلار-نىڭ ئىچىگە بىر مۇڭ چۈشتى. ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا مۇشۇن-داق بىر قارا كۈننىڭ بارلىقىنى ئويلىشىپ يۈرىكى ئېزىلدى. قىلماقچى بولغان زۆرۈر ئىشلىرىنى يادىغا ئېلىشتى. زېمىنغا قىزغۇچ شولا چېچىپ تۇرغان كەچكى شەپەق ئادەمگە ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— ئەلھۆكمىللا! — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا ئۇھ تارتىشىپ، — مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكى خەيرلىك بولسۇن!

# ئونىنچى باب

## 1

ھوشۇر ئوغۇللارنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى. قاش ـ كۆزلىرى جايىدا، بوي ـ تۇرقىمۇ قاملاشقان، خېلى ئىسكەتلىك بىر ئەر بولۇپ يېتىلىسىمۇ، ئاتىسىنىڭ باخشىلىقى سەۋەبلىك، ئوتتۇز يېشىغىچە ئۆيلىنەلمىگەنىدى. كىشىلەر «تۇرمۇش دېگەننىڭ خۇددى ھاۋا رايىدەك يامغۇر، قارلىرى بولىدۇ. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قۇياش پارلاپ تۇرمايدۇ. ناۋادا باللار ياخشى ئۆتەلمەي قالسا، سادىر باخشى ئوقۇپ بىرنەرسە قىلىپ قويىدۇ» دەپ قىز بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقانىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاتتا شۆھرەت، ئىمتىياز، بايلىق ئاتا قىلغان بۇ باخشىلىق ئەمدى ھوشۇرنىڭ بەختىگە ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى تەڭتۇشلىرىغا قارىسا ئىچى ئۆرتىنەتتى. ئۆزىنى خۇددى باشقىلاردىن بىر يەرلىرى كەمدەك ھېس قىلاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ئەسلىي سەۋەبچىسى — ئۆز ئاتىسى سادىر باخشى ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپلا مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغىنىنى ئويلىغىنىدا، ئاتىسىنىڭ باخشىلىقىغا قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئەمما، سادىر باخشىمۇ ئوغلىنىڭ بەختى ئۈچۈن تىنىمسىز قاترىدى. تولا قاتراپ ئايىغىنىڭ چەممۇ قالمىدى. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىدىن قېچىۋاتقىنىنى كۆرگىنىدە، غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەيتتى. راستلا شۇلار ئويلىغاندەك كارامىتىنىڭ بولغىنىدا، ئۇ بىرلا ئەپسۇن بىلەن تالاي قىزلارنى ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرتمەسمىدى؟ ئۇمۇ ئادەتتىكى بىر ئادەم. پەقەت باشقىلارنى چۈشىنىشكە ماھىرراق. بىراۋنىڭ روھىي ھالىتىگە قاراپ ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى قىياس قىلالايدۇ. شۇ سەۋەبلىك بەزى پاللىرىدا ئۇتۇق قازانغان. ئۇ يەنە تۇنىسا باخشىدىن

باخشىلىقنىڭ ھەر خىل يوللىرىنى ئۆگەنگەن. ھەر كەسپىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سىر ـ ھېكمىتى، سىر ـ ھەيۋىسى بولىدۇ. بىلمىگەنلەر ئۈچۈن بۇ بىر كارامەت. ئازراق غەلىتە ئىشلارنى كۆرسە ھەيرانۇھەس قالىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپتۇرۇپ، مۇبالىغە قىلىشلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ بازىرى چىقىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئالدىنىدۇ. بۇ دۇنيا دېگەن شۇ، رىزىق كەڭ چېچىلغان، سەن ئۇنى قانداق ئىگىلەشنى بىلمىسەڭ، خەق ئىگىلەپ كېتىدۇ. سەن قىلالماي، قىلغاننى كۆرەلمەي، دۇنيادىن ۋايساش بىلەن ئۆتىسەن.

سادىر باخشى ئوغلىنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەتتا بىر قورساق ئىنىسىنىڭ ئوغلىدىنمۇ قىز تالاشتى. بۇ تولىمۇ رەزىللىك بولۇشى مۇمكىن. بىراق، سەن نېمىنىڭ رەزىللىك، نېمىنىڭ ھەققانىيەت ئىكەنلىكىنى ئىلغاپ ئولتۇرساڭ مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيسەن. ھەممە يول ئۆزىگە تۇشلۇق ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ.

سادىر باخشى شۇنداق ئويلىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئىشلار يەنىلا ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە بولمايتتى. مەۋھۇم بىر كۈچ ئۇنى چەكلەپ تۇراتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ توي ئىشى ئۈچۈن توختىماي قاتىردى. كىشىلەرگە ئاڭلىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرى قىزارغۇدەك كۆپ پۇللارنى ۋەدە قىلدى. بىراق، پۇللارمۇ خەقنىڭ مەيلىنى تارتالمىدى. گاھىدا ئادەم پۇل ـ مالدىنمۇ خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئەمىنلىكىنى چوڭ بىلىدىغان ئىش بار. دۇنيانىڭ مەنزىلىنى، تۇرمۇش تەرتىپلىرىنى سادىر خېلىلىدەك ئويلايدىغان ئادەملەر بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ چۈشەنمىگەنسېرى ئۆزى چوقۇنغان پۇلنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

زېمىندا ھەممە نەرسىنى جۈپ ـ جۈپى بىلەن ياراتقان خۇدانىڭ ھوشۇرغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ، ئاخىر نەۋرە ئىنىسى سۇلايماندىن نەچچە كۈن كېيىن، بازاردا ئولتۇرۇشلۇق نەجمىدىن سايىمنىڭ قىزى زورەم بىلەن توي قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى.

قىزمۇ «ئۇلتۇرۇپ» قالغانلاردىن ئىدى. تويى ـ مەرىكىسى ھەقىقە ـ
تەن كاتتا ئۆتكۈزۈلدى. لېكىن، بەخت ھەرگىز ئۇنىڭ ھەشەمە ـ
تىدە ئەمەس. گاھىدا بىر نوگاي سوغۇق سۇمۇ ئادەمنى چەكسىز
بەخت ھۇزۇرىغا چۆمۈلدۈرىدۇ. ھەقىقەتەن ھوشۇر ئۈچۈن ئۇنىڭ
ھەشەمەتىدىنمۇ، زورەمنىڭ ئىللىق باغرىغا ئېرىشىش ئەڭ كاتتا
بەخت بولدى. تويدىن كېيىنكى شېرىن ئايلار ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ
ئەڭ چوڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇردى. ئۆزىنى دۇنياغا قايتا ئا ـ
پىرىدە بولغاندەك سەزدى.

زورەمنىڭ بىر كۆزى سەل قىسىق ئىدى. يۈزىدىكى شالاڭ
سەپكۈنلىرى ھۆسنىگە ئانچە چوڭ تەسىر يەتكۈزەلمىسىمۇ، ئې ـ
ڭىكىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىككىنە تاتۇق ئۇنى سەل سوغۇق
چىراي كۆرسىتىپ قوياتتى. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن، دۇنيادى ـ
كى گۈللەرنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ۋە خۇش پۇراق. كىشىلەرنىڭ
نەزىرىدىكى ئەڭ ئاددىي يوپيۇرماقمۇ سەن گۈزەل دەپ قارىساڭ
چوقۇم گۈزەل. ئىشلار سېنىڭ قانداق تونۇشۇڭغا باغلىق. ھوشۇر
ئاران ئېرىشكەن بۇ گۈلنى، ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چىرايلىق
گۈل قاتارىدا كۆردى ۋە سۆيدى. كۈنلەر ئۆز مەنىسىنى تاپتى، ھا ـ
يات قۇياشى كۆكتە جۇلالىدى.

ئۇلار تويى قىلىپ بىر يىلغا بارمايلا ھوشۇر ئۇماققىنا بىر
قىز پەرزەنتلىك بولدى. بۇمۇ ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا بەخش ئەتكەن
كاتتا ئىنئامى ئىدى. ئۇ تۇنجى پەرزەنتىنىڭ بەرىكەتلىك قەدەم ـ
لىرىدىن سۆيۈنۈپ يۈرگەن كۈنلەردە، زورەمنىڭ يەنە بويىدا قال ـ
دى. قىزى تېخى ئەمدى ئالتە ئايلىق بولغانىدى. ھوشۇر بۇنىڭدىن
يا خۇش بولۇشىنى، يا خاپا بولۇشىنى بىلەلمەي قالدى. ئاخىر يە ـ
نىلا خۇش بولدى. پەرزەنت دېگەن ئائىلىنىڭ گۈلى، ئاتا ـ ئانى ـ
نىڭ كەلگۈسى. مۇشۇ بالا سەۋەبلىك نەچچىلىگەن ئائىلە بۇزۇلۇپ
كەتتى ئەمەسمۇ؟ خەق ئايالىم تۇغمىدى دەپ قاقشايدۇ، ھوشۇر
ئارقا ـ ئارقىدىن تۇغۇۋەتتى دەپ قاقشىسا، راستلا قاملاشمىغان

ئىش بولغۇدەك.

شۇنىڭ بىلەن ھوشۇر يەنە بىر يېڭى جاننىڭ دۇنياغا كېلىش تەقەززاسىدا كۈنلىرىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە ھايات شۇنداق داۋام قىلىسىمۇ بولاتتى، بىراق ئادەم نۇر ـ غۇن نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق، بەزىلىرىنىڭ بەزىلىرىگە دىلى يوق. ئاچلىقنىڭ ئازابىنى سۇ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى ئاش با ـ سالمايدۇ. پۇتقا كىيگەننى باشقا كىيگىلى بولمايدۇ. ھوشۇر كې ـ چىكىپ توي قىلغاچقا، تېخى چاڭقىقى بېسىلغۇچە بولمىغانىدى. كۈتمىگەندە زورەم ئارقا ـ ئارقىدىن ھامىلىدار بولۇشقا باشلاپ، ئۇنىڭ بەزى تەقەززالىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئۇ تاماكا چېكىپ باقتى، ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ، خۇدىنى بىلمىگۇدەك مەستمۇ بولۇپ كەتتى. كالىلىسىنى چۈمكەپ، ھېچنېمىنى ئويلى ـ ماي يېتىۋالدى. بىراق، ھېلىقى ۋەسۋەسە بۇنىڭلىق بىلەن پە ـ سەيمەكتە يوق، تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئايالى تاپا ـ تەنە، دوقلار بىلەن بەرگەن ئانچە ـ مۇنچە ئۇسسۇزلۇق ئۇنىڭ بۇ ئەسە ـ بىي چاڭقىقىنى قاندۇرالمايتتى.

ھوشۇرنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇشقا باش ـ لىدى. ئاتىسىغا ئوخشاشلا دۇنيانى پەقەت مەئىشەت ئوچىقى دەپ قارايدىغانلا بۇ ئادەم نەپسى بالاسىدا قۇترىغىلى تۇردى. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، ھوشۇر بۇ ئارزۇسىغا ئاخىر يەتتى. خۇددى ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلايدىغان، كۈنلىرىگە ھەقىقىي مەنە ئەمەس، ئالدامچى ھەۋەسلەرنىڭ شەۋكىتى بىلەن خۇشلۇق ئىز ـ دەيدىغان يەنە بىر ئايال ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق بەردى. بەرگەندىمۇ ھوشۇر ئۇنتۇيالمىغۇدەك، ۋاز كېچەلمىگۇدەك دەرىجىدە بەردى. ئاھ، جاننىڭ ئارامى، ھەۋەسنىڭ قىيامى، روھنىڭ لەززىتى ئا ـ يال. ھوشۇر بۇ كوچىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەندە سەن نەلەردە قالغان بولغىيدىڭ؟ ئۇ پەقەت زورەمنىلا ئۆزىنىڭ تەقدىر ئاتا قىلغان بىردىنبىر رىزقى، نېمىتى دەپ چۈشىنىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ

بولمىسا ئۆزىمۇ بولمايدىغاندەك ھاماقەتلەرچە خىيال سۈرۈپتۇ. ياق! دۇنيادا ئايال زاتى دېگەن كۆرمىگەن. ھوشۇر پەقەت كىچىكىپ ـ رەك بۇ جىنسقا يېقىنلاشتى. ئىش تېخى ئالدىدا، ئۇ ئەمدى بۇ باغدىن گۈللەرنىڭ سەرخىلىنى ئۈزۈشى كېرەك.

خالىدەم ئىسىملىك بۇ ئايال چاتقاللار ئارىسىدا قالغان گۈل ـ دەك تۇيۇقسىز ھوشۇرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا ھوشۇر ئۇچۇن دۇنيا قايتىدىن سېھىر ئىشىكىنى ئاچتى. كىچىككىدە «ئاللا خالى ـ دەم»نىڭ ناخشىسىنى تولاپ چوڭ بولغان ھوشۇر ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تەقدىر قۇتىسىدا ساقلانغان ئاشۇ ئاشىق خالىدەم ئىكەن ـ لىكىگە رەسمىي ئىشەندى.

ــ ئاياللىقىڭىزنى قويۇۋېتىڭ، ــ دېدى خالىدەم قاش ـ كۆزى ـ نى ئوينىتىپ، ــ مەن خەققە ئاشنا بولىدىغان خوتۇن ئەمەس.

ــ ئاتام ...

ــ خوتۇننى سىز ئالغانمۇ، ئاتىڭىز ئالغانمۇ؟

ــ ئارىمىزدا ئىككى بالا بار.

ــ بالا دېگەن چوڭ بولىدۇ. مەنمۇ يېتىم ئىدىم.

ــ ئويلىنىپ باقاي.

ــ مېنىڭ مىكى ـ مىكى دەيدىغان ئىش بىلەن خۇشۇم يوق، ئۇنداق ئەرنىمۇ ئارقامغا تاشلاپ قويىمەن.

ــ خەپ ... خەپ ...

ــ نېمە بولدى؟ نېمىگە خەپ ـ خەپ دەۋېرىسىز؟ مېنى تىللاي دەمسىز يا؟!

ــ ياق ... ياق ... سىزنى قانداقمۇ تىللىغىلى بولسۇن. ھو ـ مىيىپ قاراشقىمۇ بولمايدىغان تۇرسا.

ــ ئەمىسە نېمىشقا خەپ دەيسىز؟

ــ بۇرۇنراق... تونۇشماي قالغىنىمىزغا.

ــ ھازىر تونۇشقىنىمىزمۇ بولىدىغۇ، بەرىبىر سىزنىڭ ئىل ـ كىڭىزگە ئۆتتۇم.

— ئۇغۇ شۇ ...

— ئەگەر هازىرمۇ چىڭ تۇتمىسىڭىز، كېيىن تېخىمۇ چوڭ پۇشايماندا قالىسىز.

هوشۇر ئەندىكىش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدى.

— مېنى تاشلاپ كەتمەڭ ...

— ئۆزىڭىزگە باغلىق.

هوشۇر بىر چەمبىرەكتىن چىقىپ، يەنە بىر چەمبىرەككە كىرگەندى. بۇمۇ بەلكىم ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ چەمبىرەك ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇ ئاچچىق بىلەن تاتلىق ئارىلىقىدا توختىماي قىينىلاتتى. زورەمدىن ۋاز كېچىشنى ئويلىسا، ئىككى بالا خۇددى ئىككى تال تۇۋرۇكتەك ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى. خالىدەمدىن ۋاز كېچەي دېسە، شەيتانىنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن نازۇ كەرەشمىلىرى، سېھىر - جادۇلىرى باشلىرىنى قايدۇراتتى. پاتقاقتا پېتىپ قالغان ئادەمدەك بىر ئىزىدىن سىلجىيالمايتتى. ئىككى پۇتى ئىككى كېمىگە باغلاقلىق ئىدى.

هوشۇرنىڭ تەلىيىگە بۇ كۇنلەردە قوش نىكاھلىنىدىغان ئىشلار ئانچە - مۇنچە باش كۆتۈرۈپ قالغانىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلىگىمۇ جىن كىردى. ھەر ئىككىسىدىن ۋاز كەچمەيمۇ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىكەنغۇ؟

ئۇ يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ خالىدەمگە ئېغىز ئاچتى:

— مەن ... مەن ... سىزنى نىكاھىمغا ئالاي.

خالىدەم هاڭۋاقىنىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى.

— ئايالىڭىزنى تېخى قويۇۋەتمىگەن تۇرسىڭىز؟

— ئۇنى ... قويۇۋەتمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— ئۇ باللىرىمنى باقىدۇ، سىز مەن بىلەن ...

خالىدەم پىسسىڭىدە كۇلۇپ قويدى. ئۇ هوشۇردەك يۇمشاق

لوق گۆشنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. يەنە كېلىپ
قوش نىكاھلىنىش ئۇنىڭ ئۇچۇن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس.
ئۇ ئىككى خوتۇنلۇق ئەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئايالىغا قارىغاندا تو-
قاللىرىغا بەكرەك پۇل خەجلەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ-
نىڭمۇ ھەم بىر ئەرنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ يا-
شاش ئارزۇسى يوق. جاپانى ئاز تارتىپ، كۈنلىرى پاراغەت ئىچىدە
ئۆتسە، يېنىدا سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان ياۋاش مۇشۇكتىن
بىرسى بولسىلا كۇپايە. ئۇ ئاغزىدىكى گۆشنى چايناپ ـ چايناپ، تە-
مى قالمىغاندا تاشلاپ كېتىشكە خېلى ئۇستا. تەقدىر ئۆزى تىك-
لىنىپ، بەخت ئۆزى قۇچاق ئاچسا ئۇ نېمىشقا رەت قىلغۇدەك؟
بۇنداق پۇرسەتنى تىلەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان تۇرسا؟!

— ماقۇل، — دېدى خالىدەم خۇش تەبەسسۇم بىلەن ھو-
شۇرغا بېقىپ، — بىراق ئايالىڭىزنىڭ ئالدىدا مېنى خورلاپ
قويسىڭىز بولمايدۇ.

ئۇنىڭ بۇنداق تېز قوشۇلۇشىنى كۈتمىگەن ھوشۇر، بىرپەس
ئېسەنگىرەپ قالدى. ئاندىن تۇيۇقسىز بەخت ساھىلىغا چىقىپ
قالغان سەيياھتەك شادلىقتىن يۈرىكى ئويناپ كەتتى، ھاياجاندا
ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمىدى.

— ئەمىسە چوڭ توي قىلايلى، — دېدى خالىدەم ئۇنى سىناپ
بېقىش غەرىزىدە.

— بولماسمىكىن، — دېدى ھوشۇر قورقۇپ، — مەنچە بول-
سىغۇ يەنتە ئىقلىم ھاڭ ـ تاڭ قالغۇدەك كاتتا توي قىلىپ بەر-
گۈم بار، بىراق باشقىلار بىلىپ قالسا، قانۇننىڭ جازاسىغا تارتى-
لىمىز.

— مەن خوتۇنىڭىزنىڭ سايىسى بولۇپ ياشامدىم؟

— ياق، سىز مېنىڭ نەزىرىمدىكى خانىش، ئۇستىبېشىڭىزنى
ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن كۆمۈۋېتىمەن.

خالىدەمنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ پەقەت قو-

لىدىكى ئۆلجىنىڭ باشبېغىنى چىڭىتىپ قويۇش ئۇچۇنلا ئويۇن ئويناپ چىققانىدى.

— ئەمىسە گېپىڭىزدە تۇرۇڭ، — دېدى خالىدەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ.

— گېپىمدە تۇرىمەن.

ئىش شۇنىڭ بىلەن باشلاندى. ھوشۇر خالىدەمنى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئۆزىگە ئىككاھلاپلا خوتۇن قىلىۋالدى. لېكىن، ئۇنى ئۆيگە قانداق ئەكېلىشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئايالى زورەمگە قانداق چۈشەندۈرۈشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ بىر ئاخشىمى ئىككى بالىنى بېقىپ بولالماي بالا بىلەن تەڭ بالا بولۇپ كېتىۋاتقان زورەمگە گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— مەن ئۇستۇڭگە خوتۇن ئالماقچى.

بالىلارنىڭ بىرسىنىڭ يىغىسى پەسەيسە، يەنە بىرسى يىغلاپ، قۇلاق ـ مېڭىسى گاراڭشىپ كەتكەن زورەمگە بۇ گەپ خۇددى بىر چاقچاقتەكلا بىلىندى. ئۇ چۈشەنمىگەندەك بېشىنى سىلكىۋېتىپ قايتىلاپ سورىدى:

— نېمە دېدىڭىز؟

— ئۇستۇڭگە خوتۇن ئالماقچى.

زورەم داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئەل ئىچىدە شۇنداق بىر ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا ھوشۇرنىڭ نەچچە مۇشت ئۇرغىنىدىنمۇ ئېغىرراق تۇيۇلۇپ كەتتى. كۆزىگە ئۆي پىرقىراۋاتقاندەك، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بىلىندى. شۇ ئاچچىقىدا توختىماي مىقىراپ يىغلاۋاتقان قىزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا گۈپپىدە تاشلىدى.

— ساراڭ بولۇپ قالمىغانسىز؟ مەن ھايات تۇرۇپ ئۇستۇمگە خوتۇن ئالىمەن دېگەن قانداق گەپ؟

— شۇ ... شۇ ... باشقىلارمۇ ئاپتۇغۇ؟

— كىم ئاپتۇ؟ خەق نېمە قىلسا، سىزمۇ شۇنى قىلامتىڭىز؟

— مەنمۇ ئوخشاش ئەر، كۈچ دېسە كۈچۈم، پۇل دېسە پۇلۇم بار. خەقتىن نەرىم كەم ئىكەن؟

— مەن قوشۇلمايمەن.

— ئاللىقاچان ئېلىپ بولدۇم.

— ۋۇي بېشىڭنى يەيدىغان سارالڭ، مەن ساڭا ئۆلۈپ بېرىمەن زادى ...

— ئۆلسەڭ ئۆل.

زورەمنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى تاشلاپ، ھوشۇرنىڭ كانىيىگە ئېسىلىش ئۈچۈن كۆتۈرگەن قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. ئۇ كۆز ئالدىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرغان ھوشۇرغا قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئەجەبا ئۆز ۋاقتىدا، ئۆمرۈمدە سەندىن باشقىغا قارىمايمەن، كۆزۈڭدىن تامچە ياش چىقارمايمەن، ئايىغىڭدا پاياندار بولىمەن، بېشىڭدا سايىۋەن، قۇچىقىڭدا قۇياش بولىمەن دەپ قەسەملەرنى قىلغان ھوشۇر مۇشۇ شۇمىدۇ؟! ئادەمنىڭ ئۆزگىرىشى نېمىدېگەن تېز ـ ھە؟!

— مەن ئاجرىشىمەن، — دېدى زورەم سەل پەسكويغا چۈشۈپ.

— ئاجراشساڭ مەيلى، ئەگەر چىرايلىق ئۆيىمىزنى تۇتىمىز دېسەڭ، بۇرۇنقىدەك ئۆتۈپ كېتىمىز. ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

— مەن بۇنىڭغا كۆنەلمەيمەن.

— كۆنۈشۈڭ كېرەك. ئاجرىشىپ كەتسەڭ بالا قىينىلىپ قالىدۇ، سەنمۇ قىينىلىسەن. شۇڭا، ئۆيدە راھەت كۆرۈپ ئولتۇرغىن. بەك ھەددىڭدىن ئاشسەن دېسەڭ، ئاتام ئوقۇپ سارالڭ قىلىپ قويسا مەن ئىگە ئەمەس.

زورەمنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئادەمنى چۈشەنمەك ئەجەب تەسكىنە؟ ئىككى پۇتى بارنىڭ ھەممىسىنى ئادەم دې-

گىلى بولمايدىكەن، كۆز ئالدىڭدا ھەجىيىپ تۇرسا، شىرىن ـ
شېكەر گەپلەرنى قىلسا ئالدىنىپ قالىدىكەنسەن. ئەسلى ئۇنىڭ
شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ئۆيلىنەلمەي ئۆتۈپ كېتىشى بىكار ئەمەس
ئىكەن ـ دە؟ لېكىن ئۆزىچۇ؟ ئۇمۇ «ئولتۇرۇپ» قالغان قىز ئە ـ
مەسمۇ. ئاھ، يۈرىكىم، شور پېشانەم، زاۋال باسقان بەختىم. تەق ـ
دىر مېنى نېمانچە قىينايدىغانسەن؟ مۇشۇنداق ۋىجدانسىز، قارا
قورساقنىڭ قولىغا قالغۇچە، تۇل پېتى ياشاۋەرسەممۇ بولاتتىغۇ؟
مەن زادى نېمە بولغان ئادەم؟!

زورەم ئېسەدەپ يىغلايتتى، نالە قىلاتتى. بىراق، ئۇنىڭ نا ـ
لىسىگە قۇلاق سالىدىغان ئادەم يوق. ئۇ دۇنيادىن، ھوشۇردىن،
ئۆزىدىن، ھەتتا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۆ ـ
لۈۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن بىر ۋىجدانسىز ئۈچۈن ئۆلۈۋې ـ
لىشنىڭ بەك ئەخمىقانە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يەنە
تۇرۇپ قالاتتى. بوپتۇلا دېسە، ئىت جېنىدا ئۆز يالىقىنى قورۇي ـ
دۇ. ئۇ دېگەن ئار ـ نومۇس، غورۇر ـ ۋىجدانى بار بىر ئادەم.
ئۇنداق كۆنچىلىككە چىدىيالمايدۇ.

ئۇ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى. بىراق، قانداق قىلىشىنى
بىلەلمىدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ كۈنلەردە ئىككىنچى ئاچىسىمۇ
ئەردىن ئاجرىشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇمۇ ئاجرىشىدىغان بولدۇم
دەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا يۈزى چىدىمايتتى. ئۇ ئا ـ
خىر قېيىنئاتىسىغا ھال ئېيتىش قارارىغا كەلدى. سادىر خېلىل
ئۇنىڭغا خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. كۆزىگىمۇ ئىسسىق كۆ ـ
رۈنەتتى.

سادىر خېلىل ئىشنىڭ جەريانىنى ئاڭلاپ، بىرھازا تۇرۇپ
كەتتى. ئاندىن كىشىنىڭ ئىچ ـ باغرىدىكىنى بىلىۋالمىغۇچە
بولدى قىلمايدىغان سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارا يامغۇر ياش تۆ ـ
كۈپ ئولتۇرغان كېلىنىنى ئۇزۇن كۆزەتتى.

ـــ ئۆزىڭىز قانداق قىلاي دەيسىز؟

قېيىنئاتىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن زورەم نېمە دې-
يىشىنى بىلەلمەي تىرنىقىغا سىنچىلىدى.
— ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتقۇڭىز بارمۇ؟
پالچىنىڭ قاپىقىدەك يۈزلىرى سانسىزلىغان ئەگرى - بۈگ-
رى سىزىقچىلار بىلەن تولغان سادىر باخشى كېلىنىگە سوغۇق
نەزىرىنى تىكىپ تۇراتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىككى
ئېغىز ياخشى سۆز تەمە قىلىپ ئولتۇرغان زورەم لاسىدە بولۇپ
قالدى. «ھاسا ئوغرى بىلەن مۇسا ئوغرىنىڭ گېپى بىر» دەيدىغان
ماقال - تەمسىل بولمىغان، بۇلارنىڭ قىلىقى شۇ ماقالنىڭ ئۆزى
ئىدى. تەلەي تەتۈر قارىغان ئادەمگە، تالادىكى تاش - داڭگالمۇ تەتۈر
قارايدۇ. ياۋاشنى تاپسا سېغىزخانمۇ چوقۇيدۇ، قاغىمۇ چوقۇيدۇ،
ھەتتا كىچىك قۇشقاچلارنىڭمۇ چوقۇپ باققۇسى كېلىدۇ. «خەير،
بۇ جاھانىڭمۇ ئىگىسى بار. مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ كۆزىدىن
ئاققان ياش، سىلەرنىڭمۇ كۆزۈڭلاردىن ئېقىپ قالار. نارەسىدە با-
لىلىرىمنىڭ ئاھۇ - زارى بولسىمۇ سىلەرنى تۇتارا!»
زورەم ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىدى.
— سىلى ... سىلى بىرنەرسە دېسىلە، دادا.
سادىر خېلىلىنىڭ كۆزلىرىدە ۋىللىدە بىر نۇر ئۇچقۇنلاپ ئۆ-
تۇپ كەتتى. ئۇ خىيالىدىكى پال تاشلىرىنى يەرگە تاشلىدى.
— ھوشۇراخۇن گەرچە مېنىڭ ئوغلۇم بولسىمۇ، ھازىر
ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى، بىر ئائىلىگە ئىگە ئەر. ئۇنىڭ ھەممە
ئىشلىرىغا چېپىلىۋالسام قاملاشمايدۇ. ئەگەر ئۇ باشقا بىرەر يامان
ئىش قىلىپ قالغان بولسا ئەلۋەتتە توساتتىم، بىراق خوتۇن ئېې-
لىشنى يامان ئىش دەپ كەتكىلى بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇمۇ
جاھاندا بار بىر ئادەت. باشقىلارمۇ قىلىۋاتىدۇ ئەنە. خوتۇن - با-
لىلىرىنى باقالىغۇچىلىكى بار ئەر كىشىگە دۇرۇس. سىز ئۆزد-
ڭىزنىڭ چوڭ خوتۇنلۇق ئورنىڭىزنى ساقلاپ، ئىشىڭىزنى قىلىد-
ۋېرىڭ. ئۇلارمۇ ئۆتۈپ باقسۇن. كېلىشەلمەي قالسا، ھوشۇراخۇن

بەربىر يەنە سىزگە قالىدىغان گەپ.

سادىر خېلىل زورەمنىڭ ئالدىدا خۇددى ئادەمنىڭ سۇغا چۈشكەن ئەكسىدەك ئەلەڭلەپ ئولتۇراتتى. يۈز تېرىلىرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقان يېلىمغا ئوخشايتتى. كۆز قارىچۇقلىرىدا تۇمەنمىڭ ئۈششاق ھاشارات قىمىرلىشىپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. زورەم بىردىنلا ئۆزىنى غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىپ، قىپچىنىپ كەتتى. ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. تەشۋىش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى.

— جادۇگەر ...

زورەم ئۆزىمۇ سەزمەيلا ئاۋازى تېشىغا چىقىپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسىز، بالام؟

زورەم قورقۇپ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— ھېچ ... ھېچ ... ھېچنېمە ...

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، دېگىنىمنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭ، قالايمىقان ئىش قىلىپ يۈرمەڭ، — سادىر خېلىل ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا تۇيۇقسىز توختاپ، زورەمگە بۇرۇلدى، — پۈتى دەسسىمەس، قولى تۇتماس، ئېغىزىدىن شۆلگەي ئېقىپ ئاغزى گەپكە كەلمەس بولۇپ قالغان ئادەملەرنى كۆرگەن بولغىيدىڭىز؟

زورەم ئۈندىمىدى. ئاللىقانداق بىر تەشۋىش ئىچىدە يۈرىكى مۇزلاپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. سادىر خېلىل ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىۋاتاتتى.

سادىر خېلىل گېپىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى. زورەم ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يورۇق دۇنيا تولىمۇ تار بىلىندى. قايسى تەرىپىگە قارىسا يىلان — چايانلار سوزۇلۇپ ئۇنىڭغا ھەملە قىلاتتى، ۋەھشىي يىرتقۇچلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرىس قىلاتتى.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ بىر كەچلىكى ھوشۇر خالىدەمنى راستىلا

ئۆيگە باشلاپ كەلدى. زورەم تولا يىغلاپ قاپاقلىرى ئىششىغان، چاچلىرى پاخپايغان، كۆزلىرىنىڭ خۇنى ئۆچكەن ھالدا بالىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ چۈشكۈن ھالىتى ھوشۇرنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەتتا چىراغنىڭ ئاقۇچ نۇرىدا بەتبەشىرە بىر مەخلۇقنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپمۇ قالدى. ئەكسىچە خالىدەم بەئەينى بىر پەرىشتە، پەرىزاتنىڭ ئۆزى ئىدى.

— ئاچا، ياخشى تۇرۇدىڭىزمۇ؟

خالىدەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆيۈنگەن قىياپەتتە چۇۋۇلغان چېكە چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى. زورەم ئۇنىڭغا چەكچىيىپلا قاراپ قالغانىدى. گەپ قىلاي دېسىمۇ ئاغزىغا زۇۋان كەلمەيتتى. يۈرىكىدىكى قان - زەردابلارنى ئاغزىغا يىغىپ، بۇ ئازدۇرغۇچى شەيتاننىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرگۈسى كېلەتتى - يۇ، تۈكۈرگۈدەكمۇ ماجالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۇت - قولى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك ئېغىر ئىدى. تۇرۇپلا قېيىنئاتىسىنىڭ دېگەن گەپلىرى يادىغا يېتىپ، ۋۇجۇدىنى يەنە قورقۇنچ چىرمىۋالدى. «ئۇ مېنى پالەچ قىلىپ قويارمۇ؟» دېگەن ئەندىشە بىلەن قاراڭغۇ خىياللارغا غەرق بولدى.

— ئاچام چارچاپ قاپتۇ، ھوشۇرجان، تاماقنى مەن ئېتەي.

— ماقۇل.

خالىدەم تاماققا تۇتۇش قىلدى. زورەم ئۆزىنى بۇ ئۆينىڭ ئادىمى ئەمەستەك ياكى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا بىراۋلارنىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقان كىچە ئەرۋاھلىرىدەك ھېس قىلدى. خالىدەم بىلەن ھوشۇر بىر - بىرىگە نازلىق بېقىشىپ، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىشىپ ئىشق سەۋدالىرىغا غەرق بولغانىدى. تاماقمۇ پىشتى. زورەم يېگىنىنىڭ ئاش ياكى زەھەر ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى. مەيدىسىدە ئاچچىق بىر زوقۇم توقماقتەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ سەۋدالىرىنى ئۇنتۇپ ئىككى بالىسىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇشقا كىرىشتى.

كېچە بىر يەرگە بارغاندا ئۇلار ئۇخلاشقا ياتتى. ھوشۇر بىلەن خالىدەم سىرتتىكى ئۆيدە ئۇخلىدى. زورەم ئىككى بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ھۇجرا ئۆيدە ياتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلا تام ئايرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارا - بارمايلا ھوشۇر بىلەن خالىدەمنىڭ ئىشىق سەۋدالىرى باشلىنىپ، خالىدەمنىڭ نازلىق ئىڭراش، قىرقىراشلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى راستلا شۇنداق كۈچلۈكمۇ ياكى زورەمگە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق زورۇقۇۋاتامدۇ، بىلىپ بولمايتتى.

ئايال كىشى دېگەن ئاجىز دەيدۇ چوڭلار، بۇ ھەرگىز نوقۇل ئۇنىڭ جىسمانىيىتىگە قارىتىلغان نەرسە ئەمەس. ئاياللار روھىي جەھەتتىمۇ ئاجىز. مەيلى ياخشى ئىش بولسۇن، مەيلى يامان ئىش بولسۇن، ئەرلەردىن ئاشۇرۇپ قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدىلا بىر ئانا، ئانا بولغۇچىنىڭ قەلبى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغان، ھالقىلىق يەرگە كەلگەندە ئۆزىدىكى كۆڭۈلچەكلىكتىن چىقالماي كەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنى ئەسلىي ئاجىزلىق دېمەي، باغرى يۇمشاقلىق دېسە توغرا بولار ئىكەن. زورەممۇ ئاجىزلىقىغا تەن بەردى. دۈشمىنىنىڭ بېشىدا ياغاق چېقىشقا بىئامال، بىماجال قاراپ تۇردى. لېكىن، نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن خۇن تەۋرەپ كەتتى. ئاچچىق ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەندى. بۇمۇ ئاياللاردىكى بىر ئاجىزلىق. ئاياللار مۇشۇنداق زىيادە ئازاب ھېس قىلسىلا خۇن تەۋرەپ كېتىدۇ. زورەم بۇنىڭغا خۇددى ئادەت كۆرگەن چاغلىرىدىكىگە ئوخشاشلا سەل قاراپ يۈرۈۋەردى. خالىدەم بىلەن ھوشۇر بۇ ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەك بىر - بىرىنى چىمداپ، قاشلاپ، بىر - بىرىگە نازلىق، خۇمارلىق بېقىشىپ يۈرۈۋەردى. زورەم ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى يوق، ئىزى بار كۆزەتكۈچى ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئون بەش كۈن بولغاندا زورەم بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. قان دېگەن ئادەم ھاياتىنىڭ ئېنېرگىيەسى، ئۇ توختىماي ئېقىد-

ۋەرسە، ھايات زەنجىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ قىسقىرايدىغان گەپ. يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەكلەر قان بىلەن بۇلغاندى. ئۇنىڭ ئەتراپى خۇددى سۇ تەپچىرەپ تۇرغان سازلىقتا ئوخشاپ قالدى. قەيەرنى تۇتسا قان، قەيەرنى سىلىسا ھۆل. ھوشۇرمۇ بۇ مەينەتچىلىكلەرنى كۆرۈپ ھوجرا ئۆيگە ئاياغ باسماس بولدى. زو ـ رەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئەپتى بىلەن ئۇلارغا كۆرۈنۈشنى راۋا تاپمىدى. «ياخشى ئىت ئۆ ـ لۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ» دەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مىڭبىر جاپادا بېقىپ قاتارغا قوشتى. ئەمدى ئۇمۇ بىر ئانا بولۇپ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولغاندا يەنە ئۇلارنى ئاۋارە قىلىپ، كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەرسە قاملاشمايدۇ.

دەرد ئېغىرلاشقانسېرى، زورەمنىڭ ھالىمۇ خارابلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇن كىرمەيتتى، كاللىسى گاراڭ، ئەتراپ غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى. يېنى يەر تار ـ تىپلا تۇراتتى. ئىككى بالىسىنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خە ـ ۋەر ئېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى.

— ئىش چاتاقتەك تۇرىدۇ، — دېدى خالىدەم ھوشۇرنى نۇ ـ قۇپ، — بۇنداق خۇن كېلىۋەرسە ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ.

— قانداق قىلىمىز؟

— دوختۇرغا ئاپىرايلىمىكىن.

— بۈگۈن ناھىيە بازىرىغا بارماقچى ئىدۇققۇ؟

— ئۇ مۇشۇنداق تۇرسا...

— بىر ـ ئىككى كۈنلۈككە ھېچ ئىش بولماس. جان دېگەن ئۇنچە بوش نەرسىمۇ ئەمەس.

خالىدەم دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاللىـ قانداق بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئىدى. دېگەنبىلەن ئۇمۇ بىر ئايال زاتى، پۇل ـ مال، ياخشى تۇرمۇش ئۈچۈن بەزى چارىلەرنى

ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئۆزى سەۋەبلىك يەنە بىر ئايالنىڭ خاراب بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، هامان ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىدىغان-لىقىنىمۇ ئويلاپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى يۇمشاشقا باشلىدى، بۇ ئويۇننى ئەمدى داۋاملاشتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلدى. زورەمگە ئىچى ئاغرىدى. ئۇ مۇشۇنىڭغا ماس كېلىدىغانىراق دورىدىن بىرنەچچە تابلېتكىنى زورەمگە ئىچۈرۈپ قويدى.

— ئەمىسە هازىر ماڭايلى.

هوشۇرنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— سىزنى كاتتا مېهمان قىلىمەن.

— ئەمىسە كۆپرەك پۇل ئېلىۋېلىڭ.

— مۇشۇنىڭ هەممىسى پۇل، — هوشۇر تومپىيىپ تۇرغان يان يانچۇقىنى ئۇرۇپ قويدى.

— بولمىسا ... پۇلنى مەن ساقلاي.

— مەيلىڭىز.

هوشۇر بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ خالىدەمگە تۇتقۇزدى.

ئۇلار قان ئىچىدە ياتقان زورەمنى تاشلاپ، ناهىيە بازىرىغا ئەيش - ئىشرەت سۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. بىراق، ناهىيە بازىرىغا بېرىپ بىر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا خالىدەم غايىب بولدى. هوشۇر ئۇنى ئىزدەپ بارمىغان ئوي - دۆڭ، چوڭ كوچا، خالتا كوچىلار قالمىدى. بىر كېچە ناهىيە بازىرىدا تۈنەپ ئەتىسى قايتىپ كەلدى. كۆڭ ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. خالىدەم بەلكىم مېنى تاپالماي قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىغان هوشۇر ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. هۇجرا ئۆي ئالىقاندىداق پۇراقلار بىلەن تولغان، ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيتتى. زورەم كىگىز ئۈستىدە چىرايىدا قان دىدارى يوق ئۆلۈكتەك ياتاتتى.

— خالىدەم كىردىمۇ؟ — دېدى ئۇ جىمجىت ياتقان زۆرەمگە قاراپ، ئۇنىڭ ئەس - يادى يەنىلا خالىدەمدە ئىدى.

زۆرەمدىن سادا چىقمىدى. ھوشۇر سەل ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يې-
نىغا باردى.

— زورەم ... ھوي ... زورەم ...

زورەم يەنىلا جىمجىت ياتاتتى. ھوشۇر ئالدىراپ ئۇنىڭ بۇر-
نىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ باقتى. تىنىق يوق. يۈرىكىنى تۇتۇپ
باقتى، سادا يوق. ھوشۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. كۆز ئال-
دىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك، زورەمنى
سىلكىپ تۇرتتى. زورەم تۇپتۇز قېتىپ قالغان، ئۇنىڭ ئازابلانغان
روھى چەكسىز بىر ئالەمگە سەپەر قىلىپ كەتكەنىدى.

ھوشۇر ئاللا — توۋا كۆتۈرگىنىچە چوڭ ئۆيگە قاراپ يۈگۈر-
دى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. خالىدەم ئۇنىڭغا خوتۇن ئەمەس،
ۋاقىتلىق ھەمراھ ئىكەن. ئۇ پەقەت ھوشۇرنىڭ پۇلىغىلا قىزى-
قىدىكەن. مەقسەتكە يەتكەندە يولىغا راۋان بولىدىكەن. ئۇ ئۆز
ۋاقتىدا ئاڭلىسىمۇ ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىگەن، ئىككى خوتۇن
ئالغانلارنىڭ پاجىئەسى ئەمدى تولۇق ئېسىگە كېلىپ، ئۇنى پۇ-
شايمان ئوتىدا ئۆرتەشكە باشلىدى. ئەمما، ئەمدى بۇ پۇشايمانغا
دورا يوق ئىدى. ئانىسىز قالغان ئىككى يېتىمنىڭ نالىسى ئۇنىڭ
كانىيىنى بوغاتتى، يۈرىكىنى تاتىلايتتى. ئۇ يەنە شۇنىمۇ ھېس
قىلىپ يەتتىكى، ئۇ ھازىر ئالتۇن بېلىق ھېكايىسىدىكى بوۋاي-
غىلا ئوخشاپ قاپتۇ. قانائەتنى ئۇنتۇغان ئادەم ئاخىرىدا مۇشۇنداق
ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ھوشۇر ئوتتۇز يېشىغىچە بويتاق
ياشىدى، ئاران زورەمگە ئېرىشۈدى، تەقدىر ئۇنىڭغا ئويلىمىغان
چاقچاقتىن بىرنى قىلدى. ئۇ سىناقتىن ئۆتەلمىدى. ئەمدى ئۇ
بىر ئۆمۈر بويتاق ياشىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلمىش —
ئەتمىشى ئەل — جامائەت ئارىسىدا داۋراڭ بولىدۇ، قىز — ئاياللار
ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازا
بولامدۇ؟!

ھوشۇر ئازاب ئىلكىدە بېشىنى خىيالىدىكى تۈمەنىڭ تاشقا

ئۆردى.

كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدىكى شەپەق ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. قاراڭغىتاغ چوققىلىرى ھاردۇق يەتكەن بوۋايلاردەك سۇ-كۇتكە چۆمگەندى. قىزارغان ئۈپۈق ئادەمگە ئاسماننىڭ بىر چې-تىمدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

## 2

بامداتتىن كېيىن زورەمنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلدى. نا-مازدا ئادەم جىق ئىدى. كىشىلەر مەرھۇمنىڭ ياش كەتكىنىگە ئېچىنىپ ھەسرەتلىنەتتى. چىرايلارنى مۇسىبەت تۇيغۇسى، ئۆلۈم تەشۋىشى قاپلىغانىدى. زورەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، «قىزىمىز ھايات چېغىدا ھوشۇراخۇننىڭ ئىلكىدە ئىدى، ئۆلۈپ كەتكەندىن كې-يىنمۇ، ئۇنىڭ ئىختىيارىدا» دەپ، مېيىتنى مۇشۇ مەھەللىدىكى «ئاقئات بۇزرۇگاھ» قا قويۇشقا قوشۇلدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا ـ قولۇم، يېقىن ـ يورۇقلار يىغىلىپ، مەرھۇمنىڭ ئاخى-رەتلىك ئىشلىرىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. بۇلار-نىڭ ئىچىدە سادىر خېلىل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ياخشى كۆرىدى-غانلارمۇ، يامان كۆرىدىغانلارمۇ بار. لېكىن، بۈگۈنكىدەك سورۇندا ھېچكىم كونا ئاداۋەت، ئاچچىق زوقۇمنى ئېسىگە كەلتۈرمەيتتى. كۆڭۈللەر يۇمشاپ، يامغۇردىن كېيىنكى بىنەمدەك ئېزىلىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈمدىن چوڭ غەم يوق، ئۆلۈم شۇ كىشىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، كۆي-گەنلىرى، سۆيگەنلىرى، تالاشقان دۇنيالىرى قالىدۇ. يامانلىقىمۇ ئۆزى بىلەن، ياخشىلىقىمۇ ئۆزى بىلەن. ھەركىم ئاخىر مۇشۇنداق زېمىنغا قېتىلىپ، بىر ئوچۇم تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغىنىنى ئويلىسا، يامانلىققا، يامان نىيەتكە ئورۇن قالامدۇ؟!

مېيىت يۇيۇپ ـ تارىلىپ جىنازىغا سېلىنغاندىن كېيىن،

جامائەتنىڭ ئالدىغا ئىلىپ كېلىندى. جامائەت رىچچىدە بولۇپ سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. باشلار ئېگىلگەن، چىرايلار قايغۇلۇق ۋە سولغۇن ئىدى. ئىككى مىنۇت ئىچىدە مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ بولدى. جامائەت دەررىدە ئولىشىپ كېلىپ جىنازىنى يەردىن ئېلىشتى. ئادەم توپى قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى چوڭ مازارلىق تارىخى ئۇزۇن، ئۆزى سۈرلۈك بىر جاي ئىدى. قۇچاق يەتكۈسىز تېرەكلەر، ئادەم بويى كۆكلەپ كەتكەن ئاق تىكەنلەر، چىغلار بۇ يەرنى تېخىمۇ سىر- لىق تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. بەزى قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئارقارنىڭ مۈڭگۈزلىرى جان تالىشىۋاتقان يوغان سازاڭ ياكى ئەجدىھارنىڭ تولغىنىۋاتقان ھالىتىنى ئەسكە سالاتتى.

ئاپپاق ئاخىرەتلىك كىيىمگە ئورالغان مېيىت يەرلىككە چۈشۈرۈلدى. نەپىسى تاقىلداپ ئاران تۇرغان قارا مەخلۇقنىڭ ئاغزىدەك بىر كامار مېيىتنى يۇتۇپ كەتتى. ئىچ يەرلىكنىڭ ئې- غىزى چالما - كېسەكلەر بىلەن ئېتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىك- كى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىشىك تاقالدى. مەرھۇم باغرىنى يېرىپ چىققان بىرجۇپ پەرزەنتى، مېھرىبان ئانىسى، جان كۆيەر ئانىسى ۋە باشقا بارلىق يېقىن - يۇۋۇق، دوست - بۇرادەر، تونۇش - بىلىشلەردىن ئايرىلىپ، بۇ يورۇق دۇنياغا ئاداققى ۋە مەڭگۈلۈك خوش دېدى. ھايات مۇساپىسى ھېچقاچان ئىنساننى قانائەت تاپ- تۇغان ئەمەس ھەم مەڭگۇ قانائەت تاپتۇمايدۇ. بىز تېگىرقاش ئىد- چىدە تۇغۇلۇپ، تېگىرقاش ئىچىدە كېتىپ قالىمىز. زېمىن ئۆ- زىگە مەنسۇپ، بىز زېمىنغا مەنسۇپ.

مېيىت يەرلىكىدە قويۇلۇپ ھەممە ئىش ئاخىرلاشقاندىن كې- يىن، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئاڭلاندى. جامائەت پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشىپ، تۇپراق بېشىدىن قايتىشتى.

كېرەم ساقچى ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا كۆپ قاتناشقان، نۇرغۇن جەسەتلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بولسىمۇ، مېيىتنى بىۋاسىتە يەرلىككە ئەكىرگىنىنى كۆرۈشى تۇنجى قېتىملىق ئىدى. بۇ ئۆلۈم ئۇنىڭغا بەكلا تەسىر قىلدى. ھاياتنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق مەۋسۇمىدا ئانچە بىلىنىپ كەتمىگەن بىلەن ئۆلۈمنىڭ دەل ئۈستىدە تۇرغاندا ھەرقانچە تاش يۈرەك ئادەممۇ تەشۋىشلىنەتتى، مۈڭلىناتتى، قورقۇنچ باساتتى. گۆلدەك ئېچىلىپ تۇرغان بىر ئادەم كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئوتى ئۆچكەن ماشىنىدەك قۇرۇق مۇردىغا ئايلىنىپ قالسا كىممۇ ئەپسۇسلانمىسۇن؟!

جامائەت ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. بايىقى بىر دەملىك مۈڭ، سۈكۈت ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىغان بولۇپ، تىرىكلىك غېمى، دۇنيا، تۇرمۇش ۋەسۋەسىلىرى ئۇلارنى يەنە غىدىقلىغىلى تۇرغانىدى.

ـــ ئاڭلىسام ھوشۇراخۇن زورەمنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئايال ئېلىۋاپتىكەنمىشقۇ؟ ـــ دېدى سەمەت روسۇل ئىككى يېنىغا قاراپ قويۇپ.

ـــ بىسمىللا دەپ يوللىرىغا ماڭسىلا، ھوي، ـــ دېدى زىياۋۇدۇن قارىم خاپا بولۇپ، ـــ بىكار ئېغىزلىرىدىن بالاغا قالىدىلا.

ـــ راست، ـــ دېدى سەمەت روسۇلمۇ بوش كەلمەي جاھىللىق بىلەن، ـــ ھوشۇراخۇن ئىككى ئايالنى بىر ئۆيدە تۇرغۇزۇپتىكەن.

ـــ يائالla، مۇشۇ خەقنىڭ تاپمايدىغان گېپى يوق.

ـــ نىكاھىنى سىلى ئوقۇمىغان بولغىيدىلە ـ ھە، قارىم؟ ـــ دېدى سەمەت روسۇل تېخىمۇ جىدەللەپ.

ـــ ئاھھاي، پوقتەك گەپ قىلىدىكەنلا، ـــ دېدى زىياۋۇدۇن قارىم خاپا بولۇپ ۋە چاپىنىنىڭ پېشىنى قاققىنىچە باشقىلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

ـــ سىلى نەدىن ئۇققانىدىلە؟ ـــ دېدى رېھىم نىياز سەل

قىزىقىپ.

— بىزنىڭ چوڭ ئوغۇل بىلەن ماۋۇ ھوشۇراخۇن قوشنا ئەمەسمۇ، ھە، ئەتە ـ ئاخشاملاردا كۆرىدىغان گەپ. زورەم شۇ ئاچچىقىدا...

— بولدى... بولدى... مەرھۇمنىڭ يېنى ئەمدى يەرگە تەگدى، مېيىت سوۋۇپ بولغۇچە غەيۋەتكە چۈشمەيلى جامائەت.

— بوپتۇ، بىلمىگەنگە سالايلى.

بۇ توپنىڭ ئادەملىرى غەيۋەتكە ئىشتىراك بولغۇچىنىڭ ئېغىر گۇناھىدىن قورقتىمۇ ياكى تۇپراق بېشىدىن يانغاندا مەرھۇمنىڭ تەلىسىنى ئوقۇپ ماڭسا بەكرەك ساۋاب بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىمۇ، ئېغىزلىرى گەپتىن توختاپ، باشقا توپقا قوشۇلۇپ كەتتى.

— ماۋۇ خەقنى ... — دېدى سەمەت روسۇل يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۆزىچە غۇدۇراپ. ئۇ يېنىدا كېرەم ساقچىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سۆزلىدى، — ئەجەب ئىش ـ ھە، كېرىماخۇن؟

— نېمىسىنى ئەجەب ئىش دەيلا؟

— راست گەپنى قىلسامۇ ماۋۇلارنىڭ چىچاڭشىپ كەتكىنىنى دەيمەن.

كېرەم ساقچى ئۈندىمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ گەپ قىلىشقا رەغدى يوق ئىدى. سەمەت رۇسۇلنىڭ ئەمدى ئۆزىگە يېپىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلارغا قېتىلىپ كەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى.

— كېرىماخۇن، — دېدى سەمەت روسۇل تېخىمۇ يېپىشىپ، ئۇنىڭ بويى سەل پاكارراق بولغاچقا، مۇرىسى كېرەم ساقچىنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ قالدى، — سىلى ئۇزۇن يىل ساقچى بولغان ئادەم، ئېيتسىلىچۇ، مۇشۇنداق ئىككى خوتۇن ئالغان ئادەمگە قانۇندا جازا بارمۇ، يوق؟

كېرەم ساقچى قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— جازا بار.

— ئەمىسە نېمىشقا بۇلارنى...

— بىر تەرەپنىڭ ئەرزى بولمىسا دېلو تۇرغۇزۇش تەس. يەنە كېلىپ ئاساسلىق ئىسپات ئەسلىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن ئېلىنىدۇ.

— ئەمىسە ئۇلارغا گەپ يوق ئىكەن - دە؟

كېرەم ساقچى نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ مەھەللىدىكىلەرنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ھازىر دېگەن گەپلىرى كېيىن چوڭ بىر پىتنە - پاساتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاقىۋەتتە بۇ قانۇنغا تاقىشىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. قانۇن دېگەن زىل نەرسە، كېرەم ساقچى تەكشۈرۈلمىگەن ئىشلارغا قارىتا كەسكىن ئىپادە بىلدۈرسە بولمايدۇ.

كېرەم ساقچىدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن، سەمەت روسۇلنىڭمۇ ئەرۋاھى ئۇچتى بولغاي، ئاستا - ئاستا ئارقىدا قالدى. مۇشۇ تاپتا كېرەم ساقچىمۇ ئۆزىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن خىياللار ئۇنىڭ ئىچىنى تۈيغۇلىرىنى تالان - تاراج قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىردەملىك قالايمىقان خىيالدىن ئېسىنى يىغىپ، تەسەۋۋۇرىنى زورەمنىڭ ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈردى.

زورەمنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتى يېتىپ كەلدى. ئىدارە باشلىقى كېرەم ساقچىغا يەنە ئۈچ نەپەر ياردەمچى ساقچىنى قېتىپ، بۇ دېلونى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى. بىرىنچى قەدەمدە ئۇلار تېخنىكلارنىڭ ياردىمىدە جەسەتنى يېرىپ تەكشۈردى. جەسەت ئانالىز نەتىجىسى ئۆلگۈچىنىڭ جىددىي خاراكتېرلىك زەھەرلىك دورا بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمدى ئۆزى ئۆلۈۋالغانمۇ ياكى باشقىلار زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەنمۇ دېگەن گۇماننى يېشىشكە توغرا كەل-

ـدى. ئۆلگۈچى ئايال، يىگىرمە سەككىز ياش، توي قىلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان. ئىككى بالىسى بار. ئېرى ھوشۇر بىلەن دەسلەپكى مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئۆتكەن دېيىشكە بولىدۇ. لې-كىن، دېلو مەلۇماتى يوللانغان پاش قىلىش ماتېرىيالىدا، يېقىندا ھوشۇرنىڭ تالاغا بۇزۇلۇپ، ئايالىنىڭ ئۇستىگە يەنە بىر خوتۇن ئالغانلىقى يېزىلغان. زورەم ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا قوشۇلغان-مۇ، يوق؟ قوشۇلمىغان بولسا ئۇ ئايال ھوشۇرنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئەگەر قوشۇلغان بولسا، زورەم قىلچە غۇرۇرى، رەشكى يوق ھېسسىياتسىز ئايالمۇ؟

بىرتالاي مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇردى. نەچچە كۈن-لۈك جىددىي تەكشۈرۈشتىن كېيىن، كېرەم ساقچى زورەمنىڭ كۆڭدىشى خالىدەمنى چاقىرتىپ سوراق قىلىش ئارقىلىق، دېلودا بۆسۈش ھاسىل قىلىش قارارىغا كەلدى. يەنە بىر ساقچىنى يېزا بازىرىدىكى دورا دۇكانلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۆلگۈچى زەھەرلەنگەن دورىنى قايسى دۇكاندا ساتقان، كىم سېتىۋالغان دېگەن مەسىلى-لەرگە جاۋاب تېپىشقا بۇيرۇدى.

خالىدەم چاقىرىپ كېلىندى. يۈز - كۆزلىرىگە قېنىق پەر-داز قىلغان، بوي - تۇرقى قاملاشقان، يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى بۇ چوكان ئەتراپىغا ئالاقزەدىلىك ئىچىدە نەزەر تاشلايتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

ئۇ دىگگىدە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرى بۇزۇلۇش ئالدىدىكى ھاۋا رايىدەك نەم ۋە ئالا - بۇلا ئىدى.

— خا ... خالىدەم رېشىت.

— تۇرۇشلۇق ئورنۇڭ؟

— سەكپاچى يېزا، قومۇشكۆل كەنت.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ ھوشۇر سادىرنىڭ ئۆيىگە نېمىگە كەلگەن؟

— مەن ... مەن ... ھوشۇراخۇننىڭ ئۆيىگە كەلمىدىم.
— نەگە كەلدىڭ؟
— كۈچلۈك ئىسسىرىم بار ئىدى، شۇڭا سادىر باخشىغا ئوقۇ-تاي دەپ ...
— سەن كەلگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟
— بىر ئاي.
— تېخىچە ئوقۇتۇپ بولالمىدىڭما؟
— ئوقۇتۇپ ... بولغان، ئەمدى كېتەي دەپ ...
— ئۇلۇشكۈن ئاخشام نەدە ئىدىڭ؟
— سادىر باخشىمنىڭ ئۆيىدە.
— زورەم تۇرسۇننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكىنىدىن خەۋە-رىڭ بارمۇ؟
— خەۋىرىم ... بار ...
— سەن ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باققانمۇ؟
— ھويلىسىغا كىرىپ باققان.
— زادى كىردىڭمۇ، يوق؟
— كىردىم، پەقەت ھويلىسىغىلا ... بىر قېتىم ...
سوراق بىردىنلا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك سۇسلاپ قالدى. كېرەم ساقچى قىلمىدىغان گېپىنى تاپالمايۋاتقاندەك قالايمىقان سوئال سوراشقا باشلىدى:
— سىلەرنىڭ كەنتتە راستلا قومۇشكۆل بارما؟
— بۇرۇن بار ئىكەندۇق، ھازىر قۇرۇق نامىلا بار.
— سەن ئىلگىرى توي قىلغانمۇ؟
— ئىككى قېتىم توي قىلغان.
— قۇلاق ۋە بارماقلىرىڭدىكى ئاۋۇ ئالتۇن جابدۇقلار قايسى ئېرىڭدىن قالغان؟
خالىدەم خۇددى بىرسى كېلىپ ئۇستىبېشىدىكى ئالتۇن جاب-دۇقلىرىنى ئېلىۋالىدىغاندەك، ئىككى ئالقىنى بىلەن ئىتتىك

ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇۋالدى. ئارقىدىن قولىنى چۈشۈرۈپ بارماقلىرىنى ئۇشلاپ قويدى.

— ئۆزۈم... سىيتىۋالغان.

— قانچە ئۆزۈن بولدى؟

— بىر يىل ... ياق ... ئىككى يىل بولدى.

— قۇلىقىڭدىكى ھالقىنىڭ بىرى جىلىڭ، بىرى جا ئىكەن ـ ھە؟

— ياق ...

خالىدەم دىڭگىدە چۆچۈپ قۇلىقىنى تۇتۇپ قالدى.

— ئەمىسە نېمىشقا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ؟

خالىدەم ھالقىسىنى سىلاپ بىقىپ چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ ... بۇ ...

— زورەم بىلەن نەچچە قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىپ باقتىڭ؟

— مەن... زورەمنى كۆرمىگەن.

— ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن ھالقىسىنى ياسىتىپ بەرمەكچى بوپتىكەنسەنغۇ؟

— بۇ ... مەن ...

— سېنى ھوشۇر باشلاپ كىردىمۇ ياكى ئۆزۈڭ كىردىڭمۇ؟

— ...

— سىلەر دوستلىشىشقا ۋەدىلەشكەنمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمىشقا ھالقىلىرىڭلارنى ئالماشتۇردۇڭلار؟ يەنە كېلىپ پەقەت بىر پېيىنىلا؟

خالىدەمنى تەر بېسىپ كەتتى. پۇت ـ قوللىرى بىلىنەرلىك دەرىجىدە تىترەشكە باشلىدى.

— مەن ... مەن راستىمنى ئېيتاي ... سادىر باخشىم مېنى كېلىنىگە يېقىنلاشماسلىققا ئاگاھلاندۇرغان، شۇڭا يوشۇرۇن ...

— ھە، ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشتىم دېگىن؟

— شۇنداق.
— نېمە دېيىشتىڭلار؟
— كۆپ گەپ قىلىشمىدۇق، ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن.
— نېمە كېسەل ئىكەن؟
— خۇن تەۋرەپ كېتىپتىكەن.
— نېمە سەۋەبتىن؟
— تۇغۇت ئىشىمۇ، باشقا ئىشمۇ، مەن بىلمىدىم.
— هالقىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۆزۈڭ سېلىپ قويدۇڭمۇ ياكى ئۇ ئۆزى سالدىمۇ؟
— مەن ... ياق ... ئۆزى...
— زادى كىم؟
— مەن.
— مۇشۇ هالقا شۇمۇ؟ — كېرەم ساقچى كىچىك بىر كونۇ-ۋېكىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر هالقىنى ئالدى، — سول قۇلىقىڭدىكى بىلەن بىر جۈپقۇ دەيمەن؟
— شۇ ... شۇنداق.
— سەن هالقىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا سېلىۋاتقانىدا يوتقان ئىلىنىۋالغان، ئۇ ئورۇندا ياتقانمىكەن؟ نېمىشقا ئىككىلىسىنى سالىمىدىڭ؟ ئۇ يوتقانغا ئىلىشىپ قالسىمۇ كارىڭ بولماپتا؟
— ئۆي قاراڭغۇ بولغاچقا...
— شۇ چاغدا ئۆيگە كىم كىرىپ قالغانىدى؟
— هوشۇر ... ياق ... ئۇنداق ئەمەس. مەن بىرتال هالقىنى ئۇنىڭغا بېرىپلا...
— ئۇنىڭكى سېنىڭدە، شۇنداقمۇ؟
خالىدەم قوللىرىنى سەل كۆتۈردى - يۇ، قولى بوشلۇقتا توختاپ قالدى، ئاغزىغا گەپ كەلمىدى.
— قولۇڭدىكى پىيالىنى نەدە قويدۇڭ؟
— پىيالە؟ مەن ...

— ھېلىقى دورا قويۇلغان پىيالە؟
— مەن...
— سەن بۇ دورىنى ئۆزۈڭ ئۇچۇن سېتىۋالغانمۇ ياكى زورەم ئۇچۇن سېتىۋالغانمۇ؟
كېرەم ساقچى بىر بولاق دورا ۋە دورا قەغىزىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.
خالىدەمنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. كۆزلىرى قور-قۇنچ ئىچىدە پىلدىرلىدى.
— سەن بەك قورقۇپ كېتىپ، بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قاپ-سەن، مەن ساڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي، — كېرەم ساقچى ئور-نىدىن تۇرۇپ، سوراقخانا ئىچىدە ئايلىنىپ مېڭىشقا باشلىدى، — سەن بىر ئاي بۇرۇن ھوشۇر بىلەن تېپىشىپ قالغان، كېيىن ئۇنىڭغا ئىككىنچى خوتۇنلۇققا تەگدىڭ. بىراق، زورەم بۇنىڭغا قارشى تۇر-دى، ئىككىڭلار كۆپ قېتىم جېدەللىشىپ قالدىڭلار. ھوشۇر سەن تەرەپتە تۇردى. كېيىن سەن بۇ خىل توقاللىق تۇرمۇشىدىن زېرى-كىپ، ئۇنىڭغا ئايالىنى قويۇۋېتىش تەلىپىنى قويدۇڭ. لېكىن، ھوشۇر نارەسىدە بالىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى قويۇۋېتىشكە قوشۇلمىدى. سەن ھەممە ئىشتا گېپىڭنى يەرماي كەلگەن ھوشۇر-نىڭ، بۇ قېتىم دېگەن يېرىڭدىن چىقمىغىنىغا چىدىماي، زورەمنى كۆزدىن يوقىتىش قارارىغا كەلدىڭ ـ دە، 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يېزا بازىرىدىكى دورا دۇكىنىدىن بۇ دورىنى سېتىۋالدىڭ. ئەتىسى ئۇنىڭ كېسەل ئازابىدا قىينىلىپ ياتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ دورىنى ئىچۈردۈڭ. ئەمدى چىقىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، زورەمنىڭ قولىقىدىكى ئالتۇن ھالقىغا كۆزۈڭ چۈشۈپ قالدى. سىنىڭ قۇلا-قىڭدا ساختا ئالتۇن ھالقا بار ئىدى. سەن ئۆزۈڭنى ئەقىللىك ھېسابلاپ، بۇ ئىشنى چاندۇرماسلىق ئۇچۇن، ئۇنىڭ بىر قۇلىقى-دىكى ھالقىنى ئېلىپ ئۆزۈڭنىڭ قۇلىقىغا سالدىڭ. ئۆزۈڭنىڭكى-نى ئۇنىڭغا سېلىپ قويماقچى بولغاندا، سىرتتىن بىرسىنىڭ ئاياغ

تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. سەن ھودۇقۇپ كېتىپ، ھالقىنى يوتقان-غا ئىلماشتۇرۇپ قويدۇڭ. ئۆيگە ھوشۇر كىرىپ قالدى. سەن ئۇ ھالقىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرەلمىدىڭ.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى ھوشۇر سەندىن سو-راپ.

— ھېچ... ھېچ ئىش قىلمىدىم. ئاچامغا دورا ئىچۈرۈپ قوياي...

— نېمە دورا؟

— خۇن توختىتىدىغان دورا.

— يۈرۈڭ، بىر يەرگە بېرىپ كېلەيلى، — دېدى ھوشۇر يې-ڭىڭدىن تارتىپ.

— سەل تۇرۇپ...

— ياق، ھازىرلا بارمىساق بولمايدۇ.

سەن ئامالسىز ھوشۇرغا ئەگىشىپ سىرتقا ماڭدىڭ. دورا پە-يالىسى سۇپىنىڭ قىرغىقىدا، سىنىڭ ساختا ھالقاڭ يوتقانغا ئىلماشقان پېتى قالدى.

خالىدەم لاسىدە بولۇپ قالدى، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد شامىمۇ ئۆچتى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى قانۇننىڭ جازاسى ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يىغلاشقا باشلىدى:

— مەن ئىقرار قىلاي، مەن قاتىل، مېنى ئېتىۋېتىڭلار. مەن ئۆلۈمگە لايىق...

— كېرىماخۇن، ھوي كېرىماخۇن!

كېرەم ساقچى چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى. تۇپراق بېشىدىن قايتىۋاتقانلار ئاساسەن تارقىلىپ بولغانىدى، پەقەت ئۇنىڭ ئار-قىسىدا كېلىۋاتقان ئىككى ـ ئۈچ ئادەملا قالغانىدى. ئۇ قاڭ-داقلارچە ئابدۇناسىر مۇئەللىمنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىد-نى بىلەلمىدى. ھە راست، ئۇ بۈگۈن مۇئەللىمنى بىر يوقلاش قا-رارىغا كەلگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۇنتۇپ قالسىمۇ، تۇيغۇلىرى ئۇنى

يەنىلا مۇئەللىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. بۇمۇ ئىنسان روھىدىكى بىر مۆجىزە ــ دە؟!

ــ ھە، مۇئەللىم، ئۆزلىرى بالدۇر كېلىۋاپتىلا؟

ــ پۇتۇم ئاغرىيدىغان بولغاچقا، تۇپراق بېشىغا بارالمىغاندىم. قارىسام كېلىۋاتىسىز، لېكىن خىياللىرىڭىز باشقا يەردە، چاقىرسام ئاڭلىمايسىز.

كېرەم ساقچى كۈلۈپ قويدى. بايا ئۇنىڭ پۈتۈن ئىسى تەسەۋۋۇرىدىكى دېلوغا تارتىلىپ كەتكەچكە، مۇئەللىمنىڭ دەسلەپ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالغانىدى. راست، ئۇ ئۆزىچە زورەمنىڭ ئۆلۈمىگە دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشتا قەستلەش، قەستلىنىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. نېمە دېگەن قىزىق، «توخۇ داڭگال چوشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەن شۇ ــ دە. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ كەسپىي خاراكتېر ئۇنى ئارامىدا قويمىغانىدى.

كېرەم ساقچى ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلمىغانىدى. ئەمدى قاراپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ غەم ــ قايغۇ دەستىدىن سولاشقان قوغۇندەك پۈرلەشكەن چىرايى بوگۇن بۆلەكچىلا نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. گويا نەچچە كۈن ھاۋا تۇتۇلۇپ، تۇيۇقسىز قۇياش پارلاپ چىققاندەك، كۆزلىرىدە يېقىملىق جىلۋە شولا چېچىپ تۇراتتى.

ــ مۇئەللىم، بىرەر خۇشاللىق بار ئوخشىمامدۇ؟ ــ دېدى كېرەم ساقچى يۈرىكى بىر ئالامەتنى سېزىپ.

ــ ھەئە، ــ دېدى مۇئەللىم خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پۈرۈلۈپ، ــ غەيرەتجان بالام ئەتىگەن خەۋەر يەتكۈزدى، ھېلىقى قويمىچى تۇتۇلۇپتۇ.

ــ بەك كاتتا ئىش بوپتۇ، مۇئەللىم، ئەمدى باشلىرىمۇ سا-

قايغۇدەك.

— بىراق... — دېدى مۇئەللىم ئەپسۇسلانغان هالدا، — ئا-ران بىر يۈز ئاتمىش مىڭ يۈەن ئەسلىگە كەپتۇ.

— بۇنىمۇ يامان دېگىلى بولمايدۇ، مۇئەللىم. گاھىدا زىيان پەقەت ئەسلىگە كەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، جىنايەتچى جازالىنىدۇ، بىراق پۇل ئەسلىگە كەلمەيدۇ. بۇنىڭدا جىنايەتچى تۇتۇلغان بىلەن زىيان ئوخشاشلا بولىۋېرىدۇ.

— هە...

— ئاۋۋال بارىنى تارقىتىپ تۇرسىلا، يەتمىگىنىگە بىر ئىش بولار. سىلى يا بىر كۈندىلا مەھەللىدىن كۆچۈپ كېتىدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن، يۇرتداشلارمۇ توغرا چۈشىنەر.

— شۇ ئەمەسمۇ، لېكىن ئادەم ئوخشاش بولمايدىكەن، كېرد-ماخۇن. بىر قىسىملارنىڭ تۇرقىلا ئادەم، گەپ يەيدىغان تەرى يوق. هە، يۇرۇڭا ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشىمىز.

— رەھمەت، مۇئەللىم، ياخشى كۆرۈشۈۋالدۇق. ھېلىغىچە با-لىلارنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ ناھىيەگە بارىدىغان بىر ئىش بار ئىدى.

— مۇشۇنداقلا قايتامسىز؟

— چاي ئىچىشمىگەنلەر ئەمەسقۇ بىز. ئەتە - ئۆگۈنچە يەنە كېلەرمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، بالىلارغا مەندىن سالام دەڭ.

— بولىدۇ، خوش، مۇئەللىم!

— خوش!

## 3

قاسىم ئىككى يىللىق جازا مۇددىتىنى تۈگىتىپ تۈرمىدىن قايتىپ چىقتى. بۇ ئىككى يىل ۋاقىت ئۆمەر خېلىل ئۈچۈن ئۇن

يىلدىنمۇ ئۇزۇنراق بىلىنىپ كەتتى. بۇ جەريانىدا ئۇ رابىخان، سۇلايمانلارنى ئېلىپ بىرنەچچە قېتىم قاسىمنى تۇرمىگە يوقلاپ بارغان بولسىمۇ، تۇرمىنىڭ ھەيۋىتىدىن بىشى ئايلىنىپ، بىر پاتمان غەمنى يۈدۈپ قايتىپ كەلگەندى. كېيىنكى قېتىملاردا ئۇ قاسىمنى يوقلاشقا بارمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئوغلىدىن زېرىكىپ قال-غىنى ئەمەس، دەرد ئۇستىگە دەرد قوشقۇسى كەلمىگەنلىكتىن بولغانىدى. دۇنيادا كەچ بولمايدىغان كۈن، تۈگىمەيدىغان غەم-قايغۇ بولمايدۇ. مانا قاسىممۇ نۇرغۇن ئاچچىق قىسمەتلەرنى بې-شىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر ئىللىق ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى.

ئىككى يىل دېگەندىمۇ قاسىمدەك ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان با-لىلاردا جىق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن خۇددى خام قالغان ھورنانىدەك بىر خىل ئېزىلەڭگۈلۈك چىقىپ تۇراتتى. يولدا يۈتىغا بىرنەرسە پۇتلىشىپ تۇرسىمۇ، تېپىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتەتتىكى، ئېگىشىپ بىر چەتكە ئېلىۋېتەي دېمەيتتى. تاماق يېسە، قەيەردە ئولتۇرغان بولسا قاچىسىنى شۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ كېتەتتى. ئاپام قېرىغاندا دوڭغىيىپ - موڭغىيىپ جاپا تارتىپ قالمىسۇن، ئۆزۈم ئاش يېگەن قاچىنى بولسىمۇ قازان بېشىغا ئاپىرىۋېتەي، دېمەيتتى. خۇددى باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ياشا-ۋاتقاندەك ئۆيىنىڭ ھېچ ئىشىغا چىن كۆڭلىدىن ئېرەنشىمەيتتى. نېمىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ھەم ئۇنى بىرنەرسىنى ئويلايدۇ دېيمۇ قا-رىغىلى بولمايتتى ئەمدى بولسا ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭدا روشەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. بوي - تۇرقىغۇ راستلا ئۆسۈپ قاپتۇ. بۇ دېگەن بۇ ياشتىكى بالىلاردا بولىدىغان تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆز-لىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن تارتىپ ئۆزگىرىش بار ئىدى. ئىلگىرى نەچچە قېتىم چاقىرسىمۇ كۈن چۈش بولمىغۇچە ئور-نىدىن تۇرمايدىغان ئادەم، ھازىر تاڭ يورۇپ بولغۇچە ئورنىدىن

تۇرۇپ كېتىدۇ. قىلغىلى ئىش تاپالمىسا، سىرتنى ئايلىنىپ كېرىدۇ. قوتاندىكى قويلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. تېخى بىر ئەتىگىنى سەھەردە ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ ھويلا سۈپۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ھوي، نېمە قىلىۋاتىسەن، بالام؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل ھەيران بولۇپ.

قاسىم ئىلگىرىكىدەك ئاتىسى گەپ قىلسا داشمىسىپ قاراپ تۇرىدىغان ئادەتنى تاشلىغانىدى. ئۇ باللارغا خاس تاتلىق كۈلكىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— تۇردىڭىزمۇ، ئاتا؟

— ھە، نېمە قىلىۋاتىسەن، بالام؟

— ھويلىنى سۈپۈرۈۋېتەي دەپ... ئاپام ھويلا سۈپۈرسىمەن دېسە ئەتىگەنلىك تاماق كېچىكىپ قالىدىكەن. گۈلقىز ئاچامنىڭ مىجەزى يوق دەيدۇ.

— نېمە بوپتۇ گۈلقىزغا؟

— ئاپام ئاخشام، گۈلقىز ئاچاڭ سېزىك تارتىۋاتىدۇ، ئۇنى بەكرەك ئايىشىمىز كېرەك، دېگەنىدى.

— شۇنداقمۇ؟

ئۆمەر خېلىلنىڭ قەلبىنى ئىللىق بىر سېزىم قاپلىدى. ئۇ يەنە بىر نەۋرىلىك بولىدىكەن - دە. ئارقىدىن ئۇ يەنە غەمگە پاتتى. ئىسمايىلنى تېخىچە ئۆيلىيەلمىدى، قاسىممۇ تەييار بولۇپ قالدى. لېكىن، ھازىرقى ھالى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئۆيلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئاھ، تۇرمۇش نېمىدېگەن رەھىمسىز. ئۇ كۆپ تىرىشتى، سۇلايمانمۇ ئائىلە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشلىرى قالمىدى. ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇلارنىڭ قولىدىن زادىلا بىر ئىش كەلمەسمۇ؟

تۇرمۇشى دائىم مۇشۇنداق نامراتلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟

— ئاتا، نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

ئۆمەر خېلىل بېشىنى كۆتۈرۈپ قاسىمغا قارىدى.
— ھېچ ئىش، بالام.
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئۆمەر خېلىل ھەيران قالدى. بۇ چوڭلارنىڭ دەيدىغان گېپى ئىدى. ئەجەبا قاسىم بىر ئىشلارنى مۇشۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلايدىغان بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ راستىلا كاللىسى ئېچىلغانمىدۇ؟ مۇشۇ تاپتا ئۇ قەلبىگە چوڭ ئىشلارنى يوككەن يىگىتلەرگە ئوخشىغانىدى. ئۆمەر خېلىل ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى، سۆيۈنۈش ۋە ئەزگۈلۈككە پاتقان قەلبىدىن شۇنداق نىدالار ئۇرغۇدى: «ئېھ، خۇدا، بالىلىرىمغا ئىنساب، ھىدايەت بەرگەيسىز، ساغلام ئەقىل، ساغلام روھنى ئايىمىغايسىز. ھالال ياشايدىغان، ئائىلىسى، يۇرت ـ مەھەللە ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ئادەم بولۇشقا نېسىپ قىلغايسىز، يامان ئىش، يامان نىيەتلەردىن يىراق قىلغايسىز!»

ئۆمەر خېلىل قەلب تىلىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كۆزىنى ئاچتى. قاسىم تېخىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. كۆزلىرى بۇرۇنقىدىن چىرايلىق ۋە مۇلايىم كۆرۈنەتتى.
— ماقۇل، بالام، ئىشىڭنى قىلىۋەر.

قاسىمنىڭ قايتىپ چىقىشى بىلەن ئۆمەر خېلىل ئۇزاقتىن بۇيان يۈرىكىنى سىقىۋاتقان بىر سانجىقتىن قۇتۇلغاندەك بولدى. كۆڭلىمۇ تەسكىن تېپىپ قالدى. ئۈچ ئوغلى ئالدىدا بولغاچقا، ئۆزىنى باھاردا قايتا ياشارغان دەرەختەك بېجىرىم ھېس قىلدى. ئاتا بىر غول بولسا، پەرزەنت ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى. شاخلىرى قىرقىۋېتىلگەن دەرەخنى قانداقمۇ دەرەخ دېگىلى بولسۇن؟! بۈگۈن ئۆمەر خېلىلنىڭ كۆڭلى ئەڭ تەسكىن تاپقان بىر كۈن بولدى. ئاتا ئۈچۈن ئائىلە ئىناقلىقى، ئائىلە خاتىرجەملىكى، پەرزەنت سۆيۈنۈشىدىنمۇ چوڭ بەخت بولامدۇ؟!

www.uyghurkitap.com

## 4

ئابدۇناسىر مۇئەللىم يىرتقۇچنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋېلىنغان بىر پارچە گۆشتەك، تولۇق بولمىسىمۇ كۆپ قىسمى قولىغا تەگكەن پۇللار بىلەن زاۋۇتقا پاي قاتقۇچىلارنىڭ پۇلىنى قايتۇردى. ئىش خۇددى تۇيۇقسىز قۇيۇن كۆتۈرۈلگەندەكلا يۈز بەرگەنىدى. قۇيۇن توختىۋىدى، ھەممە ئىش پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. كىشىلەر زاۋۇتقا پاي قاتقان پۇلىنىڭ ئانچە كۆپ پۇل ئەمەسلىكىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلغاندەك، بىرىدە قولىدىكى مۇئەللىم ساناپ بەرگەن پۇللارغا قارىسا، بىرىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىدىن خىجىل بولۇشقا باشلىدى. مۇئەللىمگە قىلغانلىرىدىن يۈزلىرى قىزىرىشتى.

— جامائەت، زاۋۇت قۇرىمىز دەپ سىلەرنى بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكتە قويدۇم، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، — دېدى مۇئەللىم ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپ.

جامائەتمۇ ئۆزرە ئېيتتى:

— ياق، سىلىدىن ئاغرىنمايمىز، مۇئەللىم. سىلى ياخشى ئىش قىلغانىدىلە، بىز يۈزسىزلىك قىلىپ...

— بولدى، بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە بىر - بىرىمىزدىن ئاغرىنمايلى. بۇرۇنقىدەك ئىناق - ئىجىل ياشايلى.

— ناۋادا مۇئەللىم، سىلى قىينىلىپ قالغۇدەك بولسىلا... بۇ پۇللارنى كېيىنرەك ...

— ياق ... ياق ... سىلەر قانچە بالدۇر قولۇڭلارغا ئالساڭلار، مەنمۇ شۇنچە بالدۇر ئارام تاپىمەن. كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلاپ باقمىغىلى نەچچە ئايلار بولۇپ كېتىپتۇ ماڭا.

ئىلگىرى ئىچىگە جىن كىرىۋالغاندەك ۋەسۋەسە، ئالدىراقسانلىق بىلەن مۇئەللىمگە بىرمۇنچە ئازار بەرگەن بۇ ئادەملەر

ئەمدى بىردىنلا ياۋاشلاپ مېھرىبان، كۆڭۈل ئاياىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

— بىزنى كەچۈرسىلە، مۇئەللىم.

— ئۇنداق دېيىشمەيلى، جامائەت.

مۇئەللىم تۇيۇقسىز قارا باسقاندەك يۈز بەرگەن بۇ پېشكەلچىلىكتىن ئاخىر قۇتۇلدى. توۋا، بەزى چاغلاردا ئادەمگە ئايىغى چىقماس چۆل – جەزىرىگە كىرىپ قالغاندەك، تۈۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئېغىر، ئۈمىدسىز بىلىنگەن ئىشلار بىر كۈنلىرى ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق، ھەتتا كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ ئەرزىمەيدىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. بۇنداق بولارىنى بىلسە كىمنىڭمۇ ئاھ ئۇرۇپ ئازاب تارتقۇسى، ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋەتكۇسى كەلسۇن؟! ئاقىللارنىڭ: «سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن ھېكمىتى تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەن. شۇغىنىسى ئادەم ئاشۇ مەنزىلگە يەتكۈچە ھامان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى چاندۇرىدۇ. ھېلىمۇ «ئۆت» تىن ئىبارەت بىر ئەزا بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا نۇرغۇن ئادەم ئاچچىقىنى سىڭدۈرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرىكەن.

مۇئەللىم كىرىپ كەلگەندە، ئۆمەر خېلىل ئۈچ ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى كەچلىك تاماق يەۋاتقانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇئەللىم، كەلسىلە ... كەلسىلە ...

— ۋۇي، تېخى تاماق يەپ بولالمىغانمىدىڭلار؟

— ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە، دەپتىكەن، مۇئەللىم. قېنى كەلسىلە.

مۇئەللىم داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالدى. تېخى بايىلا تاماق يەۋالغان بولسىمۇ، بىراق رابىخاننىڭ سىرىق سەۋزە ۋە قوينىڭ قۇيرۇقىدەك ئاق چامغۇردا ئەتكەن شويلىسىنى كۆرۈپ يەنە ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتتى. تاماقتىن كېيىن، مۇئەللىم بەش مىڭ يۈەن پۇلنى ئۆمەر خېلىلنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ سۇلايمانجان زاۋۇت قۇرۇشقا قولدىن بەرگەن پۇل، ئورماننىڭ ئىشلىرىنى دەسلەپتە باھالىغان بويىچە قىلساق سىدىلىگە زىيان بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنى باشقىچە ئويلاشساق.

ئۆمەر خېلىل ياغلىشاڭغۇ بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى تاراپ قويغاندىن كېيىن، سۆز باشلىدى:

— ئادەم بۇ دۇنيادا تارتقان زىيانلىرىنى چوقۇم تۆلىتىۋېلىش كېرەك بولسا، گاھىلىرىغا مەڭگۇ شارائىت بولماسلىقى مۇمكىن، مۇئەللىم. ئىنسان ئۇچۇن ئاغرىق - سىزلاق، كۆتمەگەن بالا - قازا، تەبىئەت ئۇچۇن ھاۋا ۋە زېمىندىن كېلىدىغان زىيانلار. بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ھېسابلاپ چىققىلى، ئورنىنى تولدۇرغىلى بولسۇن؟ ئورمان كېسىلسە ياغاچلىرى بار، ئۇنى مۇۋاپىق يەرلەرگە ئىشلىتىۋالساق بولىدۇ. لېكىن، زىيان دەپ قاراش بىھاجەت، مۇئەللىم.

— ئۇنداق دېسىلە مەن ئۇيىلىپ قالىمەن، قوشنام. ھېچبولمىسا...

— دېدىمغۇ، مۇئەللىم، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق. ئۇ يەرمۇ باللار ئېچىۋالغان يەر ئىدى. بىكار تۇرسىمۇ تۇرىدۇ بەرىبىر.

مۇئەللىم ئۆمەر خېلىلنىڭ چىن دىلىدىن چىققان بۇ سەمىمىي سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئارتۇق بىرنەرسە دېيىشكە تىلى بارمىدى. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلىشمۇ ياخشى پەزىلەت ئەمەس، ئىنسانچىلىقتا ئادەمگەرچىلىك يەنە ئادەمگەرچىلىك بىلەن قايتۇرۇلىدۇ. ھەممىنى پۇل ۋە قىممەت بىلەن ئۆلچەش ھەقىقىي ئاددىمىيلىككە يات.

مۇئەللىم گەرچە ئىنساننىڭ قەلبىنى يېرىسپ كۆرۈشكە ئاجىز كەلسىمۇ، ئۆمەر خېلىلنىڭ ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەملىكىنى تونۇپ يەتتى. يالغۇز ئۇنىڭغا كەڭ قورساقلىق قىلغىنىدىنلا ئەمەس، شۇنچە يىللار مابەينىدە قىلغان - ئەتكەنلىرى، تۇرمۇشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى جەھەتلەردىمۇ ئۇ ئۆ-

زىنى نامايان قىلغانىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ بىلەن تونۇگۇن ـ بۇ-
گۈنكى قوشنىلاردىن ئەمەس، ئادەمنىڭ ياخشىلىقى قوشنىدار-
چىلىقتا بىلىنىدۇ.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. كېچىمۇ بىر
يەرگە بېرىپ قالغانىدى. مۇئەللىم قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇ-
رۇۋېتىپ، بىردىنلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئۆمەر خېلىلغا
يۈزلەندى.

ـــ راست، قوشنام، بىرەر ئىش قىلغۇلىرى بارمىكىن؟

ـــ نېمە ئىش ئىدى، مۇئەللىم؟

ـــ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە باشلىق بولۇپ
ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنەم بولىدىغان، ئۇ ئىلگىرى ھەسەل ھەرد-
سى باقمىچىلىقى قىلغان، مانا ئەمدى ئەمەل تۇتۇپ يۇرگەندە ئۇ
ئىشلارغا يېتىشەلمەي قاپتۇ. ئادەم سالاي دېسە، بۇ بەك زىل ئىش
بولغاچقا ئەپلەشمەيدىكەن. يېزىلاردا باغىۋاراڭلىرى كەڭرەك تو-
نۇشلىرىڭ بولسا سېتىۋەتسەك، دېگەن. مېنىڭمۇ تازا باققۇم بار
ئىدى، لېكىن يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىمەن. سىلىنىڭ باللار
يېتىشىپ قالدى. شۇنىڭغا بىر تەۋەككۈل قىلىپ باقامىلا يا؟

ئۆمەر خېلىل يېڭى گەپتىن بىرنى ئاڭلىغاندەك، مۇئەللىم-
گە قىزىقسىنىش ئىچىدە تىكىلدى.

ـــ ھەسەل ھەرىسى دېسىلە؟ قىلىپ باقمىغانلا بىر ئىش ئى-
كەن بۇ، سىلىچە قامىلىشارمۇ، مۇئەللىم؟

ـــ ھازىر كىشىلەر ھەسەلنىڭ كۆپ تەرەپلىك پايدىلىق خۇ-
سۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىپ كەتتى. شۇڭا، ھەسەلگە بولغان ئىس-
تېمال سەۋىيەسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ. تېخنىكا تەلە-
پى بويىچە پەرۋىش قىلساق، بىر يىلدا خېلى زور كىرىم قىلغىلى
بولىدىغانلىقىنى كېپىنى قىلىدۇ ئۇ ئاغىنەم.

ـــ بىز سىلىگە ئىشىنىمىز، مۇبادا قاملاشقۇدەك ئىش بولسا ...

ـــ ئاۋۋال سەككىز ـ ئون ساندۇق ئەكېلىپ بېقىپ باقسىلا،

قاملاشقۇدەك بولسا داۋاملىق كېڭەيتىدىغان گەپ. مەنمۇ كىتاب ـ ماتېرىيال ئارقىلىق سىلىگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىمەن.

ئۆمەر خېلىل ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ھەسەل دېگەننى يەپ باق ـ قان، لېكىن ھەسەل ھەرىسىنى بېقىش توغرۇل كۆرۈپمۇ باقمىغا ـ نىدى. ئۆمرىدە چارۋا مال بېقىپ كۆنۈپ كەتكەن ئادەم ئۇچۇن بەلكىم ئۇمۇ ئانچە قىيىنغا توختىماس. ھەسەل ھەرىسىمۇ بىر جانىۋار، جانىۋارلارنى بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشمۇ ساۋابلىق ئىشقۇ؟ ھەسەلنىڭ ئىسمىلا يېقىملىق بولۇپ قالماي، ھەر قېتىم ئۇنى تىلغا ئالغاندا ئېغىزدىمۇ، تۇيغۇلاردىمۇ بىر خىل شېرىنلىك پەيدا بولىدىكەن. «كىشى ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن كىشىگىمۇ مەنپەئەت بار» دەيدىغان، مۇبادا ئۇنىڭ رىزقى مۇشۇ ھەرىچاقلار ئارقىلىق بەرىكەت تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— سىلى دېگەنچە بولسۇن، بىراق باھاسىغا چىقىش قىلالار ـ مىزمۇ، مۇئەللىم؟

— ئۇنىڭدىن غەم يېمىسىلە.

— ماقۇل ئەمىسە، سىلىگە تاپشۇردۇق.

— خاتىرجەم بولسىلا.

مۇئەللىم مۇشۇ قېتىملىق چوكا زاۋۇتى قۇرۇش ئىشىدا بەكلا پەندىيات قىلىپ كەتكەنىدى. گەرچە قەسەم قىلىۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كىشى ئۇچۇن بىر ئىش قىلماسمەن دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدى. دېمىسىمۇ ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ باشقىلاردىن خاپىلىق تارتىۋالسا ئادەمگە ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ ـ دە؟ بىراق، ئۇ يەنىلا جىم يۈرەلمىدى، بۈگۈن قوشنىسىغا ھەسەل ھەرىسى بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى. ھەي، بۇ ـ نىڭمۇ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن؟ مۇئەللىمنىڭ ياخشى كۆڭلىگە يارىشا خەيرلىك بىر ئىش بولسا بولاتتى. قىلغان ياخشى ئىشىڭ ـ نىڭ نەتىجىسى كۆرۈلمىسە ئۆزۈڭمۇ ئۆكۈنۈپ قالىدىغان گەپ.

# ئون بىرىنچى باب

## 1

ئۆمەر خېلىل ئابدۇناسىر مۇئەللىمنىڭ ئەتىسىلا كىچىك يۇك ماشىنىسىغا بېسىلغان ئون بەش ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنى ئېشىك ئالدىغا پەيدا قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. چوڭلۇقى ئادەتتىكى كىيىم ـ كېچەك سالىدىغان ئارا ساندۇقچىلىك كېلىدىغان، سېرىق سىرلانغان تىزىق ـ تىزىق ساندۇقلار ماشىنا ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. ساندۇقلار ۋە ماشىنا ئەتراپىدا سان ـ ساناقسىز ھەسەل ھەرىلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. بەزىدە ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ھەرىلەر قۇلاق تۈۋىدىن « ۋىڭ» قىلىپ ئۆتۈپ، ئادەمنى چۆچۈتۈۋېتەتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئۆمەر خېلىلنىڭ بېشى قېيىپ كەتتى. بۇ ئۇشاق جانىۋارلارنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى قانداقمۇ باشقۇرغىلى بولار؟ يا ئۇلارنى چوڭ ھايۋانلاردەك باغلاپ قويغىلى بولمىسا، يەنە كېلىپ ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى چۈشەنمىسە قانداقمۇ باقار؟ تېخى ھەرقانچە ھەسەل بەرگەن تەقدىردىمۇ بەرىبىر ھەرىغۇ، ئادەمنى چاقىدىغان خۇي ـ پەيلىمۇ باردۇر. ھەرە باقتىم دەپ كۈندە باش ـ كۆزى ئىششىق يۈرسە ...

مۇئەللىمنىڭ پۈتۈن دىققىتى ئۇچۇپ يۈرگەن ھەرىلەردە بولغاچقا، ئۆمەر خېلىلنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگىمۇ دىققەت قىلمىغانىدى.

ــ قارىسىلا، قوشنام، ــ دېدى ئۇ ئۆمەر خېلىلغا باش ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن ھەرىلەرنى كۆرسىتىپ، ــ نېمىدېگەن جانلىق ھەرىلەر بۇ، قىشتىنمۇ ساق ـ سالامەت چىقىپ كېتەلە-

گۆدەك.

ئەمما، ئۆمەر خېلىل ئىپادە بىلدۈرمەي ھاڭۋاقىشىنچە تۇرۇۋەردى. قوي ـ كالىلارنىغۇ ئورۇق ـ سېمىز دەپ ئايرىيدۇ، لېكىن ھەرىنى جانلىق، جانسىز دەپ ئايرىيدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. كىشىلەرنىڭ پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن ئادەملەر توپىغا قاراپ «ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك» دەپ ئوخشىتىشلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن، مۇشۇ تاپتا ھەرىلەر تازا پىتىراشقان، كىرىدىغان يېرىنى تاپالماي ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئۇسۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بىراق، ھەسەل ھەرىسىنى ئاز ـ تولا چۈشىنىدىغان ئادەم بولسا ئۇلارنىڭ ئايلىنىپ كېلىپ ساندۇقنىڭ شىمال تەرىپىگە قونغاندىن كېيىن، پۈتىدىكى ئاللىنېمىلەرنى ساندۇقنىڭ قىرىغا سۈۋاپ قويۇپ يەنە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاسانلا بايقىغان بولاتتى. ساندۇقنىڭ ھەرىلەر قونغان شۇ تەرىپىگە سارغۇچ نەرسىلەر چاپلىشىپ قالغانىدى. بۇ ھەرىلەرنىڭ قانداقتۇر كىرىدىغان يېرىنى تاپالماي يۈرگىنى ئەمەس، ئائىلىسىنى قوغداۋاتقىنى، كەچ كۈزدە قېلىپ قالغان بىر قىسىم گۈل ـ چېچەكتىن پۈتلىرىغا يۇقتۇرغان گۈل چېڭىنى خىزمەت ئورنىغا قالدۇرۇۋاتقان ھالىتى ئىدى. ھەرىلەر قانداقلا يەردە بولسۇن تىنىمسىز ئىشلەشنىلا بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ پۈرچاقچىلىك كېلىدىغان بەدىنى چوڭ بىر زاۋۇتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى.

— ھە، قوشنام، بۇ ھەرىلەرنى قەيەرگىرەك چۈشۈرۈشنى ئويلاشتىلا؟ — دېدى مۇئەللىم تېخىچە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ھەرىلەرنى ساناۋاتقاندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇلارغا قاراپ قېتىپ قالغان ئۆمەر خېلىلنى نوقۇپ.

— ھە ... ھە ... بولارنى ....

— كۈن نۇرى ياخشىراق چۈشىدىغان، خالىيراق يەر بولسا ياخشى بولاتتى.

— ئەمىسە ئارقىدىكى باغقا چۈشۈرسەك بولارمۇ، مۇئەللىم؟

ئەسلىي ئۆمەر خېلىل بۇ ھەرىلەرنى قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا مۇئەللىمگە قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەي تۇرغانىدى. مۇئەللىمنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن تېخىمۇ تەمتىرەپ، قىلىدىغان گېپىنى تاپالمايلا قالدى. ئاقىۋەتتە خۇددى بىر قۇچاق تىكەننى كۆتۈرگەن ئادەمدەك، ئاچچىق، بىزارلىق ۋە شۈركۈنۈش ئىچىدە ماشىنىغا يېقىنلاشتى. ئاڭغىچە سۇلايمان، ئىسمايىل، قاسىم ئۈچ ئوغۇل سەپراس بولۇپ، ھەرىلەرنى چۇشۇرۇشكە تەمشەلدى.

— ھاي، باللىرىم، ھەرە چېقىۋالمىسۇن، دىققەت قىلىڭلار! — دېدى ئۇ ئىچى سىقىلغان بىر خىل قىياپەتتە.

— ئۇنىڭ ئامالى بار، — دېدى مۇئەللىم ۋە ماشىنا كابىنىكىسىدىن بىر سومكىنى ئېلىپ ئېچىۋىدى، ئاستىغا تور نىقاب بېكىتىلگەن قالپاق، پەلەي دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقاردى، — مانا بۇ ھەرە بېقىشتا كىيىدىغان مۇداپىئە كىيىمى.

قارىغاندا مۇئەللىم بۇ كىيىملەرنىمۇ ئۆمەر خېلىلنىڭ ئۈچ ئوغلىغا ئاتاپ ئەكەلگەندەكلا قىلاتتى. ئۇ دەل ئۈچ كىشىلىك ئىدى. باللار بىردەمدە قالپاق، پەلەيلەرنى كىيىپ بولدى. ئەمدى ئۇلار نىقابلانغان سىرلىق كىشىلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ساندۇقلار بىر - بىرلەپ ماشىنىدىن چۇشۇرۇلۇپ باغقا توشۇلدى. ساندۇقنىڭ ئىچىدىمۇ ھەرىلەرنىڭ كۈچلۈك گاڭ - گۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەسلىدە يۆتكەشتىن بۇرۇن ساندۇقنىڭ ھەرىلەر چىقىپ - كىرىدىغان تۆشۈكى ئېتىۋېتىلەتتى. ھازىر ئۇچۇپ يۈرگەنلىرى بولسا تۆشۈك ئېتىلگەندە سىرتتا قالغانلىرى ئىدى. شۇغىنىسى ئۇلار يۈز نەچچە كىلومېتىر يەردىن ساندۇقتا ئەگىشىپ مۇشۇ يەرگىچە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى سۆيۈشى، ئائىلىسىگە بولغان ساداقىتى نېمىدېگەن كۈچلۈك - ھە؟!

ئۇلار ھەرە ساندۇقلىرىنى باغنىڭ كۈنگەي تام تەرىپىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر شالاڭراق يەرلەرگە تىزىپ قويىدى. باغ ئىچى بىردەمدە ھەرىلەرنىڭ ۋاڭ - ۋۇڭلىرى بىلەن تولدى. كۈز يوپۇر-

ماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغانىدى. ئۈزۈلۈش ئالدىدىكى ئالما - نەشپۈتلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مۇئەل-لىم سۇلايماننى بۇيرۇپ ساندۇقلارنىڭ ئاستى يان تەرىپىدىكى سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدىكى تۆشۈكلەرنى ئاچتۇرۇۋەتتى. بىر كۈندىن بېرى ساندۇقتىن چىقالماي بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتكەن ھەرىلەر بىر - بىرلەپ سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. باغ ئىچى تې-خىمۇ كۆچلۈك شاۋقۇنغا ئايلاندى.

— كۈنمۇ كەچ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى مۇئەللىم، — بۈگۈن-چە مۇشۇنداق تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەتە قالغان بەزى ئىشلارنى سىد-لەرگە چۈشەندۈرۈپ قوياي. ئاۋۇ يەشىكلەردە يەنە باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەر بار.

ئۆمەر خېلىلنىڭ قاپاقلىرى ھەرە چېقىۋالغاندەك ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. مۇئەللىمگە قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ تۈنۈگۈن ئويلانمايلا مۇئەللىمگە ماقۇل بولغىنىغا قاتتىق پۇ-شايمان قىلدى، ئەمدى ئىشىك ئالدىغا كەلگەن ھەرىلەرنى قايتۇ-رۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇئەللىمنىڭ بۇنچە تېز ئېلىپ كېلىشىنى نەدىن بىلسۇن. ئۇ ئاخىر ئامالسىزلىق ئىچىدە ئادەم-گەرچىلىك يۈزىسىدىنلا سوراپ قويدى:

— مۇئەللىم، بۇ جانىۋارلار نەچچە پۇللۇق بولغاندۇ؟

مۇئەللىم ئۇنىڭ نېمىگىدۇر خاپا بولغاندەك بىر تۈرلۈك ئالامەت چىقىپ تۇرغان چىرايىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى. ئۆمەر خېلىل پات - پاتلا مۇشۇنداق مۇڭغا پېتىپ شۈكلەپ قالاتتى، شۇڭا مۇ-ئەللىم بۇنىڭغا ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ كەتمىدى.

— قوشنام، ئۆزلىرىگە ئوخشىمايلا قالدىلا جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئۆمەر خېلىلغا چاقچاق قىلىپ، — بۇنداق ھېسابلىشىپ كەت-سەك، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆزلىرى دېگەن يەردىن چىقالماي قالد-مىز. مەن سىلىگە ئېيتتىمغۇ، بۇ ئاغىنەمنىڭ ھەرىسى ئىدى دەپ. بىر تەرەپ قىلىۋەتتىم، ھازىرچە بېقىپ تۇرسىلا.

— شۇنداق بولسىمۇ ... بۇ ئاز نەرسە بولمىسا يا، مۇئەللىم.
— جىق نەرسىمۇ ئەمەس. ئەگەر ياخشىراق راۋاج تېپىپ قالسا ئانچە ـ مۇنچە ھەسەل بىلەن تەمىنلەپ تۇرالا.
— ئۇنىڭدىغۇ گەپ يوق، لېكىن ...
— بولىدى ... بولدى ... قوشنام، مەن دېگەندەك بولسۇن. مېنىڭمۇ بىر ئادەمگەرچىلىك قىلىشىمغا يول بەرسىلە.
ئۆمەر خېلىلىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئەجەبا، ئۇ كەڭ قورساق، قولى ئوچۇق، مەرد بولسا بولىدىكەن، باشقىلار قىلسا بولمامدىكەن؟ باشقىلارنىڭ ئۆمۈر بويى ئادەمگەرچىلىك قەرزىنى يۇدۇپ يۈرۈشىنى ئارزۇ قىلسا، بۇمۇ تازا ئادىللىق ئەمەس. لېكىن... لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، ئۆمەر خېلىلىنىڭ پىتىراپ يۈرگەن بۇ بىر توپ گاز ـ گۈزنىڭ ئارىسىدا قالغۇسى يوق ئىدى. ئۇچۇشۇپ يۈرگەن توپ ـ توپ ھەرىلەرگە قارىسىلا بەدىنىگە تىترەك ئولىشاتتى.
ئابدۇناسىر مۇئەللىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆمەر خېلىلىنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى. ھېلىھەم بىر توپ ھەرە باش ئۈستىدە پىرقىراپ يۈرگەندەك قۇلاق تۈۋىدىن گىڭىلدىغان بىر ئاۋاز نېرى كەتمەيتتى. ئۇ مۇئەللىمنى ئۆيگە تەكلىپ قىلمىغىنىنى ئويلاپ، بىردىنلا ئەپسۇسلىنىشقا باشلىدى. ھەي، مۇئەللىم بىزنى دەپ جاپا تارتىپ پالاقلاپ يۈرسە، ئۆزۈمچە خاپا بولۇپ، ئۇنى ئۆيگىمۇ تەكلىپ قىلمىغىنىم نېمىسى؟ مەن ئادىمىيلىكتىن چىقىپ كەتتىممۇ نېمە؟ ھەتتا بۇ ھەرىلەرنى قانداق ئەكەلگىنىنىمۇ سوراپ قويماپتىمەن.
بالىلار بەس ـ بەستە ھەرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.
— تۈرمىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىمۇ مۇشۇنداق ھەسەل ھەرىسى بېقىلاتتى، — دەۋاتاتتى قاسىم، — ئىشقا ماڭغاندا يول بويىدىكى ھەرە ساندۇقى يېنىدىن ئۆتەتتۇق، بۇرنىمىزغا ھەسەلنىڭ مەززىلىك ھىدى پۇراپ كېتەتتى، بىراق ئېغىز تېگەلمەيتـ

توق. بۇلتۇر قىش بىر قېتىم ھەسەل سېتىپ بېرىۋىدى، نۇرغۇن باللارنىڭ ئۇششاق كېسىلى ساقىيىپ كەتتى. ئاشقازان، ئۆپكە كېسىلى بارلارمۇ ياخشىلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پات - پات ھەسەل سېتىپ بېرىدىغان بولغان.

— ئەمىسە ئاپامغا بەك پايدا قىلىدىكەن - دە؟ — دېدى سۇلايمانمۇ قىزىقىپ.

ئۆمەر خېلىل ھېچ ئۈندىمەي، باللىرىغا قارىغىنىچە تۇردى ـ ۋەردى. ئاتىسىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن سۇلايمان ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمە بولدىڭىز ئاتا؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ يا؟

ئۆمەر خېلىل ئادىتى بويىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— خېلى ساق تۇرغاندەك قىلىمەن، لېكىن بېشىم ئاغرىپ ...

ئۆمەر خېلىل ھەسەل ھەرىسىگە بولغان نارازىلىقىنى باللىرىغا بىلدۈرۈشنى خالىمىدى. ئۇنداقتا ئۇ مۇئەللىمىدىنمۇ ئاغرىنغان بولۇپ قالاتتى. «مۇئەللىم ھەسەل ھەرىسى باقسىلا دەپ، ماڭا بىرمۇنچە باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى» دېگەنلەرنى قانداقمۇ ئاغزىدىن چىقىرالىسۇن؟! ئەمما، سۇلايمان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاز - تولا سېزىپ قالغانىدى.

— ئاتا، ھەرە بېقىشقا تازا رايىڭىز يوقمۇ نېمە؟

ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل بولۇپ، ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

— بەك ... خاپىلىقى تولا ئىشمۇ بۇ ...

— مېنىڭچە، كەپتەر باققاندەكلا بىر ئىش ئىكەن، — دېدى ئىسمايىل ساددىلىق بىلەن.

— كەپتەر باققاندەك؟ قانداقلارچە كەپتەرگە ئوخشىتىپ قالدىڭ بالام بۇ ھەرىچاقلارنى؟

ئىسمايىل بېشىنى قاشلاپ قويۇپ يەنە كۈلدى.

— شۇ ... ساندۇققا ئۆگىتىپ قويسىلا، يوقاپ كەتمەي ئۇ ـ

ۋىسىنى تېپىپ كېلىدىكەن.

ئۆمەر خېلىلمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى سەل ـ پەل ئېچىلىشقا باشلىغانىدى.

— ئۇنداقتا بېقىشقا قىزىقىپ قاپسەن ـ دە؟

— ھەئە، ئاتا، بەك قىزىقارلىق ئىكەن.

— قىزىقارلىقى بولغىنى ئۇچۇنلىما؟

ئىسمايىل ئاتىسىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي، سۇلايمانغا قارىدى.

— مەنمۇ قىزىقىپ قالدىم، ئاتا، — دېدى سۇلايمان، — مۇ-ئەللىمنىڭ دېيىشىچە، ئۆلچەملىك باققان بىر ساندۇق ھەرىدىن سەكسەن كىلوگىرام ئەتراپىدا ھەسەل ئالغىلى بولىدىكەن. مۇ-شۇنداق ھېسابلىسا ... مەن ئىشەنمەيلا قالدىم، كىرىمى بەكلا يۇ-قىرى ئىكەن.

ئۆمەر خېلىلىنىڭ چىرايىغىمۇ ھەيرانلىق ئالامەتلىرى تەپتى.

— نېمە دەيدىغانسەن، بالام. مۇشۇ ئۇششاق جانىۋارلار...

— بۇلارغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، ئاتا.

— لېكىن، بىز ئۇلارنى قانداق بېقىشنى بىلمىسەك؟

— مۇئەللىم ئىككى تال كىتاب ئالغاچ كەپتۇ. بەزى ئىشلار-نى شۇنىڭغا قاراپ قىلىمىز. قالغانلىرىغا بىر ئامال بولار. مۇ-ئەللىم يەنە ھېلىقى ئاغىنىسى بىلەن پات ـ پات ئالاقىلىشىپ ياردەم سورايدىغان بولدى.

ئۆمەر خېلىلىنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن مۇجمەللىكلەر بولسى-مۇ ، دەسلەپكى نارازىلىق كەيپىياتى خېلىلا سۇسلاپ قالغانىدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ بىر تەلەي سىناش ھېسابلانغۇدەك، ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن قېتىم تەلىيىنى سىناپ باقتى، كۆپ ھاللاردا ئىش ئوڭغا تارتمىدى. بۇ قېتىم ئەڭ غەلىتە، ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان بىر كەسىپكە تەۋەككۇل قىلدى، ئاخىرى قانداق بولاركىن؟

— ھەممىڭلار بېقىشنى خالامسىلەر؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل

ئوغۇللىرىغا تەكشى قاراپ چىقىپ، خۇددى ئۇلاردىن ۋەدە ئېلى-
ۋاتقاندەك بىر خىل تەرزدە.

— خالايمىز! — دېدى ئۈچ ئوغۇل تەڭلا.

ئۆمەر خېلىل تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلگەن بۇ ئاۋازدىن شۇنچىلىك سۆيۈندى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئىشقا ئاتلانسا، يېڭەلمەيدىغان قىيىنچىلىق بولمايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئاتا ئۈچۈن پەرزەنتلەرنىڭ ئۆم ـ ئىناقلىقىدىنمۇ ئارتۇق قانائەت، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بولامدۇ؟ ئىناقلىق بار يەردە بەرىكەت، ئىناقلىق بار يەردە بەخت ـ سائادەت بار.

ئۆمەر خېلىل ھاياجانلاندى. ئوغۇللىرىغا سۆيۈنۈش، ئىپتىخارلىق ئىچىدە نەزەر تاشلىغاچ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— بولىدۇ، باللىرىم، ئەگەر سىلەرنىڭ بۇ جانىۋارلارنى بېقىش قىزغىنلىقىڭلار بولسا باقايلى، مۇئەللىممۇ ئاز جاپا تارتمىدى، ئەمدى بولغاندا يالتىيىپ قالساقمۇ قاملاشماس.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا، — دېدى سۇلايمان، — چوكا زاۋۇتى قۇرۇلماي قالغان بولسىمۇ، ھەرە بېقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

— سىلەرگە ئىشىنىمەن، بالام. بىر ـ بىرىڭلارغا ياخشى ھەمدەم بولۇپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ ئۆتۈڭلار.

— ماقۇل، ئاتا.

## 2

ئەتىسى بامداتتىن يانغان ئۆمەر خېلىل ھەر كۈندىكى ئادەتتىنى ئۆزگەرتىپ، جاڭگالغا بارماي ئۇدۇل باغقا كىردى. شەبنەم تېخى قۇرۇمىغانىدى. سارغايغان ياپراقلار ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. يەرگىمۇ نېپىز بىر قەۋەت

يوپۇرماق تۆكۈلۈپ چۈشكەنىدى. شەبنەم سۈيىدە مەڭزى يۇيۇلغان ئالمىلار تارتىنچاق قىزلاردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئالما، نەشپۈتلەرنىڭ خۇش ھىدى دىماقلارغا ئۇرۇلاتتى. ئۆمەر خېلىل باغقا قەدەم بېسىشى بىلەن تەڭلا شاخلار ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ھەرىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شاختا تۇرۇپ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى زېدە بولغان ئالما، نەشپۈتلەرگە يېپىشقانىدى. يەنە بەزىلىرى نەلەرگىدۇر قاراپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى، نەلەردىندۇر ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىدىكى يوپۇرماق ئۈستىدە قانىتى سۇنۇپ يېتىپ قالغان بىر تال ھەسەل ھەرىسىنى كۆرۈپ يەرگە ئېڭىشتى. ھەرىنىڭ زىغىر رەڭگە مايىل ئالا بالداق قورسىقى توختىماي تىترەپ، گىڭ - گىڭ قىلغان ئاۋاز چىقىراتتى. سۇزۇك كۆزلىرى پارقىراپ تۇرغان بېشىنى ئۇيان - بۇيان تولغايتتى. ئۆمەر خېلىلنىڭ بۇ بىچارە ھەرىچاقىقا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ قايتا پەرۋاز قىلىشىغا ياردەم بېرىش قولىدىن كەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ نەچچە يۈزمىڭ ھەرىلەرنىڭ ئىچىدە كۈندە دېگۈدەك ئۆلۈم - يېتىم، يارىلىنىش دېگەنلەر بولۇپ تۇراتتى.

باشقا زەھەرلىك ھەرىلەرگە قارىغاندا ھەسەل ھەرىسىنىڭ تۇرقىمۇ چىرايلىق ۋە ئوماق كۆرۈنەتتى. ئادەمنىڭ باش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرسىمۇ ئالدىراپ چېقىۋالمايتتى. مۇشۇ تاپتا زەھەرلىك ھەرە بولغان بولسا ئادەمگە ھۇجۇم قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇلار سەل ئاچچىقىجان، ۋەھشىيرەك بولسا كېرەك. لېكىن، ھەسەل ھەرىسى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۆز ئىشىغا بېرىلگەن بولۇپ، ئادەمگە ئاسان چېقىلمايتتى. بۇمۇ خۇددى ياخشى ئادەمنىڭ كەڭ قورساق، مېھرىبان بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىكەن.

ئۆمەر خېلىل بۇ ئۇششاق جانىۋارلارغا بارا - بارا مېھرى چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. تەبىئەتنى سۆيگەن ئا-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دەمنىڭ تەبىئەت ئەركىلىرىنى ياخشى كۆرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟!

قۇياش ئېگىزلىگەنسېرى ئاپتاپنىڭ جىلغۇلىرى تېخىمۇ روشەنلىشىشكە باشلىدى. ئەمدى ھەرىلەرنىڭ سۇزۇك قاناتلىرى قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقناپ، قىسقا ـ قىسقا نۇر سىزىقلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. خۇددى كۇندىلىك ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماسلىقتىن قورقۇۋاتـ قان ئىشچىدەك ئاجايىپ بىر خىل جىددىيچىلىك ئىچىدە ھەرىكەت قىلاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

پۇتۇن دىققىتى بىلەن ھەرىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتـ قان ئۆمەر خېلىل مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇـ رالدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مۇئەللىم. ياخشى تۇرۇپلىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، قوشنام، ھە، ئەتىگەندىلا بۇ جانىۋارلار بىلەن سىردىشىپ كېتىپلىغۇ؟

ئابدۇناسىر مۇئەللىم ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ خېلىلا ياخشىلىـ نىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەرىلەرگە قاراۋاتقان تۇرقىـ دىنلا بىر خىل قىزىقسىنىش چىقىپ تۇراتتى.

— كېچىنىڭياقى قانداقراق تۇردىكىن دەپ ...

مۇئەللىم خۇش بولۇپ كۈلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ قوشـ نىسىنىڭ ھەرىلەرنى ياقتۇرماسلىقىدىن سەل ئەندىشە قىلىپ قالغانىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، بۇنىڭ ئوغرىسى يوق، چارۋا مالدەك غەلۋىسى يوق. زىرائەتلىرىمنى يەپ كەتتى، كۆچەتلىرىمنى غاجاپ كەتتى دەپ خەق ئەرز قىلىپ يۈرمەيدۇ. تېخى ھەسەل ھەرىسى بېـ قىلغان جاينىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى باغ، چېچەكلىك زىرائەتلەرنىڭ چاڭلىنىشى نىسبەتەن يۇقىرى بولۇپ، مەھسۇلات ئاشىدۇ. ئاڭلىـ سام بىر قىسىم چوڭ باغ ئىگىلىرى ھەسەل ھەرىسى باققانلارغا

پۇل بېرىپ، ھەرىلەرنى باغلىرىدا تۇرغۇزىدىكەن.

ئۆمەر خېلىل مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىدىن بىر خىل يېڭىلىق ھېس قىلىپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئاڭغىچە ئوغۇللارمۇ بىر - دىن - ئىككىدىن باغقا كىرىپ كەلدى.

— ئەمدى نېمە قىلىشىمىز كېرەك، مۇئەللىم؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل.

— ئاغىنەم ھەرىلەرنىڭ قىشلىق يېقىلىشىدا قىينىلىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ھەسەل توشتۇرۇلغان كۆنەكلەرنى ئېلىۋالىمىز. سىلى مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا بىرەر يۈز تال رامكا ياساتسىلا، ئۆلچىمىنىڭ چۈشەندۈرۈشى تونۇكۈن سىلىگە بەرگەن كىتابتا بار، سۇلايمانجان ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ. ئاخشام ئەكەلگەن يەشكىتە سۇنئىي كۆنەك بار. ئۇنى رامكىغا ئورنىتىپ، ساندۇققا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ساندۇقتىكى ھەسەل بار كۆنەكنى ئېلىۋالىمىز. كېيىنكى ھەپتىدىن باشلاپ ھەرىلەرگە قوشۇمچە ئوزۇق بېرىش باشلىنىدۇ.

— قوشۇمچە ئوزۇق دېگەن نېمە ئۇ، مۇئەللىم؟ — دېدى سۇلايمان، ئۇنىڭ سوئال سوراش ھالىتى بەئەينى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. مۇئەللىم چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ھازىر دالادا گۈل - چېچەكلەر ئاساسەن قالمىدى. شۇڭا، شېكەرنى سۇيۇلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يەم تەڭنىسىگە قۇيۇپ بېرىمىز. ئۇلار شېكەر سۈيىنى ئىچىپ شىرىنگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، كۆنەكلەرگە قاچىلايدۇ. ئۇ كۆنەكلەر توشقاندا ئېلىۋېلىپ يەنە يې - ڭى كۆنەك سېلىپ بېرىمىز. يىغىۋالغان كۆنەكلەر ئۇلارنىڭ قىشلىق ئوزۇقى بولىدۇ. قىشتا ئۇلارنى ساندۇققا سېلىپ بېرى - مىز. ھەرىلەر شۇنى يەپ جان ساقلايدۇ.

ئابدۇناسىر مۇئەللىمنىڭ چۈشەندۈرۈشى ھەممەيلەنگە قىزىق - قارلىق بىلىندى. ئۇلارنىڭ ھەرە بېقىش ئىشتىياقى كۆچەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مۇئەللىم، سىلى بۇرۇن ھەسەل ھەرىسى بېقىپ كۆرگەنمىدىلە؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل، مۇئەللىمنىڭ تەجرىبىلىرى ئۇنى سەل ھەيران قالدۇرغانىدى.

— ياق، — دېدى مۇئەللىم.

— ئەمىسە ھەرە توغرىسىدا تەجرىبىلىرى مول ئىكەنغۇ؟

— بەزىلىرىنى ئۇ ئاغىنەم دەپ بەردى. بەزىلىرىنى كېچىچە كىتاب كۆرۈپ بىلدىم.

شۇندىلا ئۆمەر خېلىل مۇئەللىمنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىگە، تاتىراڭغۇ يۈزلىرىگە سەپسالدى. ئارقىدىن كۆڭلى يالىمدە ئىللىپ، كۆز جىيەكلىرى يالتىراشقا باشلىدى. ئادەملەر شەخسىيەتچىلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە مۇئەللىمدەك ئادەمگەرچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى قىيناپ يۈرگەن كىشىدىن نەچچىسى چىقار؟! ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتىكى روھىدا نە تەمەخورلۇق، نە مىننەت، نە ئۆزىنى كۆرسىتىش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ پەقەت قىلغان ياخشى ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈنلا جان كۆيدۈرۈپ يۈرەتتى.

— مۇئەللىم، — دېدى ئۇنىڭغا قانداق رەھمەت ئېيتىشىنى بىلەلمىگەن ئۆمەر خېلىل، — ھېلىمۇ تارتقان ئەلەملىرى ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالامەتلىكلىرى ياخشى بولمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، خاتىرجەم ئاراملىرىنى ئالماي نېمىدەپ بۇ ئىشلارغا ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىلا؟

مۇئەللىم كۈلۈپلا قويدى. سولغۇن چىرايىدا كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپىدەك سۇس، ھارغىن بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

— كۆڭۈل خۇشاللىق تاپقان ئىشتىن جانغىمۇ ئارام بار، قوشنام. ھېچ ئىش قىلماسلىق خاتىرجەملىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئۆمەر خېلىل ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالدى. توۋا، ئۇقۇغان

ئادەمنىڭ قارىشىمۇ باشقىچە بولىدىكەن. ئۇ زاۋۇت قورىمىز دەپ جىق دەرد تارتىۋالدى. شۇ خالىس نىيىتىنىڭ بەدىلىگە مەھەللىدىكىلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىگە ئېرىشەلىگەن بولسىچۇ كاشكى. بۇ هايات گاهىدا ئادەمنى شۇنداق تەتۈر قىينايدىكەن.

— سىلىدەك ئېسىل ئادەم بىلەن قوشنا بولالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن، مۇئەللىم، — دېدى ئۆمەر خېلىل هاياجانلىنىپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، مەن بەك ئېسىل ئادەممۇ ئەمەس، پەقەت ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچى. بىر ئۆمۈر باللار ئارىسىدا ياشاپتىمەن، گاهىدا ئۆزۈمنى راستلا بىر بالىدەك هېس قىلىپ قالىمەن. ئەتراپىمدىكىلەرگە ياردىمىم يەتسە، قىلغان ئىشىمنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرسەم شۇنداق خۇش بولۇپ كېتىمەن. قارىسىلا، ئاددىي بىر ئۆسۈملۈك چېغىدا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن بىر ياز ياشايدۇ.

ئۆمەر خېلىل ئىشلارنى مۇئەللىمدەك ئىنچىكە، چوڭقۇر ئويلاپ كېتەلمەيدۇ. بىراق، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ بىر ئادەم ئۈچۈن هاياتلىق مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. دۇنيادا ھەممە مەۋجۇدات ئۆز تۇپى، ئۆز خىلى بىلەن ياشىغاندەك، ئادەملەرمۇ سىردىشىش جەريانىدا پىكرى بىر يەردىن چىقىدىغان، ئىختىيارسىز يېقىنچىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان يەنە بىر ئادەمگە كۆڭلى چۈشىدىكەن. ساداقەت، سەمىمىيلىك شۇ ئارقىلىق تاۋلىنىدىكەن. هاياتنىڭ مەنىسى، قىممىتى ئاشىدىكەن. ئۆمەر خېلىل گەرچە ساۋاتسىز دېھقان بولسىمۇ، ئۆزۈن يىل مۇئەللىم بىلەن قوشنا بولغاچقا، مۇڭدىشىش، سىردىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئاز ـ تولا يۇققان بولسا كېرەك، شۇڭىمۇ غەلىتە خىياللىرىدىن گاهىدا ئۆزىمۇ هەيران قالىدۇ.

— ئەمىسە بۈگۈنلا ئىشنى باشلايلى، — دېدى سۇلايمان ئالدىراپ، — ئۆستەڭ بويىدىكى كېسۋەتكەن ئورمانىنىڭ ياغاچلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خېلى سۈيى قېچىپ ئەكچىپ قالدى. رامكا ياساشقا تازا باب كې-لىدۇ.

— بولسا شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى مۇئەللىم سۇلايماننىڭ پىكرىنى قوللاپ، — قوشۇمچە ئوزۇق بېرىش قانچە بالدۇر باشلانسا، تەييارلىق شۇنچە پۇختا بولىدۇ. ئەتىيازلىقتا ھەرىلەر ئۇچەكتىن چىققاندا جانلىق ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەر خىل كېسەل-لەرگە قارشى تۇرۇش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ.

— نېمە، بۇلارغىمۇ كېسەل تېگەمدۇ؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە، جانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز تەبىئىتىگە خاس بولغان يۇقۇملۇق كېسەل تېگىدىغان، تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدى-غان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ھەرىلەر ئاغرىپ قالغاندا قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنىڭ يوللىرى ئاسان، ئاڭغىچە سۇلايمانجانمۇ بېقىش، داۋالاش يوللىرىنى ئىگىلەپ بولىدۇ.

— ماقۇل ئەمىسە، دېگەنلىرىدەك قىلايلى، مۇئەللىم.

ئۇلار شۇ كۈنىلا ئىشنى باشلاپ كەتتى. سۇلايمان ئۇستىنىڭ بويىدىكى شىرتاپ ياغاچلاردىن بىرنەچچە تالنى توك ھەرىگە ئاپې-رىپ شادا تىلدۇرۇپ كەلدى. ئەسلىي رامكىلارنى بىرەر ياغاچچى تېپىپ ياسىتىشنى ئويلاشقانىدى، بىراق ئىسمايىل كىتابتىكى رامكا ياساشقا دائىر مەزمۇنلارنى بىرلا كۆرۈپ، ياغاچچىغا پۇل بەرگۈچە ئۆزۈم ياسايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە، رامكا يا-ساش ئانچە تەسمۇ ئەمەس ئىدى. بىر تال قول ھەرە، رەندە، بولقا دېگەندەك ئۈچ - تۆت تال سايمان بولسىلا قىلىپ كەتكىلى بولات-تى. ئىسمايىل ياغاچچى ئاغىنىلىرىدىن سايمان سوراپ كېلىپ، قاسىم بىلەن ئىككى كۈن ئىچىدىلا يۈز تال رامكىنى ياساپ بول-دى. ئۇ رامكىلار مۇئەللىمگىمۇ ياردى.

— ۋاھ، ئىسمايىلجاننىڭ قولىنىڭ بۇنچىلىك ئەپلىك ئىد-

كەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن، ــ دېدى مۇئەللىم سۆيۈنۈپ، ــ قارىغاندا ھەرە باقىدىغان ساندۇقلارنىمۇ ياساپ كېتەلىگۈدەكسىز.

مۇئەللىمنىڭ ماختاشلىرىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىسمايىل قاشلىرىنى يوپۇرۇپ ھجايدى.

ــ چوقۇم ياساپ كېتىمەن. بۇ كىتابتا ھەممە ئىشلارغا قارىتا شۇنداق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بار ئىكەن.

ئىشلار ئاستا ـ ئاستا يۈرۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا جاڭگالدىكى شاللارنى يىغىشقا توغرا كەلدى، ھەش ـ پەش دې-گۈچە 11 ـ ئايمۇ كىرىپ قالغانىدى. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىشىپ كەلگەن ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمەر خېلىل ئائىلىسىدىكىلەر قىشنىڭ قانداق كىرگىنىنى سەزمەيلا قالغانىدى. ھەرە ساندۇقلىرىغا ھەسەل توشتۇرۇلغان كۆنەكلەر-نى سېلىپ، باغنىڭ ئاپتاپلىق بۇلۇڭىدا شال پاخلى بىلەن چۈمكىۋەتكەنىدى. يەنە بىرەر ئايغىچە ئۇلار كۆنەكلەردىكى ھە-سەلنى يەپ ئۇچەكتە خاتىرجەم ياتاتتى. ئىسمايىل قىشتىكى ئا-رىسال ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي ساندۇق ياساشقا كىرىشتى. دەسلەپتە ياسىغان بىرنەچچە ساندۇقى ئۆلچەمسىز، سەت چىقىپ قالغانىدى، كېيىن ياسىغانلىرى ھەرھالدا ئۆلچەمگە يەتتى. ئا-دەم بىر ئىشقا قىزىقىپ كەتسە ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكى-نىنى سەزمەيلا قالىدىكەن، بۇ يىل قىش قويلارنىڭ ھالىدىن قاسىم خەۋەر ئالغاچقا، ئىسمايىل قىش چىققۇچە ساندۇق ياساش بىلەن ھەلەك بولدى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭى ساندۇق دۆۋىسىگە ئايلاندى. 2 ـ ئاي كىرىپ، سېرىق ئاپتاپ ئىللىق ھارارىتى بىـ-لەن يۈزلەرگە يېپىشقىلى تۇرغاندا ھەرىلەر ساندۇقتىن چىقىش-قا باشلىدى. لېكىن، ئانچە يىراق بارماي، ساندۇقنىڭ ئەتراپىدا ۋە باغنىڭ سوقما تاملىرىنىڭ ئاپتاپ چۈشكەن قولتۇقلىرىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇچۇشلىرى خۇددى يېڭى ئايىغى چىققان با-لىدەك تەمتىلەش، ئېھتىيات ئىچىدە بولاتتى. چېچەك پەسلىگە

تىخى ئىككى ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولغاچقا، ئۇلارنى يەنىلا زاپاس يەم بىلەن بېقىشقا توغرا كېلەتتى.

يازمۇ كىردى. ھەرىلەر باغ ئارىلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇش-قا باشلىدى. ئۇلارنىڭ سۈزۈك قانىتى قۇياش نۇرىدا يۇلتۇزدەك پارقىرايتتى. يۇمران چېچەكلەرنىڭ بالخانىسىدا قىمىرلىشىپ يۈرگەن ھەرىلەرنى كۆرگەندە، ئۆمەر خېلىلنىڭ كۆڭلىمۇ شېرىن بىر تۇيغۇ ئىچىدە چېچەكلەشكە باشلايتتى. روھى ئۇرغۇپ ھەرد-لەر بىلەن تەڭ پەرۋاز قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كىچىك جانى-ۋارلارغا شۇ دەرىجىدە ئامراق بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغا-نىدى.

مۇئەللىمنىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۈچ ئوغۇلنىڭ قىشچە ھەسەل ھەرىسى باقمىچىلىقى توغرىسى-دىكى كىتابتىن ئۆگەنگەنلىرى بىلەن ئۇلار ھەرە بېقىش ئۇسۇل-لىرىنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغانىدى. بۇ يىل ھەسەل ئېلىشقا ئالدىراپ كەتمەي، ھەرىلەرنى كۆپەيتىشنى ئويلاشقانىدى. شۇنداق-تىمۇ، قولى قىسقىلىق سەۋەبىدىن، چېچەكنىڭ ئەڭ مول بولغان 5 ـ ۋە 7 ـ ئايلاردىلا ئىككى قېتىم ھەسەل تارتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل كۆنەك توشتۇرۇش بىلەنلا بولدى. ئاشۇ ئىككى قېتىملىق ھەسەلمۇ خېلى پۇلغا ياراپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر قىسىم كەم ـ كوتىسىنى تولۇقلىۋالدى. ئىككى قې-تىملىق ھەسەلنىڭ كىرىمى ئۇلارغا ھەسەل ھەرىسى باقمىچىلى-قىنىڭ ئىستىقبالىنى تونۇتقانىدى.

بىر يىللىق تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى ئۈچ بەش ساندۇق ھەسەل ھەرىسى ئەللىك ساندۇققا كۆپەيدى.

## 3

ئۆمەر خېلىل دەريا بويىدىكى سۆگەت ئاستىدا سايداپ ئول-تۇرغىلى بىرەر سائەتچە بولۇپ قالغانىدى. نېرىدا ياپيېشىل شال

مايسىلىرى بىلەن تولغان ئېتىزلار يېپىلىپ ياتاتتى. قارىماققا بۇ
كەڭرى جاڭگال بولۇق ئوت ـ چۆپلەر بىلەن تولغان بىپايان
يايلاققا ئوخشاپ كېتەتتى. ئىلگىرى سەللا ئىچى پۇشسا ئېتىز ـ
دالالارنى ئايلىنىپ، بىرەر تىنچ جايدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خىيال
سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ئۆمەر خېلىلغا، بۇ ئادىتىنى دا-
ۋاملاشتۇرمىغىلى ئىككى يىلدىن ئېشىپ قالغانىدى. قاچانكى
ھەسەل ھەرىسى بېقىشنى باشلىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ بەكلا
ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بىكار بولۇپ قالغان چاغلاردىمۇ ئېتىز
ئايلىنىشنىڭ ئورنىغا ھەرە ساندۇقلىرىنى چۆرگۈلەپ ئۇلارنى كۆ-
زىتەتتى. كۆزەتكەنسېرى ھەرىلەرنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرى، ئۆز
جۇغىدىن نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق جاسارىتى، تىرىشچانلىقى،
ئىشچانلىقىدىن ھەيران بولاتتى. بىر قېتىم ئۇلار چەتتىكى بىر
ساندۇقنىڭ كۆزىتىلىشىگە سەل قاراپ قالغانىدى. ئانا ھەرە سۇ-
پىسىدىن يۆتكىلىپ، ئورنىغا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن يەنە بىر ئا-
نا ھەرىنى ۋارىس قىلغانىدى. ئەسلىدە بۇلارنى ۋاقتىدا بايقىغاندا
بىر تال ئانا ھەرىنى دەرھال بىرەر ئاجىز توپقا ياكى يېڭى ساندۇق-
قا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆنەك تەڭشەپ بەرسە ، يەنە بىر توپ ھەرە
كۆپەيگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلار بۇ ساندۇققا تازا دىققەت قىلالماي
قالدى. يېڭى ئانا ھەرە تولۇق يېتىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئا-
نا ھەرە سۈپىنى بۇ يېڭى ئىزباسارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بىر توپ
ھەرىنى باشلاپ ساندۇقتىن ئايرىلدى. بۇ ھەرە بېقىش تېخنىكى-
سىدا «ھەرىلەرنىڭ توپلىشىپ قېچىشى» دەپ ئاتىلاتتى.

بىر ئىش بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقان ئۆمەر خېلىل تۇ-
يۇقسىز باش ئۈستىدە خۇددى ئايروپىلاندەك دەھشەت بىر گۈر-
كىرەشنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. بىر ھەرە توپى غەل-
ۋىردەك چوڭلۇقتا كاللەك بولۇپ ئون بەش ـ يىگىرمە مېتىر
ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆمەر خېلىل قاچقان ھەرد-
لەرنىڭ ئانا ھەرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، خۇددى توپتەك يۇمىلاق

هالەتتە يۆتكىلىدىغانلىقىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇ ھەرىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرە توپىدىن قاچقان ھەرىلەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ ئۇلگۇردى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرىلىپ بالىلارنىڭ قېشىغا قاراپ يۈگۈردى. ھازىر ھەرىلەر ئۆستەڭ بويىدىكى ھېلىقى چوكا زاۋۇتى قۇرماقچى بولغان يەردە تۇرۇۋاتاتتى. تېخنىكا تەلىپى بويىچە ھەرىلەرنى ئېقىن سۇغا يېقىن يەردە قويسا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سالامەتلىك ئەھۋالىغا كۆپ پايدىلىق بولغاچقا، كېيىن مۇشۇ يەرنى تاللىغانىدى.

— بىر توپ ھەرە... قېچىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۆمەر خېلىل ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ساندۇقلارغا دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى چېچىۋاتقان سۇلايمان بىلەن قاسىمغا قاراپ.

— بىزنىڭ ھەرىلەر ئەمەستۇ؟ — دېدى سۇلايمان تازا ئىشەنچ قىلالماي.

— مۇشۇ تەرەپتىن كەلدى. بۇ ئەتراپتا بىزدىن باشقا ھەرە باقىدىغانلار بولمىسا.

سۇلايماننىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز كىتابتىكى ھەرىلەرنىڭ توپلىشىپ قېچىشى توغرىسىدىكى بايانلار كەلدى.

— راست، راست، ئاتا. كىتابتا ئۇلارنىڭ قېچىشى توغرىسىدا گەپلەر بار ئىكەندۇق، بىز بەزى نۇقتىلارغا سەل قاراپ قالغاندەك تۇرىمىز.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، بالام؟ ئۇلار گەپ يوق بىر ساندۇق كېلىدۇ.

— قوغلايلى.

— قانداق قوغلايمىز؟ ئۇلار ھاۋادا ئۇچىدىغان تۇرسا؟

— ئارقىسىدىن ئەگەشسەك بىر يەردە توختايدۇ. شۇ چاغدا تۇتۇۋالىمىز. كىتابتا شۇنداق يېزىپتۇ.

— ئەمىسە قوغلايلى.

— سىز بۇ يەردە قېلىڭ، ئاتا، ھېلىمۇ ھاسىراپ دېمىڭىزنى ئالالماي قاپسىز. قاسىم ماۋۇ قالپاق، پەلەيلەرنى ئال، ئۇكام، يەنە ئاۋۇ تېيىز ساندۇقنىمۇ ئېلىۋال. ئۇلار قايسى تەرەپكە ماڭدى، ئاتا؟

— توقاي تەرەپكە.

— ھە، بىلدىم، ئۇلار قالايمىقان ئەگىلمەيدۇ. ئۇدۇل ماڭساقلا تاپالايمىز، — سۇلايمان يېقىندا سېتىۋالغان موتوسىكىلىتىنى بىر چەتكە تارتىپ ئوت ئالدۇردى، ئاندىن ئىنىسى قاسىمغا قاراپ توۋلىدى، — چاپسان بول، ئۇكام، كېچىكىپ قالساق ئۇلارنى يىتتۈرۈپ قويىمىز.

ئۇلار توپا - چاڭ توزۇتقىنىچە توقاي تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى يارداڭلىقتىن چىقىشىغا قاسىم ئاكىسىنى نوقۇدى:

— ئاكا ... ئاكا ... ئۇلار ئاۋۇ يەردە ئىكەن.

سۇلايمان موتوسىكلىتىنى توختاتتى. ھەرىلەر ئىرماش - چىرماش ھالەتتە ماڭغاچقا، ئۇچۇش سۈرئىتى بەكلا ئاستا ئىدى. لېكىن، گۈركىرىگەن ئاۋازى خېلى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئەگىشەيلى، — دېدى سۇلايمان ۋە موتوسىكلىتنى ئاستا ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى.

ھەرىلەر ئاخىر يولدىن چىقىپ، ئورمانلىق تەرەپكە قاراپ بۇرالدى. ئەمدى موتوسىكلىت بىلەن قوغلىغىلى بولمايتتى. سۇلايمان موتوسىكلىتنى يول بويىغا توختىتىپ قويۇپ، قاسىم بىلەن ھەرىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈنەر ئەگىشىپ ماڭدى. ئورمانلىققا كىرگەندىن كېيىن ھەرىلەر يوغان بىر كالىلەك تېرەكنىڭ كاۋىكىغا قىستالدى. قارىغاندا ئۇلار مۇشۇ يەرنى ماكان تۇتىدىغاندەك قىلاتتى. سۇلايمان بىلەن قاسىم ئىككىسى تور نىدقابلىق قالپاق ۋە پەلەيلەرنى كىيدى.

— سەن بۇ ساندۇقنى تۇتۇپ پەستە تۇرغىن، مەن تېرەككە

يامىشىپ ئۇلارنى تۇتاي.
— قانداق تۇتىسەن، ئاكا؟ — دېدى قاسىم بىر ئىشتىن ئەپسۇسلانغاندەك، — ئالدىراشلىقتا تور چويلىنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز.
— ھېچقىسى يوق، ئۇلارنىڭ توپى چۇۋۇلغۇچە ئانا ھەرىنى تۇتۇپلىۋالساق، قالغانلىرى ئەگىشىپ قايتىدۇ.
سۇلايمان قاپاق تېرەكنىڭ پۇتىقىغا دەسسەپ يەم بىلەن ھەرە كىرىۋالغان كاۋاكقا يېقىنلاشتى. ھەرىلەر تۇيۇقسىز بىر «دۈشمەن» نىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، غەزەپ بىلەن چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. سۇلايماننىڭ باش - كۆزىگە نەچچە يۈزلىگەن ھەرىلەر چاڭ سېلىپ، ئۆتكۈر نەشتەرلىرىنى ئۇردى، بىراق بېشىدا تور نىقابلىق قالپاق بولغاچقا زىيان يەتكۈزەلمىدى. پەستە ئاكىسىنى ساقلاپ تۇرغان قاسىممۇ بۇ ھۇجۇمدىن سىرتتا قالمىدى. سۇلايمان شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كاۋاكتا ئانا ھەرىنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان كىچىكرەك بىر كاللەكنى چاڭگاللاپ ئالدى. پەستە قاسىم ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. سۇلايمان پەسكە سەكرەپ چۈشكىنىچە قولىدىكى ھەرە كاللىكىنى ساندۇققا سالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئانا ھەرىمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر توپ قاچقۇن ھەرىلەر ئاخىر قايتۇرۇپ كېلىندى.
ھازىر ئۆمەر خېلىل ئىلگىرىكىدەك پىغانلىق مۇڭغا چۆكۈپ كەتمەيتتى. كۆڭلى ئېچىلىپ، يېڭى - يېڭى ئارزۇ - ئۈمىدلەرنىڭ قاينىمىدا ئۈزەتتى. ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ ھەرىلەرنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ قالغان ھالىتىنى ئويلىسا، ئىختىيارسىز كۈلگۈسى كېلەتتى. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن نۇرغۇن چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانىدى. چۆچەكلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە گۆھەر تۇغىدىغان توخۇغا ئۇچراپ قالغان ئوتۇنچى، غايىب خەزىنىگە يو-

لۇققان ئەلى بابا، سېھىرلىك چىراغقا ئىگە بولۇپ، ھەددى ـ ھې-
سابسىز مال ـ دۇنيانىڭ غوجىسىغا ئايلانغان يېتىم تازغا ئوخ-
شاشلارنىڭ ۋەقەلىرى سۆزلىنەتتى. ئىشقىلىپ، چۆچەكتىكىلەر-
نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز بېيىپ كەتكەنلەر
ئىدى. ئۆمەر خېلىل گەرچە ئۇنداق ئەجىرسىز كېلىدىغان باي-
لىقلاردىن تەمەگەر بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنداق بىر كۈنىنىڭ كې-
لىشىنى كۈتكەن. ئەمەلىيەتتە، چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق
خىيالدىن ئىبارەت. نەدىمۇ دۇنيادا ئۇنداق ئۆزى كېلىپ قالىدىغان
تەييار بايلىق بولسۇن؟ ھەممىسى سان ـ ساناقسىز جاپا ـ مۇشەق-
قەتنىڭ بەدىلىگە روياپقا چىقىدۇ. شۇڭىنىسى، پۇرسەتنى تۇتۇشمۇ
بەك مۇھىم ئىكەن. ھېچكىم ئىشنىڭ نەتىجىسىگە كېسىپ بىرنې-
مە دېيەلمەيدۇ. شۇڭىمۇ دېلىغۇللۇق، كۆز قورقۇتۇشلاردەك ئىك-
كىلىنىش ئادەمنى بەزى پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇشى مۇم-
كىن. ناۋادا ئۆمەر خېلىل شۇ چاغدا ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدى-
غان بۇ ئۇششاق جانىۋارلارنى بېقىشتىن ۋاز كەچكەن بولسا، بۇ-
گۈنكىدەك بايلىققىمۇ ئېرىشەلمەس ئىدى. ھەسەل يەتمىش ئىككى
خىل كېسەلگە داۋا دەپ، ھەرە باقمىچىلىقىدىن كېيىن ئۇنىڭ
كۈندىلىك ناشتىلىقى ھەسەل بىلەن بولاتتى، شۇڭىمۇ ھازىر ئۇ-
نىڭ سالامەتلىكىمۇ جىق ياخشىلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئولتۇرۇشقا قىيىمىدى. بوۋىلارنىڭ:
«تۆشى يېلىڭنىڭ قويقۇسى كەلمەس، ئوتتۇرا باينىڭ ياتقۇسى
كەلمەس» دەيدىغان بىر گېپى بار. ئۇ ھازىر كاتتا بايلاردىن
بولالمىسىمۇ، ھەرھالدا قورقماي تۇرۇپ بىركىمگە نەچچە مىڭ
يۈەننى ساناپ بېرەلىگۈدەك ھالغا يەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئاشۇ
ئىنسانلار ئۈچۈن تىنىمسىز، مىننەتسىز خىزمەت قىلىدىغان
كىچىك جانىۋارلارنىڭ تۆھپىسى ئىدى. گەرچە ئوغۇللىرى
ئىشلارغا كەڭ ـ كۇشادە يېتىشىپ كېتەلىسىمۇ، ئۇنىڭ بىر
چەتتە قاراپ تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئەزەلدىن ئىشلەپ ئۆگىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان ئادەمنىڭ قانداقمۇ بىكار تۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىسۇن؟

ئۆمەر خېلىل دەريا بويىدىكى ساپ ھاۋا، گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ، ئۇزۇندىن بېرى چارچىغان نېرۋىلىرىنى ياخشى بىر ئارام ئالدۇرۇۋالدى. ئۇ ئەمدى قايتىشى كېرەك. باللار ھەرىلەرنى تاغ باغرىدىكى قوشنا يېزىنىڭ قىچىزارلىقىغا يۆتكەپ كەتكەنىدى. نەچچە كۈن بولدى ئۇ ھەرىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز، شۇڭا شاللىقنى بىر ئايلىنىپ چىقىۋېتىپ شۇ يەرگە بارماقچىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كەتمىنىگە يۇقۇپ قالغان لايلارنى ئېرىقتىكى سۇدا پاكىز يۇغاندىن كېيىن، دولىسىغا سېلىپ يولىغا راۋان بولدى. ئېتىز يولى يىللاردىكىدەكلا سۇ تېشىپ، پاتقاق بېسىپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ جاڭگال دېگەن ھەرقانچە بولسىمۇ يەنىلا بىر سازلىق، ئېشەك سىيىسىمۇ ھەپتىگىچە سىڭمەيدۇ. شۇڭا، بىر قېتىم سۇ يامراپ كەتسە قۇرۇمىقىمۇ تەس ئىدى. ئۇ ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، پاتقاق كېچىپ كۆنۈپ كەتكەن پۇتلىرى بىلەن لايلارنى ئىككى ياققا چاچرىتىپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ يارداڭلىق ئىچىدىكى يول بىلەن دۆڭگە چىقىپ كېتىۋېتىپ، مۇشۇ مەھەللىلىك ئىبراھىم كالتە قۇيرۇق دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ زاماندا مەھەللىدىكى جىق كىشىلەرنىڭ ئەجداد لەقىمى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇشۇ ئادەمنىڭ «كالتە قۇيرۇق» دېگەن لەقىمى تېخىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. باشقىلار كاسىسىنى يېپىپ تۇرغۇدەك كۆڭلەك، چاپان كىيسە، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك دائىم قىسقا كۆڭلەك، چاپان كىيىپ يۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭ لەقىمىنى ئېسىگە ئالاتتى ـ دە، ئۇنتۇلۇشقا پۇرسەت بولمايتتى.

قىزغىن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، ئۆمەر خېلىل يولىغا ماڭماقچى بولدى، كۈتمىگەندە ئىبراھىم ئاخۇن يەنە ئېغىز ئې-

چىپ قالدى:

— بۇ يىل شاللىرى قالتىس ئوخشاپتۇ جۇمۇ، ئۆمەرقارى، — دېدى ئۇ گەپ تېشىپ.

— ھە ... ھە ... يامان ئەمەس، — دېدى ئۆمەر خېلىل گەپ-نى ئاۋۇتقۇسى كەلمەي، قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

— ھەرىلەر ئوبدان ئاينىۋاتقاندۇ؟

— يامان ئەمەس.

— ھەسەل دېگەن ياخشى نەرسە. مانا سىلى ھەرە باققاندىن باشلاپ بىزمۇ ھەسەلگە كۆنۈپ كەتتۇق. ئۆتكەندە ئۆزلىرىدىن ئالغان جىگدە ھەسىلىمۇ شۇنداق ساپ، بەلەن چىقتى. تەمىنىڭ ئېسىللىكىنى دېمەيلا.

— سىلىگە تېتىغان بولسا ياخشى بوپتۇ.

— ئىلگىرى ساختا ھەسەلگە ئۇچراپ قالارمىزمىكىن دەپ قورقۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردىن ھەسەل سېتىۋالمايتتۇق. ئەمدى سىلى ئۆز ئادەم بولغاندىكىن، يەنە كېلىپ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقا خاتىرجەم سېتىۋالىمىز.

ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ۋاقتىنى ئال-غانلىقىغا جىلە بولۇپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قېلىشقا تاس ـ تاس قالدى. لېكىن، بۇنداق قىلىش بەكلا پەزىلەتسىزلىك ئىدى. ھەتتا بەزىلەر «ئۇ ئازراق پۇل تېپىۋىدى، ھال پەيدا بولۇپ، ئادەم مەنسىتمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى» دەپ گەپ تېپىشتىنمۇ يانمايتتى.

— ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت، — دېدى ئۆمەر خېلىل گەپنى مۇشۇ يەردە ئۈزۈش قارارىغا كېلىپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا، بىر ئۆمۈر ھالال ياشاپ ئۆتەرمەن، ساختىلىق، كاززاپلىقتىن خۇ-دايىم ساقلىسۇن.

— مانا، مانا، ئېسىل ئادەمنىڭ ئەسلىمۇ ئېسىل، نەسلىمۇ ئېسىل دېگەن شۇ. بىكارلا ئارمانلىرىنى يېمەيمىز سىلىنىڭ.

ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇنچە ماختاپ كېتىشىدە بىد- رەر غەرىزى بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. يا پۇل سورايدۇ، يا باشقا بىرنەرسە. ئىشقىلىپ، بىر دەردى بار بۇ ئادەمنىڭ. ھال - كۇنىغۇ ئۆمەر خېلىلدىن قېلىشمايدۇ، لېكىن ھەر بايلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق باشقىلارغا موھتاج بولىدىغان چاغلىرى كېلىپ قالىدۇ.

— ھە، ئىبراھىم ئاخۇن، بىرەر كۆڭۈل سۆزلىرى بارىدەك قىلىدىغۇ؟ — دېدى ئۆمەر خېلىل گەپنى ئۇزارتماي.

— بىلىۋاللا - ھە؟ — دېدى ئىبراھىم ئاخۇن خىجىللىق ئارىلاشقان بىر خىل تەۋازۇ بىلەن، — نېمە دېسەم بولار، بۇ گەپ- نى ئېغىزدىن چىقىرىشمۇ سەل بىئەپ. لېكىن، سىلى - بىز تەڭتۇش، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈز- گەن. بىر - بىرىمىزنى توغرا چۈشىنىمىز.

— خىجىل بولماي ئېيتىۋەرسىلە، قولۇمدىن كېلىدىغانىلا ئىش بولسا...

— باشقا ئىشىمغۇ يوق ... — ئىبراھىم ئاخۇن ئۆمەر خې- لىلنىڭ ئالدىغا يېقىنراق كېلىپ، تۈمشۇقىنى ئۇنىڭ قۇلاق تە- رىپىگە توغرىلىدى، — سىلى بىلەن تۇغقان بولاي دەپ ...

ئۆمەر خېلىل ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دە- ماللىققا ئاڭقىرالماي، بېشىنى سىگار يان قىلغان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— گەپلىرىنى تازا چۈشىنەلمەي قالدىمغۇ، ئىبراھىم ئا- خۇن؟

— ماۋۇ ئادەمنى، — دېدى ئىبراھىم ئاخۇن بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يۇزلىرىگە بىلىنەرلىك دەرىجىدە قىزىللىق تەپكە- نىدى، — بىر بەلەن ئوغۇللارنى چوڭ قىلدىلا، خۇدايىم ماڭا كەلگەندە ئوغۇل پەرزەنتكە نېسىپ قىلماي قويىدى. قىزلىرىمغۇ ئەقلى - ھوشى جايىدا، گۇلنىڭ غۇنچىسىدەك ئادەم بولدى. شۇڭا،

ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكىنى بالا قىلىۋالسام دەيدىغان ئارزۇيۇم بار.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئۆمەر خېلىلىنىڭ بايىقى ئالدىراشلىرى، ئىبىراھىماخۇننىڭ گەپلىرىگە بولغان بىئاراملىق تۇيغۇلىرى نەلەرگىدۇر يوقىلىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپتىلا، ئىبراھىم ئاخۇن، — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي، — ئۆزلىرىگە لايىق كەلسەكلا ...

— نېمە دەيدىغانلا، سىلىنى لايىق كۆرمىسەك كىمنى لايىق كۆرىمىز؟ شۇڭا، قىز ئىگىسى تۇرۇپ ئالدىلىرىدا سۆز ئېچىۋاتىمامدىمەن.

— رەھمەت، رەھمەت، ئىبراھىم ئاخۇن. سىلى بىر تەزىم ئەتسىلە، مەن ئون تەزىم ئېتىمەن.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئىبراھىم ئاخۇن، — سىلى باللار ۋە قۇشناچىم بىلەن ئوبدان بىر مەسلىھەت قىلىشسىلا. قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشەيلى.

— ماقۇل.

ئۇلار خوشلاشقاندىن كېيىن ئۆمەر خېلىل باشقىچىلا بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. كۈتمىگەن بىر خۇشاللىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېپىرلاتماقتا ئىدى. يېقىندا ئۇ ئىسمايىلنى ئۆيلەشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشكەنىدى. بۇ ئىشلار تېخى مەسلىھەت باسقۇچىدا بولسىمۇ، ئىككى كۈن ئاۋۋال قۇدا بولغۇچى تەرەپ ئېنىق جاۋابىنى يەتكۈزگەنىدى. ئىبراھىم ئاخۇننىڭ سۆز ئېچىشى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا قاسىمنىڭ تويىنىمۇ ئاكىسىنىڭكى بىلەن قوشۇپ قىلىۋېتىش خىيالى پەيدا بولدى. بۇ تەرەپلەردە قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل تەرەپكە سۆز ئېچىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. قىز تەرەپنىڭ بىرەر ئائىلىگە كۆزى چۈشسە تەشەببۇسكار بولۇپ ئېغىز ئېچىۋېرەتتى. باشقىلار تەلەپ قىلمىغۇچە قىزلار ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئىش بىركىم بەلگىلەپ بەرگەن قائىدە ئەمەس. چوڭلار «قىز بالا ئات گۆشى، خېرىدار چىقمىسا زورلاپ

تاڭغىلى بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان ئىشلارمۇ بار. بىراق، قىز با-لىمۇ ئادەم، ئۆزىگە ئىشەنچى بولسا مۇشۇنداق ئوغۇللارنى تاللاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسىمۇ بولىۋېرىدۇ. قىز تەرەپنىڭ تاللىشىغا ئېرىشكەن ئائىلە شەرەپلىك ئائىلە، ئوغۇللار پەخىرلىك ئوغۇل.

شۇ تاپتا ئۆمەر خېلىل ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدى. قولى قىسقىلىق سەۋەبىدىن ئوغۇللار مۇشۇنچە بولۇپ كەتكىچىمۇ بىركىمنىڭ ئالدىغا قىز سوراپ بارالمىغاندى. ئوغۇللارمۇ ئاغزىدا «ئۆيلىنىشكە ئالدىرىمايمەن» دېگەنبىلەن دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. بىر ـ ئىككىدىن بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان تەڭتۇشلىرىنى كۆرگەندە، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ قالاتتى. ئاخىر ئۇنىڭغىمۇ قىز تەرەپ تەلەپ قويۇپ باقتى. ئۇ بۇنداق بولۇشنى ئويلىسا چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ سۈزۈك قاناتلىق جانىۋارلارنىڭ تۆھپىسى ئەمەسمۇ؟! «ئېھ، خۇدا! ئوغۇللىرىمنىڭ بەخت ـ تەلىيىنى ئوڭ، قوللىرىنى بەرىكەتلىك، يوللىرىنى ئاق قىلسىلا!»

ئۆمەر خېلىل شۇ خۇشاللىقىدا ئۆيدىمۇ كۆپ تۇرمايلا، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قوشنا يېزىدىكى باللار ھەرە بېقىۋاتقان قىچىزارلىققا باردى. ھازىر چېچەكنىڭ مول ۋاقىتلىرى بولغاچقا، كۆنەكلەر ھەسەل بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئوغۇللار قاڭالتىر مالتاققا ئورنىتىلغان ھەسەل ئايرىش ماشىنىسى بىلەن كۆنەكلەردىكى ھەسەلنى ئايرىۋاتاتتى. ساپسېرىق ھەسەل شىرىنىسى كۆنەكتە ئۆلۈپ قالغان بىر قىسىم ھەرىلەر بىلەن قوشۇلۇپ مالتاققا ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئەتراپنى ھەسەلنىڭ چۈچۈمەل پۇرىقى قاپلىغانىدى.

كەچتە ئۇلار ئېتىز بېشىغا تىكىلگەن چېدىر ئۆيدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۆمەر خېلىل كۈندۈزى ئىبراھىم ئاخۇن بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ بەردى. ئوغۇللار خۇشاللىقتا چۆمدى. قاسىم بىر كۈلۈپ، بىر قىزىرىپ ئولتۇراتتى.

— تەلىيىلىڭ كەپتۇ جۇمۇ سىنىلىڭ، — دېدى سۇلايمان ئىنىسى قاسىمنىڭ باشلىرىنى ئەركىلىتىپ، — قىزلار باش ئېگىپ ئالدىغا كەلسە نېمىدېگەن ياخشى؟!

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئۆمەر خېلىلىمۇ ھاياجىنىنى باسالماي، — «ياخشى ئېشىنى يەر، يامان بېشىنى يەر» دەپتىكەن. ياخشى ئادەمنى تەلەي ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ مۇشۇنداق.

ئاتىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قاسىمنىڭ ئېسىگە ئۆتكەنكى كەچمىشلەر كېلىۋېلىپ يۈزلىرى چىمىلداشقا باشلىدى. ئۇ ئاشۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا خىجىللىقتا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى. ئوغرىلىق نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك - ھە! دۇمبىسىنىڭ كۆيۈپ كىنى چىقىرىپ، ئاچچىق تەرگە مىلىنىپ ھالال ئىشلەپ، ھالال رىزىق بىلەن ياشاپ كەلگەن دېھقان پەرزەنتى ئۈچۈن ئوغرىلىق ئۆلۈم بىلەن تەڭ نومۇسلۇق ئىش ئىدى. گەرچە قاسىم نومۇس كۈچىدە ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، تۈرمىدە تارتقان كۈنلىرىنى ئويلىسا ئۆلۈمدىن بەتتەر ئازابلىناتتى. بەزى ئادەملەرگە بىر قېتىملىق ئىبرەت، بىر قېتىملىق جازا بىر ئۆمۈر يېتەرلىك، لېكىن بىر قىسىملار ئۈچۈن جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئالدىنقىسى قاراڭغۇلۇقتىن قايتىپ يورۇقلۇققا ئېرىشكەنلەر، كېيىنكىسى قاراڭغۇققا قاراپ ئېچكىرىلەپ ماڭغانلار. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق ھالاكەت. ئادەم بۇ دۇنياغا دۇنيا بىلەن بەسلەشكىلى، ۋاقىتنى پايىخان قىلىپ رەزىللىككە قۇچاق ئاچقىلى ئەمەس، ھاياتنى قەدىرلەپ، دۇنيانى، تۇرمۇشنى، بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى سۆيۈش ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلىنغان. ئادەمنىڭ ھاياتى تەقدىرنىڭ تىراگېدىيەسى بولۇپ قالسا بولمايدۇ. گۈل بولۇپ ئېچىلىش كېرەككى، تىكەن بولۇپ باشقىلارغا سانجىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم.

قاسىمنىڭ شۈكلەپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئۆمەر خېلىل بايا قىلغان گېپىنىڭ ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك، ئوغلىنىڭ

يارىسىنى تاتلاپ قويغىنىنى ھېس قىلدى ـ دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

ــ بۇ قېتىم ھەسەلنى تېزرەك تارتىپ بىكار بولۇڭلار، تويـ ـنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشمىسەك بولمايدۇ.

ــ بولدى، ئاتا، ــ دېدى سۇلايمان، ــ سىز ھەرىلەردىن خاتىرجەم بولۇپ، چوڭلار بىلەن توي ئىشىنى پۇتۇشۇۋېرىڭ. بۇ يەرگە بىز بار.

ــ ئەنسىرىمەي تۇرالامدىم، بالام، ھاۋا بەك قىزىپ كېتىۋاـ ـتىدۇ، مۇشۇنداق چاغدا ھەرىلەرنىڭ ئىچى سىرۇپ كېتىدىغان بىر ئىش بار.

ــ دېدىمغۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ. بۈگۈن ئىككىنچى قېـ ـتىملىق دورىلاشنى ئاياغلاشتۇردۇق. ھەپتىدىن كېيىن يەنە بىر نۆۋەت دورا پۈركۈۋەتسەك چاتاق چىقمايدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، ھەرە بېقىشتا ئۆمەر خېلىلغا قارىغاندا سۇلايماننىڭ تەجرىبىسى مولراق ئىدى. ئۇ بىكار بولسىلا ھەرە باقمىچىلىقىغا دائىر كىتابلارنى كۆرەتتى. گاھىدا مۇئەللىمنىڭ ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى ئاغىنىسىدىن ياردەم سوـ ـرايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئەسلىدىلا بىر ئىشلارنىڭ تۆپىدە تۇرۇپ، باللارغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان ئۆمەر خېلىل بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقا زادىلا كۆنەلمەيتتى.

ــ ئەتە سىز قايتىپ كېتىڭ، ــ دېدى سۇلايمان ئاتىسىغا، ــ بىز ھەسەلنى تارتىپ بولۇپ توپ ساتقۇچىلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئون كۈندىن كېيىن قاسىم بىلەن قايتايلى. ھەرىلەرگە ئىسمايىل قاراپ تۇرسۇن.

ــ بوپتۇ، سەن دېگەندەك قىلاي، بالام، ــ دېدى ئۆمەر خېـ ـلىل رايىشلىق بىلەن.

ھازىر ئوغۇللار ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالىغۇدەك پىشىپ يېـ ـتىلمەكتە ئىدى. ئۇ ھە دېسىلا باللارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋېـ

لىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدى. ئە-
گەر ئارغىماقنى بەيگىدە ئۆزۈپ چىقسۇن دېسەڭ، تىزگىنىنى بەك
چىڭ تارتىۋالما، قالايمىقان قامچا شىلتىما. ئۆمەر خېلىل بۇنچى-
لىك قائىدىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس.

4

8 ـ ئاي سەھرانىڭ ئەڭ مولچىلىق مەزگىلى. يازنىڭ تۈنجى
ھوسۇلى بولغان بۇغداي خامىنى ئېلىنىش بىلەن تەڭ، قوغۇن ـ
تاۋۇز، ئەنجۈر، شاپتۇل دېگەندەك مېۋىلەر پىشىپ، داستىخان مە-
ئىشەتلەر بىلەن تولىدۇ. دېھقانىنىڭ يانچۇقىغا پۇل كىرىدۇ، چىرا-
يىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، قەددىنى تىكلەيدىغان چاغ. مۇشۇنداق خا-
سىيەتلىك بىر پەسىلدە ئۆمەر خېلىل ئائىلىسىدە توي شادلىقى
قايناشقا باشلىدى. ئالدىنقى ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇلار ئىككى
قۇدىسىنىڭ ئۆيىدىن قىز كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى. بۈگۈن ئۆمەر
خېلىلنىڭ ئۆيىدە يۈز ئاچقۇ بولىۋاتاتتى. بۇ قوش توي بولغاچقى-
مۇ ياكى ئۆمەر خېلىل پۇل تاپقاندا قىلغان تۈنجى مەرىكىسى
بولغاچقىمۇ، مېھمانلار كۆپ، تويىنىڭ داۋرىڭىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى
ئىدى. تېخى نەچچە يىل ئاۋۋال ئۆزىنى كېسەلچان ھېسابلاپ، ئې-
غىر خىياللار ئىلكىدە يۈرگەن ئۆمەر خېلىل ھازىر بىردىنلا يا-
شىرىپ قالغاندەك تېتىك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان
ساغلام بىر بوۋايغا ئايلانغانىدى. ياخشى تۇرمۇش كىمگە ياراشماي-
دۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئادەم كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ مۇشۇ كۈنگە
ئىنتىلىدۇ. بۇمۇ بىر نىشان، لېكىن ياشاشنىڭ ھەقىقىي ماھى-
يىتى ئەمەس. پۇل تېپىپ قانداق خەجلەشنى بىلمىسە، ئالتۇن ـ
كۈمۈشتە لاي ئېتىپ ھاجەتخانا سۇۋىغاندەك بىر ئىش.

ئۆمەر خېلىل بۇ قوش تويىنىڭ ئىشلىرىغا قانداق يېتىشەر-
مەن دەپ غەم قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، توي كۈنى بازاردىكى

قۇدىسى ئەھەت ھېمىت، ئابدۇناسىر مۇئەللىم، كېرەم ساقچى، سادىر خېلىل قاتارلىق بىرمۇنچە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يو-ۋۇقلار توينىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا قىلغۇدەك يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىمۇ يەتمىدى. ئۇ پەقەت قول باغلاپ تۇرۇپ ئۇزاپ ماڭغان مېھمانلارغا خوش دېيىشكىلا ياردى. بۈگۈنكى تويدا ئۆي-لەنگەن ئىككى ئوغلىدىن كۆرە، ئۆمەر خېلىل بەكرەك كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كۇمۇش رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇل-كىسى شۇنداق ياراشقان، بېشىدىكى بادام دوپپىسى شاھنىڭ تا-جىدەك يىراقتىنلا ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۆمەر خېلىل كاستۇم كىيىپ ئادەتلەنمىگەچكە، بۇ كىيىملەرگە تازا كۆنەلمەيۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇنداق كىيىنىشىنى ئابدۇناسىر مۇئەللىم پىلانلىغانىدى. مۇئەللىم تېخى ئۇنىڭغا گالىستۇكمۇ تاقىماقچى ئىدى، لېكىن ئۆمەر خېلىل بىرسى كانىيىمغا سىرتـ-ماق سېلىۋالغاندەك زادىلا چىدىيالمايدىكەنمەن، دەپ ئۇنىمىدى.

ـــ سىلى يېڭى زاماندا ياشاۋاتىدىلا، ـــ دېگەنىدى مۇئەللىم توي ھارپىسىدا ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇپ، ـــ مەھەللىدىكى يېڭىدىن بېيىغانلار قاتارىغىمۇ ئۆتتىلە، نامىلىرىمۇ يىراق ـ يېقىنغا تارال-دى. شۇنداق ئىكەن، زامانغا لايىق كىيىنمىسىلە قانداق بولىدۇ؟ ھازىر ھېچكىم سەھرالىق، شەھەرلىك دەپ ئولتۇرمايدۇ. ھەممە ئادەم مەدەنىي ياشىشى كېرەك.

ـــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ شاپائىتى، ناۋادا ھەسەل ھەرىلىرىنى ئەكېلىپ بەرمىگەن بولسىلا ... لېكىن مۇئەللىم ... ماۋۇ كىيىم زادىلا قاملاشمىدى، خۇددى دومبەمگە بىرنەرسە يۆ-گىشىۋالغاندەك ...

ـــ ئاھاي، كونا خامانىنى سورۇمىسىلا، ھەممىسى ئۆزلىرد-نىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يەنە مۇشۇنداق دېسىلە خاپا بولۇپ قالىمەن. بىراق، گالىستۇكنى تاقىمىسىلىمۇ، ماۋۇ كاس-تۇم ـ بۇرۇلكىنى چوقۇم كىيىشلىرى كېرەك.

— مۇئەللىم، بۇ ...

— ئەگەر مېنى ئۆزۈن يىللىق قوشنام، سىرداش ئاغىنەم دەپ قارىسىلا بۇ كىيىمنى كىيسىلە.

ئۆمەر خىلىل ئىلاجسىز كاستۇم ـ بورۇلكىنى كىيدى. بىـراق، ئۇ مۇشۇ تاپتا تويدىن كېيىن تويدا تارتىلغان سىنئالغۇ فىلىمىنى كۆرۈپ، ھويلىدا مېڭىپ يۈرگەن سالاپەتلىك بىر بوۋاينى تونۇيالمىغىلى تاسلا قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

توي قايىنام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە داۋام قىلماقتا ئىدى. رابىخان بۇ توينىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن بېشى قېيىپ، نېمىنى ئالدى، نېمىنى قويدى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە قايمۇقۇپ كەتكەنىدى. ھېلىمۇ بازاردا چوڭ ـ چوڭ تويلارغا قاتنىشىپ كۆزى پىشىپ قالغان گۆلقىز قېيىنئاپىسىنىڭ ئىشلىرىنى جىق ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ ئىشلارنى جاي ـ جايىدا يۈرۈشتۈرگەندىن سىرت، مېھمانلارغا توشۇلۇۋاتقان نەرسىلەرگىمۇ زەن سېلىپ تۇراتتى. توي دېگەن بىر بازار. كەلگەن ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر «بىر كۆنلۈك توي ئەمەن، خالىس بولايلى» دېمەي ئەپ تاپسا قولىغا چىققان نەرسىنى تىقىشتۇرۇپ ماڭىدىغان يامان ئادەتنىمۇ سادىر قىلىپ تۇراتتى. رابىخانمۇ بارا ـ بارا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغىلا قاراشلىق بولغاچقا، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىسا بولمايتتى. يەنە كېلىپ ئىككى قۇدا ئوتتۇرىسىدىكى بەزى قائىدە ـ يوسۇنلاردا سەللا بىخەستەلىك قىلسا بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى كېلىپ چىقاتتى.

ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا مۇئەللىم تېپىپ كەلگەن سازەندىلەر نەغمە قىلىشىۋاتاتتى. دەسلەپتە ئىككى قۇدا تەرەپنىڭ قىزلىرى ئۇسسۇلغا چۈشتى. گۆلقىز ئالدىن تەييارلاپ قويغان بىر كىيىملىكتىن ئەتلەسنى قىزلارنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويدى. ئارقىدىن ئوغۇللار ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇلارنىڭ بېلىگە تاۋاردىن بەلباغ باغلاندى. ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققانسېرى، سازەندىلەر تېخىمۇ ھا ـ

ياجانلىنىپ، كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. تويى ناخشىسى پەلەككە يەتتى:

قوشاق بىلەن، ساز بىلەن
كېلىن كەلدى، يار ـ يار.
كېلىنچەكنىڭ سۆزلىرى
خۇددى مېغىز، يار ـ يار.

ئوت ـ پىراقى تۇتاشقان،
ۋاپالىق قىز، يار ـ يار.
كۆرپىڭىزنىڭ جىيەكى
چىمەن ئىكەن، يار ـ يار.

كېلىنچەكنىڭ تەلىيى،
كۇلگەنىكەن، يار ـ يار.
كۆيگەن يىگىت ــ ئاشىقى
چېۋەرمىدى، يار ـ يار.

مەرد بولمىسا ئاشۇ قىز
تېگەرمىدى، يار ـ يار.
چوڭ تۇگمەننىڭ ئاۋازى
كۆككە يەتتى، يار ـ يار.
ئاشىق ـ مەشۇق خۇشلۇقى
يۇرتقا يەتتى، يار ـ يار.

ئۇسسۇلغا چۈشمەي ئالدىراش مېڭىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىمۇ، ناخشا ـ سازنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ يەڭگىللەپ كېتىۋاتاتتى. داستىخانلىرىنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇشقان مو-مايلار قىزلارنىڭ لەرزان ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەندە، ئىختىيار-

سىز ئۆزلىرىنىڭ كەلمەسكە كەتكەن گۈزەل ياشلىق دەۋرىنى ئەسلىشىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتىشاتتى.

توي تولىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئاخىرلاشتى. بىراق، مېھماندارچىلىق قۇدىلارنى ھاردۇق چىقىرىشقا چاقىرىشىش، كېلىنلەرنى ئازنىلىقتا ئاپىرىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىر ھەپتە داۋاملاشتى.

## 5

ھەرىلەر توختىماي ئۇچاتتى، ئەمما ۋاقىت ئۇنىڭدىنمۇ تېز ئۇچاتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. سۇلايماننىڭ ئوغلى مەكتەپ يېشىغا يەتتى، قىزىنىڭمۇ تاتلىق تىلى چىقىپ، ئادەمنىڭ يەتتە مېڭىسىدە يوق گەپلەرنى قىلىدۇ. ئاخشام ـ ئەتىلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بالىلارنىڭ پاراڭ-لىرى بىلەن كۈلكىسى ئۈزۈلمەيدۇ. ھازىر سۇلايمان ئۆستەڭ بو-يىدىكى ھېلىقى يەرگە ئۆي سېلىپ، چوڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ كەت-كەن بولسىمۇ، ھەرە باقمىچىلىقىنى ھەممىسى ئورتاق ئىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۆمەر خېلىلىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئايرىۋەتكۈسى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ توخۇدەك ئۆز ئالدىغىلا تاتلايدىغان شەخسىيەتچى ئادەم ئەمەس، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم، يار ـ يۆلەك بولىدىغان، سىڭىنىڭ مېنىڭ دېمەي بارىنى تەڭ ئىشلىتىپ، ئۆزئارا كۆيۈنىدى-غان مېھرىبان قېرىنداشلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىسما-يىل بىلەن قاسىممۇ بىردىن بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا بانكىدىن قەرز ئېلىپ بىر كىچىك تىپتىكى تىراكتورغا ئاران ئېرىشكەن بۇ ئائىلىنىڭ ھازىر ئوتتۇرا تىپتىكى يۈك ما-شىنىسى بار. ئۆمەر خېلىل سۇلايمانغا يەنە كىچىك ماشىنىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى. ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن داڭلىق ماركىلىق يانفون بار بولدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئانچە كۆزگە ئىلىنىپ كەتمىگەن بۇ كىچىك جا-نىۋارلار ئۇلارغا كۈتمىگەن زور بايلىق ئاتا قىلغانىدى.

ئۇلار ھەرىنى سىرتقا يۆتكەش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن كۈنلەردە، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ئۆمەر خې-لىلنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. ئىلگىرىمۇ ئۇلار كۆپ قېتىم كەل-گەن، ھەتتا ناھىيەنىڭ رەھبەرلىرىدىن تارتىپ خېلى چوڭ - چوڭ ئىدارىنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئىشەنچلىك ھەسەل سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. شۇڭا، بۇ قېتىممۇ ئۆمەر خې-لىل ئۇلارنى ھەسەل سېتىۋالغىلى كەلدى دەپ ئويلاپ، ئانچە ئې-تىبار قىلىپ كەتمىدى.

— ھە، ئۆمەرجىنكا، بۇ يىل كىرىملىرى قانداقراق؟ — دې-دى يېزا باشلىقى باش ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرگەن ھەرىلەردىن ئۆ-زىنى قاچۇرغاچ.

— چېچەك پەسلى ئەمدىلا باشلاندى، قالغىنىنى كېيىن كۆ-رەرمىز، — دېدى ئۇ باشلىقلار مېنىڭ كىرىم ئەھۋالىمنى ئۇ-قۇشقىلى كەلگەن چېغى دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ.

— بۇلارنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى ئويلاشمىدىلىمۇ؟ ئەگەر كۆلەملەشتۈرۈش خىياللىرى بولۇپ قالسا بىز يەر ھەل قىلىپ بەرسەك بولىدۇ.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، ھازىرچە بۇنىڭدىن ئارتۇق كۆپەيتىشنى ئويلاشمىدۇق. جاپاسى يامان ئىش بۇ، شاڭجاڭ. ئاران - ئاران يېتىشىۋاتىمىز. ياز بويى دالادا يېتىپ - قوپىدىغان گەپ.

— بولسا باشقا ئائىلىلەرنىمۇ ھەمكارلاشتۇرۇپ، ئورتاق بې-يىشقا تىرىشىڭلار.

ئۆمەر خېلىل ئۈندىمىدى. ئۇ ھېلىقى يىلى مۇئەللىمنىڭ مەھەللىدىكىلەرگە چوكا زاۋۇتى قۇرۇپ بېرىمەن دەپ تارتقان خا-پىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بىراق، ئۇنى يېزا باشلىقىغا قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالىسۇن. ئۇنىڭغۇ باشقىلارغا تازا ياردەم

بەرگۈسى بار، بىراق ياخشى بولسىغۇ ياخشى، ناۋادا ھەرە بېقىشنى
ئەپلەشتۈرەلمەي زىيان تارتىپ قالسا، ئۈمەر خېلىل ئۇلارنىڭ
خاپىلىقىدىن قۇتۇلالمايدۇ. كىمنىڭمۇ ساق باشقا ئاغرىق تېپىـ
ۋالغۇسى بار.

يېزا باشلىقى ئۈمەر خېلىلنىڭ ئالدىراشلىقىنى كۆرۈپ ۋاقـ
تىنى ئېلىپ قويماي دەپ ئويلىدىمۇ ياكى ئۆزى ئالدىرامدۇ، ئىشـ
قىلىپ، سائەتكە بىر قارىۋېتىپ، كېلىش مەقسىتىنى بايان
قىلدى.

— مۇنداق ئىش ئۈمەرجىنكا، سىلى يېقىنقى يىللاردا ھەسەل
ھەرىسى باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانلارغا تېز بېيـ
يىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردىلە. شۇڭا، بىز مۇزاكىرە قىـ
لىش ئارقىلىق، سىلىنى ئىلھاملاندۇرۇش، قوللاش مەقسىتىدە بۇ
يىللىق ھەجگە بېرىش ساندىن بىرنى سىلىگە بېرىشنى قارار
قىلدۇق. قانداق، بېرىشقا قۇربىلىرى يېتەمدۇ؟ سالامەتلىكلىرى
يار بېرەمدۇ؟

ھەرە ساندۇقىنى كۆتۈرۈشكە تەمشىلىپ تۇرغان ئۈمەر خېـ
لىل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خۇددى قولى ساندۇققا چاپلىشىپ قېـ
لىپ ئاجرىتالمايۋاتقان ئادەمدەك، قولىنى تارتىۋېلىشنىمۇ ئۇنـ
تۇپ، ساندۇقنى تۇتقىنىچە قېتىپلا قالدى. بىرھازادىن كېيىن
ئۆزىگە كېلىپ، يېزا باشلىقىغا قارىدى.

— شاڭجاڭ، بۇ... راستىما؟

— راست بولمىسا ئاتايىتەن ساقىلىمنى سۆرەپ بۇ يەرگە
ئۆزۈم كېلەمتىم، ئۈمەرجىنكا؟

— مەن ... مەن ... نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم،
شاڭجاڭ. بۇ بەكمۇ تۇيۇقسىز بولدى.

— قانداق، بارغۇلىرى بارمۇيا؟

— بار، ئەلۋەتتە بار، شاڭجاڭ. ھەرقايسىلىرى كۆڭۈل بۆلۈپ
بۇنداق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن يەردە، ئۆمىلەپ بولسىمۇ باردـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن.

— ئۆمىلەپ بارمايلا، — دېدى يېزا باشلىقى چاقچاق قىلىپ، — ئايروپىلان بىلەن ئاسماندا ئۇچۇپ بارىلا.

— شۇنداق، شۇنداق، شاڭجاڭ. مەن خۇشاللىقىمدا...

— ئەمىسە ئەتىلا يېزىغا بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەشنى باشلىسىلا.

— ماقۇل، شاڭجاڭ.

ئۇلار ئۆمەر خېلىلىنىڭ مېھمان قىلىمەن دەپ شۇنچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي كېتىپ قېلىشتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۆمەر خېلىل خېلىغىچە ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇرۇپ كەتتى. بۇ بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن نېمىدېگەن ئۇلۇغ سەپەر، كاتتا شان ـ شەرەپ ـ ھە؟! شۇغىنىسى ئۇ مۇشۇنداق تەڭداشسىز بىر خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە لايىقىدا خۇشاللىقىنى بىلدۈرەلمەي قالدى.

— ئاتا، ھەرەمگە بارامدىكەنسىز؟ — دېدى باياتىن بېرى چوڭلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشماي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان سۇلايمان.

— ھەئە، بالىلىرىم. مەن ... مەن خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا بولۇۋاتىمەن.

ئىسمايىل ئاتىسىنىڭ ئەپتىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئاتا، شۇنىڭغىمۇ دادىسى كەمپۈت بەرگەن كىچىك بالىدەك خۇش بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە، خۇش بولۇشقا تېگىشلىك، بالام. بۇ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە مۇشۇنداق بىر چوڭ يېزىدىمۇ بىر يىلدا ئاران نەچچىلا ئادەم ھەجگە ماڭالايدۇ.

— ئەمدىزە ھاجىمنىڭ بالىلىرى بولۇپ قالىدىغان بولدۇقمۇ؟

— نېمىگە ئالدىرايسەن، — دېدى سۇلايمان، — ئاتام تېخى ماڭمىدىغۇ.

— بەربىر ماڭىدۇ، بالدۇرراق «ھاجىم» دەپ تۇرمايمىزمۇ.
ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۆمەر خىلىلىنىڭ خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتمايۋاتاتتى. ئۇ ئىلگىرى مۇشۇنداق غەم ـ قايغۇ ئىچىدىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئۆمەرنىڭ ئاخىرىدا بۇنداق ياخشى تۇرمۇش، كاتتا ساۋاب، كاتتا شان ـ شەرەپكە نائىل بولالىشىنى كىم خىيال قىلغان دەيسىز. چوڭلارنىڭ: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگىنى بەرھەق توغرا ئىكەن. مانا ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئاخىر چېچەك ئاچتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنى بىكار كەتمەپتۇ.

ئۆمەر خىلىلىنىڭ ھەجگە بېرىشى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان ئىش بولغاچقا، رەسمىيەت بېجىرىش ئىشلىرىمۇ تېزلا ھەل بولدى. ئاخىرىدا رەسمىيەت تەلىپى بويىچە ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇل تاپشۇردى. ۋاقىت تولىمۇ ئالدىراش ئۆتۈۋاتاتتى. ئۆمەر خىلىلىنىڭ قەلبىدە شادلىق تۇيغۇلىرى بۇلاقتەك ئوقچۇپ تۇرغاچقا، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيتتى. ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە كۆزلىرىگە شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە گۈزەل كۆرۈنەتتى. كىملەرگىدۇر تەشەككۇر ئېيتقۇسى كېلەتتى. شۇ تاپتا يالغۇز ئۇنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق دولقۇنلىرى مەۋج ئۇراتتى.

ئابدۇناسىر مۇئەللىم بىلەن كېرەم ساقچىنىڭ يوقلاپ كېلىشى ئۇنىڭ شادلىق تۇيغۇلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، قوشنام. تولىمۇ خاسىيەتلىك بىر سەپەرگە ئاتلىنىدىغان بوپتىلا، — دېدى مۇئەللىم.

— رەھمەت، بۇمۇ ھەرقايسىڭلارنىڭ ھىممىتىدىن بولدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بوۋىلىرىمىزنىڭ: «ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ» دېگەن گېپى بار. ھەج قىلىش دېگەنمۇ سىلىدەك ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە نېسىپ بولىدۇ.

— يەنە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولسا تارتىنماي ئېيتسىلا، — دېدى كېرەم ساقچى، — قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز. سىلىنىڭ ھەج قىلىشلىرى بىزنىڭمۇ شەرىپىمىز.

— شۇنداق، ھازىر بىزمۇ سىلىدەك تۇيغۇدا. كۆڭلىمىز ھەرقاچان سىلىگە ھەمراھ! — ئابدۇناسىر مۇئەللىم شۇنداق دېگەچ مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، — ئاز بولسىمۇ يولدا خىراجەت قىلارلا.

— بۇنداق قىلىشمايلى، مۇئەللىم، بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئېرىششىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياردىمىدىن بولغان. مېنى يەنە ئادەمگەرچىلىك قەرزىگە بوغۇپ قويمىسىلا. مەن بۇ قەرزنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچىمۇ تۈگىتىپ بولالمايمەن.

— ماۋۇ گەپلىرى قاملاشمىدى، — دېدى مۇئەللىم، — ھېلىقى يىلى دېگەن گەپلىرى ئېسىلىرىدە باردۇ؟ مەن بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ شۇ چاغدا سىلى دېگەن گەپنى دېيىشنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. پىكىرلىرى تولىمۇ چوڭقۇر ئىدى. ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئەقىدىسىگە ئۆزلىرى ئەمەل قىلسىلا.

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، — دېدى كېرەم ساقچىمۇ مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— ئەستاغپۇرۇللا ... بۇنداق قىلىشمىساق بولاتتى قېرىنداشلىرىم.

— ھېچقىسى يوق، كۆڭلىمىزنى قايتۇرمىسىلا.

ئۆمەر خېلىل ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان بۇ چەكسىز مەرھەمەت ۋە ھۆرمەتنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قالدى. دېمىسىمۇ ئادەمگەرچىلىكتىنمۇ ۋەزنى ئېغىر، بۈيۈك چوققا بولماس. بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش، تەشەككۈر ئېيتىشقا ئۇنىڭ ئۆمرى يار بېرەرمىكىن؟!

شۇنىڭدىن كېيىن ھال سوراپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇچ قۇدا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، خۇددى دېيىشىد-

ۋالغاندەكلا بەش مىڭ يۈەندىن پۇل قويۇشتى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆمەر خېلىل ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى بولماي قالدى. ئۇنىڭ قەلبى ھەرقاچان يورۇق تۇراتتى. تەقەززا ئىلكىدە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ھاياجانلانماي دېسىمۇ تۇيغۇلىرى ئارام بەرمەيتتى. شۇنداق سوغۇققان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بىر ئادەمنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ كېتىشى تولىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش بولدى. دەرد ـ ئەلەم ئادەمنى ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدا قىيىنغاندەك، خۇشاللىقمۇ چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدىكەن. بەزىلەرنىڭ تۇيۇقسىز يۈرەك كېسەللى بولۇپ قېلىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە!

سەپەرگە چىقىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. بىر كۈنى ئۆمەر خېلىل ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاۋاتقىنى بويىچە، ھەممە ئوغۇل ۋە كېلىنلەرنى ئالدىغا يىغدى. پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى جەم بولدى.

— مەن يىراققا سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرىمەن، — دېدى ئۇ ھاياجاندا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — ئۆيلەيدىغاننى ئۆيلەپ بولدۇم. باشقىلارغا بېرىدىغان قەرزىممۇ يوق. ئەنسىرەيدىغىنىم نەۋرىلەر. قولىمىز قىسقىلىق سەۋەبىدىن سىلەرنى ياخشى ئوقۇتالمىدىم، ئەمدى نەۋرىلىرىم بولسىمۇ ياخشىراق ئوقۇسىكەن دېگەن ئۈمىدىم بار. شۇڭا، ماۋۇ چەكتىكى ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلنى نەۋرىلەرنىڭ ئوقۇشىغا ئاتاپ قويدۇم. يەتمىگىنىگە كېيىن ئۆزۈڭلار بىر ئىش قىلارسىلەر. ئىسمايىلغا ئۆيلۈك يەر ئېلىپ قويدۇم، ماۋۇ چەكتىكى پۇلغا ئۆي سېلىۋالسۇن. ئۈچىڭلارنىڭ ئۆيى ئۈچ يەردە بولىدۇ، بىراق قەلبىڭلار ھەرگىز ئۈچكە بۆلۈنۈپ كەتمىسۇن. ھەرقاچان بىر ـ بىرىڭلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ ياشاڭلار. مەندىن كېيىن قالغاندا سۇلايمان ئاكاڭلار سىلەرگە ھەم ئاكا، ھەم ئاتا بولىدۇ. ئۇنىڭ گېپىدىن زادى چىقماڭلار. ماۋۇ چەكتىكى يۈز مىڭ يۈەن ۋە بارلىق ھەسەل ھەرىسى سىلەرنىڭ ئورتاق مۈلكۈڭلار. مال ـ دۇنيا تالىشىپ زىددىيەتكە

پىتىپ قالىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماڭلار. پۇل ـ مال ئا-دەمگە باقىي ـ بەخشەندە ئەمەس. ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە باسالمايدۇ.

— ئاتا، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى سۇلايمان، — ئىنىلىد-رىمغا ياخشى قارايمەن. چوقۇم سىز دېگەندەك ئەقىدە بىلەن يا-شايمىز.

— سەپەر دېگەننىڭ نەچچە خەتىرى بولىدۇ، — دېدى ئۆمەر خېلىل گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئالىمادىس سەپەر جەريانىدا ئۆلۈپ تارتىپ قالسام ...

— ئاتا، ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئىسمايىل كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ياخشى سەپەرگە ئاتلانغان ئادەمنى خۇدايىم ساقلايدۇ. بىزگە سىز كېرەك.

— بەڭباشلىق قىلىپ سىزگە جىق خاپىلىقلارنى تېپىپ بەردىم، ئاتا. مېنى كەچۈرۈڭ. بۇنىڭدىن كېيىن سىز رازى بول-غۇدەك ياشاشقا تىرىشىمەن، — دېدى قاسىم.

— ماقۇل، بالام، خۇدايىم ھەممىڭلارنىڭ ئىنسابىنى، بەخ-تىنى بەرسۇن!

— قالايمىقان خىياللاردا بولمىساڭلا، — دېدى رابىخان، — بالىلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن. ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولار، ئىلاھىم.

— جان بار يەردە قازا بار، خوتۇن، بۇ ھاياتقا بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

— شۇنداقتىمۇ، ياخشى تىلەكلەردە بولسىلا، خۇدايىم ھەم-مىمىزنى خاتىرجەم ياشاشقا نېسىپ قىلسۇن.

— مەنمۇ شۇنداق تىلەيمەن. بالىلىرىمغا خاتىرجەملىك، ئىناقلىق مەڭگۈ يار بولسۇن!

— ئاتا، سىز بىزنىڭ تۈۋرۈكىمىز.

كۆڭۈلدە ھاياجان، كۆزلەردە ياش ئەگىيتتى. بۇ غەم ـ قايغۇ

يېشى بولماستىن، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بەختىيارلىق ئىچىدىكى شادلىق يېشى ئىدى. مۇشۇ قېتىملىق ئائىلە يىغىلىشىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ، ئۆمەر خېلىل ھەج سەپىرىگە ئاتلاندى. ئايروپىلان پەستىكى تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ كۆككە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈك ۋە يېشىل ئىدى. قۇياش ئۇنىڭ يېنىدىلا پارلاپ تۇراتتى. ئالەم بىردىنلا كىچىكلەپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ۋاقىت تۇيغۇسى كۆك قەرىدە لەيلەپ قالغاندى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. راست، بۇ ھەقىقەتەن بىر چۈش. ئۇنىڭغا بىر جۈپ سۈزۈك قانات پەيدا بولدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇچۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. دەل ـ دەرەخ، تاغۇدېڭىزلار ئاستىدا قېلىپ غۇۋالاشتى. ئۇ بارغانسېرى ئېگىزلەپ بېشى ئاسمانغا تاقاشتى. تاملىرى مەرۋايىتتىن، ئىشىكلىرى ئالتۇندىن ياسالغان كاتتا بىر ساراي كۆرۈندى. ئۇ يەردە تۇمەنلىگەن ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. «ئۇچۇپ چۈش كۆرسەڭ سەپەرنىڭ بېشارىتى» دېگەنىدى ئاتىسى. ئۇ ئۇچتى، ئۇچقاندىمۇ تولىمۇ ئېگىز ۋە راھەت ئىچىدە ئۇچتى. بۇ سەپەرنىڭ بېشارىتى، مەن سەپەرگە چىققۇدەكمەن.

ئۆمەر خېلىل كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى. ئايروپىلان كۇتكۇچىلىرى يېمەكلىك تارقىتىۋاتاتتى.

— ئەپەندى، قانداق ئىچىملىك ئىچىسىز؟

ئۇ كۇتكۇچىگە قارىغىنىچە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ چۈش كۆرمىگەنىدى، ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ بايىقى يا چۈشكە، يا خىيالغا ئوخشىمايدىغان تۇيغۇسىدا كۆرگەن مەرۋايىت قەسىرگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

2014 ـ يىلى 11 ـ ئاي، ئاقسۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**سۆزۈك قانات** (رومان)

ــــ رېئال تېمىدىكى ئەسەر

**ئاپتورى:** تۇرغۇن مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئابدۇقەييۇم سايىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 2827472-0991
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 12.625
**نەشرى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 ــ 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 18773 - 7
**باھاسى:** 36.00 يۈەن